

ئاسنې سېيرستاد (نورۋېگىيە)

# كابۇللۇق كىتابپۇرۇش



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاسنې سېيرستاد (نورۋېگىيە)

# كابۇللۇق كىتابفۇرۇش

تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت ئىلغۇالدى


(رومان)



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





# نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ باھالىرى

«كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ كىتابتا ئافغانىستانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىدىكى سىرلار پېرسوناژلارنىڭ ئاغزىدىن بېرىلگەن، بۇ ھەقىقىي ھېكايىلەرنى ئاخبارات خەۋەرلىرىدىن ھەرگىزمۇ كۆرەلمەيسىز.

— ئەنگلىيە «تايمىس» گېزىتى

ئاپتور ئاسنې سېيرستاد ئافغانىستاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رېئال تۇرمۇشنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن، ئاپتورنىڭ ھېرىسمەنلىككە ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزىتىش ئىقتىدارى يانداشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، كىتابنىڭ ھەربىر بېتىدىكى تەسىرلىك تۇرمۇش دېتاللىرى ئوقۇرمەنلەرنى ھەقىقەتەن زوقلاندۇرىدۇ.

— ئەنگلىيە «مۇستەقىللىق» گېزىتى

«كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ ئەسەرنى ئۆزگىچىلىكى بىلەن قىممەتلىك ئەسەرلەردىن دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ قەلىمىدىن سەمىمىيلىك، ئادالەت ۋە ئەقىل-پاراسەت تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ.

— ئەنگلىيە «يەكشەنبىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى» گېزىتى

مەزكۇر ئەسەر كىشىلەرنىڭ ئەڭ قاباھەتلىك مۇھىتتىكى ئازابلىق تىركىشىشلىرىنى ناھايىتى جانلىق سۈرەتلىيەلىگەنلىكى بىلەن جەلپكاردۇر.

— ئەنگلىيە «كۈندىلىك تېلېگرامما خەۋەرلىرى» گېزىتى

ئاپتور ئافغانىستانلىقلارنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى ئۆتكۈر كۆز ۋە قايناق ھېسسىيات بىلەن كۆزىتەلىگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاياننامە تۇسىدىكى «كابۇللۇق كىتابپۇرۇش»

ناملىق بۇ رومانى بەكمۇ تەسىرلىك چىققان، ئەدەبىي نۇقتىدىن ئالغاندا «كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ رومانى ئافغانىستاندىكى ئىنتايىن بەختسىز بىر ئائىلىنىڭ پورترېتى، ئافغانىستانلىقلار تۇرمۇشىنىڭ غەرىبلىك مۇخبىرنىڭ قەلىمىدە قايتا يارىتىلغان ئىنچىكە ۋە ئەينەن تەسۋىرى، دېيىشكە بولىدۇ.

*— ئامېرىكا «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتى*

ئاپتور چوڭقۇر كۆزىتىش ئاساسىدا ئافغانىستاندىكى بىر ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى قۇللارچە ئورنىنى ناھايىتى جانلىق ۋە ئەينەن تەسۋىرلەپ بەرگەن. بۇ ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئوقۇرمەن، يۇقىرىقىدەك تەپسىلاتلاردىن ئافغانىستانلىقلارغا نىسبەتەن ئىيتقاندا تەرەققىيات مەنزىلىنىڭ نەقەدەر يىراقتىكى مۇشكۇلات ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيدۇ.

*— ئامېرىكا «ۋاشىنگتون پوچتىسى»گېزىتى*

«كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ روماندا ئىنسانىي ھاياتنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدا تىكىرقاپ قېلىۋاتقان ئافغانىستانلىقلار ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.


*— ئامېرىكا «بوستۇن يەر شارى دەۋرى»گېزىتى*

«كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ رومان تالىبانلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى ئافغانىستان تۇرمۇشى جەلپكار ۋە تەسىرلىك يېزىلغان ئەڭ ئېسىل ئەسەرلەردىن بولغىنى ئۈچۈن، دۇنيا كىتاب بازىرىنى زىلزىلىگە سالدى.

*— ئامېرىكا «ناشىر ھەپتىلىك ژۇرنىلى»*

ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى سۇلتان ئوتتۇز يىللىق ھايات مۇساپىسىدە تىرىكچىلىك ئۈچۈن كويىزا-كىشەنلەرگە پىسەنت قىلماي كىتابپۇرۇشلۇق قىلىپ، نۇرغۇن جەبىر-جاپالارنى چېكىدۇ-يۇ، لېكىن ئۇرۇش جاراھەتلىرى بىلەن تولغان ئائىلىسىدىكى زالىملىق ئورنىدىن قىلچە تەۋرىمەيدۇ...؛ ئاپتور بۇ ئائىلىنىڭ تالىبانلار ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىغان ھالىتىنى ئەينەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



*كابۇللۇق كىتابپۇرۇش*

تەسۋىرلىگەن،

*— ئامېرىكا «كۈتۈپخانىچىلىق» ژۇرنىلى*

«كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» — چۆمپەردە ئارقىسىدىكى ھەقىقىي كىشىلىك تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ۋە ئاددىللىق بىلەن تەسۋىرلەپ، ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ ھال-مۇڭىنى ئوقۇرمەنلەرگە تەپسىلىي ئىزھار قىلغان تۇنجى ئەسەر،

*— ئامېرىكا Jackson's Books كىتابخۇمارلار جەمئىيىتى*

## «كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» نامىلىق بۇ رومان:

◆دۇنيا بويىچە 2 مىليون نۇسخىدىن كۆپرەك سېتىلغان؛

◆غەربىي ياۋروپا رايونى بويىچە تارىختىكى ئەڭ بازارلىق كىتابلارنىڭ بىرى بولۇپ باھالانغان؛

◆ئەنگلىيىدە 2004-يىلى كىرگۈزۈلگەن كىتابلارنىڭ سېتىلىشى بويىچە بىرىنچى بولۇپ باھالانغان؛

◆ئەنگلىيىدە چىقىدىغان «يەكشەنبىلىك تايمس» گېزىتى ۋە ئامېرىكىدا چىقىدىغان «نيۇيورك ۋاقتى» گېزىتى قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن "ئەڭ بازارلىق كىتاب" بولۇپ باھالانغان؛

◆ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىسپانىيە، روسىيە، ياپونىيە ۋە كورىيە قاتارلىق ئەللەردە يىللىق سېتىلىش مىقدارى بويىچە ناھايىتى بازارلىق كىتابلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغان؛

◆ئامېرىكا، ئەنگلىيە ۋە فرانسىيىدىكى كىتابخانىلار بىرلەشمىسى تەرىپىدىن سەرخىل كىتابلار قاتارىدا كۆرسىتىلگەن؛

◆ئون نەچچە تۈر بويىچە خەلقئارالىق كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن شۇنداقلا دۇنيا بويىچە 40 قا يېقىن دۆلەت مەزكۇر كىتابنىڭ نەشر ھوقۇقىنى سېتىۋالغان.

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ باھالىرى ...... 1

كىرىش سۆز ...... 1

بىرىنچى باب "ئەلچى" ...... 1

ئىككىنچى باب شەرەپ ۋە ئىستەك ...... 8

ئۈچىنچى باب خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەس ...... 22

تۆتىنچى باب ماتەم كۈيى ...... 37

بەشىنچى باب مۇشەققەتلىك سەپەر ...... 40

ئالتىنچى باب ساكرەنىڭ لايىقى ...... 68

يەتتىنچى باب رادىئو شەرىئە ...... 83

سەككىزىنچى باب پۇركەنجىلىكلەر ...... 87

توققۇزىنچى باب "قاملاشمىغان توي" ...... 98

ئونىنچى باب ئۈچ ئەۋلادنىڭ تۈۋرۈكى ...... 110

ئون بىرىنچى باب قىز بالا شەيتان ...... 127

ئون ئىككىنچى باب ھەزرىتى ئەلى چىللايدۇ ...... 137

ئون ئۈچىنچى باب ناتونۇش قۇياش ...... 174

ئون تۆتىنچى باب پىرىم سائەت ...... 193

ئون بەشىنچى باب مەڭگۈلۈك ئاللاھ ...... 207

ئون ئالتىنچى باب ئامىرنىڭ "مەكتەپ"ى ...... 217

ئون يەتتىنچى باب باغرى تاشلار ئۆتىدۇ ...... 227

ئون سەككىزىنچى باب رەھىمسىز ئانا ...... 259

ئون توققۇزىنچى باب ئېزىلگەن يۈرەك ...... 282

خاتىمە ...... 300

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى
www.uyghurkitap.com



# كىرىش سۆز

سۇلتانخان مەن 2001-يىلى يانۋاردا كابۇلغا كېلىپ تۇنجى قېتىم تونۇشقان دوستلىرىمدىن ئىدى. مەن شىماللىقلار ئىتتىپاقى پارتىزانلىرى بىلەن تاجىكىستان چېگرىسىغا تۇتىشىپ كېتىدىغان قۇملۇق، ھىندىقۇش تاغلىرى، پەنجشىر جىلغىسى ۋە كابۇلنىڭ شىمالىدىكى تىك قىيالاردا تويپتوغرا ئالتە ھەپتە ئايلىنىپ يۈردۈم. تالىبانلارغا قارشى كۆرەشكە ئاتلىنىۋاتقان پارتىزانلارغا سوڭدىشىپ يۈرۈپ دالالاردا تۈنىدىم. ھەممە ياقنى ئىس-تۈتەك قاپلىغان ئالدىنقى سەپتە يۈك ماشىنىسى، ھەربىيلەرنىڭ ئۇرۇش ماشىنىسى ۋە ئات ھارۋىلىرى بىلەن سەپەر قىلدىم، ھەتتا پىيادىمۇ ماڭدىم.

تالىبانلار بىتچىت قىلىنغاندىن كېيىن، مەن كابۇلغا شىماللىقلار ئىتتىپاقى قوشۇنى بىللە بىللە كىردىم. شۇ چاغدا بىر كىتابخانىدا چاچلىرىغا ئاق سانجىلغان، سىپايە بىر كىشىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ دەل سۇلتان ئىدى. بىر نەچچە ھەپتىدىن بۇيان كۈنۈم ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچۇپ تۇرغان دالىلار ۋە قىيا تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئۆتتۈپتۇ؛ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇرۇش تاكتىكىسى، ئاتاكا دېگەندەك ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلىشىپتىمىز. مانا ئەمدى قولۇمدىكى كىتابنى ۋاراقلىغاچ تارىخ ۋە مەدەنىيەت ھەققىدە پۇختىدىن چىققىدەك مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتىمىز. ماڭا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق كۆڭۈللۈك ئىش بولمىسا كېرەك. سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا خىلمۇخىل يېزىقتىكى شېئىر توپلاملىرى، ئافغانىستان چۆچەكلىرى، تارىخقا ئائىت كىتابلار ۋە رومانلار بار ئىدى. سۇلتان ئۆزىمۇ سودىغا ئېپى بار ئادەم ئىكەن. مەن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا كېلىپ قايتىشىمدا، ئۇنىڭ دەۋەتلىرى بىلەن يەتتە پارچە كىتاب سېتىۋالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ غەلىتە كىتابپۇرۇش بىلەن گۇڭگۇر-مۇڭگۇر مۇڭدىشاي دېگەن نىيەتتە ئېپىنى تاپسىلا ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا كېلىدىغان بولدۇم. قىسقىسى، ئافغانىستاننىڭ ھالى سۇلتاندەكلەرنى كۈندىن-كۈنگە ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتاننىڭ بۇ ئەلگە ئاجايىپ چوڭقۇر مۇھەببىتى بار ئىدى.

— كىتابلىرىمنى ھەممىدىن بۇرۇن ئورۇسلاردىن مەدەت تاپقان

كوممۇنىستلار كۆيدۈرۈپ تاشلىدى، ـــ دېدى سۇلتان چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ـــ ئاندىن مۇجاھىدلار بۇلاڭ-تالاڭ قىلدى، ئاخىرىدا تالىبانلار كېلىپ قالغان-قاتقاننى بىراقلا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتتى،

مەن بۇ كىتابپۇرۇشنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدىم. سۇلتان ماڭا خىلمۇخىل ھاكىمىيەت ۋە تەكشۈرگۈچىلەرگە قانداق تاقابىل تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ساقچىلار بىلەن يالغۇز ئۆزى قانداق ئېلىشقانلىقىنى، ئوبدان كىتابلارنى ياۋۇزلارنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىدىن ساقلاش ئۈچۈن تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئاخىر تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى. سۇلتان ئۆز ئېلىنىڭ مىللىي مەدەنىيەت-سەنئىتىنى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تەختكە چىققان مۇستەبىتلەرنىڭ ۋەيرانچىلىقىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن قان-تەر ئاققۇزغان كىتابپۇرۇش ئىدى. سۇلتاننىڭ گەپ-سۆزىدىن، ئۇنىڭ ئافغانىستان مەدەنىيەت تارىخىنىڭ تىرىك شاھىدى، تىرىك لۇغەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم،

بىر كۈنى سۇلتان مېنى ئۆيىگە كەچلىك غىزاغا تەكلىپ قىلدى، مەن سۇلتان، ئۇنىڭ توقلى، ئوغۇللىرى، سىڭىللىرى، ئىنىسى، ئانىسى ۋە بىر نەچچە نەۋرە تۇغقىنى بىلەن ھەمداستىخان بولۇپ ئولتۇردۇم. داستىخان ناھايىتى مول ئىدى،

سۇلتان بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى قىزىقچىلىق قىلىپ باشقىلارنى كۈلدۈرەتتى، شادلىققا تولغان بۇ مول داستىخاننى كۆرۈپ، تۇيۇقسىزلا تاغ ئارىسىدا پارتىزانلار بىلەن قېچىپ-مۆكۈپ يۈرۈپ، ئاچ-توق ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى، لېكىن تۇرۇپلا سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدىكى مەزلۇملارنىڭ ناھايىتى كەم سۆز ئىكەنلىكىدىن ھەيران قالدىم. سۇلتاننىڭ چىرايلىق ھەم ياش توقلى بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە پەگادە زۇۋان سۈرمەي ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى نېمىشقىدۇر كۆرۈنمەيتتى، قالغان ئايال زاتى سورالغان سوئالغىلا جاۋاب بېرەتتى، ياكى باشقىلارنىڭ "تامىقىڭلار بەك ئوخشاپتۇ" دېگەن گەپلىرىگە لام دەپ ئېغىز ئاچماي پىسىڭىدە كۈلۈپلا ئىنكاس قايتۇراتتى،

ـــ مانا، بۇنىڭ ئۆزى ئافغانىستان، ـــ دېدىم مەن سۇلتاننىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ ئىچىمدە، ـــ مۇشۇ ئائىلە ھەققىدە بىرەر كىتاب يېزىپ

* خەلق غازاتچىلار تەشكىلاتى ئەزالىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com



چىققان بولسام. ھە!

ئەتىسى سۇلتانىنىڭ كىتابخانىسىغا بېرىپ، ئۇ ئويۇمنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— سىلىگە ھەشقاللا، — دېدى سۇلتان گەپلىرىمگە بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا جاۋاب بېرىپ.

— بىراق، سىلەرنىڭ تۇرمۇشۇڭلارنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ئۆيىڭىزدە بىر مەزگىل تۇرغان بولسام تېخىمۇ ئوبدان بولاتتى!

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن!

— ئۆيىڭىزگە كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن، سىزگە ھەمراھ بولۇپ ئۇيەر-بۇيەرلەرگە بارىمەن، ئائىلىڭىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىمەن، خۇددى ئائىلىڭىزنىڭ بىر ئەزاسىدەك سىلەر بىلەن بىرگە ھايات كەچۈرىمەن.

— دېگەنلىرىدەك بولسۇن! — سۇلتان بايىقى گېپىنى تەكرارلىدى.

شۇنداق قىلىپ مەن فېۋرالنىڭ تۇمانلىق بىر كۈنى سۇلتانىنىڭ ئائىلىسىگە كۆچۈپ كىردىم. لاقا-لۇقامنى ئۆزبېكىستانىنىڭ بىر يېرىدە يىتتۈرۈپ قويغاچقا، يېنىمدا كومپيۇتېر، بىر نەچچە پارچە خاتىرە دەپتەر، بىرنەچچە تال قېرىنداش، بىر دانە يانفون ۋە ئۇچامدىكى كىيىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق ئىدى. ئۇلار مېنى قۇچاقلاپ قىزغىن كۈتۈۋالدى؛ مەنمۇ ئۇلار ئۆتنە قىلغان ئافغانچە كىيىم-كېچەكلەرگە كۆنۈپ قالدىم.

ئۇلار ماڭا سۇلتانىنىڭ كەنجى سىڭلىسى لالەنىڭ يېنىغا ئورۇن راسلاپ بەردى.

— سىلى مېنىڭ بالام بولىلا، — دېدى شۇ يىلى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن لالە. مەن سۇلتانىنىڭ ئۆيىدە قونغان تۇنجى ئاخشىمى، — خاتىرجەم بولسىلا سىلىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن، — لالە بۇ دېگەنلىرىگە مېنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن، مەن ھەر قېتىم ئورنۇمدىن تۇراي دەپ مىدىراپ بولغىچە، ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرۇپ، خىزمىتىمگە تەق بولۇپ بولاتتى.

سۇلتانىنىڭ تاپىلىشى بىلەن بۇ ئائىلىدىكىلەر مېنىڭ ھەممە نېمەمنى تەق قىلىپ بەردى. كېيىن ئۇقسام، ئائىلىدە كىمكى سۇلتانىنىڭ دېگىنىنى قىلمىسا، ئۇنىڭ تاناۋىنى تارتىدىكەن.

قىسقىسى، ئىچىدىغان چېيىم، يەيدىغان تامىقىمدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇم. شۇنداق قىلىپ مەن بارا-بارا بۇ ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىغا سىڭىپ، ئۆزلىشىپ كەتتىم. گاھىدا مەن سورىمىساممۇ ئۇلار بەزىبىر ئىشلارنى ماڭا ئۆزلىكىدىن سۆزلەپ بېرىدىغان بولدى. ئۇلار ماڭا ھېكايە سۆزلەپ بېرىشكە

باشلىغاندا، خاتىرە دەپتەر بىلەن قەلەمنى شۇنداقلا قولغا ئالسام، نىمىشقىدۇر ماڭا گەپلىرىمىز قولاشمايۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ئەمما بازار ئايلىنىپ يۈرگەن، كوچا ئاپتوبۇسىدا كېتىۋاتقان، قاراڭغۇ تۇندە تۆشەكتە يانپاشلاپ ياتقاندا بولسا، سۆھبىتىمىز بۆلەكچىلا قىزىپ كېتەتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇلار مەن سورىغان ھەرقانداق سوئالغا قورۇنماي، ئېچىلىپ-يېيىلىپ جاۋاب بېرەتتى.

بۇ كىتاب گەرچە ئەدەبىي ئەسەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا پۈتۈنلەي رېئال پاكىتلارنى ياكى ئاشۇ ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەنلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىنى يازدىم، پېرسوناژلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەشتە، ئاشۇ كىشىلەرنىڭ ماڭا ئېيتىپ بەرگىنىدەك ئۇلارنىڭ ھەرقانداق بىر پەۋقۇلئاددە مۇھىتتا ئالدى بىلەن زادى نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى ئاساس قىلدىم. ئوقۇرمەنلەر ئېھتىمال: "ئۇ ئائىلىدىكى ھەر بىر كىشىنىڭ كاللىسىدا نېمە ئويلايدىغانلىقىنى سەن نەدىن بىلىسەن؟" دەپ سورىشى مۇمكىن، دۇرۇس، مەن ھەممىنى بىلىدىغان دانىشلاردىن ئەمەس، لېكىن پېرسوناژلىرىمنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ھېس-تۇيغۇلىرىنى يېزىشتا، ئۇلار ماڭا تەسۋىرلەپ بەرگەن تۇرمۇش دېتاللىرىغا تاياندىم.

سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پارس تىلىنىڭ دارى شېۋىسىدە سۆزلەيدىكەن، ئۇلار ئۆز تىلىدا سۆزلىگىلى تۇرسا، مەن گاس-گاچىغىلا ئايلىنىپ قالاتتىم. تەلىيىمگە بۇ ئائىلىدىكى بىر نەچچەيلەن ئىنگلىزچە بىلىدىكەن، ھەيران قېلىۋاتقانسىز-ھە؟ لېكىن بۇنىسى راست، بۇ كىتابىمدا يازغىنىمۇ دەل كابۇلدىكى بىر پۇشتۇ ئائىلىسىنىڭ ھەيران قالارلىق ھېكايىسى، شۇنداق، نوپۇسىنىڭ تۆتتىن ئۈچى ساۋاتسىز بىر ئەلدە بۇ ئائىلىدىكى بىر نەچچەيلەننىڭ ئىنگلىزچە سۆزلىيەلىشى ئەلۋەتتە ھەيران قالارلىق ئىش-تە!

سۇلتاننىڭ ئىنگلىزچىسىمۇ ھەم چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە ئىدى، ئۇ ئىنگلىزچىنى بىر دىپلوماتقا پارس تىلىنىڭ دارى شېۋىسىنى ئۆگىتىش جەريانىدا ئۆزلىكىدىن ئۆگىنىۋالغانىكەن. لالەنىڭ ئىنگلىزچىسىمۇ ناھايىتى راۋان ئىدى، ئۇ ئافغانىستاندا 9-سىنىپنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پاكىستانغا بېرىپ مۇساپىرلار لاگېرىدىكى كەچ كۇرستا ئىنگلىزچە ئۆگىنىپتىكەن، سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر پاكىستاندا ئوقۇپتىكەندۇق، ئۇمۇ ئىنگلىزچىنى بەك ياخشى سۆزلەيدىكەن، مەنسۇر كۆڭلىدىكى تەشۋىشلىرىنى، ئىشق-مۇھەببەت ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ۋە ئاللاھقا بولغان سېغىنىشلىرىنى ئىنگلىزچە سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئاللاھ يولىدا ئىسلامنىڭ پەرھىزلىرىنى چىن ئىخلاسى بىلەن ئادا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىشقا نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، مېنى مازارىشەرىفتىكى تاۋاپىقا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. كېيىن مەن تەكلىپكە بىنائەن بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنى تۇتۇش ھەرىكىتىگە قاتنىشىپ، سۇلتان بىلەن بىرگە پېشاۋۇر ۋە لاھورغا باردىم، ئاياللار بىلەن بىرگە بازارلارنى ئايلاندىم، سەراپىقا چۈشتۈم، توي تەييارلىقلىرىغا ۋە توي مۇراسىملىرىغا قاتناشتىم شۇنداقلا مەكتەپ، مائارىپ باشقۇرۇش تارماقلىرى، ساقچى ئىدارىسى ۋە تۈرمىلەردە زىيارەتتە بولدۇم.

مەن كىتابىمدا قەيت قىلىنغان جەملەنىڭ قانلىق قىسمىتى ۋە رەھمانىنىڭ يولدىن چىققان ئىشلىرىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن. سۇلتانىنىڭ سانىيەنى ئەمرىگە ئېلىش نىيىتىدە ئۆزىگە ئۆزى ئەلچى بولغانلىقىنىمۇ باشقىلار ھەققىدىكى ھېكايىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدا ئاڭلىغانمەن.

سۇلتان ئائىلىسىدىكىلەردىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنى ئۆيىدە قوندۇرۇشنى خالىمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى، مەنسۇر ۋە لالە ئۈچەيلەن ماڭا تەرجىمان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئائىلىسى ھەققىدىكى ھېكايىلەرگە بەكمۇ ئەستايىدىل قارىدى. لېكىن، ئاشۇ دېتاللاردىن ئۆزۈم ”سەل چېكىش چاقىدۇ“ دەپ قارىغانلىرىمنى، بۇ ئائىلىدە روشەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان بۇ ئۈچەيلەندىن ئوخشاش بىر مەسىلىنى ئايرىم-ئايرىم سوراش يولى بىلەن تەھقىقلەپ چىقتىم.

مېنىڭ كىتاب يېزىش مەقسىتىدە ئۇلار بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىمنى سۇلتان ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار گەپ ئارىلىقلىرىدا كىتابىمغا كىرگۈزۈشۈمنى ئانچە خالاپ كەتمەيدىغان بەزىبىر ئىشلارنى ماڭا ئۇدۇللۇق ئەسكەرتىپ تۇردى. شۇنداقتىمۇ سۇلتان ئائىلىسىدىكىلەرنى ۋە كىتابىمدا تىلغا ئېلىنغان باشقىلارنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان ئىشلارنى يېزىپ قويۇشتىن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ساقلاندىم.

ئادەتتىكى كۈندىلىك تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە بۇ ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسىغا ئوخشاش ئۇلارنىڭ ئارىسىغا سىڭىپلا كەتتىم. ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە بالىلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرى ۋە چوڭلارنىڭ ئۇلارغا قىلىشقان بۇيرۇق-تەنبىھلىرى ئىچىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھاجەتخانىنىڭ ئالدىدا ئۆچىرەت كۈتەتتىم ياكى ئالدىرىغانلار ئىشنى تۈگىتىۋالغاي، دەپ بىر بۇلۇڭدا ساقلاپ ئولتۇراتتىم. تەلىيىم كېلىپ قالغان بەزى كۈنلىرى، ھاجەتخانىغا كىرىش نۆۋىتى ماڭا كەلگەندە يۇز يۇيىدىغان ئىسسىق سۇدىن ئاز-تولا ئېشىپ قالغانمۇ بولاتتى، لېكىن مەن سوغۇق سۇدا يۇز يۇيۇشقا كۆنۈپمۇ كەتتىم. چۈنكى

ئەتىگەنلىكى سوغۇق سۇدا يۈز يۇيسا ئادەم روھلىنىپ قالىدىكەن، قالغان چاغلاردا ئۆيدىكى مەزلۇملار بىلەن تاغدىن-باغدىن مۇڭدىشاتتىم، قولۇم-قوشنا، دوست-بۇرادەرلەرنىڭ ئۆيلىرىگە باراتتىم، بازارغا چىقاتتىم، سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئوغلىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ كىتابخانىسىغا باراتتىم، ياكى شەھەرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىنى ئايلىنىپ ساياھەت قىلاتتىم. كەچتە بىر ئائىلە كىشىلىرى غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، پەمىل چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ، تاكى ئۇيقۇ كەلگىچە پاراڭلىشاتتۇق.

مەن گەرچە مېھمان بولساممۇ، لېكىن ئاز كۈنگە قالمايلا بۇ ئۆي ماڭا نىسبەتەن خۇددى ئۆز ئۆيۈمدەكلا بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگىدەك دەرىجىدە ئامراق ۋە سېخىي ئىدى. دېمەك بىزنىڭ نۇرغۇن چاغلىرىمىز ئادەتتە خۇشال-خۇراملىق ئىچىدە ئۆتەتتى. لېكىن بۇ ئائىلىدىكى ئەرلەرنىڭ ئايال زاتىغا تۇتقان پوزىتسىيىسى نېرۋىلىرىمنى غىدىقلاپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە كاللامدىن چىقمايتتى. ئۇلار ئاياللارغا قارىغاندا ئەرلەرنى بەكلا ئەزىزلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭ بىر تۈرلۈك تەڭسىزلىك ئىكەنلىكى ھېچكىمنىڭ كاللىسىغا كىرىپ چىقمايدىكەن.

گاھىدا مەن بۇ ئائىلىدىكىلەر مېنى "قوش جىنسلىق ئىنسان" دەپ قالىدىمىكىن، دېگۈممۇ كېلىدۇ، چۈنكى، مەن ياۋروپادىن كەلگەن مۇخبىر بولغاچقا ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن بىمالال ئارىلىشىپ يۈرۈۋېرەتتىم. ناۋادا مەن بىر ئەر كىشى بولغان بولسام، سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدىكى ئاياللار بىلەن يۈز تۇرانە مۇڭدىشىش پۇرسىتىگە ئەبەدىي ئېرىشەلمىگەن بولار ئىدىم. يەنە كېلىپ مەن گەرچە ئايال كىشى بولساممۇ، لېكىن ئەرلەر بىلەن بۇ ئائىلىدىكى ئاياللاردەك تارتىنىپ-قورۇنۇپ ئولتۇرماي بىمالال پاراڭلىشىۋېرەتتىم. ئادەتتە سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدە مېھمان-يوچۇنغا داستىخان سېلىشقا توغرا كەلسە، ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ داستىخىنى ئايرىم سېلىناتتى، لېكىن، ئۇلار ئارىسىدا پەقەت مەنلا ئىككىلا داستىخانغا تۇسالغۇسىز قول ئۇزىتىۋېرىدىغان ئەركىن ئادەم ئىدىم.

مەن ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭكىدەك يەرگە سۆرىلىپ تۇرىدىغان كىيىملەرگە پۈركەنمەي تۇرۇپمۇ خالىغان يېرىمگە بارالايتتىم. شۇنداقتىمۇ بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالماي، دېگەن نىيەتتە سىرتلارغا چىقسام پۈركەنجە ئارتىۋالاتتىم. ياۋروپا ئاياللىرى ئادەتتە كابۇلنىڭ رەستىلىرىدە ئويلىمىغان يەردىن باشقىلارنىڭ كۆزلىرىنى ئالچەكمەن قىلىۋېتىپ قالاتتى. شۇڭا سىرتلارغا چىققاندا پۈركەنجە ئارتىۋالسا ھەم ئەتراپنى ئەركىن-ئازادا كۆزىتىپ تاماشا قىلغىلى ھەم باشقىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دىققىتىنى تارتىپ قويۇشتىن ساقلانغىلى بولاتتى. ئۇلاش-چۇلاش سىرتلارغا چىققان چاغلاردا، مەن پۇركەنجىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ، باشقىلارنى تەپسىلىي كۆزىتەتتىم، مېنى نۇرغۇن بىھۇدە ئاۋارىچىلىقلاردىن خالاس قىلغان پۇركەنجە، ئاخىر مېنىڭ پىنھان ماكانىمغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى كابۇل شەھىرىدە پۇركەنجىنىڭ ئىچىدەك ئارامخۇدا يەرنى تاپماق تەس ئىدى.

لېكىن، ئاز كۈن ئۆتمەيلا پۇركەنجىگە بەكلا ئۆچ بولۇپ كەتتىم. چۈنكى پۇركەنجە ئادەمنىڭ باش-كۆزىنى چىڭ ئوراپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئارتىپ ئازراقلا ماڭسام بېشىم قېيىپ، كۆزۈم ئىمىر-چىمىر بولۇپ كېتەتتى؛ كۆزنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىچىككىنە تۆشۈكتىن ئەتراپنى تۇزۇكرەك كۆرگىلىمۇ بولمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇركەنجىدىن ھاۋا ئۆتۈشمەيدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئارتىپ بىردەم ماڭا-ماڭمايلا تەرلەپ-پىشىپ كېتەتتىم، گاھىدا يولنى ئېنىق كۆرەلمەي سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالاتتىم. شۇڭا تېزراق ئۆيگە بېرىپ، ئۈستۈمدىكى تويا-چاڭ ئىچىپ كەتكەن مەينەت پۇركەنجىنى چۆرۈپ تاشلاپ، قېنىپ نەپەس ئېلىشقا ئالدىرايتتىم.

گاھىدا ئۆزۈمنى قوغداش ئۈچۈنمۇ پۇركەنجە ئارتىشقا مەجبۇر بولاتتىم. مەسىلەن، سۇلتان بىلەن بىللە جالالئابادقا تۇتۇشىدىغان ئەنسىز يوللاردا مېڭىشقا، چېگرىدىكى مەينەت قاراۋۇلخانىلاردا تۈنەشكە ۋە تۈن نىسپىدە ئۆيدىن چىقىپ سەپەر قىلىشقا توغرا كەلگەن چاغلاردا ئافغانىستان ئاياللىرىدەك پۇركەنجە ئارتىۋالاتتىم. چۈنكى، ئافغانىستان ئاياللىرىدىن مەندەك يېنىدا مىڭلىغان-مىڭلىغان دوللار ۋە كومپيۇتېر دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرىدىغانلار بولمايتتى. شۇڭا يولۇچىلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قاراقچىلارمۇ پۇركەنجىلىك مەزلۇملارغا چېقىلمايتتى.

ئوقۇرمەنلىرىمگە شۇنى ئەسكەرتىشىم لازىمكى، مەزكۇر كىتابىمدا ئافغانىستاندىكى بىر پۇشتۇ ئائىلىسىنىڭ كەچمىشلىرى ھېكايە قىلىندۇ. لېكىن، بۇ ئائىلىنى ئافغانىستاندىكى كۆرمىگىلغان ئائىلىلەرگە ۋەكىللىك قىلالايدىغان "تىپ" دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ناۋادا ئافغانىستاندىمۇ ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار بار، دېيىشكە بولسا، مەن يېزىۋاتقان سۇلتاننىڭ ئائىلىسى دەل ئاشۇنداق ئوتتۇرا بۇرژۇئازلار ئائىلىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. جۈملىدىن بۇ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ خەجلەي دېسە پۇلى بار، ئۇلار ئاچ-زېرىنلىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ؛ ئۇلاردىن بىر نەچچىسى ھەتتا مۇنتىزىم مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، خەت-ساۋاتى بار "زىيالىيلار" سانىلىدۇ.

ناۋادا ئافغانىستان پۇقرالىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرەر ئائىلىگە چۇشۇشنى نىيەت قىلغان بولسام، ئەلۋەتتە يىراق سەھرادىن بىرەرسىگە بېرىپ، ئۇلۇغ - ئۇششاقنىڭ ھەممىسى ئىلپىنى تاياق دەيدىغان ساۋاتسىز، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىنى ئاچ - يالىڭاچلىقنىڭ غەم - غۇسسىلىرى ئىچىدە ئۆتكۈزىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشنى بىر بۇردا نان ئۈچۈن ھايات - ماماتلىق ئېلىشىش، دەپلا بىلىدىغان چوقراق ئائىلىدىن بىرنى تاللىغان بولار ئىدىم، ھالبۇكى، سۇلتان ئائىلىسىنىڭ ئەتمىش - كەچمىشلىرىنى كۆرمىگەنلىگەن ئافغانىستان ئائىلىلىرىگە ۋەكىل قىلاي دېگەن نىيەتتە ئەمەس، بەلكى بىرەر رومان يېزىش ئىستىكىمنى قوزغىغانلىقى ئۈچۈنلا پروتوتىپ قىلىپ تاللىدىم.


مەن كابۇلغا تالىبانلار قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىنكى تۇنجى باھار ئەيىامىدا كەلدىم. كابۇللۇقلارنىڭ كۆزلىرىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ دەل ئاشۇ باھار پەسلىدە چاقناشقا باشلىغانىدى. تالىبانلارنىڭ ھالاكىتى ھەممىنى خۇش قىلىۋەتتى. چۈنكى، تالىبانلار ھاكىمىيتى ئاغدۇرۇلۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئەدناسى كوچىدا ئۇچرىغانلىكى ئادەمنى توسۇپلا خالىغىنچە سوئال - سوراقلارغا تارتىدىغان مۇھتەسىپلەر* يوقالدى: ئاياللار ئۆزى يالغۇز بازارلارنى ئايلىنالايدىغان، ئەرلەرگە ئوخشاشلا ھۈنەر ئۆگىنىدىغان، قىزلارمۇ مەكتەپتە ئوقۇيالايدىغان بولدى. لېكىن بۇ خاسىيەتلىك باھار نەچچە ئون يىلدىن بۇيانقى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ جەمئىيەتنىڭ تىنىق - تىنىقىغا سىڭىپ كەتكەن چەرەندە - پەرەندىلىرىنى تامامەن تازىلاپ بولالمىغانىدى. نېمىلا بولمىسۇن ئافغانىستاندا ھەممە نەرسە ئۆزگەردى.

شۇنداق، بۇ يېڭى باھاردىن ئاپىرىدە بولغان نىسپىي تىنچلىق كىشىلەر كۆڭلىگە ئۈمىد شامىنى ياقتى، يۈرەكلەرنى غايە ۋە ئىستەكلەر دولقۇنلەتتى. نۇرغۇن خوتۇن - قىزلار يۈزلىرىنى چۈرۈپ تاشلاپ، ئۆزىگە چۈشلۇق تىرىكچىلىككە كىرىشىپ كەتتى. قېچىندا - سوقۇندا بولۇپ يۈرگەن مۇساپىرلارمۇ ئىسسىق ئۆيىگە يېنىپ كېلىشتى.

لېكىن، ھۆكۈمەت ئەنئەنە بىلەن زامانىۋىلىق ۋە مىللەتارىستلار بىلەن ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ئارىسىدا تېگىرقاپ قالغانىدى. بىر مەھەللىك قالايمىقانچىلىقتىن كېيىن يېڭى رەھبەر خەمىد كارزايى كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، باراۋەرلىك تاكتىكىسىنى يولغا قويدى. ئۇ گەرچە سىياسىي جەھەتتىكى

* مۇھتەسىپ ــ دىنىي ساقچى. ــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





تەرەققىياتنى توغرا نىشانغا يېتەكلەپ ماڭالىغاچقا پۇقرالارنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يا ئارمىيىسى، يا پارتىيىسى بولمىغاچقا، ئافغانىستان ھە دېسىلا بىر-بىرىگە قورال كۆتۈرىدىغان گۇرۇھلارنىڭ مالىمانچىلىقىدا قالدى.

گەرچە ئىككى نەپەر مىنىستىر قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن، يەنە بىرى مىڭ تەستە قېچىپ قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن كابۇلنى بۇرۇنقىغا قارىغاندا خېلى تىنچىپ قالدى، دېيىشكە بولاتتى. يۇرتىدىكى تەشۋىشلىرى تامامەن يېتمىگەن پۇقرالار ئۈمىدىنى كوچا-كويلاردا چارلاپ يۈرگەن چەت ئەل ئەسكەرلىرىگە باغلاپ: "ناۋادا ئۇلار بولمىسا ئىچكى ئۇرۇش يەنە پارتلايدۇ" دېيىشەتتى.

قىسقىسى، كۆزۈم كۆرگەن، قۇلىقىم ئاڭلىغان تەسىرچان دېتاللارنى كابۇلنىڭ خاسىيەتلىك باھارى ھەدىيە قىلغان ئۆزگىچە تۇيغۇ بىلەن يۇغۇرۇپ يېزىپ چىقتىم. ئاشۇ خاسىيەتلىك باھاردىن كېيىن بىر قىسىم كىشىلەر ئىلگىرىكى زېمىستانىنىڭ زەھەردەك سوغۇقلىرىنى ئۇنتۇپ، گويا باھار چېچەكلىرىدەك بەرق ئۇرۇشقا باشلىدى؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر "پېشانىسىگە پۈتۈلگەن" خورلۇقلارغا چىداپ ياشايدىغان ھايات مەنتىقىسىدىن قۇتۇلالمىدى، بۇنىڭغا لالەنىڭ كىتابىمىزدىكى بايانلىرى دەلىل بولالايدۇ.

ئاسنى سېيرستاد
2002-يىلى 1-ئاۋغۇست، ئوسلو

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## بىرىنچى باب

# «ئەلچى»

سۇلتانخان توقال ئېلىش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن ئۇنىڭغا كىممۇ ياردەم قىلار؟ ئۇ بۇ ئويىنى ئالدى بىلەن ئانىسىغا دەپ باقتى.

— ھازىرقى خوتۇنۇڭ بىر ئوبدان تۇرمامدۇ، — دېدى ئانىسى، — شۇنىڭغا شۈكۈر دەپ ئۆتكىن، ماقۇلمۇ؟

سۇلتان بۇ ئىشنى چوڭ ئاچىسىغا مەسلىھەت سېلىپ بېقىۋىدى، ئۇمۇ:

— ھېچقانداق مەزلۇم چوڭ خوتۇنىڭغا يەتمەيدۇ، جۇمۇ! — دېدى گەپنى كېسىپلا، ئۇنىڭ سىڭىللىرىمۇ شۇ گەپنى قىلدى.

— بۇ ئىشىڭ شەرىپەڭگە ئاھانەت بولۇپ قالارمىكىن؟ — دېدى سۇلتانىنىڭ تاغىسى.

لېكىن سۇلتان ئۇنداق گەپلەرنى چۆرىۋېتىپ قويمىدى. ئۇ بىرەر ئايال زاتىنىڭ ياردىمىگە موھتاج ئىدى، چۈنكى، بىراۋنىڭ قىزىغا كۆڭلى چۈشۈپ قالغان ئەركەك، ئۇ ئۆيگە ئۆزى بېرىپ «قىزىڭنى بەر» دېيەلمەيدۇ-دە! ئافغانىستانلىقلارنىڭ رەسىم-قائىدىسىدە، ئۆيلەنمەكچى بولغان ئەركەكنىڭ ئايال تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى ئالدى بىلەن قىز تەرەپكە بېرىپ، بولغۇسى كېلىنچەكنىڭ ئىشچان ياكى ئەمەسلىكىنى، ئائىلە تەربىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى، ئەرخەقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان-چىقالمايدىغانلىقىنى كۆزىتىپ باقىدۇ، لېكىن، سۇلتانىنىڭ ئائىلىسىدىكى مەزلۇملاردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا ياردەم قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

سۇلتان بۇ ۋەس-ۋەسە كۆڭلىگە چۈشكەندىن بۇيان، ئۆزىچە «بولىدىكەن» دەپ قارىغان ئۈچ قىز بالىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى. ئۇ قىزلارنىڭ ئۈچىلىسى سۇلتان بىلەن بىر ئۇرۇقتىن بولۇپ، بىر-بىرىدىن ساغلام ۋە چىرايلىق ئىدى. سۇلتانىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر نەۋرىلەرنى بىر-بىرىگە چاتسا ئىشەنچلىك بولىدۇ، دەپ قارامدۇ، ئىشقىلىپ باشقا جەمەتىكىلەر بىلەن ھەرگىز قۇدىلاشمايتتى.

سۇلتاننىڭ كۆزى ئالدى بىلەن 16 ياشلىق سانىيەگە چۈشتى. سانىيە قارا كۆز، قۇندۇزدەك سۇمبۇل چاچلىرى زىلۋا بويىغا ئاجايىپ ياراشقان، قولى گۈل ئىشچان قىزلاردىن ئىدى، لېكىن ئائىلىسى بەكمۇ نامرات ئىدى. سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە سۇلتان بىلەن سانىيە تۇغقان چىقاتتى. چۈنكى، سانىيەنىڭ ئانىسىنىڭ مومىسى بىلەن سۇلتاننىڭ ئانىسىنىڭ مومىسى بىر قورساق ئاچا-سىڭىللاردىن ئىدى.

سۇلتان قىز تەرەپكە ئەلچى كىرگۈزۈش ئىشىنى ئائىلىسىدىكى مەزلۇملارنى ئارىلاشتۇرماي تۇغرىلاشنىڭ ئامالىنى ئىزدەپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى ئېرىنى رام قىلىۋالغان ئاشۇ شەيتاننىڭ دەل ئۆزى سۇلتانغا تەگكەن يىلى تۇغۇلغان مۇشتۇمدەك بىر قىز ئىكەنلىكىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شەرىپە كۈندىن-كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇمۇ سۇلتانغا ئوخشاش 40 ياشلاردىن ھالقىغانىدى. شەرىپە سۇلتانغا ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز تۇغۇپ بەردى. ئىشقىلىپ، سۇلتانمۇ باشقا يۈز-ئابرۇيلۇق كىشىلەرگە ئوخشاش توقال ئالسا بولاتتى.


— بىلگىنىڭنى قىلمامسەن، ئاكا، — دېدى ئاخىرىدا ئۇنىڭ ئىنىسى.

سۇلتان ئاخىر ئامال تاپتى. بۇ ئېھتىمال ئاشۇ نازۇك ئىشنى ئوڭۇشلۇق پۈتتۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ئىدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى سانىيە ئىسىملىك ھېلىقى 16 ياشلىق قىزنىڭ ئۆيىگە ئۆزى باردى. سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. سۇلتان ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قولى ئوچۇق، مەرد ئادەملەردىن ئىدى. سانىيەنىڭ ئانىسى ھەش-پەش دېگۈچە داستىخان راسلاپ چاي تارتتى. ئۇلار كونا سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، تاغدىن-باغدىن مۇڭداشتى. ئۇزاپ ماڭىدىغان چاغدا، سۇلتان كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئاشكارىلىدى.

— بىر بۇرادىرىم بولىدىغان، ئۇ سىلەرنىڭ سانىيەگە ئۆيلەنسەم دېگەن گەپنى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا.

بۇ سانىيەگە كەلگەن ئەلچىلەرنىڭ تۇنجىسىمۇ ئەمەس ئىدى. سانىيە ھەم چىرايلىق ھەم ئىشچان بولغاچقا، بىر نەچچىسى ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ باقتى. لېكىن سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى "قىزىمىز تېخى كىچىك" دەپ يولغا سالدى. سانىيەنىڭ دادىسى بىر ماجرادا خېلى ئېغىر يارىلىنىپ، ئەمگەكتىن قالغانىدى. سانىيە چىرايلىق قىزلاردىن بولغاچقا، ئازراقلا كاللا ئىشلەتسە نىكاھ سودىسىدا خېلىلا بىر نېمە ئۇندۇرۇۋالغىلى بولاتتى. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىخچىمۇ پۇلدار ۋە مەرد بىرەرسى چىقىپ قالارمىكىن، دېگەن نىيەتتە كەلگەن ئەلچىلەرنى بىر-بىرلەپ يولغا سېلىۋاتاتتى.

— ئۇ ناھايىتى باي ئادەم، — دېدى سۇلتان سانىيەگە ئۇسساپ يۈرگەن ئۇ كىشىنى تونۇشتۇرۇپ، — ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش كىتابپۇرۇشلۇق قىلىدۇ، ئۆزى خېلى بىلىملىك كىشى، ئۈچ ئوغلى بار ....، لېكىننزە شۇ .... ھازىرقى خوتۇنى سەل-پەل قېرىپ قالدى، .... شۇڭا ....

— ئۇنىڭ چىشلىرى قانداق؟ — قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى دەرھال سورىدى، بۇ ئۇلارنىڭ بولغۇسى كۈيئوغلىنىڭ يېشىنى سورىغىنى ئىدى.

— مېنىڭكىگە ئوخشاش، — دېدى سۇلتان.

قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئويلىنىپ قالدى: يېشى سەل چوڭدەك قىلىدۇ، لېكىن قىز بالىنى يېشى چوڭراق ئەرگە بەرگەننىڭ نەرى يامان؟ ئېشىكىڭنى ئاچقان كىشىنىڭ يېشى چوڭ بولسا، قىزىڭ پۇلغا يارايدۇ، چۈنكى، خەق دېگەن تويلۇقنى ئۆزىنىڭ يېشى، قىزنىڭ چىراي تۇرقى، چىۋەر-چىچەنلىكى ۋە ئائىلە ئەھۋالىغا قاراپ ئالىدۇ-دە!

ئويلىغاندەكلا سۇلتان كېلىشتىكى مەقستىنى دېگەندىن كېيىن، سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى يەنىلا بۇرۇنقى ئەلچىلەرنى يولغا سالغان چاغدىكىدەك گەپ قىلدى:

— قىزىمىز تېخى كىچىك!

ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى: ناۋادا سۇلتاننى ئەلچىلىككە قويغان بۇ باي، ئەمما ناتونۇش كۈيئوغۇلنى قولدىن چىقىرىپ قويسا، سانىيەگە ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپراق تويلۇق ئالالايدىغان باشقا بىرى چىقامدۇ-چىقمامدۇ، بۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى، لېكىن، ئالدىراپلا ماقۇل جاۋابنى بېرىۋەتكەندە "سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ" دېگەندەك ئىش بولاتتى، ئىشقىلىپ نېمىلا بولمىسۇن سۇلتان يەنە كېلىدۇ، چۈنكى، سانىيە تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق-تە!

دېگەندەكلا سۇلتان ئەتىسى يەنە كېلىپ، ئالدىنقى كۈندىكى گەپلىرىنى تەكرارلىدى، سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئالدىنقى كۈندىكىگە ئوخشاشلا جاۋاب بەردى، لېكىن، سۇلتان بۇ دۆرەم سانىيەنى خېلى ئېنىق كۆرۈۋالدى،

سانىيە رەسىم-قائىدە بويىچە سۇلتاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ قولىغا سۆيدى، بۇ ئۆزىدىن چوڭلارغا بىلدۈرۈلگەن ھۆرمەت ئىدى، سۇلتانمۇ سانىيەنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قۇت-ئامەت تىلىدى، لېكىن

سانىيە ئىمىشقىدۇ سەل-پەل ھودۇقتى. سۇلتاننىڭ كۆزلىرى ئوتلۇق تىكىلىۋىدى، سانىيەنىڭ ۋۇجۇدى قورۇنغاندەك بولدى.

— سىزگە ناھايىتى باي بىرسىنى تاپتىم، بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان ئۇنىڭدىن. سانىيە يەردىن بېشىنى كۆتۈرمىدى. چۈنكى، ئاياللارنىڭ "سېنى ئالىمەن" دېگەن ئەر كىشىگە غىدىك-پىدىك قىلىش ھوقۇقى بولمايتتى.

سۇلتان ئۈچىنچى كۈنى يەنە كەلدى. بۇ دۆرەم ئۇ سانىيەگە كۆيۈپ قالغان ھېلىقى ناتونۇش كىشىنىڭ تويلۇق تىزىملىكىنى ئالغاچ كەلدى. ئۇنىڭغا ساپ ئالتۇندىن قىلىنغان بىر دانە ئۈزۈك، بىر تال مىدالىيون، ھالقا، بىلەزۈك، قىز رازى بولغىدەك كىيىم-كېچەكلەر، 300 كىلوگرام گۈرۈچ، 150 كىلوگرام ماي، بىر كالا، بىر نەچچە تۇياق قوي، 15 مىليون ئافغانى (تەخمىنەن 300 فونت ستېرلىڭ) دەپ يېزىلغانىدى. تويلۇق تىزىملىكىنى كۆرۈپ خۇشاللىقتىن ئاغزى ئېچىلىپلا قالغان ئاتا-ئانا، قىزىغا بۇنچىۋالا كۆپ پۇل خەجلىمەكچى بولۇۋاتقان بۇ ناتونۇش كىشىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتتى. سۇلتاننىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا ئۇ كىشى قىز تەرەپ بىلەن بىر ئۇرۇقتىن ئىدى. زادىلا ئويلاپ يېتەلمەيۋاتقان سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۆز-ئۆزىدىن سورايتتى: "ئۇ زادى كىمدۇ؟ ئۇنى ئىلگىرى كۆرگەن بولغىيدۇقمۇ؟"

— بولىدۇ، — دېدى سۇلتان، — ئەتە ئۇنىڭ سۈرىتىنى ئالغاچ كېلەي.

يەنە بىر كۈن ئۆتتى. سۇلتاننىڭ كىچىك ئاپىسى سۇلتاندىن تاپان ھەققى ئالغاندىن كېيىن، قىز تەرەپكە بېرىپ سانىيەگە ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشىنىڭ زادى كىم ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. ئۇ سۇلتاننىڭ سۈرىتىدىن بىرنى ئاپىرىپ سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، بىر سائەتكىچە ئاخىرقى جاۋابنى ئالدىغانلىقىنى كېسىپلا ئېيتتى.

— ماقۇل دېسەڭلار ئەلۋەتتە رەھمەت ھەشقاللا ئېيتىمىز، — دېدى سۇلتاننىڭ كىچىك ئاپىسى، — ناۋادا يېپىق قازان يېپىق پېتى قالسۇن، دېسەڭلار يەنە مەيلى، بۇنىڭلىق بىلەن باردى-كەلدىمىز ئۈزۈلۈپ قالمايدۇ؛ لېكىنزە سۇلتان بۇنىڭدىنمۇ كۆپ نەپ ئۇندۇرۇش نىيىتىدە ئىشنى مىكى-مىكى بىلەن سوزۇۋېرىشىڭلارنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى بىر سائەتتىن كېيىن ماقۇل جاۋابنى بەردى. چۈنكى ئۇلارغا سۇلتاننىڭ ئۆزى، ئۇنىڭ باي-باياشات تۇرمۇشى ۋە مەرتىۋىسى ناھايىتى يارىغانىدى. سانىيە بالىخانىدا ئاخىرقى قارارنى كۈتۈۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



سانىيەگە ئۆيلەنمەكچى بولغان ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئاخىر ئايدىڭلاشتى. سانىيەنىڭ ئاتىسمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلدى. ئاندىن سانىيەنىڭ تاغىسى بالىخانىغا چىقىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزدى.

— سېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولغان ئادەم دەل سۇلتان تاغاڭ ئىكەن، — دېدى ئۇ، — قانداق، بولامدۇ؟

سانىيە باشقا گەپ قىلمىدى، پەقەت بېشىدىكى روملىنى ئېخمۇ چىڭ ئورىغىنچە، يەرگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان ياشلار مەڭزىلىرىنى بويلاپ تۆۋەنگە سىرغىيتتى.

— ئاتا-ئاناڭ ماقۇل جاۋابىنى بېرىپ بولدى، — دېدى سانىيەنىڭ تاغىسى، — ئەمدىكى گەپ پەقەت ئۆزۈڭدىلا قالدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قورقۇپ كەتكەن سانىيەنىڭ نېمىشقىدۇر پۇت-قولى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى، سانىيەنىڭ ئۇ ئادەمگە مەيلى يوق ئىدى. لېكىن ئاتا-ئانىسىنىڭ دېگىنىگە ماقۇل دېمەي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇنىڭدا سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭمۇ ئويلىغان يېرى بار ئىدى. سانىيە ناۋادا سۇلتاننىڭ ئەمرىگە ئۆتەلىسە، ئۇنىڭ ئىناۋىتى تاغدەك ئۆسەتتى؛ سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ سۇلتان ئەكەلگەن تويلۇق بىلەن تۇرمۇشنى ئانچە-مۇنچە ئوڭشىۋالاتتى، ھەتتا ئوغلىنىمۇ ئۆيلىۋالالايتتى.

سانىيە لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى، بۇ ئۇنىڭ "ئەلھۆكمىللىلا" دەپ رازىلىق بىلدۈرگەنلىكى ئىدى. سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسى سۇلتان بىلەن كېلىشتى، ھەتتا توينىڭ ۋاقتىنىمۇ ناھايىتى تېزلا پۈتتۈشتى. شۇنداق قىلىپ سانىيەنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشى ئەنە ئاشۇنداق بېكىتىلدى.

سۇلتان دەرھال ئۆيگە بېرىپ، بۇ خەۋەرنى ئۆيدىكىلەرگە يەتكۈزدى. ئۆيدە شەرىپە، سۇلتاننىڭ ئانىسى ۋە سىڭىللىرى داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ غىزا يەۋاتقانىدى. سۇلتاننىڭ گېپىنى چاقچاق دەپ چۈشىنىپ قالغان شەرىپە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ھەتتا ئېرىنىڭ گېپىگە يارىشا بىر-ئىككى ئېغىز چاقچاق ياندۇرۇپمۇ قويدى. بىسگۇل ئوغلى سۇلتاننىڭ گېپىدىن كۈلۈپ كەتتى، چۈنكى، ئۇ ئوغلىنىڭ ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئالماي تۇرۇپ، سانىيەگە ئېغىز ئاچقاللىقىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. لېكىن سۇلتاننىڭ سىڭىللىرى ئاكىسىنىڭ بۇ گېپىدىن ھاڭ-تاڭ قېلىشتى.

ئىشقىلىپ سۇلتان ئۇلارغا سانىيەنىڭ ئانىسى سوۋغىچە ئورنىدا بەرگەن بىر دانە باش ياغلىقى بىلەن ئازراق بالقاقنى كۆرسەتمىگىچە ئۇلاردىن ھېچكىم

سۇلتانىنىڭ بۇ گەپلىرىگە ئىشەنمىدى.

بۇ ئىشنى بەكلا ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن شەرىپە توپتوغرا 20 كۈن يىغلىدى.

— بۇ زادى نېمە قىلغانلىرى سىلىنىڭ، — دەيتتى شەرىپە يىغلاپ تۇرۇپ، — خەقنىڭ ئالدىدا سەت ئەمەسمۇ؟ سىلىگە نەرىم يارىماي قالدى؟

— بولدى قىل، — دېدى سۇلتان شەرىپەگە، — ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال!

سۇلتانىنىڭ ئۆيىدە بۇ ئىشقا ھېچكىمنىڭ رازىلىقى يوق ئىدى، لېكىن سۇلتانىنىڭ گېپىسىز قىل تەۋرىمەيدىغان بۇ ئۆيدە، ئۇنىڭغا كىممۇ "بۇ ئىشىڭ بولمىدى" دېيەلىسۇن؟!

سۇلتانىنىڭ بۇ ئىشى شەرىپەنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىۋەتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭغا بەك ئەلەم بولغىنى، ئېرىنى مەھلىيا قىلىۋالغان سانىيە دېگەن بۇ قىز ھەتتا يەسلى قارىسىنىمۇ كۆرمىگەن ساۋاتسىز ئىدى؛ ئۆزى بولسا سالاھىيەتلىك پارس تىلى مۇئەللىمەسى ئىدى.

— ئۇ قىزدىن نەرىم كەمدۇ مېنىڭ ... ؟ — دەيتتى شەرىپە ئىچىدە.

سۇلتان خوتۇنى شەرىپەنىڭ يىغىسىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمىدى.

قىز تەرەپكە چاي ئىچكۈزۈلىدىغان كۈنى، سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىن شەرىپەدىن باشقا ھېچكىم داستىخانغا داخىل بولۇشقا ئۇنىمىدى، چۈنكى، سۇلتان ئۇنىڭغا ھەم ئىلتىجا ھەم بۇيرۇق ئارىلاش شۇنداق دېگەنىدى:

— ھەممە ئادەم سانىيەنى ئېلىشىمغا سېنىڭ قوشۇلغانلىقىڭنى بىلىشى كېرەك ئىدى، ئەتە-ئۆگۈن ھەممىمىز بىر ئۆيدە ياشايمىز ...، شۇڭا سانىيەگە ئوچۇق چىراي ئېچىشىڭ كېرەك!

شەرىپە سۇلتانىنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەندىن تارتىپ ئۇنىڭ سىزىغان سىزىقىدىن چىقماي كەلگەنىدى، بۇ قېتىممۇ شۇنداق قىلدى. سۇلتانىنىڭ بۇ ئىشى ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنى ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئېرىدىن مەھرۇم قىلىپ، خورلۇق ئىچىدە قىينىسىمۇ، لېكىن شەرىپە يەنىلا ماقۇل دېدى، ھەتتا ئۇ سۇلتانىنىڭ تەلىپى بويىچە توي ئۈزۈكنى سانىيەنىڭ بارمىقىغا ئۆز قولى بىلەن تاقاپ قويدى.

ئارىدىن 20 كۈن ئۆتكەندىن كېيىن قۇدىلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. شەرىپە خەقلەرنىڭ ئالدىدا ئامالنىڭ بارىچە زورىغا كۈلۈپ يۈردى. لېكىن سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى مەزلۇملارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن دەۋاتقان گەپلىرى شەرىپەنىڭ ئېچىشقان يېرىگە تۇز سېپەتتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى!

— سىلىگە نېمانچە تاش يۈرەكلىك قىلدىغاندۇ؟

— ئەمدى تازا جاپاغا قالىدىغان بولدىلا ...!

سۇلتان بىلەن سانىيەنىڭ تويى چاي ئىچكۈزۈلۈپ ئىككى ئايدىن كېيىن، دەل نورۇزنىڭ ھارپا كۈنى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ دۆرەم شەرىپە سورۇنغا چىقىشنى رەت قىلدى.

— مەن چىقمايمەن، — دېدى شەرىپە ئېرىگە گەپنى ئۈزۈپلا.

ئائىلىدىكى ئايال زاتىنىڭ ھەممىسى بۇ تويغا ئاتاپ يېڭى كىيىممۇ تىكتۈرمىدى، توي كۈنى زىبۇ-زىننەتلىرىنىمۇ تاقىمىدى. پەقەت مېھمانلارغا زورىغا كۈلۈمسىرەپلا قويدى. چۈنكى، ئۇلار شەرىپەنىڭ خۇددى تالاق قىلىنغان خوتۇنلاردەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىغا بەكمۇ ئېچىنغانىدى. دېمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆيى توغرا ئىدى. چۈنكى، بۇ توي بىلەن تەڭ سۇلتاننىڭ شەرىپە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان چاغلىرى تۈگىدى. دېگەن گەپ. ئاۋۇ قوش كىشىلىك كارىۋاتتا ئەمدى يېڭى كېلىن — سانىيە ياتىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى تاكى ئۆلۈپ كەتكىچە بىر ئۆيدە ياشايدۇ.

## ئىككىنچى باب

# شەرەپ ۋە ئىستەك

1999-يىل نويابىرنىڭ سوغۇق بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، كابۇلنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيگىلى تۇردى. بىر توپ بالا ئوتنى چۆرىدەپ قىن-قىنىغا پاتماي ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئوتنىڭ قىزغۇچ نۇرى باللارنىڭ قاسماق بېسىپ كەتكەن يۈزلىرىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلار ئوتنىڭ يېنىغا قورقماي يېقىن بېرىشتا بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئويناۋاتاتتى. چوڭلار باشقا ئويۇن تېپىلمىغاندەك ئوت ئويناۋاتقان باللارغا يىراقتىن قاراپ قويۇپلا ئىچىدە: "خۇدا ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن" دەيتتى-دە، ئالمان-تالمان كېتىپ قالاتتى. بۇ ئوتنى كېچىلىك قاراۋۇللارنىڭ ئىسسىنىشى ئۈچۈن ياقمىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

پادىشاھ ئامانۇللاھ بىلەن خانىش سۈرەييانىڭ سۈرىتى ئوتتا تولغىنىپ كۆيمەكتە ئىدى. سۈرەتتىكى پادىشاھنىڭ مەيدىسىگە تاقالغان ئوردېنلار ۋە خانىشنىڭ سۈتتەك ئاپئاق بىلەكلىرى بىلەن تەمكىن چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئوردېنكىلەرنىڭ كۆيدۈرۈلۈۋاتقان سۈرەتلىرى ئارىسىدا يەنە مىللىيچە كىيىم كىيىپ، زىبۇ-زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقىغان ئافغانىستانلىق قىزنىڭ سۈرىتى، ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋاتقان مۇجاھىدنىڭ سۈرىتى ھەتتا قەندىھاردىكى بازاردا تۇرغان بىر دېھقاننىڭ سۈرىتىمۇ بار ئىدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مۆھتەسىپلەر سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىنى تىنتىش قىلدى. ئۇلار مەيلى ئادەم بولسۇن ياكى ھايۋان بولسۇن، ئىشقىلىپ جانلىقلارنىڭ سۈرىتى بېسىلغانلىكى كىتابنىڭ ھەممىسىنى ئىشكاپتىن بىر-بىرلەپ ئېلىپ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلايتتى. بەتلىرى سارغىيىپ كەتكەن كونا كىتابلار، چىرايلىق مەنزىرىلەر چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكىلار ۋە قاتتىق مۇقاۋىلىق لۇغەتلەر ئوت ئىچىدە ھەش-پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۈلگە ئايلىناتتى.

ئوتنى چۆرگىلەپ ئويناۋاتقان باللارنىڭ ئارىسىدا مۆھتەسىپتىن بىر نەچچىسى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قامچا، بەزىلىرى كالتەك، بەزىلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پىلمىوت تۇتقانىدى، مۆھتەسىپلەر سۈرەت، كىتاب، ھەيكەل، مۇزىكا، ئۇسسۇل ۋە كىنوغا ئىشتىياق باغلىغانلارنى ھەتتا ئەركىن پىكىر قىلىدىغانلارنىمۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دۈشمىنى، دەپ قارايتتى. لېكىن ئۇلار ئىلىپنى تاياق دەيدىغان ساۋاتسىزلاردىن بولغاچقا، تالىبانلار تەرغىپ قىلغان ئەنئەنىۋى دىنىي ئەقىدىلەر ھەققىدىكى كىتابلار بىلەن ئۆزلىرىنىڭ نەزىرىدىكى بىدئەتچىلىككە ياتىدىغان ئىلىم-پەن كىتابلىرىنى پەرقلەندۈرەلمەيتتى. شۇڭا ئۇلار كۆيدۈرۈشكە تېگىشلىك كىتابلارنى تاللاشتا، ئالدى بىلەن كىتابلاردا سۈرەتنىڭ، بولۇپمۇ جانلىقلارنىڭ سۈرىتىنىڭ بار-يوقلۇقىغىلا قارايتتى.

يالقۇنجاپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئاخىرى ئۆچتى، بايىقى توپ-توپ كىتابلارنىڭ كۈلىلا قالغانىدى. كىتابلارنىڭ كۈلىنى سوغۇق شامال تارچۇق رەستىلەرنىڭ بۇلۇڭ-بۇلۇڭلىرىغا توزۇتسا، ئېرىقتىكى يۇندا نەمۇ نەلەرگە ئېلىپ قاچاتتى. تالىبانلار سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىنى پېچەتلەپ، قىممەتلىك كىتابلىرى ئۈچۈن يۈرەك-باغرى پىچاق تىققاندەك ئېچىشىپ كېتىۋاتقان سۇلتاننىڭ قوللىرىنى چەمبەرچاس باغلاپ، ماشىنىغا ئېلىپ چىقىشتى. چۈنكى، تالىبانلار سۇلتاننىڭ كىتابخانا ئېچىشىنى "ئىسلامغا قارشى ھەرىكەت" دەپ قارىغاچقا، ئۇنى قولغا ئالغانىدى.

سۇلتان يولدا كېتىۋاتقاچ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ تەلىيىگە قولىدىكى مىلتىقتىن باشقىنى ئۇقمايدىغان بۇ كالۋالار ئىشكاپىنىڭ ئارقىسىغا قارىمىدى. سۇلتان تالىبانلار قاتتىق چەكلىگەن ئېسىل كىتابلارنى دەل ئاشۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويغانىدى. سۇلتان ئۇنداق كىتابلارنى ئادەتتە ئىنتايىن ئىشەنچلىك ئادەملەردىن باشقا ھېچكىمگە كۆرسەتمەيتتى.

تالىبانلارنىڭ نەزىرىدىكى قانۇنسىز كىتاب ۋە سۈرەتلەرنى سېتىۋاتقىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغان سۇلتان، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىدىغانلىقىنى ئالدىبۇرۇنلا تۇيغانىدى. تالىبانلار ھە دېسىلا ئۇنىڭ دۇكىنىغا كېلىپ تەكشۈرۈپ، كىتابتىن بىر نەچچىنى ئېلىپ كېتەتتى. تالىبانلارنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنىمۇ ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن، ھەتتا ئۇنى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىگە چاقىرتىپ سوراق قىلغانىدى. چۈنكى، ھۆكۈمەت بۇ "قارا نىيەت" كىتابپۇرۇشنى تالىبانلارنىڭ كەتمىنى چاپىدىغان ئىتائەتمەنلەردىن قىلىپ ئۆزگەرتىپ چىقىش ئارزۇسىدا ئىدى.

سۇلتانخان ئىلگىرى تالىبانلار چىقارغان كىتابلارنىمۇ ساتقانىدى. چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق ئادەم ھەرقانداق سادا ۋە نىدانى ئاڭلاپ بېقىشقا ھوقۇقلۇق،

دەپ قارايتتى. سۇلتان تالىبانلارنىڭ ئەمر- پەرمانلىرى ھەققىدىكى كىتابلاردىن باشقا يەنە، تارىخقا ئائىت كىتابلار، پەننىي كىتابلار، ئىسلام دىنىغا ئائىت كىتابلار، بولۇپمۇ ھېكايە ۋە شېئىرلار توپلاملىرىنىمۇ ساتاتتى. لېكىن تالىبانلارنىڭ نەزىرىدە مۇلاھىزىنىڭ ئۆزى بىدئەتلىك، گۇمانلىنىشنىڭ ئۆزى جىنايەت ھېسابلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم»دىن باشقا كىتابنى ئوقۇش قىلچە زۆرۈرىيىتى يوق ئىش، ھەتتا چاتاق تېرىپ قويىدىغان خەتەرلىك ئىش ئىدى. 1996- يىلى كۈزدە تالىبانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىدىكى كەسپىي خادىملارنىڭ ئورنىنى پۈتۈنلەي موللىلار ئىگىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن مەركىزىي بانكىدىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەرگىچە ھەرقانداق ئورۇن دىندىن باشقىنى بىلمەيدىغان موللىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. ھەتتا تالىبانلار چەت ئەلدىكى نېفىت شىركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش ھەققىدە كېڭەشكەن چاغلاردىمۇ سۆھبەتكە مەخسۇس كەسپىي خادىملار ئەمەس، بەلكى نېفىت ئىلمىدىن قىلچە خەۋىرى يوق موللىلار قاتنىشاتتى.

سۇلتان تالىبانلار تەختكە چىققان چاغدىلا، ئافغانىستان تالىبانلارنىڭ قولىغا قالسا، ئاز كۈنگە بارمايلا ئىقتىسادىي جەھەتتە كۈندىن- كۈنگە بەتتەرلىشىپ، قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەنىدى. چۈنكى، تالىبانلار ھۆكۈمىتى ھەرقانداق زامانىۋىيلىققا قارشى، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان پىكىرلەرگە چىش- تىرنىقىغىچە ئۆچ ئىدى. ھەرقانداق بىر ئىلمىي مۇنازىرە مەيلى غەربتىن كەلسۇن، ياكى ئىسلام دۇنياسىدىن كەلسۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇراتتى. ئۇلارنىڭ خىتابلىرىدا تىلغا ئېلىنىدىغانلىرى ساپلا ئۆزلىرى شەكسىز ئېتىقادىنىڭ نامايانىسى دەپ بىلىدىغان قانداق كىيىنسە دۇرۇس بولىدىغانلىقى، ئەرلەرنىڭ بەش ۋاخ نامازنى ۋاقتى- قەرەلىدە ئوقۇشى لازىملىقى، ئاياللارنىڭ چوقۇم جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىش- ئوقەتلىرىنى تاشلاپ ئۆيىدە ئولتۇرۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئەمر- مەرۇپلارلا ئىدى. چۈنكى، ئۇلارغا نىسبەتەن ئىسلام ياكى ئافغانىستاننىڭ تارىخىغا ئائىت بىلىملەر قىلچە ئەھمىيەتسىز نەرسىلەر ئىدى.

سۇلتان ماشىنىدا كېتىۋېتىپ ئىككى بېقىنىغا قارىدى. ئىككى تەرەپتە ساۋاتسىز تالىباندىن ئىككىسى ئولتۇراتتى. سۇلتان بۇ ئەلگە ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ھەربىي ئەمەلدار ۋە موللىلارنى ئىچىدە تىللىغىلى تۇردى. دۇرۇس، سۇلتانمۇ مۇسۇلمان، لېكىن ئۇ تالىبانلاردەك رادىكاللاردىن ئەمەس. ئۇ، خۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يولدا نامازنى ھەرگىز قازا قىلمايدۇ، بىر ئاي روزىنى تولۇق تۇتىدۇ، ئىككى خوتۇنىنىڭ مېھرى ۋاپاسىغا قىلچە قارا سانمايدۇ، باللىرىنى تەقۋادار ۋە ئاللاھقا سادىق مۇسۇلمانلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تالىبانلارنى ھەرگىز نەزەر كۆزىگە ئىلغۇسى كەلمەيتتى، چۈنكى، تالىبانلار ئۇنىڭ نەزىرىدە خەت تونۇمايدىغان كۆزى ئوچۇق قارىغۇلار، ئەڭ نامرات، ئەڭ مۇتەئەسسىپ ۋە قالاق يەردىن كەلگەن تومپايلار ئىدى.

تالىبانلار ھۆكۈمىتىدە "ناچار ئىللەتلەرنى چەكلەپ، ئەخلاقنى پاكلاش مىنىستىرلىكى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورگان بار ئىدى. ئۇ قىسقارتىلىپ "ئەخلاق مىنىستىرلىكى" دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇقېتىم سۇلتاننى قولغا ئالغۇزغىنى دەل ئاشۇ "ئەخلاق مىنىستىرلىكى" ئىدى.

— سىلەر كىتابلىرىمنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيسىلەر، ماڭا تەن جازاسى بېرىپ قىينىيالايسىلەر ھەتتا مېنى ئۆلتۈرۈۋېتەلەيسىلەر، — دېدى سۇلتان تۈرمىدىكىلەرگە مەردانىلىك بىلەن، — لېكىن ئافغانىستاننىڭ تارىخىنى ھەرگىزمۇ ئۆچۈرۈۋېتەلمەيسىلەر!

كىتاب — سۇلتان ئۈچۈن جېنىدىنمۇ ئەزىز ئىدى. ئۇ ئۆمرىدىكى تۇنجى كىتابنى قولىغا ئالغاندىن تارتىپلا، كىتاب بىلەن ھېكايە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سىردىشىغا ئايلىنىپ كەتتى. سۇلتان 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى كابۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان دېھقۇدەيداد كەنتىدىكى بىر نامرات ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىمۇ ئىلىپنى تاياق دەيدىغان ساۋاتسىزلاردىن ئىدى، لېكىن ئۇلار سۇلتاننى يېتەرلىك خىراجىتىنى غەملەپ مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى، سۇلتان ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى تاپقان-تەرگىنىنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ ئوقۇشى ئۈچۈن خىراج قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ ھەدىسى مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىدى، شۇڭا ئۇ ھازىر ھەتتا سائەتنىڭ نەچچە بولغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ئاجىزەنىڭ تەلىيى باركەن، ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالماي، ئەرگە تېگىپ ئوچاق بېشىنىڭ ئىگىسى بولالىدى.

سۇلتان بۇ ئائىلىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا پېشانىسى ئوڭ بالا ئىدى، لېكىن سۇلتاننىڭ ئائىلىسى بەكمۇ نامرات ئىدى. سۇلتان مەكتەپكە كىرىدىغان يىلى ئانىسى ئۇنىڭ يۇك-تاقلىرىنى تېگىپ، يولغا چىقايلى، دەپ تۇرۇشىغا، سۇلتان ئوقۇشقا بېرىشتىن تۇيۇقسىزلا يالتىيىپ قالدى، چۈنكى، ئۇ يالاڭئاياغ ئىدى.

— يارامسىز بىر نېمەكەنسەن! — دېدى ئانىسى ئۇنىڭ كاچىتىغا

كېلىشتۈرۈپ بىر شاپىلاق سېلىپ، سۇلتان ئۆزۈن ئۆتمەيلا ئاياغ ئالغۇدەك پۇل غەملىيەلىدى. سۇلتان مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى ئانچە- مۇنچە يەڭگىللىتىش مەقسىتىدە بىر خۇمداندا ئىشلىدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەر دەرس باشلانغىچە ۋە دەرستىن تارقاپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكىچە باش كۆتۈرمەي ئەمگەك قىلاتتى. كېيىن بىر دۇكاندا بالا ئىشچى بولدى. ئۇ ئىشلەپ تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمىنى ئاتا- ئانىسىغا ئۇقتۇرماي تىقىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا كىتاب ئالاتتى.

سۇلتان 10 نەچچە ياش مەزگىلىدە بىر قۇرۇلۇش مەكتىپىگە قوبۇل قىلىندى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسلىك كىتابى يوق ئىدى. بىر قېتىم ئۇ تاغىسى بىلەن بىللە تېھرانغا بېرىپ، ئۇزاقتىن بېرى تاپالماي يۈرگەن كىتابلىرىنىڭ ھەممىسىنى شۇ يەردىكى بىر كىچىك بازارنىڭ كىتابخانىسىدا ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇ ئاشۇ كىتابلاردىن بىر نەچچە يۈرۈش سېتىۋېلىپ، ئۇنى ساۋاقداشلىرىغا ئىككى ھەسسە يۇقىرى باھادا سېتىپ بەردى. سۇلتانىنىڭ كىتابپۇرۇشلۇق ھاياتى شۇنىڭدىن تارتىپ باشلاندى. چۈنكى ئۇ تىرىكچىلىكنىڭ يولىنى تاپقاندى.

سۇلتان مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، كابۇلدىكى ئىككى بىنانىڭ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ بېقىپلا، ئۇ ئىشتىن ۋاز كەچتى. چۈنكى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس- يادى كىتابتىلا ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ تېھرانغا بېرىپ كىتاب بازارلىرىنى ئايلاندى. پارس دۇنياسىنىڭ قەدىمكى ئاستانىسى — تېھراندىكى كىتاب بازارلىرى، ئافغانىستاندىن كەلگەن بۇ سەھرا بالىسىنى ناھايىتى مەھلىيا قىلدى. رەت- رەت تىزىۋېتىلگەن كىتابلار ئارىسىدا سۇلتان ھەتتا چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئېسىل كىتابلار نۇرغۇن ئىدى. ئۇ شېئىر، سەنئەت ۋە تارىخقا ئائىت كىتابلاردىن يەشىك- يەشىكلەپ سېتىۋالدى.

ئۇ ئىراندىن قايتىپ كېلىپلا، كابۇلنىڭ شەھەر مەركىزىدە بىر كىتابخانا ئاچتى. كىتابخانىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە دورا- دەرمان دۇكىنى ۋە كاۋاپخانىلار بار ئىدى. ئۇ دەل ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 70- يىللىرى بولۇپ، ئافغانىستان جەمئىيىتى زامانىۋىلىق بىلەن ئەنئەنە ئوتتۇرىسىدا داۋالغۇۋاتقان چاغلار ئىدى. ئافغانىستاننىڭ دۆلەت ئاتىسى — زاھىر شاھ تەرەققىيپەرۋەر ئەمما ھۇرۇن پادىشاھ ئىدى. ئۇ دىنىي كۈچلەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقۇپ، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا دېگەندەك كۆڭۈل بولمىدى. دەل شۇ مەزگىلدە ئۇ ئوردىنىڭ ئاياللارنىڭ يۈزىنى ياپماستىن ئاممىۋى سورۇنلارغا كىرىشىگە ئىجازەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



بەرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەن بىر نەچچە موللىنى زىندانغا تاشلىغانىدى.

ئاخىر نۇرغۇن مەكتەپلەر تەۋرەپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتى دولقۇن كۆتۈردى. لېكىن، ئويلىمىغان يەردىن ھۆكۈمەت ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى دەھشەتلىك باستۇرۇپ، نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلارنى قىرىپ تاشلىدى. ئافغانىستاندا گەرچە ئەلمىساقتىن تارتىپ ئەركىن سايلام بولۇپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن رادىكال سول قاناتلار دەمدۇ، ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىپەرەسلەر دەمدۇ ئىشقىلىپ خىلمۇخىل پىرقە ۋە سىياسىي تەشكىلاتلار تۈشمۇ تۈشتىن مەيدانغا كەلدى. ئۈچ يىللىق قۇرغاقچىلىق ئافغانىستاننى ئىقتىسادىي جەھەتتە ھالسىرىتىۋەتتى. 1973-يىلىغا كەلگەندە ئاخىر ئېغىر ئاچارچىلىق يۈز بەردى. زاھىر شاھنىڭ نەۋرە ئىنىسى داۋۇدخان، پادىشاھ ئىتالىيىدە داۋالىنىۋاتقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ ھوقۇق تارتىۋالدى ۋە پادىشاھلىق تۈزۈمنى بىكار قىلدى.

داۋۇدخان ھۆكۈمرانلىقنى زاھىرشاھنىڭكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لېكىن سۇلتاننىڭ كىتاب سودىسى كۈندىن-كۈنگە جانلىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كىتابخانىسىدىن ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىپەرەسلىكتىن تارتىپ تاكى ماركسىزمغىچە تۈرلۈك سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەپكۇرىسى ھەققىدىكى كىتاب-ژۇرناللارنىڭ ھەممىسى تېپىلاتتى. سۇلتان سەھرادىكى ئۆيىدە ئاتا-ئانىسى بىلەن بىرگە تۇراتتى. شۇڭا ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى كىتابخانىسىغا ۋېلىسىپىت بىلەن تاڭ سەھەردە كېلىپ قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتاتتى. ئانىسىنىڭ "قاچان ئۆيلىنىسەن؟" دەپ ئاغزى بېسىقماي كوتۇلداشلىرى سۇلتاننىڭ كەيپىنى ئۇچۇراتتى. ئانىسى ھە دېسىلا ئۇنىڭغا نەۋرە سىڭىللىرى ياكى قوشنىلىرىنىڭ قىزلىرىنى تونۇشتۇراتتى. لېكىن سۇلتاننىڭ كۆڭلىگە پۈككەن ئىشلىرى چېچىدىن تولا بولغاچقا، ئۆيلىنىشنى ھەتتا خىيالىغا كەلتۈرۈشكىمۇ چولىسى يوق ئىدى. ئۇ دائىم خىيالىدا تېھران، تاشكەنت ۋە موسكۋالارنى ساياھەت قىلاتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ موسكۋادا ليۇدمىلا ئىسىملىك بىر مەشۇقى بار ئىدى.

1979-يىل فېۋرال، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى ئافغانىستانغا بېسىپ كىرىشتىن بىر نەچچە ئاي بۇرۇن، سۇلتان ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم خاتالىق ئۆتكۈزدى. ئۇ چاغدا، پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ھوقۇقى قەيسەر كوممۇنىست — مۇھەممەد تاراكى (ئافغانىستان ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ سابىق رەئىسى، خەلق دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ سابىق باش سېكرېتارى، ئۆز ۋاقتىدا سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان — تەرجىماندىن) نىڭ قولىدا ئىدى. بىر قېتىملىق تويۇقسىز ھۇجۇمدا

ئافغانىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى داۋۇدخاننىڭ جەددى-جەمەتى قىرىۋېتىلدى، تۈرمىلەر تۇتقۇنلار بىلەن تولۇپ كەتتى؛ كۆرمىگىلغان ئۆكتىچىلەر قامالدى، جازاغا تارتىلدى ۋە قەتلى قىلىندى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن ئافغانىستان كوممۇنىستلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى پۇختىلاش ئۈچۈن، ئىسلام دىنى تەرەپدارلىرىنى ھەدەپ باستۇرغىلى تۇردى. بۇنىڭ بىلەن مۇجاھىدلار ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق كۆتۈرۈلدى، بۇ خىل توقۇنۇش ئاخىر بېرىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى دەھشەتلىك پارتىزانلىق ئۇرۇشىغا ئايلىنىپ كەتتى.

مۇجاھىدلار بىر خىل كۈچلۈك ئىدىئولوگىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىشانى "كۇپپارلار ھاكىمىيىتىگە قارشى تۇرۇپ، پۈتكۈل ئافغانىستاننى ئىسلاملاشتۇرۇش" ئىدى. نۇرغۇن تەشكىلاتلار قەرەللىك ژۇرناللارنى چىقىرىپ جىھادقا مەدەتكار بولدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەت مۇجاھىدلار بىلەن خۇپىيانە ئالاقىسى بار ھەرقانداق ئادەمگە نازارەتنى كۈچەيتتى ۋە مۇجاھىدلار ئىدىئولوگىيىسىگە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كىتابنى بېسىپ سېتىشنى قەتئىي چەكلىدى.

لېكىن، سۇلتان ئۇ چاغلاردا مۇجاھىدلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ، كوممۇنىستلارنىڭ كىتابلىرىنىمۇ سېتىۋېرەتتى. ھەتتا ئۇ تەرەپ-تەرەپتىن تىڭ-تىڭلاپ دەل ئاشۇنداق چەكلەنگەن كىتابلارنى تېپىپ، توپ-توپى بىلەن سېتىۋالاتتى. چۈنكى ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنلا ئۇنداق كىتابلارنىڭ باھاسى ئۆسۈپ كېتەتتى. مۇھىمى سۇلتان ھەرقانداق ئوقۇرمەننىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بۇرچى، دەپ قارايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ھېلىقىدەك چەكلەنگەن كىتاب-ژۇرناللارنى پۈكەينىڭ ئاستىدا ساقلايتتى.

بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي بىرەيلەن سۇلتاننى چېقىپ قويدى. ئەسلىدە قولغا چۈشۈپ قالغان بىر ئوقۇرمەن سوراقتا، ئۆيىدىن چىققان چەكلەنگەن كىتابنى سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدىن سېتىۋالغانلىقىنى دەپ قويغانىكەن. بۇنىڭ بىلەن ساقچىلار دەرھال كېلىپ سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىنى ئاختۇرۇۋىدى، دېگەندەكلا چەكلەنگەن كىتابتىن بىرنەچچىسى بايقىلىپ قالدى. بۇنىڭ بىلەن ساقچىلار كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، سۇلتاننى تۇتۇپ كەتتى. ساقچىلار سولاقخانىدا ئۇنى بولۇشىغا ئۇرۇپ-قىيناپ، ئاندىن بىر يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلدى. سۇلتان سىياسىي جىنايەتچى بولغاچقا كامىرغا قەغەز، قەلەم ۋە كىتاب ئەكىرىش قەتئىي مەنئىي قىلىناتتى. شۇڭا ئۇ تۈرمىگە كىرگەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېيىن، دەسلەپكى بىر نەچچە ئاينى كامىرنىڭ ئېمىغا قاراپ ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك جىمجىت ئولتۇرۇپ ئۆتكۈزدى. كېيىن ئۇ بىر تۈرمە ساقچىسىنى ئانىسى ئەكىلىپ بەرگەن نەرسىلەرنى سوڭگۈتۈپ يۇرۇپ ئاخىر قولغا كەلتۈرۈۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سۇلتاننىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئۇنىڭغا ھەر ھەپتىسى ئاستىرتىن كىتاب ئەكىرىپ بېرىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ كىچىككىنە تاش كامىر ئىچىدە كىتابنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆتكەن ئاشۇ مىنۇتلار ئۇنىڭ ئافغانىستان مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان پارس شېئىرىيىتىدە سۇغۇرۇلغان لېرىكا دۇنياسى ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ دىشۋارچىلىقلارغا تولغان مەدەنىيەت تارىخى ئىچىگە غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئافغانىستان مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا ئائىت ئىلىم دۇردانىلىرىنى تارىتىش ئىستىكى بىلەن، بۇرۇنقى كىتابپۇرۇشلۇقىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. بۇرۇنقىدەكلا چەكلەنگەن كىتابلارنى ساتتى. لېكىن بۇ دەۋرەم ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا خېلىلا ئېھتىياتچان بولۇپ قالغانىدى.

سۇلتان تۈرمىدە يېتىپ چىققان بولغاچقا، ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنى ئىزچىل قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. بالا كەلسە قوش كەپتۇ، دېگەندەك ئارىدىن بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بىر قېتىم تۈرمىگە تاشلاندى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە بۇ قېتىم ئۇ خىلۋەت كامىردا ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ، پارس پەلسەپەسىنى تەتقىق قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنىدى. لېكىن يامان يېرى، بۇ قېتىم ئۇنى باشقىلار "سۇلتان كاپىتالىستىك ئۇسۇلدا پۇل تېپىۋاتىدۇ" دەپ چېقىپ قويغاچقا، ئۇنىڭغا ئىلگىرىكى گۇناھىدىن باشقا يەنە "ئۇششاق بۇرژۇئاز" دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلگەنىدى.

سۇلتاننىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ بالا- قازالارنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىدىكى ئافغانىستان كوممۇنىستلىرى ئەل سورىغان زامانلاردا يۈز بەردى. ئافغانىستاننىڭ ئۇرۇش يارىلىرى تېخى ساقايماي تۇرۇپلا، كوممۇنىستلارنىڭ ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىگە خاتىمە بېرىپ، كوممۇنىزمغا ئۆتۈش خۇسۇسىدا قوللانغان تەدبىرلىرى جەمئىيەتتىكى داۋالغۇشنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مەسىلەن، كولخوزلاشتۇرۇش ھەرىكىتى پۇقرالارغا قاتتىق زەربە بولدى. نۇرغۇن دېھقانلار بايلارنىڭ ئىلكىدىن تارتىۋېلىپ بۆلۈپ بېرىلگەن يەرلەرنى تېرىغىلى ئۇنىمىدى. چۈنكى، خەقنىڭ ھەققىگە قارا ساناش ئىسلامدا ئېغىر گۇناھ ھېسابلىناتتى. يېزىلاردىكى ھۆكۈمەتكە نارازىلىق بىلدۈرۈش ھەرىكەتلىرى ئەۋج

ئېلىپ كەتكەچكە، كوممۇنىستلارنىڭ نۇرغۇن پىلانلىرى ئەمەلگە ئاشماي شۇ پېتى قالدى، ئۇزۇن ئۆتمەي ھۆكۈمەت كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىن ۋاز كەچتى، شۇنداق قىلىپ 10 يىللىق ئۇرۇش ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ جېنىنى ئېلىپ جاڭگالدا قويدى، بۇ جەرياندا 1 مىليون 500 مىڭ ئافغانىستانلىق قازا قىلدى.

سۇلتان تۇرمىدىن ئىككىنچى قېتىم قويۇپ بېرىلگەندە يېشى 35 كە بېرىپ قالغانىدى، ئافغانىستان سەھرالىرىنىڭ ھەممىسىدە ئەۋج ئېلىپ كەتكەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەش، كابۇلدىمۇ كارامىتىنى كۆرسەتمەي قالمىدى، ئىشقىلىپ زامان دېشۋارچىلىقلىرى ھەممىلا ئادەمنى داد دېگۈزۈۋاتاتتى. بۇ دۆرەم سۇلتاننىڭ ئانىسى ئۇنى شەرىپە ئىسىملىك بىر قىزغا ئۆيلىنىشكە ئاخىر ماقۇل كەلتۈردى، بۇ ساھىبجامال قىزنىڭ دادىسى گېنېرال ئىدى، كېيىن شەرىپە ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز تۇغدى، سۇلتان بىلەن شەرىپەنىڭ بۇ تۆت بالىسى ئاران بىر ياشتىنلا پەرق قىلاتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى 1989-يىلى ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۈردى، ئافغانىستان پۇقرالىرىنىڭ تىنچلىققا بولغان زارىقىشلىرى ھەسسىلەپ كۈچەيمەكتە ئىدى، لېكىن ئافغانىستان ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىماتىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاچقا، مۇجاھىدلارمۇ قورالنى تاپشۇرۇشقا ئۇنىمايۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ مۇجاھىدلار 1992-يىلى كابۇلنى ئىشغال قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ كەتتى. سۇلتاننىڭ يېڭىدىن سېتىۋالغان سوۋېتچە داچىسى دەل ئۇرۇش بولۇۋاتقان ئالدىنقى سەپكە بەك يېقىن بولغاچقا، بومبا ۋە ئوقلارنىڭ زەربىسىدە ئۆينىڭ قورۇق تاملىرى ئۆرۈلۈپ، دېرىزىلىرى ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتتى، ھەتتا ئارقا ھويلىسىمۇ تانكىلار بېسىپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئوق تېگىپ كېتىشتىن قورقۇپ، بىر ھەپتىگىچە يولدا دۈم ياتتى، كېيىن توپ-زەمبىرەكلەر بىر ئاز پەسكويىغا چۈشكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىڭ تەسلىكتە پاكىستانغا قېچىپ كېلىۋالدى.

سۇلتان پاكىستاندا پاناھلىنىپ يۈرگەن چاغدا، بۇلاڭچىلار ئۇنىڭ كىتابخانىسىنى ئاللىقاچان قۇرۇقداپ بولۇشقانىدى، بۇنداق بالا-قازادىن ھەتتا ئاممىۋى كۇتۇپخانىمۇ ئامان قالمىدى، بۇلاڭچىلار قىممەتلىك كىتابلارنى ئاچىقىپ ئېلىشقا سېتىپ خەجلىدى ياكى ئوق-دورىغا تېگىشتى. سۇلتان پاكىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىتاب بۇلاڭچىلىرى دۆلەت كۇتۇپخانىسىدىن ئوغرىلاپ چىققان قىممەتلىك كىتابتىن بىر نەچچىنى قولغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈشۈرۈۋالدى. بۇ بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇنقى قىممەتلىك كىتابلار ئۇنىڭغا راستىنلا بەكمۇ ئەرزان ئۇچراپ قالغانىدى. ئاشۇ كىتابلار ئىچىدە بۇنىڭدىن بەش ئەسىر بۇرۇنقى ئۆزبېكچە قول يازمىمۇ بار ئىدى. سۇلتان بىر نەچچە دوللارغا ئېلىۋالغان بۇ قول يازمىنى، كېيىن ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ قولىدىن 25 مىڭ دوللارغا ئېلىپ كەتتى. سۇلتان ھەتتا كىتابنىڭ ئۇلۇغ-تەتۈرىنىمۇ ئۇقمايدىغان بىرەيلەننىڭ قولىدا ئوبۇلقاسىم فىردەۋسىنىڭ نادىر ئېپوسى «شاھنامە»نىڭ زاھىرشاھ ئەتىۋارلاپ ساقلاپ يۈرگەن ئەسلىي نۇسخىسىنى بايقاپ قالدى. سۇلتان ئاشۇ قىممەتلىك تەۋەررۇكنىمۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ يۈرۈپ، ھېلىقى كىتاب ئوغرىسىنىڭ قولىدىن ناھايىتى ئەرزانلا سېتىۋالدى.

مۇجاھىدلارنىڭ بەش يىلچە سوزۇلغان دەھشەتلىك جەڭگە-جېدەلى كابۇل شەھىرىنىڭ يېرىمىنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. بۇ جەرياندا 50 مىڭ پۇقرا ئىسسىق جېنىدىن ئايرىلدى.

1996-يىل 27-سېنتەبىر تاڭ سەھەر، قاتتىق ئۇيقۇسىدىن چۆچۈپ ئويغانغان كابۇللۇقلار، بۇ شەھەرنىڭ تۇيۇقسىزلا تىمتاسلىق ئىچىگە غەرق بولغانلىقىنى بايقىدى. ئەسلىدە ئالدىنقى كۈنى ئاخشىمى ئەھمەد شاھ مەسئۇد ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى شەھەرنى بىكارلاپ پەنجشىر جىلغىسىغا تىكىۋەتكەنىدى.

پرېزىدېنت مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆۋرۈككە ئىككى جەسەت ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر جەسەت بېشىدىن تارتىپ پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە قىپقىزىل قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. جان يېرى تۆۋىدىن كېسىۋېتىلىپ، بارماقلىرى چانىۋېتىلگەن بۇ جەسەتنىڭ ئۈستىۋېشى تىتما-تىتما قامچا يارىسى ئىدى. ئوق تەگكەن پېشانىسىدىكى تۆشۈكنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. جەسەتنىڭ يەنە بىرى قارىغاندا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئېسىپ قويۇلغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىغا نۇرغۇن ئافغانى قىستۇرۇپ قويۇلغانىدى. بۇ ئۇنىڭ قاتتىق مەسخىرە قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. بۇ ئىككى جەسەت سابىق پرېزىدېنت مۇھەممەد نەجىبۇللاھ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنىڭ جەستى ئىدى. نەجىبۇللاھ ھەممىنىڭ نەپرىتىنى قوزغىغان لەنەتگەردىلەردىن بولۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستانغا بېسىپ كىرگەن چاغلاردا، ئۇ مەخپىي ساقچىلارنىڭ ئاتامانى ئىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇ چاغدا ئۇ 80 مىڭ ئادەمنى "جەمئىيەتنىڭ دۈشمىنى" دېگەن بەتنام بىلەن ئۆلتۈرگۈزۈۋەتكەنىكەن. كېيىن ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدە 1986-يىلدىن 1992-يىلغىچە ئافغانىستانغا پرېزىدېنت بولدى. مۇجاھىدلارنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىشىدىن كېيىن،

مەسئۇد دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولدى، پرېزىدېنتلىقنى ئالدىنقى ئۈچ ئاي سىبغاتۇللاھ مۇجەددىدى، ئاندىن بۇرھانىددىن رەببانى زىممىسىگە ئالدى، نەجىبۇللاھ ئايروپىلان بىلەن چەت ئەلگە تىكىۋەتمەكچى بولۇۋىدى لېكىن ئىشى ئەپلەشمەي قېلىپ، ئاخىر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كابۇلدىكى ئورگىنىدىن پاناھلىق تىلىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كابۇلدىكى باشقۇرۇش رايونىغا بەنت قىلىۋېتىلدى،

تالىبانلار كابۇلنىڭ شەرقىدىن ئاستا-ئاستا قىستاپ كېلىۋىدى، مۇجاھىدلار ھۆكۈمىتى چېكىنىش قارارىغا كەلدى، مەسئۇد ھەممىنىڭ ئاغزىغا چىقىپ كەتكەن داڭدار شەخس ــ نەجىبۇللاھقا بىللە چېكىنىپ چىقىپ كېتىش تەكلىپىنى بەردى، لېكىن ناۋادا پايتەختتىن ئايرىلسا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قېلىشتىن قورققان نەجىبۇللاھ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كابۇلدىكى ئورگىنىدا قاراۋۇللارنى پاناھ قىلىپ جان ساقلاش نىيىتىگە كەلدى، نەجىبۇللاھمۇ پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغاچقا، تالىبانلار بىلەن كېلىشەلەيدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى، لېكىن ئەتىسى تاڭ سەھەردە قويۇپ قارىسا قاراۋۇللار قۇيرۇقىنى خادا قىلغان، تالىبانلارنىڭ ئايىغى بايراقلىرى پۇتكۈل كابۇلنى بىر ئالغانىدى،

تەشۋىش ئىچىدە قالغان كابۇل پۇقرالىرى ئارىيانا مەيدانىدىكى ھېلىقى تۆۋرۈكنىڭ يېنىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى ۋە ئېسىقلىق تۇرغان ئىككى جەسەتنى بىر قۇر كۆرگەندىن كېيىن، ئۈن-تىنسىز تارقاپ كېتىشتى، شۇنداق، ئۇرۇش ئاياغلاشتى، لېكىن ئۇ يېڭى بىر مەيدان ئۇرۇشنىڭ باشلانغانلىقىدىن بېشارەت ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قېتىمقىسى كىشىلەرنى ھەرقانداق شادلىقتىن مەھرۇم قىلىدىغان ئاجايىپ ئۇرۇش ئىدى،

تالىبانلار ئاللىقانداق ئەمىر-پەرمان دېگەنلەرنى ئارقا-ئارقىدىن چۈشۈرۈپ، ئافغانىستاننىڭ مەدەنىيەت-سەنئىتىنى ۋەيران قىلغىلى تۇردى، ئاتارمەن-چاپارمەنلەر ھۆكۈمەتنىڭ ئەمرى بىلەن سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىغا ئوت قويۇۋەتتى؛ ئۇلار يەنە كابۇل مۇزېيىغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى تەۋەررۇكلەرنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتى، ئۇلارنىڭ بۇ بۇزغۇنچىلىقلىرىغا دەل تالىبانلار ھۆكۈمىتىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى يېتەكچىلىك قىلغانىدى،

تالىبانلار مۇزېيغا بېسىپ كىرگەن چاغدا، ئۇ يەرنىڭ تەگدىن تولىسى ئاللىقاچان قۇرۇقداپ قويۇلغانىدى، چۈنكى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، مۇزېيدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ئىستىلاسىنىڭ شاھىدى بولمىش ساپال قاچىلارنىڭ سۇنۇقلىرى دەمدۇ، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ موڭغۇل چەۋەندازلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشلەتكەن شەمشەرلەر دەمدۇ، پارسلارنىڭ نەپىس سۈرەتلىرى دەمدۇ، تىللالىرى دەمدۇ ... ئىشقىلىپ ئىلىپ ماڭغىلى بولىدىغانلىكى نەرسىلەر ئاساسەن قالمىغانىدى، ئاشۇ قىممەتلىك ئاسار ـ ئەتىقىلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىدىن كەلگەن تەۋەررۈكچىلەر بىرىنى قويماي يىغىپ كەتتى، شۇڭا مۇزېينى تازىلاش نۆۋىتى تالىبانلارغا كەلگەندە، ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ تال ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇمىدىن ئۆزگە ھېچنېمە قالمىغانىدى.

مۇزېيدا ئافغانىستاندا ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ئاغىچا خېنىملارنىڭ ھەيۋەتلىك ھەيكەللىرى، مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىختا ئىگە بوت ۋە مۇرال*لار ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. تالىبانلار سۇلتانىنىڭ كىتابخانىسىغا ئوت قويغان چاغدىكىدەك ئەسەبىيلىك بىلەن ئالغا قاراپ ئىتىلدى. ئۇلار قولىدىكى پالتا ـ كەكىلىرى بىلەن قالغان ـ قاتقان تەۋەررۈكلەرنى بولۇشىغا ئۇرۇپ چاقلى تۇرغاندا، مۇزېي قاراۋۇللى ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. تالىبانلار ھەيكەللەرنى ھەش ـ پەش دېگۈچە چېقىپ بولدى، ھەيكەللەرنىڭ تەگلىكىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان چاڭ ـ توزان، چىراغ نۇرى غۇۋا يورۇتۇپ تۇرغان مۇزېي ئىچىنى بىر ئالدى، ئىشقىلىپ، تالىبانلار يېرىم كۈن ئىچىدىلا مىڭ يىللىق تارىخنىڭ ئىزناسىنى پاك ـ پاكىز ئۈچۈرۈپ تاشلىدى. ئۇلار مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن پەقەت ئايەت ئويۇلغان بىر پارچە تاش پۈتۈكنىلا ساقلاپ قالدى.

كۆرۈنگەنلىكى مەدەنىيەت ـ سەنئەتنى ۋەيران قىلىدىغان تالىبانلار مۇزېيدىن قايتىپ چىققاندا، مۇزېي قاراۋۇللىرىنىڭ ئۆپچۆرىسى پۈتۈنلەي خارابىلىققا ئايلىنىپ بولغانىدى. قىزىق ئىش، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدىمۇ ئىككى تەرەپ مۇشۇ مۇزېينى تالىشىپ بىر ـ بىرىنى قىر ـ چاپ قىلىشقانىدى. تەۋەررۈكلەرنىڭ سۇنۇقلىرى ئىچىدىكى ھەيكەلنىڭ بىر قولى، ئورغاق شەكىللىك چاچ قىسقۇچ دېگەنگە ئوخشاش چوڭراقلىرىنىلا پەرق ئەتكىلى بولاتتى. تالىبانلار كەتكەندىن كېيىن مۇزېي قاراۋۇللىرى چۆل ـ چۆل قىلىۋېتىلگەن تەۋەررۈكلەرنىڭ خارابىلىق ئىچىدە چېچىلىپ ياتقان سۇنۇقلىرىنى يىغىپ ئىلىپ، يەشىككە قاچىلاپ، يەشىكنىڭ سىرتىغا بەلگە سالدى، ئاندىن يەشىكلەرنى مۇزېينىڭ گەمىسىگە ئەكىرىۋەتتى.

تالىبانلار تەختتىن چۈشۈشكە ئالتە ئاي قالغاندا، ئافغانىستاندىكى ئەڭ

---

*مۇرال ــ تام رەسىمى

بۈيۈك مەدەنىيەت مىراسى، 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە باميان بۇتىنى پارتلىتىپ كۇمپەيكۇم قىلىۋەتتى.

ھۆكۈمەتنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى چەكتىن ئېشىپ بېرىۋاتقان ئاشۇ كۈنلەردە، سۇلتاننىڭ پۈتۈن ئەس- يادى ئافغانىستان مەدەنىيىتىنى قوغداپ قېلىشتا ئىدى. ئۇ كىتاب ۋەقەسىگە چېتىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قالغاندىن كېيىن، تۈرمە ساقچىلىرىغا پارا بېرىپ يۈرۈپ ئاخىر تۈرمىدىن بوشىنىپ چىقتى؛ ھەتتا تالىبانلار پېچەتلىۋەتكەن كىتابخانىسىنىمۇ دەل تۈرمىدىن چىققان كۈنى قايتا ئاچتى. سۇلتان كىتابخانىسىغا ئېتىلىپ كىردى- دە، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن كىتابخانىسىنى كۆرۈپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تالىبانلارنىڭ كۆزى چۈشمەي بالا- قازادىن ئامان قالغان كىتابلىرىنى قولىغا ئالدى ۋە كىتابتىكى جانلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بەتلەرنى قارا سىياھدا سىزىۋەتتى. بۇ ھەرھالدا كىتابنى كۆيدۈرۈۋەتكەندىن ياخشىراق ئىدى. سۇلتان سۈرەتلەرنى تالىبانلاردىن ئامان ساقلاپ قېلىشنىڭ يەنە بىر ئامالىنى تاپتى: ئۇ كىتابخانىدىكى سۈرەتلەرنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ ئىسىم كارتوچكىسىنى ئالا قويماي چاپلىۋەتتى. بۇنىڭدا سۈرەتلەرنىڭ يۈزى بېزەپ قىلىۋېتىلگەندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن لازىم بولغاندا ئىسىم كارتوچكىسىنى ئاستا سويۇپ ئېلىۋەتكىلى بولاتتى. لېكىن، مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىق كۈندىن- كۈنگە كۈچىيىپ كەتتى، مەدەنىيەت مىنىستىرى سۇلتاننى يەنە بىر قېتىم چاقىرتتى.

— سىنى تۇتىمىز، دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ سۇلتانغا، — ئەمدى مەنمۇ ئارىغا چۈشەلمىگۈدەكمەن.

بۇ دەل 2001- يىلى يازدىكى ئىش ئىدى. ئۆزى ئۈچۈن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىدىغان ئادەمنىڭ قالمىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سۇلتان، ئافغانىستاندىن كەتمەكچى بولدى. ئۇ ئائىلە بويىچە كاناداغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىش ھەققىدە ۋىزىغا ئىلتىماس قىلدى. ئۇ چاغدا سۇلتاننىڭ خوتۇن- باللىرى پاكىستاندىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا بولۇپ، بۇ خىل خانىۋەيرانچىلىقتىن جاق تويغانىدى. لېكىن سۇلتاننىڭ ئوي- خىيالى كىتابتىلا ئىدى. ئۇنىڭ كابۇلدا ئۈچ كىتابخانىسى بولۇپ، بىرىنى كەنجى ئوغلى، يەنە بىرىنى 16 ياشلىق ئوغلى مەنسۇر، يەنە بىرىنى ئۆزى باشقۇراتتى.

سۇلتان كىتابلىرىنىڭ ناھايىتى ئاز بىر قىسمىنىلا كىتابخانىدىكى ئىشكاپقا تىزىپ قوياتتى. قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى كابۇلدىكى ئۆيىنىڭ باللىخانىسىغا يوشۇرۇپ قويغانىدى. يوشۇرۇپ قويغان كىتابلىرى 10 مىڭ پارچىگە يېتەتتى. ئۇ 30 يىلدىن بۇيان قىلىۋاتقان ئوقىتىنىڭ تالىبانلار سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ كېتىشىنى خالىمايتتى؛ ئافغانىستان روھىنىڭ ئاياق ئاستى قىلىنىشىغا تېخىمۇ چىدىمايتتى. سۇلتاننىڭ كىتابلىرىنى جان تىكىپ قوغدىشىدا ئۆز ئالدىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئويلىغىنى بار ئىدى، ئۇنىڭ خىيالىدا كۆڭلىنىڭ بىرىدە تالىبانلار چوقۇم قويرۇقنى خادا قىلىپ، تەختنى ئەشەنچلىك بىر ھۆكۈمەتكە بوشىتىدۇ، شۇ چاغدا سۇلتان كىتابلىرىنىڭ ھەممىسنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىۋېتىلگەن كۇتۇپخانىغا ئىئانە قىلىدۇ.

سۇلتان ئۆلۈم خەۋپى ئىچىدە قالغاچقا، ئۇ ئىلتىماس قىلغان ۋىزا ناھايىتى تېزلا تەستىقلاندى، لېكىن ھېچبىر يولغا چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭ خوتۇنى يۈك-تاقلىرىنى تېڭىپ، يولغا چىقىش تەييارلىقىنى قىلىپ باقتى، لېكىن ھە دېسىلا ئۇنى-بۇنى باھانە قىلىپ، ۋاقتنى كەينىگە سۈرەتتى، قېرىشقاندەك بەزىدە بىر تەرەپ قىلىشقا تېگىشلىك كىتابلار ۋاقتىدا كەلمەي قالاتتى، بەزىدە ئۇنىڭ كىتابخانىسى پالاكەتكە ئۇچراپ قالاتتى، بەزىدە تۇغقانلىرىدىن بىرەرسى قازا قىلىپ كېتەتتى، ئىشقىلىپ، ئۇلارنىڭ يولغا چىقىشىغا كاشىلا بولىدىغان ئىشلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقىپلا تۇراتتى.

ئارىدىن ئۆزۈن ئۆتمەي "11-سېنتەبىر ۋەقەسى" يۈز بەردى، ئوق-بومبىلار ئافغانىستانغا يامغۇردەك ياغقىلى تۇرغاندا، سۇلتان تېخى قورامىغا يەتمىگەن ئىنىسى يۇنۇسنى كىتابخانىسىغا قارىتىپ قويۇپ، ئۆزى پاكىستانغا قېچىپ كەتتى.

تېررورچىلار ئامېرىكىغا ھۇجۇم قىلىپ ئىككى ئايدىن كېيىن، تالىبانلار ھۆكۈمىتى غۇلاپ چۈشتى، بۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئەڭ بۇرۇن ۋەتەنگە قايتقانلار قاتارىدا ئافغانىستانغا يېنىپ كەلدى، سۇلتان ناھايىتى خۇشال ئىدى، چۈنكى، ئۇنىڭ كىتابلىرىنىڭ ھەممىسنى ئوچۇق-ئاشكارا تىزىپ قويالايدىغان، ئۈستىگە قەستەن سىزىۋېتىلگەن ياكى خەت يېزىۋېتىلگەن تارىخ كىتابلىرىنى ئەسلىلىك قاتارىدا چەت ئەللىكلەرگە سېتىپ بېرىدىغان، رەسىملەرنىڭ ئۈستىدىكى ئىسىم كارتوچكىلىرىنى يىرتىۋېتىپ، تالاپەتتىن ئامان قالغان تەۋەررۈك رەسىملەرنى ئاشكارا ئېسىپ قويالايدىغان، مەردانە ئامانۇللاھ شاھ بىلەن ئائىلە بىلەكلىرىگە ئېسىل زىبۇ-زىننەتلەر بەكمۇ ياراشقان خانىش سۈرەييانىڭ قىممەتلىك سۈرىتىنى قاراڭغۇ گەمىدىن ئازاد قىلىدىغان كۈنلىرى كەلگەنىدى.

بىر كۈنى تاڭ سەھەردە ئۇ كىتابخانىسىدا ئىسسىق چايدىن ئوتلىغاچ، زۇلمەت قاراڭغۇسىدىن تەستە قۇتۇلغان كابۇلغا قاراپ خىيالغا كەتتى، شېرىن ئارزۇلار قوينىدا باغاشلانغان سۇلتان پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم فېردەۋسىنىڭ مۇنۇ ئەقلىيسىنى ئەسكە ئالدى: "غالىپلاردىن بولۇشقا بەل باغلىغانىكەنسەن، ئۇنداقتا گېزى كەلگەندە بۆرىگە، گېزى كەلگەندە قويغا ئايلىنىشنى بىلىشىڭ كېرەكتۇر!".

"بۆرىگە ئايلىنىدىغان چاغلىرىم كەلگەندەكمۇ قىلىدۇ" دەپ ئويلىدى سۇلتان.

## ئۈچىنچى باب

# خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەس

*تەرەپ-تەرەپتىن ئېتىلغان تاشنىڭ كۆپىنچىسى دەرەخنىڭ كۆتىكىگە باغلانغان ئايالغا تەگدى، لېكىن چىشىنى چىشلەپ تۇرغان ئۇ مەزلۇم مىت قىلىپ قويمىدى، ئەتراپتىن تويۇقسىزلا كۈلكە ساداسى كۆتۈرۈلدى، تەمبەل بىرەيلەن يوغان قىرلىق تاشتىن بىرنى ئېلىپ، ھېلىقى ئايالنى چەنلەپ تۇرۇپ قەھرى بىلەن ئاتتى، كۈچەپ ئېتىلغان تاش ئۇدۇل بېرىپ ئايالنىڭ قورسىقىغا تەگدى، بۇنىڭ بىلەن شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنكى بىرىنچى تامچە قان دەل ئاشۇ ئايالنىڭ كىيىملىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر قىن-قىنىغا پاتماي قاقاقلاپ كۈلۈشكىلى تۇردى، بايىقىغا ئوخشاشلا يەنە بىر پارچە يوغان تاش ئۇچۇپ بېرىپ، ئايالنىڭ مورىسىگە تەگدى، تاش تەگكەن يەردىن قان ئېتىلىپ چىقتى، بۇنى كۆرگەن كىشىلەر قىن-قىنىغا پاتماي تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى،*

— جامىس، A مىچېنېر «مەيە»

يېشى بىر يەرلەرگە بېرىپ قالغان شەرىپە، پېشاۋۇردا سۇلتاننى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى، يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ كۆڭلى ئېغىپلا تۇردى، ئىشقىلىپ سۇلتاننىڭ ئىككى-ئۈچ كۈنگىچە يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى شەرىپەنىڭ كۆڭلى تۇيۇپلا تۇراتتى، لېكىن، سۇلتان كابۇلدىن زادى قاچان يولغا چىقىدىغانلىقىنى ھەرگىز دېمەيتتى، شۇڭا شەرىپە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇراتتى،

ئېرىنى ھېلى كېلىپ قالارمىكىن، دەپ يۈرەكلىرى سېلىپ كېتىۋاتقان شەرىپە ھەر ۋاقلىق تاماقتا توخۇ گۆشى، سۇلتان ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدىغان پالەك قورۇمىسى ۋە ئۆزى ئەتكەن مۇچ قىيامى قاتارلىقلار بىلەن داستىخان راسلايتتى، كارىۋاتقا پاكىز كىرلىكنى يېپىپ، رەتلىك يىغىشتۇراتتى، سۇلتاننىڭ كىيىم-كېچەكنى دەزماللاپ ئاساتتى، چامدانىدىكى ھۆججەتلەرنى يېنىش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يىنقىلاپ رەتلەيتتى. شەرىپە ئەتىگەندىن كەچكىچە پۇسۇرلاپ يۈرۈپ پول سۈرتەتتى، دېرىزە پەردىلىرىنى يۇيۇپ، قۇرۇتۇپ ئاساتتى. گاھىدا ئۇ ھەم دېگىنىچە تۇرغان يېرىدىلا ئولتۇرۇپ، كۆز يېشى قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سىڭىندىغىنى سۇلتان ئەمەس، بەلكى ئۆتۈپ كەتكەن ھاياتى. باشقىلار ئۇنى "كىتابخانا خوجايىنىنىڭ خانىمى" دەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئاشۇ كۈنلەر، باللىرى ئۇنىڭ ئېتىكنى ئايلىنىپ "ئانا" دەپ ئەركىلەيدىغان ئاشۇ دەقىقىلەر ئىدى.

شەرىپە گاھىدا ئۇنىڭ ئارامخۇدا تۇرمۇشىنى ۋەيران قىلىپ، باللىرىنى ئۇنىڭدىن تارتىپ كەتكەن، ئاخىر باشقىلار ئالدىدا ئۇنى يەرگە قاراتقان سۇلتانغا نەپرەتى تاشاتتى.

سۇلتان بىلەن شەرىپەنىڭ توي قىلغىنىغا 18 يىل بولدى، ھەتتا سۇلتاننىڭ ئىككىنچى خوتۇنىنى ئالغىنىمۇ ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتتى. شەرىپە شۇنىڭدىن بۇيان تۇل خوتۇنغىلا ئوخشاپ قالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا سۇلتاننىڭ ئەمرىدە بولغاچقا، باشقا تۇل خوتۇنلار بەھرىمەن بولالايدىغان ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىدى. شۇڭا ئۇ سۇلتاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە پاكىستاندا تۇرۇپ، سۇلتاننىڭ نۇرغۇن ئېسىل كىتابلىرى ساقلىنىۋاتقان بۇ ئۆيگە قاراشقا مەجبۇر ئىدى. ياخشى يېرى، سۇلتاننىڭ پاكىستاندىكى ئۆيىدە كومپيۇتېر ۋە تېلېفون بار ئىدى. سۇلتان پاكىستاندىكى ئاشۇ ئۆيىدە تۇرۇپ تەرەپ-تەرەپكە كىتاب ئەۋەتەلەيتتى؛ ئېلخەتلەرنى قوبۇل قىلالاتتى. لېكىن ئافغانىستاندا پوچتا راۋان ئەمەس ئىدى؛ توك مۇقىم بولمىغاچقا كومپيۇتېرنى ئىشلەتكىلى بولمايتتى. سۇلتاننىڭ شەرىپەنى پاكىستاندا تۇرۇشقا بۇيرۇشى دەل ئاشۇ سەۋەبتىن ئىدى.

لېكىن، شەرىپەنىڭ "يالغۇز قالدىم" دەپ ئېرىدىن ئاجرىشىپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ناۋادا شەرىپە نىكاھتىن ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلسا، ئۇ چاغدا شەرىپە ھەرقانداق ئائىلىۋى ھوقۇقتىن مەھرۇم قالاتتى. سۇلتان باللارنىڭ ھەممىسنى ئۆزى ئېلىۋالغاندىن باشقا، ئەدناسى شەرىپەنىڭ باللىرىنى كۆرۈپ تۇرۇشىنىمۇ رەت قىلالايتتى. ئۇ يەنە ئائىلەمنى نومۇسقا قويدى، دېگەن باھانە بىلەن شەرىپەنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىراتتى. بۇنىڭ بىلەن ئائىلىۋى مۈلۈكنىڭ ھەممىسى سۇلتانغا قالاتتى. شەرىپە بولسا ئاكىسىنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ، شۇ يەردە كۈن ئېلىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى ئىچكى ئۇرۇش بولغان ۋە تالىبانلار ھاكىمىيەت ھوقۇقىنى ئىگىلىۋالغان چاغلاردا، سۇلتان ئائىلە بويىچە پېشاۋۇرنىڭ ھاياتئاباد رايونىغا كۆچۈپ كەلدى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ تەڭدىن تولىسى

ئافغانىستانلىق ئىدى. سۇلتان ئۇزۇن ئۆتمەي ئاغا-ئىنىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى ۋە كىچىك خوتۇنى سانىيەنى ئەگەشتۇرۇپ كابۇلغا يېنىپ كەلدى. ئارقىدىن ئۈچ ئوغلىمۇ بىر-بىرلەرپ قايتىپ كەلدى. ئۇ چاغدا سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر 16 ياشتا، ئوتتۇرانچى ئوغلى ئامىر 12 ياشتا، كەنجى ئوغلى ئەكبەر 10 ياشتا ئىدى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتاننىڭ پېشاۋۇردىكى ئۆيىدە چوڭ خوتۇنى شەرىپە بىلەن كىچىك قىزى سەبۇنەملا قالدى. شەرىپە بىلەن سەبۇنەمنىڭ كۆڭلىرى سۇلتاننى كۈتۈش بىلەن ئۆتەتتى. چۈنكى، ئۇلارمۇ كابۇلغا تېزراق قايتىپ كېتىپ، جان-جىگەرلىرى بىلەن جەم بولۇشقا تەشنا ئىدى. سۇلتان بۇ ئىككى ئاجىزەگە: "پات ئارىدا بېرىپ سىلەرنى ئەكىلىۋالىمەن" دېگەندەك ۋەدىلەرنى جىق بېرەتتىيۇ، لېكىن نېمىشقىدۇ لەۋزىدە تۇرالمايۋاتاتتى. پېشاۋۇردىكى ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ ئەسكى ئۆي، بىر چاغلاردا شەرىپەنى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقلاردىن ساقلاپ قالغان پاناھ جاي ئىدى. مانا ئەمدى بۇ ئۆي ھەپسىگە ئايلىنىپ، شەرىپەنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى، شەرىپە ئۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئېرىدىن بىسوراق بىر قەدەممۇ ئاتلىيالمايتتى.

سۇلتان سانىيەنى ئەمرىگە ئالغان يىلى، شەرىپە ئۇلار بىلەن بىر ئۆيدە تۇرۇپ باقتى. شەرىپەنىڭ نەزىرىدە سانىيە ھەم بولۇمسىز، ھەم ھورۇن مەزلۇم ئىدى. سانىيە ئىش قىلىسىمۇ قىلالايدىغان بولغىيدى، لېكىن سۇلتان ئۇنى يىلمان سۆغا قولنى تىقتۇرمىدى. سودىلىق قىلىش، ئاش-تاماق ئېتىش، كىر-قات يۇيۇش ھەتتا ئورۇن-كۆرپە يىغىش دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى شەرىپە قىلاتتى. توي بولغان دەسلەپكى چاغلاردا سۇلتان ئامراق توقلى سانىيە بىلەن ئەتىگەندىن كەچكىچە ھۇجرىسىدىن چىقماي مۈگدىشىپ ئولتۇردى. سۇلتان ئۇنداق چاغلاردا لازىم بولسا شەرىپەگە: "چاي ئەكىرىۋەت" دەپ ۋارقىرايتتى. گاھىدا ئۇ ئىككىسىنىڭ كۈسۈلدىشىپ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان شەرىپەنىڭ يۈرىكى خۇددى پىچاق بىلەن تىلغاندەك ئېچىشىپ كېتەتتى.

شەرىپە ئىززەت-ئابرۇي ئۈچۈن دىل ئازابلىرىنى يوشۇرۇپ، ئېرىنىڭ قىلىۋاتقانلىرىغا كۆز قىرىنى سالمىغان قىياپەتتە يۈرەتتى. ئۇ قورسىقىدىكىنى ھېچكىمگە دادلىمايتتى. سانىيەنى قەستەن تەڭقىسلىقتا قويۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇنىڭغا چىش يېرىپ قاتتىقراق گەپمۇ قىلمايتتى.

سۇلتان شېرىن ئايىنى تۈگىتىپ، تىجارىتىگە باشقىدىن كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى خوتۇنىنىڭ خۇددى ئاچا-سىڭىلدەك بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئۆيدە ئولتۇرىدىغان كۈنلىرى باشلاندى. سانىيە ئۇيپا-ئەڭلىكلەر ۋە كۈنگە بىر ئالمىشىپ تۇرىدىغان يېڭى كىيىملىرى بىلەن قونچاقتەك ياسىنىپ يۈرەتتى. لېكىن شەرىپە قېرىپ تۈگىشىپ كېتىۋاتقان ئۆي خوتۇنلىرىدەك پەلپەتىش يۈرەتتى. چۈنكى، ئۆينىڭ بارلىق ئېغىر ئىشلىرى شەرىپەنىڭ زىممىسىدە ئىدى. ئۇ سانىيەگە سۇلتان ئەڭ ئامراق تاماقلارنى ئېتىشنى ئۆگىتەتتى؛ كىيىملەرنى قانداق رەتلىسە سۇلتاننىڭ خۇش بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا يۇيۇنىدىغان سۇنى زادى قانچىلىك ئىسسىتسا سۇلتاننىڭ دېگىنىدەك بولىدىغانلىقىنىمۇ بىر-بىرلەپ دەپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ ئۇ خوتۇن كىشىنىڭ ئېرىنى زادى قانداق كۈتۈشى لازىملىقىنى سانىيەگە يىپىدىن-يىڭنىسىغىچە ئېزىپ ئىچۈرەتتى.

لېكىنزە، ھەي ... ! ئىشقىلىپ سۇلتاننىڭ سانىيىگە ئۆيلەنگەنلىكى شەرىپەگە بارا-بارا ئېغىر كەلگىلى تۇردى، دۇرۇس، ئەرلەرنىڭ توقالدىن بىر-ئىككىنى ئېلىشى، ھەيران قالغۇدەك ئىشمۇ ئەمەس ئىدى. ئەمما، سانىيە بۇ ئۆينىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرگەندىن تارتىپلا، ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك چوڭ خوتۇن — شەرىپە نېمىشقىدۇ خورلىنىپ قېلىۋاتاتتى. ئەڭ بولمىغاندا شەرىپە ئاشۇنداق تۇيغۇدا ئىدى. چۈنكى، سۇلتان "يېڭى كۆلنىڭ سۈيى تاتلىق" دېگەندەك بۇ تۇمۇچۇقتا بۆلەكچىلا ئىچىكىپ كېتىۋاتاتتى.

شەرىپەنىڭ نەزىرىدە، ئۇنى دىل ئاغرىقىغا قويغان بۇ ئىشتا سانىيە ئىككىسىنىڭ ھېچقايسىسى ئەيىبلىك ئەمەس ئىدى.

شەرىپە ئۆزىنىڭ دادىغا قۇلاق سالغانلارغا مۇنداق بىر ئىشنى دەپ يۈردى: ئەسلىدە شەرىپەنىڭ بالىياتقۇسىدا ئۆسمە پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرغانىكەن. ئۇ كېسەلدىن قۇتۇلغان بولسىمۇ، لېكىن دوختۇر ئۇنى "ناۋادا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرۈپ يۈرەي، دېسىڭىز ئېرىڭىز بىلەن بىرگە بولماڭ" دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ سۇلتانغا توقالدىن بىرنى ئېلىش تەكلىپىنى بېرىپتۇ، ھەتتا سانىيەنى ئۆزى تاللاپ تونۇشتۇرۇپتۇ.

— نېملا دېگەن بىلەن ئەركىشى ئەمەسمۇ، — دەپ قوياتتى ئۇ.

شەرىپەنىڭ نەزىرىدە، "تۆت-بەش بالىغا ئانا بولغان خوتۇننى ئېرى تاشلىۋېتىپتۇ" دېگەن ئاتاقتا قالغاندىن كۆرە، ئۇنىڭ ھېكايىسىدىكىدەك كېسەل ئازابىغا قالغىنى مىڭ ياخشى ئىدى. چۈنكى، شۇنداق بولغاندا كىشىلەر ئۇنى "ئېرى بىلەن ياخشى ئىكەندۇق، دوختۇرنىڭ زورى بىلەن ئامالسىز شۇنداق قىپتۇ" دەپ چۈشىنەتتى.

— مەنچۇ سانىيەگە خۇددى ئۆز سىڭلىمدەكلا ئىچىكىپ كەتتىم، —

دەيتتى ئۇ يۇرەك يارىسىنى باشقىلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، — سانىيەنىڭ باللارنىڭ دادىسىدىن بولغان قىزى لەتىپەنى ئۆز باغرىمنى يېرىپ چىققان بالىلىرىمدەك ئەزىزلەيمەن.

ئەمەلىيەتتە، سۇلتاندەك كۆپ خوتۇنلۇق ئەرلەر، خوتۇنلىرىغا تەڭ كۆزدە قاراپ، بىر كۈنى بىر خوتۇنىنىڭكىدە تۈنىسە، ئەتىسى يەنە بىر خوتۇنى بىلەن بىللە بولىدۇ. نەچچە ئون يىلنى ئەنە ئاشۇنداق لىللا ئۆتكۈزىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىر نەچچە خوتۇننىڭ بىر ئاتىدىن بولغان باللىرى بىر ئۆيدە خۇددى بىر قورساقتىن چىققان قېرىنداشلاردەك ئۆم-ئىناق چوڭ بولىدۇ. لېكىن خوتۇنلار باللىرىنىڭ ئاتا مېھرىگە باراۋەر ئېرىشەلىگەن ياكى ئېرىشەلمىگەنلىكىنى بەكمۇ زىغىرلايدۇ. شۇڭا دادا بولغان ئادەم ھەممە بالىسىغا تەڭ مېھرىبانلىق قىلىدۇ. باللارمۇ دادىسى قىلغان سوۋغات ۋە ئېلىپ بەرگەن كىيىم-كېچەكلىرىنى ئۆز-ئارا سېلىشتۇرۇپ باقىدۇ. بىر ئەرنىڭ ئەمرىدىكى خوتۇنلاردىن ئۆز ئارا يەۋەتكۇدەك ئۆچلىشىپ، ئۆمۈر بويى بىر-بىرىگە گەپ قىلماي ئۆتۈپ كېتىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. بەزى خوتۇنلار ”خوتۇننىڭ ئۈستىگە خوتۇن ئېلىش — ئەر كىشىنىڭ خۇدا بەرگەن ھوقۇقى“ دەپ قاراپ، قەدىناسلاردەك ئىجىل ئۆتىدۇ. چۈنكى، توقالنىڭ توينى كۆپىنچە ھاللاردا ئاتا-ئانىسى زورلاپ قىلىدۇ؛ ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بەرنا قىزلارنىڭ قايسى بىرى دادىسىدەك ئادەملەرگە توقال بولۇشنى خالايدۇ، دەيسىز؟ لېكىن بەزى قىزلار ياشقا چوڭراق ئەرلەرگە توقال بولۇشنى ئارزۇمۇ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنداق قىزلار ”ئېرىمنىڭ قىرانلىقىنى ئالغان چوڭ خوتۇن، قېرىغاندىن كېيىنكى دەردىنى تارتىشنىمۇ ئەلۋەتتە خالايدۇ“ دەپ قارايدۇ. بەزى چاغلاردا خوتۇنلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېرى بىلەن خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىر ياستۇققا باش قويۇۋېرىشنى خالاپمۇ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئېرى يەنە بىر خوتۇننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتكەن كېچىلىرى ئۆزىنىڭ تېتىمايدىغان ئۇنداق ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىغا ئىچىدە خۇش بولىدۇ.

شەرىپەنىڭ چىرايلىق قوڭۇر كۆزلىرى — بىر چاغلاردا سۇلتان ”كابۇلدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر پارچە سۈرەت“ دەپ تەرىپلەيدىغان ئاشۇ بىر جۈپ كۆز، مانا بۈگۈن كۆككە تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالغانىدى. ئۇ بىر جۈپ كۆزنىڭ ئويناق نۇرلىرى ئاللىقاچان ئۆچۈپ، جىيەكلىرىگە بىلىنەر-بىلىنمەس قورۇقلار يامىشىپ بولغانىدى. شەرىپە ئۇيا-ئەگلىكلەر بىلەن ئانچە-مۇنچە پەرداز قىلىپ يۈرگەچكە، ئۇنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقى ئانچە چېنىپمۇ كەتمەيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئافغانىستاندا ئاياللارنىڭ ئاپئاق تېرىسى بىلەن زىلۋا بوي-تۇرقى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىغا سىمۋول بولالايتتى. ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان شەرىپە بەرنا چاغلىرىدىكى زىبالىقلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن نۇرغۇن ھەرەجلەرنىمۇ چەكتى. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ سۇلتاندىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئىكەنلىكىدەك پاكىتقا سەل قارىغانىدى. بوزىرىپ كېتىۋاتقان چاچنىغۇ بوياپ خالىغان رەڭگە كىرگۈزۈۋالغىلى بولىدىكەن. لېكىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان قېرىلىق داغلىرىغا نېمە ئامال دەيسىز؟!

شەرىپە ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە ئۆيدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا توختىماي ماڭاتتى. ئېرى كېلىپ ئۈچ ئوغلىنى كابۇلغا ئېلىپ كەتكەندىن بۇيان، ئۇ بىكارچىلا بولۇپ قالدى. ئۇ دائىم كىر-قاتلارنى يۇيۇپ بولۇپ، تاماقنى ئېتىپ داستىخانغا ئەكەلگەندىن كېيىن تېلېۋىزورنى ئاچاتتى-دە، ئامېرىكىنىڭ جىن-ئالۋاستىلار چىقىدىغان كىنولىرىدىكى قامەتلىك باش قەھرىمان بىلەن ئەجدىھانىڭ، يىرتقۇچ بىلەن ئىسكىلىتنىڭ ئېلىشىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىدىن بۇرۇختۇم يۈرىكىگە تەسەللىي ئىزدەيتتى. ئۇ ئېنگلىزچىنى قەتئىي چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن كىنونىڭ ئىچىگە كىرىپلا كېتەتتى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. شەرىپە كىنونى كۆرۈپ بولۇپ، نەۋرە سىڭلىسىغا تېلېفون قىلدى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا بېرىپ تالاغا قارىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى ئىككىنچى قەۋەتتە بولغاچقا، قورۇق تېمى خىشتىن قوپۇرۇلغان ھويلىدىكى ھەممە نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شەرىپە شۇنداق قارىسا، ھويلا ئىچى يۇيۇپ تانىغا ئارتىۋېتىلگەن كىرلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

لېكىن، شەرىپە ھاياتئابادتا ئەتراپقا كۆزىنى ئېچىپ قارىمىسىمۇ، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەش قولدەك ئايان. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپلا قوشنىلىرىدىن كىمنىڭ پاكىستاننىڭ مودا مۇزىكىسىنى بولۇشغا چېلىۋاتقانلىقىنى، چۇرقىرىشىپ ئويناپ يۈرگەنلەر قايسى قوشنىلىرىنىڭ باللىرى ئىكەنلىكىنى، بىر نېمە دەپ ۋارقىراۋاتقان ئايالنىڭ قايسى قوشنىسى ئىكەنلىكىنى، قايسى ئايالنىڭ گىلەم قېقىۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ ئاپتاپتا ئولتۇرۇپ قاچا-قۇچا يۇيۇۋاتقانلىقىنى، كىمنىڭ تاماق ئېتىۋاتقانلىقىنى، قايسى قوشنىسىنىڭ سامساق ئېزىۋاتقانلىقىنى كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ دەپ بېرەلەيتتى.

قىسقىسى، قوشنىلار بىر-بىرىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشۇنداق ئاۋاز ۋە پۇراقلاردىن بىمالال ھېس قىلالايتتى.

شەرىپەنى قوشقاندا تۆت ئائىلە، ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ كونا

بىنادا ئولتۇراتتى، بىنانىڭ ئالدى، تېگىگە سېمونت ياتقۇزۇلغان كىچىكرەك هويلا ئىدى، ئېرىنىڭ يولىغا قاراپ هارغان شەرىپە، قوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە پاراڭ سېلىشقىلى كىرەتتى، بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ بىنادىكى ئاياللار ۋە ئۆپچۆرىدىكى هويلىلاردا ئولتۇرىدىغان مەزلۇملار بىر يەرگە يىغىلىپ، جاهانىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كېتەتتى، هەر پەيشەنبە چۈشتىن كېيىن شەرىپە ئاشۇ ئاياللار بىلەن بىرگە تىلەك نامىزىغا باراتتى،

رومېلىنى چىڭ ئوراپ چىگىۋالغان بۇ ئاياللار جايىنامازلىرىنى رۇسلاپ سالغاندىن كېيىن، تۆت رەكەت تىلەك نامىزى ئوقۇيتتى:

*— بىسمىللاهىررەهمانىررەهىم، ئەلھەمدۇلىللاهى رەببىل ئالەمىن ئەررەهمانىررەهىم ...*

*— جىمى هەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاهقىلا خاستۇر، ئاللاھ ناهايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر، قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر، رەببىمىز بىز ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا مەدەت تىلەيمىز؛ بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن، غەزىپىڭگە يولۇققانلار ۋە ئازغۇنلارنىڭ يولىغا ئەمەس، ھىممىتىڭگە نائىللارنىڭ يولىغا باشلىغىن!*

*— ئامىن، ئامىن، ئامىن ...!*

ناماز ۋە دۇئا تۈگىگەندىن كېيىن بايىقى سورۇلۇك جىمجىتلىقنىڭ ئورنىنى ئاياللارنىڭ پاراڭلىرى ئالاتتى، ئۇلار تەخسە-پىيالىلەر قاتار تىزىۋېتىلگەن داستىخاننىڭ چۆرىسىدىكى سېلىنچىغا كېلىپ ئولتۇراتتى، ئاڭغىچە داستىخانغا چاي، ئارىسغا بالقاق ئېلىنغان قاتلىما، قەنت-گېزەكلەر تىزىلاتتى، ئاندىن ئاياللار پاراڭدىن توختاپ ئىككى قولنى دۇئاغا كۆتۈرەتتى:

*— لائىلاهە ئىللاللاهۇ مۇهەممەدۇن رەسۇلىللا ...*

ئاياللار ئايەتنى ئىچىدە ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، جۈپلەنگەن بىر جۈپ قولنى بۇرنىنىڭ ئۇچىدىن يۇقىرىسىغا قارىتىپ تاكى پېشانىسىغىچە سۈۋاپ، ئاندىن يەنە ئىككى چېكىسىدىن تۆۋەنگە قارىتىپ تاكى ئېڭىكىگىچە سىپاپ دۇئانى تاماملايتتى، ئادەتتە ئانىلار قىزلىرىغا دۇئانى ئاشۇنداق قىلسا، هەقتائالا بەندىنىڭ ئىلتىجالىرىنى ئاڭلىيالايدۇ، دەپ ئۆگىتەتتى،

شەرىپە هەر پەيشەنبە ئوقۇيدىغان تىلەك نامىزىدا: "ئى رەببىم، سۇلتانىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بېرىپ، سەبۇنەم ئانا-بالا ئىككىمىزنى كابۇلنى تېزراق كۆرۈشكە نىسىپ ئەتكەيسەن" دەپ يىغلايتتى، ئۇنىڭ كابۇلدىكى باللىرىنى سېغىنىپ يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كېتىۋاتاتتى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەن تىلەك نامىزىنى ئوقۇپ، دۇئا-تىلاۋەتلىرىنى تولۇق تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، پەيشەنبىلىك نەزىر باشلىناتتى. كۆپچىلىك بالقاقتا ئىغىز تېگىپ پىيالىدىكى چايدىن ئوتلىغاچ، كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى دېيىشەتتى. بۈگۈن شەرىپە ئېرىنىڭ كابۇلغا بېرىۋېلىپ كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئاياللارغا غودۇراپ تۇرۇپ دەپ بەرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ گەپلىرى ھېچكىمنىڭ دىققىتىنى تارتالمىدى. چۈنكى، سۇلتاننىڭ سانىيەنى توقاللىققا ئالغاندىن كېيىن شەرىپەگە قارىماس بولۇپ قالغانلىقى ھاياتئاباد رايونى 103-نومۇرلۇق قورۇدىكى كونا گەپكە ئايلىنىپ قالغانىدى. مانا ھازىر ھەممىسىنىڭ ئاغزىدا سەينىگاھ ئىسىملىك 16 ياشلىق قىزنىڭ گېپى ئىدى. خوتۇنلارنىڭ گېپىگە قارىغاندا ئۇ قىز بىر نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ، قاراڭغۇ ئۆيگە سولاپ قويۇپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ بىچارە قىز كارىۋاتتا ھوشىنى ئۇقماي ياتقۇدەك، يۈز-كۆزى ھەتتا پۈتۈن بەدىنى قارىغۇسىز ئىششىقمىش.


ئىشنىڭ ئېرى-بېرىسىنى ئۇقمايدىغان ئاياللار سەينىگاھ ھەققىدىكى بۇ ھېكايىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى.

ئەسلىدە سەينىگاھنىڭ بۇ گۇناھلىق ئىشى بۇنىڭدىن ئالتە ئاي بۇرۇنلا باشلانغانىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، شەرىپەنىڭ قىزى سەبۇنەم سەينىگاھقا بىر پارچە باغاقچىنى ئەكىلىپ بەردى.

— بۇ باغاقچىنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى سورىماڭ، — دېدى سەبۇنەم ئۇنىڭغا، — ئۇنىڭ بىر ئوغۇل بالا ئىكەنلىكى ئېنىق، — سەبۇنەمنىڭ ئۇنى ھاياجاندىن تىترەپ چىقاتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ مۇقەددەس بىر ۋەزىپىنى ئورۇندىغانلىقىدىن خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇ بالا ئۆزىنى كۆرسەتمىدى، — دېدى سەبۇنەم، — لېكىن ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىپ بولدۇم.

شۇنىڭدىن كېيىن سەبۇنەم سەينىگاھنى پات-پاتلا ئىزدەپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. ھەر قېتىم كەلگىنىدە ھېلىقى بالىنىڭ خەنجەر سانچىلغان يۈرەكنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا مايماق-سايماق قىلىپ: "چىرايلىق قىز، سىزگە كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتۇ" دېگەن خەتلەر يېزىلغان باغاقچىسىنى ئالغاچ كېلەتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ سەينىگاھ كوچىدا بىرەر ئوغۇل بالا ئۇچراپ قالسىلا "ماڭا خەت يازغان بالا شۇمىدۇ؟" دەپ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قارايدىغان، تالا-تۈزگە چىقىدىغان چاغدا ئالاھىدە كىيىنىپ،





چاچلىرىنى پارقىرىتىپ ياسايدىغان بولۇپ قالدى، ھەر قېتىم تاغىسى ئۇنىڭغا: "بېشىڭغا يوغان رومالنى ئارت" دەپ ۋارقىرىغىنىدا، ئۇ تاغىسىنى ئىچىدە تىللاپ ـ قارغاپ كېتەتتى.

بىر كۈنى ھېلىقى ئوغۇل بالىدىن: "مەن ئۆيۈڭلارنىڭ ئەتراپىدىكى يول چىرىغىنىڭ تۈۋىدە سىزنى ساقلاۋاتىمەن، ئۇچامدا قىزىل پوپايكا بار" دەپ يېزىلغان باغاقچە كەلدى. بۇنى كۆرگەن سەينىگاھنىڭ ۋۇجۇدى ياپراقتەك تىترەشكە باشلىدى، ئۇ ئۇچىسىغا ئاچ ھاۋارەڭ مامۇق چاپان كىيىپ، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زىبۇ-زىننەتلىرىنى تاقدى؛ بىلىكىگە ئالتۇن بىلەيزۈكنى سېلىپ، بوينىغا يوغان ئالتۇن زەنجىرنى ئاستى، ئاندىن ئالدىراپ-تېنەپ تالاغا قاراپ ماڭدى، ئۇ يەرگە يالغۇز بېرىشنى بىئەپ بىلگەن سەينىگاھ بىر دوستىنى باشلىۋالدى، راست دېگەندەكلا قىزىل پوپايكا كىيگەن بىر بالا ھېلىقى يەردە باشقا بىر ياققا قاراپ، قىمىر قىلماي تۇراتتى، لېكىن، سەينىگاھ ئۇ تەرەپكە قاراپ مېڭىشقا پېتىنالمىدى.

نېملا بولمىسۇن، سەينىگاھ ئۆزىگە خەت يازغان ھېلىقى بالىنى ئاخىر تاپقاندى، ئۇ بىر پارچە باغاقچىنى سەبۇنەمگە بەردى، باغاقچىغا: "ئەتە كەلگەندە مەن تەرەپكە بۇرۇلۇپ قارىسىڭىز" دەپ يېزىلغانىدى، دەسلەپتە ئارىلىقتا خەت توشۇيدىغان بۇ ئىش سەبۇنەمگە سەل-پەل ھار كەلگەندى، لېكىن ئەمدى دوستى ئۇچۇن ئۇنداق ئىشنى جان دەپ قىلىدىغان بولدى، لېكىن ھېلىقى بالا ئەتىسمۇ باشقا ياققا قاراپ تۇرۇۋالدى، ئۇچىنچى كۈنگە بارغاندا ئۇ سەينىگاھ تەرەپكە ئاستا بۇرۇلدى، بۇنى كۆرگەن سەينىگاھنىڭ يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، لېكىن، ئۇنىڭ ھېلىقى بالا تەرەپكە قاراپ بېسىۋاتقان قەدەملىرى توختىمىدى، چۈنكى، ھېلىقى بالىنىڭ باغاقچىسىنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈندىن باشلاپلا سەينىگاھنى قىينىغىلى تۇرغان چىگىش خىياللار مانا ئەمدى ئاجايىپ كۈچلۈك سۆيگۈ يالقۇنىغا ئايلانغانىدى، ھېلىقى بالا بەك كېلىشكەن يىگىتلەردىن بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ سەينىگاھنىڭ يۈرەك تارىنى تىترەتكەن خەتنىڭ ئىگىسى ئىدى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئىككىسى بىر نەچچە ئايغىچە ئاشۇنداق خۇپىيانە خەت يېزىشىپ، بىر-بىرىگە ئىچ پەش تارتىشىپ يۈردى.

گەپنىڭ راستىنى دېگەندە سەينىگاھ تېخىمۇ ئېغىر گۇناھقا پېتىپ كېتىۋاتاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۇ بىر ئوغۇل بالىنىڭ كۆيدۈم-پىشتىم دېگەن خېتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا رازىمەنلىك بىلەن جاۋاب يازدى، مانا ئەمدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاشۇ بالا بىلەن مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. لېكىن سەيىنگاھنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇ بالىنى ئېخى كۆيئوغۇللۇققا تاللىغىنى يوق. سەيىنگاھ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇ بالىنى لايىق كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بالا ھەم مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، ھەم ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان كۆك نامرات. ھاياتئاباددا ئاتا-ئانىنىڭ دېگىنى ھېساب. سەبۇنەمنىڭ ئاچىسىمۇ ئاتا-ئانىسى بىلەن نەق بەش يىل قېيدىشىپ يۈرۈپ، ئۆزى خالىغان يىگىت بىلەن مىڭ تەسلىكتە توي قىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بىر يىگىتكە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىغا باشقا بىر يىگىتنى تاللىدى. سەبۇنەمنىڭ ئاچىسى بولسا: "ئۆلسەممۇ ئۆزۈم تاللىغان يىگىتتىن باشقا بىرى بىلەن توي قىلمايمەن" دەپ تۇرۇۋالدى. بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇق ئاتا-ئانىسى بىلەن ئېتىشار-ئېتىشار ئۇلارنى قايىل قىلالماي، ئاخىر ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ زەھەر ئىچىۋالدى. چوڭلار ئۇلارنى ئالمان-تالمان دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوختۇرلار ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاشقازىنىنى يۇيۇپ تازىلاپ، ئاران دېگەندە ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالدى. سەبۇنەمنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ گۆر ئاغزىدىن قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ تەلپىگە ئىلاجسىز ماقۇل بولدى.

بىر كۈنى سەيىنگاھ بىلەن نادىم ئىسمىلىك ھىلقى بالىغا تېپىلغۇسىز پۇرسەت چىقىپ قالدى. سەيىنگاھنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىسلامئابادتىكى بىر تۇغقىنىڭكىگە ئازنىلاپ كەتتى. سەيىنگاھنىڭ تاغىسىمۇ بىر كۈن ئۆيگە قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە پەقەت سەيىنگاھنىڭ ھاممىسىلا قالغانىدى. سەيىنگاھ ھاممىسىغا بىر دوستىنىڭكىگە بارىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— كىمگە دەپ قويدىڭىز قىزىم؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭ ھاممىسى.

ئۇ ئائىلىدە سەيىنگاھنىڭ دادىسى يوق چاغلاردا، ھەرقانداق ئىش سەيىنگاھنىڭ تاغىسىنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى. شۇ چاغلاردا سەيىنگاھنىڭ دادىسى بېلگىيەدىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا تۇرۇپ، شۇ يەرگە ئولتۇراقلىشىپ قېلىشنى ئىلتىماس قىلىۋاتاتتى. ناۋادا ئۇنىڭ ئىلتىماسى تەستىقلىنىپ قالسا، شۇ يەردە بىرەر ئىش-ئوقەت قىلىپ ئۆيگە پۇل ئەۋەتەلەيتتى ھەتتا ئائىلىسىنى شۇ يەرگە ئاچىقىپ كېتەلەيتتى.

— ئاپام ئىشىڭىزنى قىپ بولۇپ بارسىڭىز بېرىڭ، دېگەنىدى، — دېدى سەيىنگاھ ھاممىسىغا يالغان سۆزلەپ.

ئۇ ئىشكتىن چىقىپ ئۇدۇللا نادىمنى ئىزدەپ باردى. ئۇلار دېيىشىپ





قويغان كوچىنىڭ بۇلۇڭىدا تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قالغان بولۇپ كۆرۈشتى،
— بۇ يەردە پاراڭلاشمايلى، — دېدى سەينىگاھ ھودۇقۇپ تۇرۇپ،
ئاڭغىچە نادىم تاكسىدىن بىرنى توسۇپ، سەينىگاھنى ئۇنىڭغا ئىتتىرىپ دېگۇدەكلا چىقاردى، سەينىگاھ شۇ كەمگىچە بىرەر ناتونۇش ئوغۇل بالا بىلەن بىللە تاكسىغا چىقىپ باقمىغان بولغاچقا، قورقۇپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپلا قالدى، ئۇلار پىشاۋۇردىكى بىر باغچىنىڭ يېنىغا بېرىپ تاكسىدىن چۈشتى، بۇ ئەر- ئاياللار ئىختىيارىي سەيلە قىلىدىغان باغچا ئىدى،
ئۇلار باغچىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىردەم مۇڭداشتى، نادىم ئۆزىنىڭ بىرەر ماگىزىن ياكى گىلەم دۇكىنىدا ياللىنىپ ئىشلەپ پۇل تاپماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى سەينىگاھقا دەپ بەردى، سەينىگاھ ئۆزىنىڭ جەمەتىنىڭ يۈزىنى تۆكۈۋاتقان تۇنجى نومۇسسىز مەزلۇم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، سەينىگاھ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، يېرىم سائەتكىمۇ قالماي قايتىپ كىردى، لېكىن ئۇنىڭ تونى پىچلىپ بولغانىدى، ئەسلىدە سەبۇنەم سەينىگاھنىڭ نادىم بىلەن بىر تاكسىغا چىقىپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى سەينىگاھنىڭ ھاممىسىغا دەپ قويغانىدى،
سەينىگاھ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا، ھاممىسى ئۇنى كېلىشتۇرۇپ بىر كاچات سالدى، ئاندىن ئۆيگە سولاپ قويۇپ، سەينىگاھنىڭ ئىسلامئابادتىكى ئانىسىغا تېلېفون قىلدى، سەينىگاھنىڭ تاغىسى قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ھەممەيلەن سەينىگاھنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭ نەگە بېرىپ، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىغىلى تۇردى، تاكسى، باغچا، ئۇزۇن ئورۇندۇق دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان تاغىسىنىڭ ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچتى، ئۇ بىر باغلام توك سىمنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن سەينىگاھنىڭ دۈمبىسىگە جېنىنىڭ بارىچە ساۋىغىلى تۇردى، ھاممىسى ئۇنى چىڭ بېسىپ تۇتۇپ بەردى، تاغىسى سەينىگاھنىڭ دۈمبىسگە ئېشەكنى ئۇرغاندەك ساۋىغاننى ئاز دەپ، ئۇنىڭ يۈز- كۆزىگە تاكى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتكىچە ئۇردى،
— نىمە قىلدىڭ؟ ئېيتە دەيمەن، زادى نېمە ئىش قىلدىڭ؟ ۋۇي رەسۋا!
— دەپ تىللايتتى تاغىسى ئاغزى- ئاغزىغا تەگمەي، — جەمەتىمىزنىڭ يۈزىنى تۆكۈپ، نامىمىزنى بۇلغىدىڭ، ئازگالچى جالاپ!
تاغىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى قوشنىلارمۇ دېرىزىدىن ئاڭلاپ قالغاچقا، سەينىگاھنىڭ سەتچىلىكىنى ئۇزۇنغا بارماي ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى، ئۆيدىكىلەر ئۇنى ھوجرىسىغا سولاپ قويدى، سەينىگاھ خۇداغا قان يىغلاپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇرۇپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا مەغپىرەت، ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلەيتتى.

— ئى كەرەملىك ئاللاھ، — دەپ نالە قىلاتتى ئۇ، — نادىمغا ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا ئەلچى كىرگۈزگۈدەك شىجائەت، ئاتا-ئانامغا مەندەك بىچارىنىڭ ناللىرىغا قۇلاق سالغۇدەك، نادىمنىڭ توي تەلىپىنى قوبۇل كۆرگۈدەك رەھىم-شەپقەت ئاتا قىلغايسەن! نادىم بىچارىنىڭ گىلەم دۇكىنىدا تىرىكچىلىكىنىڭ بىرەر يولىنى تېپىۋېلىشىغا شەپقەت قىلغايسەن!

— ئوغۇل بالىنىڭ ئارقىسىدىن تاكىسغا ھېيقىماستىن چىققىنىغا قارىغاندا بۇ قىزنىڭ قولىدىن ھەر بالا كەلگۈدەك، — دېدى سەينىگاھنىڭ ھاممىسىنىڭ ناسىرە ئىسىملىك بىر دوستى سەينىگاھنىڭ ئانىسىغا مەنىلىك قاراپ، ئۇ بىر قوشۇق بالقاقنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، قانداق ئىنكاس چىقاركىن، دېگەندەك ئولتۇرغانلارغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى.

— باغچىغا بېرىپ قويغانغا شۇنچىۋالا ئۇرغان بارمۇ ئەمدى؟! — دېدى سالىن ئىسىملىك دوختۇر.

— ئەگەر بىز ئارىغا كىرىپ ئاجرىتىۋالمىغان بولساق، سەينىگاھ بۇ كەمگىچە دوختۇرخانىنىڭ كارىۋىتىدا قانسىراپ ياتقان بولاتتى، — دېدى شەرىپە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — بىچارە قىز كېچىچە ھويلىدا خۇداغا نالە قىلىپ چىقتى، تەڭ كېچىدە چىقىپ قارىساممۇ ھويلىدا يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ، ئەتىگەن ئۇنى نامازغا شۇ يەردىن باشلاپ كىردۇق.

ئاياللار ئۇھ تارتقىنىچە دۇئاغا قولىنى كۆتۈردى، ئۇلار سەينىگاھقا ئىچ ئاغرىتاتتىيۇ، لېكىن ئۇنىڭ نادىم بىلەن باغچىدا ئۇچراشقانلىقىنى توغرا تاپمايتتى، شۇڭا بەزىلەر "سەينىگاھ كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلدى" دېسە، يەنە بەزىلەر: "سەينىگاھنىڭ قىلغىنى ئانچىكىلا بىر ئىش ئىدى" دەپ تالىشاتتى.

— ئەجەب شورپېشانە خوتۇن ئىكەنمەن، — دەيتتى سەينىگاھنىڭ ئانىسى ئۇن سېلىپ يىغلاپ تۇرۇپ، — قىزىم نېمە يوق يەپ بۇنداق يۈز كېتىدىغان ئىشنى قىلىپ يۈرىدىغاندۇ!

خوتۇنلار ئەمدى بۇ ئىشنى قانداق تۈگىتىش ھەققىدە كوتۇلداشقىلى تۇردى، ناۋادا نادىم سەينىگاھقا ئەلچى كىرگۈزسىلا، خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ھەممە ئىش بېسىقاتتى، لېكىن سەينىگاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئائىلىسى يوقسۇل، ئوقۇمىغان، ئەتىگەندىن كەچكىچە كوچا-كويلاردا لاغايلاپ يۈرىدىغان بۇنداق يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلغۇسى يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە نادىم بىر گىلەم دۇكىنىدا ئىش تاپقاندى، لېكىن قىرىشقاندەك ئۇزۇنغا بارمايلا

يەنە ئىشسىز قالدى، دېمەك، نادىمنىڭ ئۆز ئالدىغا ئۆي تۇتقۇدەك ماجالى يوق ئىدى، شۇڭا سەينىگاھ ناۋادا ئۇنىڭغا تەگسە بىر ئۆمۈر قېيناتا-قېينانىسىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ ئۆتۈپ كېتەتتى،

— ئۇ بالىنىڭ ئانىسىمۇ ياخشى خوتۇن ئەمەس، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن ئۈنلۈك قىلىپ، — ئۇلارنىڭ ئۆيى قوغۇنچىنىڭ ئۆرۈلۈپ كېتەيلا دەپ قالغان كەپىسىگە ئوخشايدۇ، مەينەتلىكچۇ تېخى! ھېلىقى بولۇمسىز خوتۇن ئۆي ئىشىغا قولىنى ئەگرى قىلمايدۇ،

— كابۇلدىكى چاغدا ئۇلارنىڭ ئىشىكى ھەرقانداق ئادەمگە ئوچۇق ئىدى، — دېدى نادىمنىڭ مومىسىنى تونۇيدىغان ياشقا چوڭراق بىر مەزلۇم مەنىلىك قىلىپ، — ھەتتا ئەرخەقلەرمۇ ئۇ خوتۇننىڭ ھۇجرىسىغا ئۇدۇل كىرىۋېرەتتىكەن، بىر قېتىم ئېرى يوق چاغدا بىر ئەر كىشى ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپتىكەندۇق ...

— گەپ يۈزدە ياخشى خېنىم، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، — دېدى بىر ئايال سەينىگاھنىڭ ئانىسىغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — دېمىسىمۇ سەينىگاھ يېقىندىن بۇيان بەك ياسانچۇق بولۇپ كەتكەن، قاش-كۆزىنى بوياپ كوچىغىلا يۈگۈرگەن، ئانا بولغان ئادەم قىز بالىدىكى بۇنداق قىلىقلارنى بايقىشى كېرەك-تە!

ئارىنى جىمجىتلىق باستى، باشقىلار سەينىگاھنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ لام دەپ ئېغىز ئاچمىغىنى بىلەن، ھەممىسى ھېلىقى ئايالنىڭ زەھەردەك گەپلىرىنى ياقىلايتتى، ئاياللاردىن بىرەيلەن ئېغىز-بېشىنى سىلاپ قويدى، بۇ ئۇنىڭ كەچكى غىزا ۋاقتى بولدى، دېگىنى ئىدى، بۇنىڭ بىلەن ئاياللار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىر-بىرلەپ تارقاشتى، شەرىپەمۇ بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە قاراپ مېڭىپ، سەينىگاھ سولاپ قويۇلغان ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتتى، سەينىگاھ قائىدە بويىچە ئۆيدىكىلەر ئۇنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى بېكىتىپ بولغىچە شۇ يەردە سولاقلىق تۇرۇشى كېرەك ئىدى،

شەرىپە ئۇلۇغ-كىچىك تىندى، چۈنكى، سەينىگاھنىڭ بۇ ئىشىدىن ئۇ جەملە ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەتنى ئەسلەپ قالغانىدى،

جەملە يۇقىرى تەبىقىگە تەۋە ئېسىل ۋە باي ئائىلىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، سەبىي ۋە رومانتىك، پەرىزاتتەك چىرايلىق قىز ئىدى، جەملەنىڭ چەت ئەلدە ناھايىتى نۇرغۇن پۇلى بار بىر تۇغقىنى ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولدى، جەملە شۇ يىلى 18 ياشتا ئىدى، يىگىت تەرەپ جەملەنىڭ تويىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئۆتكۈزۈپ بەردى، توينىڭ داستىخىنى ناھايىتى چوڭ سېلىندى، تويغا 500 دەك مېھمان چاقىرىلغان بولۇپ، يىگىتمۇ مېھمانلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك ياسانغانىدى، جەملەنىڭ يىگىتى 40 ياشلاردىكى ئېگىز ۋە ئورۇق كەلگەن كىشى بولۇپ، تويدىن ئىلگىرى جەملە ئۇنى كۆرۈپمۇ باقمىغانىدى، شۇڭا ھەممە ئىش ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ خاھىشى بويىچە بولۇۋاتاتتى، جەملەنىڭ ئېرى چەت ئەلدىن مەخسۇس مۇشۇ توي ئىشى ئۈچۈن كەلگەنىدى، شۇڭا ئۇ جەملە بىلەن ئىككى ھەپتە بىرگە تۇرغاندىن كېيىن، جەملەنى چەت ئەلگە ئېلىپ چىقىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقلىرىنى قىلىش ئۈچۈن كەتتى، شۇنداق قىلىپ جەملە ئېرىنىڭ ئىككى ئىنىسى ۋە شۇلارنىڭ خوتۇنلىرى بىلەن بىرگە تۇرۇپ تۇردى.

ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ساقچىلار جەملەنى "دېرىزىسىدىن بىر ئەر كىشى كىرىپ چىقىپتۇدەك" دېگەن گۇمان بىلەن تۇتتى.

جەملەنىڭ ئىككى قېيىنىسى جەملەنىڭ دېرىزىسىدىن كىرگەن ئۇ كىشىنى تۇتالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار جەملەنىڭ ھۇجرىسىدىن تېپىۋالغان بەزى نەرسىلەر ئارقىلىق ساقچىلارنىڭ گۇمانىنى ئىسپاتلىدى، بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل تەرەپ توي پۈتۈمىنى بىكار قىلىپ، جەملەنى باغلاپ ئەكىلىپ تاشلىۋەتتى، جەملە ئۇلارنىڭ قەبىلە ئاقساقاللىرى كېڭىشىپ بىر تەرەپ قىلغىچە ئىككى كۈن سولاقلىق تۇردى.

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، جەملەنىڭ ئاكىسى قوشنىلىرىغا: "سىڭلىم شامالچىنىڭ توكى تېپىۋېتىپ قازا قىلىپ كەتتى" دېگەن شۇم خەۋەرنى يەتكۈزدى.

جەملەنىڭ مېيىتى ئەتىسى ئۇزىتىلدى، نامازغا ناھايىتى نۇرغۇن كىشى كەلدى، سانسىزلىغان گۈل دەستىلەر قويۇلدى، جەملەنىڭ ئانىسى چىدىغۇسىز ئازاب ئىچىدە ئىڭرايتتى، نامازغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئېچىلماي توزىغان گۈل ئۈچۈن ھەسرەت چېكەتتى.

— پاھ، پاھ، نامرى ئەمەس تويى بولدىغۇ رەھمەتلىكنىڭ تويى، — دېيىشەتتى ئۇلار نامازدىكى ئادەم تويىغا قاراپ.

شۇنداق قىلىپ جەملەنىڭ ئائىلىسى شۆھرىتىنى قوغداپ قالدى.

شەرىپەدە جەملەنىڭ تويى كۈنى تارتىلغان سىنلىنىتا بار ئىدى، لېكىن ئۇنى جەملەنىڭ ئاكىسى كۆرۈۋالاي دەپ ئاچقىپ كېتىپ قايتۇرۇپ بەرمىدى، شۇنداق قىلىپ ئاشۇنداق بىر داغدۇغىلىق تويدىن شەرىپەدىكى بىر نەچچە

پارچە سۈرەتتىن باشقا ھېچقانداق ئەستىلىك قالمىدى، ئۇ تويدا جەملەنىڭ ئېرى تورت كېسىۋاتقاندا تارتىلغان سۈرەت بولۇپ، ئۇنىڭدا جەملە بىلەن ھېلىقى كىشى ناھايىتى سالاپەتلىك چىققانىدى، سۈرەتتىكى چاچلىرى قۇندۇزدەك قارا، لەۋلىرى گىلاستەك قىپقىزىل جەملەنىڭ ئۇچىسىدىكى قاردەك ئاق توي كۆينىكى بىلەن روملى بەكمۇ ياراشقانىدى، مۇنداقلا قارىغان ئادەمنىڭ "جەملە ئېرىگە تۇزكورلۇق قىپتۇ" دېگەن گەپكە ھەرگىز ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى،

شەرىپە يەنە ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، شەرىپە ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلىغىنى تۇردى: "جەملە كەچۈرگۈسىز گۇناھ قىلغانىدى، ئۇنى نىيىتىنىڭ ئاللىقىدىن گۇناھ قىلدى، دېگەندىن كۆرە، ئاق-قارىنى ئۇقالماي گۇناھ قىلدى دېگەن تۇزۇك ئىدى، ئۇنىڭ قىلغىنى باش كەتكۈدەك گۇناھمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن تەقدىرگە نېمە دېگۈلۈك، خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدىغان تۇرسا؟!"

ئەمما مۇنداق بىر ئىش شەرىپەنى توختىماي ئازابلايتتى: قەبىلە ئاقساقاللىرى نەق ئىككى كۈن باش قوشۇشقاندىن كېيىن، جەملەنىڭ ئانىسى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قوشۇلدى، ھەم جەملەنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە ئۈچ ئوغلىنى ئۆزى بۇيرىدى، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى سىڭلىسىنى سولاپ قويغان ئۆيگە كىرىپ، جەملەنى كارىۋاتقا بېسىپ، يۈزىگە ياستۇقنى قويۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن بېسىپ تۇرۇۋالدى، ئۇلار جەملەنىڭ جان تالىشىپ تېپىرلاۋاتقان پۇتلىرى لاسسىدە بولۇپ قالغۇچە ئاشۇنداق بېسىپ تۇردى،

ئۈچ ئوغۇل ئانىسى تاپشۇرغان ئىشنى ناھايىتى چىرايلىق پۈتتۈرگەنىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com



## ئۈچىنچى باب

# ماتەم كۈيى

ئافغانىستاندا ئايال زاتىنىڭ سۆيگۈگە ئىنتىلىشى ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنى قەبىلە ئاقساقاللىرىمۇ، موللىلارمۇ چەكلەيدۇ. شۇڭا قىران يىگىتلەر بىلەن بەرنا قىزلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىش، بىر-بىرىنى تاللاش ۋە ئۆز ئارا مۇھەببەتلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. رومانتىك تۇيغۇ بالقىتقان شېرىن ھېسسىياتنىڭ تۈرتكىسىدە بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ، ئىچ پەش تارتىشقان قىز-يىگىتلەر ئېغىر گۇناھ قىلدى، دەپ قارىلىپ ئۆلۈمگە بۇيرۇلىدۇ. ناۋادا بويۇنتاۋلۇق قىلىدىغانلار بولسا، قەبىھ ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر گۇناھنى ئىككى تەرەپتىن بىرىگە ئارتىشقا توغرا كەلسە، ئۇ ئەلۋەتتە ئايال تەرەپكە ئارتىلىدۇ.

قىزلارنى ئاتا-ئانىسى مۇھىم بايلىق ئورنىدا ئالماشتۇرىدۇ، ساتىدۇ. نىكاھتا ئىككى تەرەپنىڭ ھېس-تۇيغۇسى دېگەنلەر بىر ياققا قايرىپ قويۇلۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ قەبىلىلەرگە قانداق پايدا ئېلىپ كېلىدىغانلىقىلا نەزەرگە ئېلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، قەبىلىلەر ئارا نىكاھ پەقەت بىر خىل پۈتۈمدىن باشقا نەرسە ھېسابلانمايدۇ. ئۇزاق ئەسىرلەردىن بۇيان ئافغانىستان ئاياللىرى ئادالەتسىزلىكنىڭ دەردىنى بەكمۇ جىق تارتتى. ئاجىزەلەر ئۆزلىرىنىڭمۇ تىرىك جان سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى يۈرىكىدىن بالقىغان ناخشا-قوشاقلىرىدىلا بايان قىلىپ كەلدى. ئۇ ناخشا-قوشاقلار قانداقتۇر رادىئو-تېلېۋىزىيىلەردە ئەمەس، بەلكى يىراقتا سوزۇلغان تاغلار ۋە كۆز يەتكۈسىز قۇملۇقلاردىن ياڭرايتتى.

ئافغانىستان شائىرى سەئىد باھادىر مەجنۇھ ئۆزىنىڭ پۇشتۇ ئاياللىرىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى ھەققىدىكى بىر كىتابىدا: "مەزلۇملار ئادالەتسىزلىكلەرگە ئۆلۈۋېلىش ۋە ناخشا-قوشاق توقۇش بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلدى" دەپ يازغانىدى. مەجنۇھ نەۋرە سىڭلىسىنىڭ ياردىمىدە ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرىنى توپلاپ رەتلىدى. لېكىن، ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلەر، 1988-

يىلى ئۇنى پېشاۋۇردا قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، مەجنۇھنىڭ كىتابىغا كىرگۈزۈلگەن بۇ ناخشا-قوشاقلار ئاياللارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى گۈڭگۈر-مۇڭگۇر پاراڭلىرىدا، قۇدۇقنىڭ لەۋلىرىدە، پايانى يوق داللاردا ۋە ئوچاق باشلىرىدا تۇغۇلغان مۇڭلۇق تۈيغۇلارنىڭ دۇردانىلىرى ئىدى. ئۇنداق ناخشا-قوشاقلاردا ئاياللارنىڭ بوغۇلغان مۇھەببىتى مەدھىيىلىنىپ، كۆڭۈل بەرگەن يارىنىڭ ۋىسالىغا يېتەلمەي، يىرگىنچلىك ئېرى بىلەن ئۆتۈۋاتقان دوزاخ مىسالى ھاياتىغا داد-پەريادلار ئوقۇلىدۇ؛ ئۇنىڭدا يەنە ئاياللارنىڭ ئىپتىخارى ۋە جاسارىتى ئىپادىلىنىدۇ. ئاياللارنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى ناھايىتى ئاددىي ھەم رىتىمچانلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئافغانىستاندا ئۇنداق ناخشا-قوشاقلار"لانداي"* دەپ ئاتىلىدۇ. "ئافغانىستان مەزلۇملىرىنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى گاھىدا ئىچىنىشلىق ھەسرەت-نادامەتتىن دېرەك بەرسە، گاھىدا پىچاق سۆڭەككە يەتكەن چاغدىكى داد-پەرياتتىن بېشارەت بېرىدۇ" دەپ يازىدۇ مەجنۇھ.

*رەھىمسىزلەر سورىدىڭلار:"نە ئۈچۈن،*
*زۇلفىڭ چۈمەر كۆزلىرىڭنىڭ يېشىغا؟"،*
*كۆرمەمسىلەر ئاشۇ قېرى بوگۈنمۇ،*
*يېقىنلاشتى كارىۋىتىمنىڭ بېشىغا،*
*جىسمىم تىترەر ياپراق كەبى گۈگۈمدا،*
*قادىر ئىگەم ئېلىپ كەتكىن كېچىنى؛*
*چۈنكى، ھەربىر كېچە ماڭا كارىۋىتىم،*
*ئەسلىتىدۇ ۋەيلۇن دوزاخ ئىچىنى،*
*بەر قولۇڭنى تۇتۇپ ئالاي جانانىم،*
*باغاشلىسۇن ئىككىمىزنى چىمەنزار،*
*ۋىسال ئۈچۈن خەنجەر تېگسىپ يۈرەككە،*
*بولۇپ كەتسەم مەيلى ئىدى پارە-پار،*
*جاندىن تويۇپ دەريا تامان سەكرىدىم،*
*لېكىن دولقۇن قويۇپ قويدى، يۇتمىدى،*
*مۇرەببىمنىڭ ئامىتىگە ئاپىرىن،*
*چىقمىدى جان ئەجەل-پەيمان يۇتمىدى،*

*لانداي — "قىسقا"، "ۋاقىتلىق"، "چاققان" دېگەن مەنىلەردە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



*ئەتىكى تاڭ جان بېرىمەن سەن ئۈچۈن،*
*دېگىن جانان: "مېھرىڭ مەندىن يۇتمىدى!"*

ئۇنداق ناخشا- قوشاقلاردا خۇدادىن "ئى ئاللاھ! مېنى ئايال يارىتىپ قويغىچە بىر پارچە تاشقا ئايلاندۇرۇپ قويساڭچۇ. كاشكى!" دەپ ئىلتىجا قىلىۋاتقان ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ ھايات ئىستەكلىرىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم بولغاندىن كېيىنكى ئېغىر ئۈمىدسىزلىكلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. لېكىن ئاشۇلارمۇ پانىي دۇنيانىڭ شادلىقلىرى ۋە گۈزەللىكلىرىدىن بەھىر ئېلىپ، ياشلىق ۋە مۇھەببەتنىڭ مېغىزىنى چېقىشقا ھەقلىق تۇرەلگەن بەندىلەر ئىدىغۇ!

*بىر زامانلار گۈلىستاننىڭ گۈلى ئىدىم،*
*لېكىن بۈگۈن ئايىغىدا بولدۇم خازان،*
*مۇشەققەتنى سەزمەس تېنىم ئەزەلدىنلا،*
*شۇڭا جىسمىم شەمشاد كەبى مەزمۇت ھامان،*

ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ قايناق مۇھەببەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن لەززەتكە تويۇنغان بەزى ناخشا- قوشاقلىرىدا، ئايال زاتىنىڭ ئۆزىدىكى سۆيگۈ سېھرى بىلەن ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن يىگىتنىڭ روھىنى قانداق ئۇرغىتىدىغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ.

*لەۋلىرىڭنى باسقىن لېۋىمگە،*
*ۋە لېكىن،*
*تېگىپ كەتمە ئاتەش تىلىمغا،*
*ئۇ سۆزلىسۇن، ئىشق ئوتىنى يېقىپ دىلىمغا!*
*ئىككى قوللاپ قۇچاقلا جېنىم،*
*يۇتلىرىمنى ئالماپ يېنىڭغا،*
*تىللىرىمنى بەردىم ئۆزۈڭگە،*
*قورقماي شورىغىن،*
*ناۋات ئەمەس ئۇ ئېرىپ كېتەرگە!*
*ئاھ، ئېرىپ كېتەي دېدى ۋۇجۇدۇم،*
*گىلاس كەبى ئاغزىمغا ئۆپكىن،*
*كۆزلىرىمدىن يالقۇن چاچرىتاي،*
*كۆلدە كۆمەچ جىسمىمنى كۆرگىن!*

## بەشىنچى باب

# مۇشەققەتلىك سەپەر

ھاۋا يەنىلا سوغۇق ئىدى، بىر دەستە نۇر تاقىر تاغنىڭ قاپتىلىدىكى تىنىك قىياغا چۈشۈۋىدى، ئەتراپ قوڭۇر رەڭدىن بارا- بارا ئاقىرىشقا باشلىدى. تاغ قاپتىلىدىكى قورام تاشلار ھېلىلا دومىلاپ چۈشىدىغاندەك قورقۇنچلۇق ئىدى، ناۋادا ئاشۇ تاشلاردىن بىرەر پارچىسى يۇمىلاپ چۈشكۈدەك بولسا، ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولۇچىلارنىڭ مىجىقىنى چىقىرىۋېتەر بولغىيدى! يولدىكى شېغىل تاشلار ئاتلارنىڭ تاقىسىغا تېگىپ ئەتراپقا چاچرايتتى، تاشلارنىڭ ئارىلىرىدىن ئۆسۈپ چىققان خوخىلار، يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەتكەسچىلەر، مۇساپىرلار ۋە قاچاقلارنىڭ پاچىقىنى يېغىر قىلاتتى. بىردەم كۆرۈنۈپ، بىردەم غايىب بولۇۋاتقان يىلانباغرى چىغىر يولنىڭ بىر ئۇچى تاغ كەينىگە تۇتىشاتتى.

بۇ، ئەتكەسچىلەر ئافغانىستان بىلەن پاكىستان ئارىلىقىدا قورال- ياراغ، زەھەر، تاماكا ۋە كوكاكولا توشۇيدىغان مۇھىم لىنىيە ئىدى. بۇ يول بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تارىخى نەچچە يۈز يىلغا باراتتى. تالىبانلار بىلەن بازا تەشكىلاتى قوزغىغان ئافغانىستاننى ئازاد قىلىش ئۇرۇشى مەغلۇب بولغاندا، ئۇلار دەل مۇشۇ يول بىلەن پاكىستانغا قېچىپ بېرىۋالغانىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى بېسىۋالغان ئامېرىكىلىق كۇپپارلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشتىمۇ يەنە مۇشۇ يولنى بويلاپ قايتىپ كەلدى. قىزىق يېرى ئافغانىستان بىلەن پاكىستاننى ئايرىپ تۇرىدىغان بۇ پاسىلغا ئىككى دۆلەتنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ چىشى پاتمايتتى. پاسىلنىڭ ئىككى تەرىپى ئەمەلىيەتتە پۇشتۇ قەبىلىسىنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايونلار ئىدى. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان يېرى، پۇشتۇ قەبىلىسى مۇشۇ پاسىلنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تەسىر كۈچىدىن پايدىلىنىپ، ئېپىنى تاپسىلا پاكىستان قانۇنلىرىدىن يوچۇق ئىزدەيتتى. ئىككى تەرەپتىكى چېگرا سىزىقىنىڭ 20 مېتىر ئىچى پاكىستان تەرەپ ياسىغان ئاسغالىت يول، ئۇنىڭ سىرتى تەرىپى پۇشتۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى دائىرە ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شۇ كۈنى ئەتىگەنلىكى، سۇلتان پاكىستان چېگرا قاراۋۇلخانىسىدىن ئامال قىلىپ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدى. 100 مېترمۇ كەلمەيدىغان ئارىلىقتا پاكىستان ساقچىلىرى قاراپ تۇراتتى. ئادەتتە ئادەملەر ئات-ئۇلاغ ۋە يۈك ئارتىلغان قېچىرلىرى بىلەن ئازراق ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭسىلا، پاكىستان ساقچىلىرى ئۇلارنى ھېچنېمە قىلالمايتتى.

بۇيەردىن ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان يولۇچىلارغا ھۆكۈمەت ساقچىلىرى تېگەلمىگىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قوراللىق كىشىلەر، ھەتتا ئادەتتىكى سەھرالىقلارنىڭمۇ "باج يىغمىز" دېگەن باھانە بىلەن قىلغان قاقتى-سوقتىلىرىغا ئۇچراپ تۇراتتى. شۇڭا سۇلتان سۇ كەلگىچە تۇغان تۇتۇپ بولغانىدى. سانىيە سۇلتان ئېلىپ ماڭىدىغان پۇل-پۇچەكنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭ يېڭىنىڭ ئىچىگە تىكىپ قويدى. قاتتىق-قۇرۇق نەرسىلىرىنى مەينەتلىكىدىن قارىغىلى بولمايدىغان بىر شىكەر خالتىسىغا سېلىپ بەردى. سۇلتان ئۇچىسىغا كونا شالۋارقامىزنى* كىيىۋالدى.

باشقا ئافغانىستانلىقلارغا ئوخشاش، سۇلتاننىڭمۇ پاكىستان چېگرىسىدىن ئوغرىلىقچە ئۆتۈۋالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ گەرچە پاكىستاندا ئۆيۋاقسى، خوتۇن-باللىرى ۋە قىلىۋاتقان تىجارىتى بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا پاكىستانلىقلار ئانچە قارشى ئېلىپ كەتمەيدىغان مېھمان ئىدى.

پاكىستانلىقلار تېررورچىلار بىلەن تالىبانلارنى پاكىستانغا كىرىۋېلىشتىن توسۇش ئۈچۈن، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن دۆلەت چېگرىسىنى تاقىدى. لېكىن، ئۇلار قوللانغان بۇ تەدبىرنىڭ قىلچە رولى بولمىدى. چۈنكى، تېررورچىلار بىلەن تالىبانلار ئادەتتە ساقچىلار قاتتىق كۆزىتىدىغان چېگرا ئېغىزىدىن ماڭماي، سۇلتان ماڭغان چىغىر يولغا ئوخشاش ئوغرى يوللار بىلەن، كۈنىگە نەچچە مىڭلاپ پاكىستانغا كىرىۋېرەتتى.

سۇلتان ياۋىداقلا مىنىۋالغان ئات تىك دۆڭگە تىرەجەپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. سۇلتان ئۇچىسىغا ئەڭ كونا كىيىملىرىنى تاللاپ كىيىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن، قارىماققا يەنىلا مەردانە كۆرۈنەتتى. ساقال-بۇرۇتىنى بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى رەتلىك ياسىتىۋالغان سۇلتاننىڭ بېشىدىكى تۈركىيە تەقىيىسى بەكمۇ ياراشقانىدى. مۇنداقلا قارىغان ئادەمگە ئۇ تاغ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ كېتىۋاتقان سالاپەتلىك مۆتىۋەردەك بىلىنەتتى. لېكىن، ئىچىدە ئەنسىرەپ كېتىۋاتقان

* شالۋارقامىز — ئافغانىستانلىقلار نامازدا كىيىدىغان يەكتەكسىمان ئۇزۇن چاپان.

سۇلتاننىڭ قوللىرى شۇ تاپتا تىزگىنگە چىلىڭ يىپپىشقان، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشقانىدى، چۈنكى، يولدا بىرەر-يېرىم قەدەمنى خاتا ئېلىپ سالسىلا، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كېتىپ ھالاك بولىدىغان گەپ ئىدى، لېكىن، ئىگىسىنىڭ بۇ تەشۋىشلىرىدىن بىخەۋەر ئات، ئالدىدىكى ئات-ئۇلاغلارنىڭ ئىزىدىن دەسسەپ خاتىرجەم كېتىپ باراتتى. ئىچكە لىقمۇلىق بىر نەرسە نىقتاپ قاچىلانغان شېكەر خالتىسى سۇلتاننىڭ قولىنى ئاغرىتىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە سۇلتان كۆپەيتىپ باستۇرۇشقا ئېلىپ كېتىۋاتقان كىتابلار ۋە سۇلتاننىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ شاھىدى سۈپىتىدە نەشر قىلدۇرماقچى بولغان ئەسىرىنىڭ ئورىگىنالى بار ئىدى.

ئۇنىڭ ئۆيچۆرىسىدە پىيادە كېتىپ بارغانلارمۇ دەل ئاشۇ سىرلىق ئەلگە غىپىدە ئۆتىۋېلىش ئارزۇسىدا كېتىۋاتقان ئافغانىستانلىقلار ئىدى. پۇركەنجە ئارتىۋالغان ئاياللار قارىماققا تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كېتىۋاتقاندەكلا كۆرۈنەتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا روزا ھېيتنى ئۆتكۈزۈپ بولۇپ پىشاۋۇردىكى مەكتىپىگە قايتقان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، سودىگەرلەر ھەتتا ئەتكەسچىلەرمۇ بار ئىدى، لېكىن، بۇلاردىن پەرۋايى پەلەك كېتىۋاتقان سۇلتاننىڭ پۈتۈن ئەس-يادى تاپىنىڭ ئاستىدىكى يول بىلەن قولىدىكى تىزگىندە ئىدى، سۇلتان تارتىۋاتقان بۇ يول ئازابىنى ئويلىسىلا، پاكىستان دائىرىلىرىنى تىللىغۇسى كېلەتتى. ئۇ تۈنجى كۈنى ماشىنا بىلەن كابۇلدىن چېگراغا كېلىپ، ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن چېگرا قاراۋۇللۇق پۈنكىتىدا بىر كېچە تۈنىدى، ئاندىن بەزىدە ئاتلىق، بەزىدە پىيادە، بەزىدە ماشىنىلىق دېگەندەك توپتوغرا بىر كۈن سەپەر قىلدى. ئەمەلىيەتتە چېگرا بىلەن پىشاۋۇرنىڭ ئارىلىقى بىر سائەتلىكلا يول ئىدى، لېكىن، سۇلتان بىكاردىن-بىكار ئەتكەسچىلەردەك قېچىپ-مۆكۈپ، نۇرغۇن يوللارنى ئايلىنىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. سۇلتان ئۆزىنىڭ كەل دېسە كېلىپ، كەت دېسە كېتىدىغان لالما ئىتقا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ كۆڭلى يېرىم بولاتتى. پاكىستانلىقلار ئىلگىرى تالىبانلارغا سىياسىي جەھەتتە مەدەت بېرىپ، ئۇلارنى پۇل ۋە قورال-ياراغ بىلەن تەمىنلىگەنىدى، لېكىن، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە باشقىچە ئۆزگىرىپ، بىر تەرەپتىن ئامېرىكىلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆتۈشقا ئۇرۇنسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئافغانىستان چېگرىسىنى ئېتىپ تاشلىدى.

پاكىستان سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىن قالسىلا تالىبانلار ھاكىمىيتىنى ئېتىراپ قىلغان بىردىنبىر دۆلەت ئىدى. پاكىستان


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دائىرىلىرى ئافغانىستاندىكى ھاكىمىيەت ھوقۇقىنىڭ پۇشتۇ مىللىتىنىڭ قولىغا ئۆتۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى، چۈنكى، پۇشتۇ مىللىتى ئافغانىستاننىڭ پاكىستانغا چېگرىلانغان رايونلىرىغا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، پاكىستاننىڭ تەسىرىگە خېلىلا ئۇچرىغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تالىبانلارمۇ دەل پۇشتۇ مىللىتىدىن ئىدى، پۇشتۇلار ئافغانىستاندىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت بولۇپ، پۈتكۈل ئافغانىستان نوپۇسىنىڭ 40 پىرسەنتىنى ئىگىلەيتتى. تاجىكلار ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ مىللەت بولۇپ، ئافغانىستان نوپۇسىنىڭ تۆتتىن بىرى تاجىكلار ئىدى، 11- سېنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن ئامېرىكىلىقلار تاجىكلاردىن تەركىب تاپقان شىماللىقلار ئىتتىپاقىغا مەدەت بەرگىلى تۇردى، لېكىن، پاكىستان دائىرىلىرى شىماللىقلار ئىتتىپاقىدىن خۇدۇكسىرەپلا تۇراتتى، تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تاجىكلار ئافغانىستان ھۆكۈمىتى تايىنىدىغان ئاساسلىق كۈچكە ئايلاندى، بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن پاكىستانلىق "مانا ئەمدى بىزنى شەرقتە ھىندىستان، غەربتە ئافغانىستان قىسماققا ئالىدىغان بولدى" دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ كەتتى.

لېكىن، نېمىلا دېگەن بىلەن، ئافغانىستاندىكى گۇرۇھلار ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئۆچ- ئاداۋىتى بەكمۇ كۈچلۈك ئەمەس ئىدى، مىلتارىستلار ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ باشقا مىللەتلەرگە ئۈزلۈكسىز ئۇرۇش قوزغىدى، بۇنداق توقۇنۇشلارغا ئاساسەن دېگۈدەك ھەرقايسى پىرقىلەر ئارىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش كۈرەشلىرى سەۋەب بولۇۋاتاتتى، تاجىكلار، پۇشتۇلار ناۋادا بەكرەك كۈچىيىپ كەتسە، يەنە ئۇرۇش قوزغاپ بىزنى قەتلىئام قىلىدۇ، دېگەن ئەندىشىدە ئىدى، قىزىق يېرى، پۇشتۇلارمۇ تاجىكلارغا ئوخشاشلا ۋەھىمىدە ئىدى، شىمالدىكى ئۆزبېكلەر بىلەن ھەزارالارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئاساسەن دېگۈدەك مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتەتتى، بەزىدە، بىر مىللەتكە تەۋە قەبىلىلەرنىڭ سەردارلىرىمۇ ئۆز ئارا جەڭگە- جېدەل قىلىشاتتى.

لېكىن، سۇلتان مىللەت، قانداشلىق، ئۇرۇقداشلىق دېگەنلەرگە ئانچە قىلىپ كەتمەيتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ ئافغانىستاندىكى نۇرغۇن ئائىلىلەرگە ئوخشاش ئارغۇن ئائىلە بولۇپ، دادىسى تاجىك، ئانىسى پۇشتۇ ئىدى؛ ئۆزىمۇ چوڭ خوتۇنىنى پۇشتۇدىن، ئىككىنچى خوتۇنىنى تاجىكتىن ئالدى، قانداشلىق ئادەتتە ئاتىنى تارتىدىغانلىقى ئۈچۈن، قائىدە بويىچە سۇلتاننىڭ مىللىتىنى تاجىك دېيىشكە بولاتتى، سۇلتان پۇشتۇ تىلى بىلەن دارى





تىلىغا* پىششىق ئىدى، سۇلتاننىڭ قارىشىچە، ئافغانىستانلىقلار ئەمدى ئۇرۇشنىڭ دەرت-ئەلەملىرىنى ئۇنتۇپ، ۋەتىنىنى گۈللەندۈرۈشكە ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى. سۇلتان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئافغانىستاننىڭ قوشنا ئەللەر بىلەن بولغان باردى-كەلدىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە بەكمۇ تەشنا ئىدى. لېكىن، ۋەزىيەت ئۇنىڭ ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. شۇنداقتىمۇ سۇلتاننىڭ پۈتۈن ئەس-يادى ئىش-ئوقتى ۋە تىجارىتىدە ئىدى. ئۇ گاھىدا مىڭبىر جاپادا تاپقان پۇلىنى "مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىمەن" دەپ سورۇۋېتىۋاتقانلار ئۈچۈن ئۆكۈنەتتى.

سۇلتان پاكىستانغا ماڭىمەن، دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، نەۋرە ئاكىسى ۋاھىد بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى. ۋاھىد ماشىنا زاپچاسلىرى دۇكىنى ئېچىپ، نۇرغۇن جەبىر-جاپالار بىلەن ئازراق پۇل تاپقانىدى.

— ئىنشائاللاھ، مەككە مۇكەررەمىگە بېرىپ كېلىشنىڭ خىراجىتىنى ئاخىرى غەملەپ بولدۇم، — دېدى ۋاھىد ھاياجان بىلەن.

— ھەج تاۋاپ قىلساملا ئىش پۈتىدۇ، دەپ ئويلامالا؟ — دەپ سورىدى سۇلتان ۋاھىدتىن تەئەددى بىلەن، — ئاللاھ ئىگەم "يارىتىشنى مەن ياراتتىم، يارالمىشنىڭ ئۆزۈڭدىن" دېگەن، لېكىن، بىزچۇ؟ ھورۇن-لايغەزەللىكىمىزدىن تىلەك تىلەشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايمىز؛ بىر بولسا ماڭقا-پوتلىمىزنى ئېقىتىپ تۇرۇپ، ياۋروپالىقلاردىن ھەممەت تىلەيمىز؛ بىر بولسا پۈتكۈل ئۆلۈك-تىرىكىمىزنى خۇدايىتائاللاغا ئارتىپ، تىرىكچىلىك ئۈچۈن مىدىرلىماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە جايىنامازدا ئولتۇرغىنىمىز ئولتۇرغان!

— لېكىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كالامىدا "ئاللاھقا سېغىنغىلار" دېيىلگەن تۇرسا، — دېدى ۋاھىد چۈشەندۈرۈپ.

— مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ناۋادا ئەتىگەندىن كەچكىچە يىغا-زارە بىلەن قىلىۋاتقان پىغانلىق ئىلتىجالىرىمىزنى ئاڭلىسا، ئازابتىن يۈرەك-باغرى ئۆرتىنىپ كېتىدۇ، — دېدى سۇلتان گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — "ئۈجمە پىش ئاغزىمغا چۈش" دېگەندەك، قىلچىلىك مېھنەت قىلماي، ھە دېسىلا سەللىنىڭ يوغىنىنى يۆگەپ مېھنەتسىز نېمەت تىلەپ ئولتۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ زەررىچىلىك تەر تۆكمەي تۇرۇپ ھە دېسىلا خۇدادىن مەرھەمەت تىلەپ ئولتۇرىۋەرسەكمۇ قاملاشمايدۇ-دە!

*دارى تىلى — پارس تىلىنىڭ تاجىكلار ئارىسىدىكى بىر خىل دىئالېكتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سۇلتانىنىڭ گەپلىرى ۋاھىدنىڭ جۇدۇنىنى ئۆرلىتىپ قويدى، سۇلتانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، تىرىكچىلىك ۋە مېھنەت — ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم مەنالاردىن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئوغۇللىرىغا ئاشۇنداق ئىدىيىنى سىڭدۈردى ۋە ئۇلارنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىپ، كىتابپۇرۇشلۇققا سالدى، بۇ ئۇنىڭ غايىسىدىكى كىتابچىلىق ئىمپېرىيىسىنى قۇرۇپ چىقىشقا پايدىلىق ئىدى،

— لېكىن، ئۆمرىدە بىر قېتىم ھەج قىلىش، مۇسۇلمانلار ئادا قىلمىسا بولمايدىغان بەش پەرھىزنىڭ بىرى تۇرسا، — دېدى ۋاھىد سۇلتان بىلەن زاكونلىشىپ، — ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئىمان ئېيتىشى، روزا تۇتۇشى، ناماز ئوقۇشى، زاكات بېرىشى، ھەج قىلىشى كېرەك-تە!

— دۇرۇس، خۇدا بۇيرىسا ھەج قىلىمىز، — دېدى سۇلتان، — لېكىن، ھازىر ۋاقتى ئەمەس، چۈنكى، مەككە مۇكەررەمگە ئاللاھقا تاۋاپ قىلىپ، ئۇنىڭدىن ھىممەت تىلەش ئۈچۈنلا ئەمەس، ئەڭ مۇھىمى ئاللاھ ئىگەمنىڭ مېھىر-شەپقىتىگە تەشەككۈر ئېيتىش ئۈچۈن بارىمىز!

"ۋاھىد ھازىر ئۈچىسىغا تون-پەرەنجىلىرىنى كىيىپ، مەككىگە كېتىۋاتقاندۇ، تايىنلىق!" دېدى سۇلتان ئىچىدە، ئۇ دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، پېشانىسىدىكى مونچاق-مونچاق تەرلەرنى سۈرتتى، كۈن يەر-جاھاننى كۆيدۈرۈپ تۇراتتى، سۇلتان چىغىر يول بىلەن تىرەجەپ يۈرۈپ ئاخىر دۆڭنىڭ چوققىسىغا ئۆرلەشتى، مانا ئەمدى ئۇ يول پەسكە قاراپ سوزۇلۇپ ياتاتتى، جىلغىدىكى يۈك تارتىدىغان ھارۋا يولىدا كىچىك يۈك ماشىنىسىدىن بىر نەچچىسى تۇراتتى، ئۇ، يولۇچىلارنى قېبىر تاغ ئېغىزىغا ئېلىپ بارىدىغان كىرا ماشىنىلىرى ئىدى، كىراكەشلەر ئۆزلىرىنىڭ مەملىكىتىدە ئانچە قارشى ئېلىنمايدىغان بۇ يولۇچىلارنى ھەمىشە قاقتى-سوقتى قىلىپ تۇراتتى،

بۇ يەر قەدىمكى ئىككى مەدەنىيەتلىك دۆلەت — جۇڭگو بىلەن رىمنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرغان داڭلىق يىپەك يولىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇ يەر ئارقىلىق شەرقنىڭ يىپەكلىرى غەربكە، غەربنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش ۋە يۇڭلىرى شەرققە توشۇلغانىدى،

ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىلدىن بۇيان، قېبىر تاغ ئېغىزىدىن سانسىزلىغان ناتونۇش يولۇچىلار ئۆتتى، پارسلار، گىرېكلار، مۇغۇللار، موڭغۇللار، ئافغانىستانلىقلار ۋە ئېنگلىزلار ھىندىستاننى ئىشغال قىلىشتا دەل مۇشۇ يەردىن ئۆتكەنىدى، مىلادىدىن بۇرۇنقى ئالتىنچى ئەسىردە پارس (قەدىمكى ئىران)

شاھى دارىئۇس ئافغانىستاننىڭ تەۋەدىن تولىسىنى ئىشغال قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قىبىر ئېغىزىدىن ئۆتۈپ ھىندىستانغا لەشكەر تارتقانىدى. ئارىدىن 200 يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئىمپېرىيىسىنىڭ سانغۇنلىرىمۇ لەشكەرلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ دەل مۇشۇ ئېغىزدىن ئۆتكەنىدى. قىبىر تاغ ئېغىزىنىڭ ئەڭ تارچۇق يېرىگە يۇك ئارتىلغان تۆگىدىن بىرسى ياكى ئاتتىن ئىككىسى ئاران سىغاتتى. چىڭگىزخان يىپەك يولىنىڭ بىر قىسىم بۆلەكلىرىنى توسۇۋەتكەندىن كېيىن، مارك پولوغا ئوخشاش تىنچلىقپەرۋەر سەيياھلار شەرققە بېرىشتا قوملۇقلارنى كېسىپ ئۆتىدىغان كارۋانلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدى.

دارىئۇس زامانىدىن تارتىپ، تاكى 19-ئەسىردە ئەنگلىيىلىكلەر قىبىر تاغ ئېغىزىدىن بۆسۈپ كىرگىچە، شۇ ئەتراپتىكى تاغلىقلاردا ياشايدىغان پۇشتۇ قەبىلىسى تاجاۋۇزچىلارنىڭ ئىستىلاسىغا ئىزچىل جان تىكىپ قارشى تۇرۇپ كەلدى. 1947-يىل ئەنگلىيە ئەسكەر چېكىندۈرگەندىن كېيىن، ئافغانىستاندىكى بىر قىسىم قەبىلىلەر قىبىر تاغ ئېغىزى ۋە پېشاۋۇر ئەتراپىدىكى رايونلارنى قايتىدىن ئىلكىگە ئالدى. ئۇلار ئارىسىدا ئافرىدى قەبىلىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئۇلارنىڭ چەۋەندازلىرىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى.

چېگرىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتاننىڭ كۆزىگە بىرىنچى بولۇپ چېلىققىنى يەنىلا قورال-ياراغ بولدى. تاش يولنىڭ پاكىستان تەرەپ قاسىنقىدىكى تاغ قاپتىلىغا ئويۇۋېتىلگەن ياكى قاقاسلىقتىكى مەينەت تاختىلارغا يېزىۋېتىلگەن "Khyber Rifles" دېگەن خەت ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇراتتى. "Khyber Rifles" ناھايىتى باي بىر شىركەتنىڭ شۇنداقلا ئاشۇ ئەتراپتىكى رايوننىڭ ئامانلىقىغا مەسئۇل خەلق ئەسكەرلىرى تەشكىلاتىنىڭ نامى ئىدى. ئۇ تەشكىلات ناھايىتى قايناق بىر بازارنى قوغدايتتى. ئۇ بازار چېگرىغا يېقىن بىر كەنتتە بولۇپ، ئۇنىڭدىكى پۇتەنلەي ئەتكەس ماللار ۋە چەكلەنگەن بۇيۇملار ئىدى. ئۇ يەردە ھىندىستاننىڭ كەندىر يوپۇرمىقى ۋە قورال-ياراغ دېگەندەك نەرسىلەرنى ھەم سوئال-سوراقسىز ھەم ناھايىتى ئەرزان ئالغىلى بولاتتى. ئۇ يەردىكى پاكار-پاكار كېسەك ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا گاھىدا ئوردىدەك ھەشەمەتلىك ياسىۋېتىلگەن چىرايلىق ئىمارەتلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. ئۇ ھارام پۇل تاپقانلارنىڭ ياشايدىغان جەننىتى ئىدى. يىراقتا بىتونلاپ ياسالغان تام بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئەنگلىيىلىكلەر گېرمان تانكىلىرىدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ياسىغان توساق ئىدى. بۇ يەردە بىر نەچچە قېتىم چەت ئەللىكلەرنى تۇتقۇن قىلىش ۋەقەسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھۆكۈمەت تەرەپ بۇ يەرگە ئوخشاش چەت ـ ياقىدىكى قەبىلىلەر رايونلىرىدا ناھايىتى قاتتىق تەدبىرلەرنى يولغا قويىدى، مەسىلەن، ئۇلار پىشاۋۇرغا بارىدىغان، پاكىستان ئەسكەرلىرى چارلاپ تۇرىدىغان يولدا يەۋقۇلئاددە ئىجازەت ئالمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ ماشىنا ھەيدىشىنى چەكلەيدىغان، گۇۋاھنامىلىرى ۋە قورالىلىق قوغدىغۇچىلىرى يوق چەت ئەللىكلەرنى چېگرىدىن نېرى بارغۇزمايدىغان بولۇۋالدى.

سۇلتان ئېگىز تاغ بىلەن تىك قىيانىڭ ئارىلىقىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا ئىككى سائەت پىيادە، بىر نەچچە سائەت ئاتلىق ماڭغاندىن كېيىن، تۈزلەڭلىككە جايلاشقان پېشاۋۇر شەھىرى ئاخىر كۆرۈندى. سۇلتان شەھەرگە كىرىدىغان بىر كىرا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، ھاياتئاباد رايونى 103 ـ نومۇرلۇق كوچىغا جايلاشقان ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

كۆز باغلانغان مەھەلدە تۇيۇقسىز دەرۋازا قېقىلدى. ۋۇي، دادىسى كەلگەن ئوخشىمامدۇ! سۇلتاننى كۈتۈپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن شەرىپە ئىككىنچى قەۋەتتىن يۈگۈرۈپ چۈشۈپ، دەرۋازىنى ئاچتى. ئۇستىۋېشى مەينەتلىشىپ كەتكەن، سەپەر ھاردۇقىدىن ھېچ ھالى قالمىغان سۇلتان بوسۇغىدا تۇراتتى. ئۇ قولىدىكى ھېلىقى شىكەر خالتىسىنى شەرىپىگە بەردى؛ شەرىپە خالتىنى دولىسىغا ئېلىپ، ئىككىنچى قەۋەتكە قاراپ ماڭدى. سۇلتان ئۇنىڭغا سوڭداشتى.

— يولدا جاپا تارتىپ قالدىلىمۇ؟

— يولدا كەلگەچ تاغ ـ دالىنىڭ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ، سەپەرنىڭ قانداق تۈگىگەنلىكىنى سەزمەيلا قاپتىمەن، — دېدى سۇلتان، — جەزىرىنىڭ كۆكۈمى ئاجايىپ چىرايلىق بولىدىكەن، دېمەمسەن.

سۇلتان يۇيۇنۇپ چىققىچە، شەرىپە تاماق ئەتتى. ئۇ گىلەمنىڭ ئۈستىگە داستىخان سېلىپ، داستىخاننىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن يۇمشاق سېلىنچا قويدى. ئاڭغىچە سۇلتانمۇ يۇيۇنۇپ، ئۈچىسىغا يۇيۇپ دەزماللانغان كىيىملىرىنى كىيىپ چىقتى. ئۇ داستىخاندىكى يالتىراق (سۇلياۋ) تەخسىلەرنى كۆرۈپ، سەل تىرىكتى.

— ھەي، بۇنداق نەرسىدە غىزالىنىشنى ياقتۇرمايدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ، — دېدى ئۇ شەرىپىگە دوق قىلىپ، — خۇددى پىت بازىرىدىن تېرىۋالغاندەك قىلماي چىنە تەخسىلەرنى ئاچىقساڭ بولمامدۇ؟

شەرىپە ئۇ تەخسىلەرنى دەرھال ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا چىنە

تەخسلەرنى قويدى.

— ھەببەللى! — دېدى سۇلتان، — مانا ئەمدى ئادەم تاماق يېگەندەك بولىدۇ-دە!

سۇلتان كابۇلدا كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلىدى، شەرىپە ھاياتئابادتا بولغان ئىشلارنى ئېرىگە ھېكايە قىلىپ بەردى. سۇلتان بىلەن شەرىپە كۆرۈشمىگىلى بىر نەچچە ئاي بولغانىدى. ئەر-خوتۇن شۇ تەرىقىدە بالىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە سۇلتان ھاياتئابادتا تۇرىدىغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە قىلىدىغان ئىش-كۈشلىرى ھەققىدە ئۇزۇن مۇڭداشتى. سۇلتان پېشاۋۇرغا ھەر كەلگىنىدە ئافغانىستانغا قايتىپ باقمىغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە خۇددى بويىدىن باغلىغاندەك بېرىپ، ئۇلارنى زورىغا يوقلاپ قوياتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئۆيىدە مۇسىبەت بولغان تۇغقانلىرىنىڭكىگە، ئاندىن ئەڭ يېقىن تۇغقانلىرىنىڭكىگە پەتىگە باراتتى. ناۋادا پاكىستاندا ئۇزۇنراق تۇرالىسا، بىر نەچچە تۇغقىنىنى ئارتۇق يوقلاپمۇ قوياتتى.

سۇلتان شەرىپەنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى ۋە نەۋرە تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈشتىن بەكمۇ قورقاتتى. لېكىن، بۇ ئالقانچىلىك بازاردا بىرەرسى غىڭىڭىدە چىقىرىپ بولغىچە ھەممە ئادەم بىلىپ بولىدىغان تۇرسا، سۇلتاننىڭ ئۆزىنى كۆرسەتمەي غېيىبىدە تىكىۋېتىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە رەسىم-قائىدە يۈزىسىدىن بولسىمۇ، بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ قويۇش، سۇلتان بىلەن شەرىپە ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلايدىغان دەستەك-تە! شەرىپەمۇ ئېرىدىن باشقا نەرسە كۈتمەيتتى، پەقەت "ئېرىم بۇ يەردە تۇرغان بىر نەچچە كۈن ئىچىدە تۇغقانلىرىمغا قاپىقىنى ئېچىپ قويسىكەن، ماڭا كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئېرى خوتۇنىغا قارىغاندەك مۇئامىلە قىلىپ قويسىكەن!" دېگەن ئۈمىدتىلا ئىدى.

ئۇلار قىلىدىغان ئىش-كۈشلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ بولغاندىن كېيىن، شەرىپە سەيىنگاھنىڭ ئىشىنى سۇلتانغا سۆزلەپ بەردى.

— ھەي، بۇزۇق جالاپ، — دېدى سۇلتان خۇددى شاھلاردەك ماموق ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، — نەق جالاپنىڭ ئۆزىكەن-دە ئۇ بىر نېمە!

لېكىن، شەرىپە ئۇنداق دەپ قارىمايتتى. چۈنكى، سەيىنگاھنىڭ نادىم بىلەن ھەتتا بىر يەردە يالغۇز تۇرۇپ باقمىغانلىقىمۇ شەرىپەگە ئايان ئىدى.

— ئۇنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىغىلا قارىمامسەن؟ — دېدى سۇلتان گېپىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



داۋاملاشتۇرۇپ، — هازىر كوچىغا چىقىپ كەتمىگىنى بىلەن، ئەتە-ئۆگۈن شۇنداق قىلىدۇ-دە! ئويلىمامسەن، ئۇ ئىش-ئوقتى يوق، لايغەزەل بىر نېمىنى تېپىپتۇ، ئۇ يارامسىز سەينىگاھنى باقالامدۇ؟ خوتۇن كىشىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنىنى تەق قىلىشقا قۇربى يېتەمدۇ؟ هەي، تۇۋۇبقى يوق قازان بىلەن ئاغزى ئېتىلمىگەن چۆگۈنگە ئەخلەت دەمسەن، توپا دەمسەن، قۇرت-قوڭغۇز دەمسەن ئىشقىلىپ هەممە نەرسە چۈشۈۋېرىدۇ. نادىمنىڭ دادىسى چەت ئەلگە شۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ بىلگىيە مۇساپىرلار لاگىرىدا تۇرۇۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى. ئاڭلىسام تا هازىرغىچە خوتۇن-بالىلىرىغا ۋىزا هەل قىلالماپتىمىش، — دېدى سۇلتان شەرىپەگە، — هەي، مېنىڭچە ئۇ توگەشتى، پۈتۈنلەي تۈگەشتى؛ ... سەينىگاھمۇ ئايىغى چىققاندىن تارتىپلا كۆزۈمگە ئەرسەك بىر نېمىدەك كۆرۈنگەن. ئۆتۈپ-تېشىپ ئەمدىلىكتە نادىمدەك يالاڭتۆشكە ئۇچراپ قاپتۇ. هە راست، يادىڭدىمۇ؟ ئۇ قىز بىر چاغلاردا بىزنىڭ مەنسۇرگە كۆز تىكىپمۇ يۈرگەن.

— ئەلۋەتتە ئېسىمدە، — دېدى شەرىپە، — ئۇ دېگەن سەينىگاھنىڭ ئانىسىنىڭ ئويى، — دېدى شەرىپە بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسكە ئېلىپ، — ئۇ خوتۇن هە دېسىلا مەندىن: "ئوغلۇڭلارنى قاچان ئۆيلەيسىلەر؟" دەپلا سورايتتى، مەن: "بالا تېخى كىچىك، ئوقۇۋاتىدۇ" دەپ قوياتتىم .... ۋىيەي، مەنسۇرگە ئۆلۈپ كەتسەممۇ سەينىگاھدەك قىزنى ئېلىپ بەرمەسمەن! هە راست، ئىنىلىرى يۇنۇس پېشاۋۇرغا كەلگەن چاغدا، سەينىگاھنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغىمۇ ئاشۇ گەپنى پۇرىتىپتىكەندۇق، لېكىن، يۇنۇس ئۇنىڭغا نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويماپتۇ.

سۇلتان بىلەن شەرىپە سەينىگاھنىڭ سەتچىلىكى هەققىدە خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ گېپى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا كۆچتى.

— هېلىقى نەۋرە سىڭلىڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان كۈلۈپ تۇرۇپ.

شەرىپەنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئۇزۇندىن بۇيان ئانىسىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلگەندى، ئانىسى قازا قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئاكىسى ئۇنى بالىلىرى ئانىسىز قېلىپ قىينىلىپ كەتكەن، ياشقا چوڭراق بىر كىشىگە چېتىپ قويدى. سۇلتان ئادەتتە ئاشۇ مەزلۇم هەققىدىكى گەپلەرنى بەك قىزىقىپ ئاڭلايتتى.

— ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن باشقىلا بىر ئادەم بولۇپ قالدى جۇمۇ، — دېدى سۇلتان پىخىلداپ كۈلۈپ، — ئىشقىلىپ ئۇ بايقۇش ئاخىر

تۇرمۇشلۇق بولدى، لېكىن، تۇغمىدى ـ دە، ئۇنى ئەرگە تېگىشتىن بۇرۇنلا ئەرنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ بولغانمىكىن، دېگىم كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئېرىمۇ تازا قېرىماس بىر نېمە ئىكەن ـ ھە. قارىغاندا ئۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى خوتۇنىنىڭ ئۈستىدىن چۈشمەيدىغان ئوخشايدۇ.

ــ شۇنداقتەكمۇ قىلىدۇ، ــ دېدى شەرىپە ئۆزىچە چوڭ بىر ئىشتىن خەۋەردار كىشىدەك. ــ يادىلىرىدا بارمۇ؟ ئۇ تويي قىلىشتىن بۇرۇن قوناق شېخىدەك ئورۇق مەزلۇم ئىدى، ئەرگە تەگكەندىن كېيىن بۆلەكچىلا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدى، مەنمۇ ئۇنى كېچىچە ئېرىنىڭ بېقىنىنى نوقۇپ ئۇخلاتمايدىغان خوتۇنلاردىنمىكىن دېگۈم كېلىدۇ.

شەرىپە ئاغزىنى تۇتۇپ، ئۇزاققىچە پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، چۈنكى، گەپ ئارىلىقىدا ئويلانمايلا باشقىلارنىڭ مەخپىيىتىنى دەپ سالغانىدى، سۇلتان بىلەن شەرىپە ئارقىسىدىكى ياستۇققا يۆلەندى، داستىخاندىكى ئاشقان تاماق ۋە قاچا ـ قۇچىلار شۇ پېتى تۇراتتى، قارىغاندا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى تويغۇلىرى ئويغىنىپ قالغاندەك قىلاتتى.

سۇلتان بىلەن شەرىپە گىلەمنىڭ ئۈستىدىلا ياتتى، ئۇلارنىڭ پارىڭى قىزىپ كېتىۋاتاتتى، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى خۇددى كىچىك باللاردەك قاقاقلاپ، كۈلۈشكىنىچە بىر ـ بىرىنى قىچىقلىشاتتى.

مۇنداقلا قارىغان ئادەم ئافغانىستاندىكى ئەر ـ خوتۇنلارنى ئادەتتە بىرگە بولالمايدىكەن دېگىسى كېلىدۇ، چۈنكى، ئافغانىستاندا ئاياللار ئۇچىسىغا ھەم ئۇزۇن ھەم كەڭرى كىيىم كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن پۈركەنجە ئارتىدۇ، كوچىلاردا ئاستىغا ئۇزۇن ئىشتان كىيىدۇ؛ ھەتتا ئۆي ئىچىدىمۇ ياقىسى تۆۋەن كىيىملەرنى ھەرگىز كىيمەيدۇ. يات ئەر، ئاياللار بىر ئۆيدە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشقا، غىزالىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. سەھرالاردا ھەتتا توي مەرىكىلەرمۇ ئەر ـ ئاياللارغا ئايرىم ـ ئايرىم ئۆيلەردە ئۆيۇشتۇرۇلىدۇ. لېكىن، قارىماققا كۆل سۈيىدەك تىپتىنچ كۆرۈنىدىغان ئافغانىستان ۋولقاندەك پارتلاپ تۇرغان ئىشق مۇھەببەت دېگىزىغا ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە يات ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئىشىپەش تارتىشى كاللا كېتىدىغان ئېغىر گۇناھ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن، كىشلەر يەنىلا ئاشنا ئوينايدۇ، شەھەردە ھەتتا پاھىشىخانىلارمۇ تېپىلىدۇ. ياش ئەرلەر، ھەتتا بىرەرسىنىڭ قىزىغا چاي ئىچكۈزۈپ قويغان يىگىتلەرمۇ دائىم ئاشۇنداق يەرلەرگە غىپپىدە بېرىپ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىپ كېلىدۇ.

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى قانغۇچە پاراڭلىشىپ كۈلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، سۇلتان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىم-كېچەكنى تۈزەشتۈرۈپ، كەلگەن ئېلخەتلەرنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى، ئامېرىكىدىكى بىر ئۇنىۋېرسىتېت 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىدىكى ژۇرناللار لازىم، دەپ خەت ئەۋەتىپتۇ؛ تەتقىقاتچىلار بىر قىسىم قەدىمكى قوليازمىلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەن؛ لاھوردىكى بىر باسمىخانا ئاتكرىتكىنىڭ بېسىلىش تەننەرخىنى قەغەزنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ يېڭى باھاسىغا ئاساسەن ھېسابلاپ ئەۋەتىپتۇ. سۇلتاننىڭ ئاساسلىق كىرىمى ئاتكرىتكىدىن كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ بىر دوللارغا ئالتە پارچىدىن باستۇرغان ئاتكرىتكىلىرىنى، كابۇلغا ئاپىرىپ بىر دوللارغا ئۈچ پارچىدىن ساتاتتى. سۇلتاننىڭ ئىش-ئوقتى كۆڭۈلدىكىدەك كېتىپ باراتتى. مانا ئەمدى تالىبانلار يوقالدى؛ سۇلتان ھەرقانداق ئىش-ئوقەتنى قىلسا بولىۋېرىدۇ دېگەن گەپ.

سۇلتان ئەتىسى كەلگەن خەت-چەكلەرنى بىر تەرەپ قىلدى، كىتابخانىلارنى ئارىلىدى، پوچتىخانىغا بېرىپ، كەلگەن پوسۇلكىلارنى ئېلىپ، يېڭىدىن پوسۇلكا سالدى. ئۇ ئاشۇ ئىشلىرىنى ئۆيلىگىنىدەك تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاندىن رەسمىي-قائىدە ئۈچۈن تۇغقان يوقلايدىغان مېھماندارچىلىقنى باشلىدى. ئۇ ئالدى بىلەن ئېرى راك كېسىلىدە قازا قىلىپ كەتكەن بىر نەۋرە ئاچىسىنىڭكىگە ئۆلۈم پەتىسىگە باردى. سۇلتانغا نىسبەتەن ئەمدىكى مېھماندارچىلىقلارنى ئۆلۈم پەتىسگە قارىغاندا كۆڭۈللۈكرەك دېيىشكە بولاتتى. سۇلتان گېرمانىيىدىن ئەمدىلا قايتىپ كەلگەن سەئىد ئىسىملىك بىر نەۋرە ئىنىسىنى يوقلاپ باردى. سەئىد گېرمانىيىدە پىسا قاتلىمىسى توشۇيدىغان ئىشنى قىلاتتى. ئىلگىرى ئۇ ئاريانا ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ ئۈچۈشقا مەسئۇل ئىنژېنېرى ئىدى. يېقىندىن بۇيان ئۇ كابۇلغا قايتىپ كېلىپ، كونا كەسپىنى قىلىش نىيىتىگە كېلىپ قالغانىدى. لېكىن، يەنە جىقراق پۇل تاپمىسا بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە گېرمانىيىدە پىسا قاتلىمىسى توشىسا، كابۇلدا ئۈچۈشقا مەسئۇل ئىنژېنېر بولغاندىن كۆپرەك پۇل تاپقىلى بولاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا ئائىلىسىدىكى بەزى ئىشلارمۇ سەئىدنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتاتتى. سەئىدنىڭ پېشاۋۇردا خوتۇن-بالىلىرى بار ئىدى. گېرمانىيىگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردىمۇ خوتۇندىن يەنە بىرنى ئالدى. ناۋادا ئۇ كابۇلغا قايتىپ كەلگۈدەك بولسا، ئىككى خوتۇنى بىر ئۆيدە تۇرىدۇ، دېگەن گەپ. لېكىن، ئۇنىڭ چوڭ خوتۇنى ئېرىنىڭ گېرمانىيىدە باشقا بىر خوتۇن بىلەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. سەئىد گەرچە پېشاۋۇردىكى خوتۇن-بالىلىرىغا دائىم پۇل ئەۋەتىپ، ئۆزىنىڭ ئەرلىك ۋە

ئاتلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تەقلىد بولسىمۇ، لېكىن، ئىككى خوتۇننى بىر ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىنكى ئاقىۋەتنى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى.

پىشاۋۇردا ھەممىلا نەرسە ناھايىتى قىممەت ئىدى. سۇلتاننىڭ بىر تۇغقىنى ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىيەلمىگەچكە ئۆي ئىگىسى ئۇنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ؛ يەنە بىر تۇغقىنى سۇلتاننىڭ ياردىمى بىلەن ئوقەت قىلىش نىيىتىدە ئىكەن؛ يەنە بىر تۇغقىنى ئۇنىڭدىن پۇل قەرز ئالماقچى بولۇۋېتىپتۇ. لېكىن، سۇلتان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئاساسەن پۇل ئۆتنە بەرمەيتتى. سۇلتاننىڭ ئىش-ئوقەتكە ئېپى بولغاچقا، ئۇ يوقلاپ بارغان چاغلاردا تۇغقانلىرى ھەمىشە ئۇنىڭدىن ياردەم سورايتتى. لېكىن، سۇلتان كۆپىنچىسىنى رەت قىلاتتى. سۇلتاننىڭ نەزىرىدە تۇغقانلىرى ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى يېيىشكە ئېرىنىدىغان لايغەزەللەر ئىدى. باشقىلاردىن ياردەم تەلەپ قىلغان ئادەم ئەڭ بولمىغاندا قارشى تەرەپنى نېمە ئۈچۈن ياردەم سورىغانلىقىغا قايىل قىلالىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، سۇلتاننىڭ تۇغقانلىرىنىڭ تەڭدىن تولىسى سۇلتان قايىل بولغىدەك سەۋەب كۆرسىتەلمەيتتى.

سۇلتان بىلەن شەرىپە سەبۇنەمنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە پەتلەپ بارغان چاغلاردا، شەرىپەنىڭ ئاغزى ئېچىلىپلا كېتەتتى؛ شەرىپەنىڭ قىزىق گەپلىرى بىر باشلاندىمۇ، تۈگىمەيتتى. لېكىن، سۇلتان ياندا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىنى، ھېكايىلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدى. گاھىدا گېپى كېلىپ قالسا كەسپى ئەخلاق، تىجارەتنىڭ ئېپى-جېپى دېگەنلەر ھەققىدە بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىستۇرۇپمۇ قوياتتى. لېكىن، سۇلتان گەپ قىلمىغىنى بىلەن، شەرىپەگە قاراپ "ئەمدى ماڭايلى" دېگەن ئىشارەتنى قىلغان ھامان، شەرىپەنىڭ ھېكايىسى دەرھال كەلگەن يېرىدىلا توختايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەڭلا دۇئاغا قول كۆتۈرەتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ھاياتئابادنىڭ سېسىپ كەتكەن ئەخلەتنىڭ بەتبۇيى پۇراقلىرىدىن تىنغىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ كوچىلىرىنى ئايلىنىپ ئۆيگە يېنىپ كېلەتتى.

بىر كۈنى كەچتە، شەرىپە بىر شىرەم تۇغقىنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كەلمەكچى بولۇپ جابدۇندى. ئىككى ئۆينىڭ ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار ئادەتتە بېرىش-كېلىش قىلىشمايتتى. پۈتنغا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان شەرىپە، ئالدىدا قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. سەبۇنەمنى يېتىلىۋالغان سۇلتان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى ناھايىتى قىزغىن كۈتۈۋالدى ۋە يەل-يېمىش، گۆلە-قاق، قەنت-گېزەكلار بىلەن داستىخان راسلاپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چاي قويدى. ئۇلار چايدىن ئوتلىغاچ تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتى. باللار ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇراتتى. بۇنىڭدىن سەبۇنەمنىڭ ئىچى پۇشقىلى تۇردى.

ئۆي ئىگىسىنىڭ 13 ياشلىق قىزى ساراھ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كېلىشتىكى مۇددىئاسىنى بىلىپ قالغاچقا، ئەدەب بىلەن بىر يەرگە مۆككەندى.

شەربىيە ئىلگىرىمۇ مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق بۇ ئۆيگە كەلگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇ گېپىمنىڭ تورى بولارمىكىن، دېگەن نىيەتتە سۇلتاننى ئۇنىمغىنىغا قارىماي باشلاپ كەلدى. ئۇلار سۇلتاننىڭ كىچىك ئىنىسى — يۇنۇسنىڭ نىكاھ ئىشى ئۈچۈن كەلگەنىدى. بىر نەچچە يىل بۇرۇن، ئۇلار پاكىستاندىكى بىر مۇساپىرلار لاگېرىدا تۇرغاندا، يۇنۇسنىڭ ساراھقا كۆزى چۈشۈپ قالغانىكەن. ئۇ چاغدا ساراھ تېخى بالا ئىدى. يۇنۇس ساراھقا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ باقمىغان بولغاچقا، يەڭگىسى شەربىيەنى ئەلچىلىككە قويغانىدى.

بىراق، ئۆي ئىگىسىنىڭ جاۋابى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئىدى:

— ساراھ تېخى كىچىك، ناۋادا چوڭ قىزىمىز شىرىننى دەپ ئېغىز ئاچقان بولساڭلارغۇ ئۇنىڭ يولى بۆلەك ئىدى.

لېكىن، شىرىن ئىسكىلىسى ساراھدەك چىرايلىق بولمىغاچقا يۇنۇس ئۇنى ياراتمىغانىدى. لېكىن، يۇنۇس شىرىننىڭ ئۆزىگە ئوتتەك مەيلى بارلىقىنىمۇ بىلەتتى. چۈنكى، يۇنۇس ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە شىرىن ئۇنىڭ قېشىدىن نېرى كېتەلمەيتتى. ئادەم يوق چاغلاردا ھەتتا ئۇنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ باقاتتى. "قاچقاننى قوغلا، قوغلىغاندىن قاچ" دېگەندەك شىرىننىڭ بۇ قىلىقلىرى يۇنۇسنى بىئارام قىلاتتى. ئۇ بارا-بارا شىرىننى يۈزى قېلىنراق قىز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايمۇ قالدى.

باشقىلار شىرىنغا ئەلچى كىرگۈزگەنىدى. لېكىن، شىرىننىڭ ئاتا-ئانىسى يۇنۇسنى ياقتۇرۇپ قالغان بولغاچقا، باشقىلارنى رەت قىلىپ، سۇلتاننىڭ ئائىلىسىگە قەستەن يېقىنلىشىپ باقتى. ئۇلار شىرىننى يۇنۇسقا يەنە بىر قېتىم تونۇشتۇردى. لېكىن، يۇنۇسنىڭ كۆزى يەنىلا ساراھتا ئىدى.

"ئەلچىگە ئۆلۈم يوق" دېگەندەك، شىرىننىڭ ئاتا-ئانىسى گەپنى ئۆزۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن، شەربىيە ساراھنى يۇنۇسقا سايە قىلىپ كېلىۋەردى. شەربىيەنىڭ قىز تەرەپكە خۇددى بوسۇغىسىنى تېشۈۋەتكۈدەك قىلىپ

ئارقا-ئارقىدىن كېلىۋېرىشى، ئەدەبسىزلىك ئەمەس، ئەكسىچە قىزنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئىدى، يەنە كېلىپ كونىلاردىن: "يىگىتنىڭ ئانىسى كەشىنىڭ چەمى تېشىلىپ كەتكىچە ئەلچىلىككە ماڭغاي" دېگەن ھېكمەت قالغانىكەن. شۇڭا يۇنۇسنىڭ ئانىسى بىبىگۈل كابۇلدا بولغاچقا، شەرىپە قېينانىسىنىڭ ئورنىدا قېيىنىسى ئۇچۇن ئەلچىلىككە مېڭىۋاتاتتى، ئۇ ھەر قېتىم ساراھلارنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىدە: "يۇنۇس ئېنگلىز تىلىنى سۇدەك سۆزلەيدۇ، كىتابخانىدا بىر ئوبدان خىزمىتى بار، ئۇنىڭغا تەگكەن قىزنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ" دېگەندەك گەپلەر بىلەن يۇنۇسنىڭ تەرىپىنى قىلىپ بېرەتتى، لېكىن، يۇنۇس 30 ياشلارغا كىرىپ قالغان بولغاچقا، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى: "ئۇنىڭ يېشى قىزىمىزنىڭكىدىن بەكلا چوڭكەن" دەپ ئۇنىمايۋاتاتتى.

ساراھنىڭ ئانىسى تۇرۇپلا سۇلتانىنىڭ 16 ياشلىق ئوغلى مەنسۇرنى لايىق كۆرۈپ قالدى.

— ساراھنى مەنسۇرگە سايە قىلغان بولساڭلارغۇ، ماقۇل جاۋابىنى ھازىرلا بەرگەن بولار ئىدىم، — دېدى ساراھنىڭ ئانىسى.

سۇلتانىنىڭ كېسىپلا بىر نېمە دەيدىغان ۋاقتى كەلگەندەكمۇ قىلاتتى، دېمىسىمۇ مەنسۇر ساراھتىن بىر نەچچە ياشلا چوڭ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەنسۇر ئۇ قىزنى كۆرۈپمۇ باقمىدى، دېمەك، ئۇلار بىر-بىرىگە تازا ماس كېلەتتى، لېكىن، شەرىپەنىڭ گېپى بويىچە بولغاندا مەنسۇرنى ئۆيلەپ قويسا سەل بالدۇرلۇق قىلاتتى، چۈنكى، ئۇ ئوقۇشى، شەھەر كۆرۈپ كۆزىنى ئېچىشى كېرەك ئىدى.

— ئۇنداق دېگىنى بىلەن ساراھ 13 ياشتىن چوڭ، — دېدى شەرىپە كېيىن بىر دوستىغا، — مېنىڭچە ئۇ 15 ياشتىن كىچىك ئەمەس.

ساراھ ئۆيگە كىرىپ بىردەم تۇردى، سۇلتان ئۇنىڭغا بېشىدىن پۇتىنىڭ ئۇچىغىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ساراھ بويى ناھايىتى ئېگىز، ئۆزى زىلۋا قىز بولۇپ، قارىماققا 13 ياشتىن چوڭدەك كۆرۈنەتتى، ئۇچىسىغا قېنىق كۆك رەڭلىك ماموق چاپان كىيگەن ساراھ، ئاستا كېلىپ ئانىسىنىڭ بېقىنىدا تارتىنىپقىنا ئولتۇردى، بۇلۇۋاتقان بۇ ئىشلارنىڭ ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەچكىمۇ، ئۇ تەمتىرەپ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قېلىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ بۇ ئىشقا مەيلى يوقكەن، شۇڭا يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى ساراھنىڭ ئىككى ئاچىسى ئۇنىڭ يۈزىچىلا، بۇ گەپنى ئاڭلىغان ساراھ يەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قارىۋالدى.

لېكىن، شەرىپە ئىچىدە خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى، چۈنكى، پاك ۋە سەبىي قىزلارلا بۇنداق ئىشقا دۇچ كەلگەندە يىغلايدۇ.

ئارىدىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ساراھ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ساراھنىڭ ئانىسى ئەتە ساراھنىڭ ماتېماتىكا ئىمتىھانىغا قاتنىشىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى تەرەپ رەسمىي مەسلىھەتكە ئۆتكەندە، قىز بالىنىڭ شۇ يەردە بولمىغىنى تۈزۈك ئىدى. چۈنكى، ئۇنداق چاغدا قىز تەرەپ ئوغۇل تەرەپنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ بېقىش ئۈچۈن، "ياق" دەپ غادىيىپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن قىزىغا باھا قويىدۇ؛ ئۇلار ئوغۇل تەرەپ ئۆزلىرىنىڭ دىتىغا ياققىدەك باھاغا چىقىنالىغاندىلا ئاندىن ئاز-تولا يۇمشايدۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېرىلىدىغان مېھىر ھەققى، قىزنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى، توينىڭ ئاش-سۇيى ۋە باشقا چىقىملىرىغا كېتىدىغان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئوغۇل تەرەپ ئۈستىگە ئالىدۇ.

ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى ئاياغلاشتى. لېكىن، ھېچنېمىنى پۈتتۈشەلمىدى. سۇلتان بىلەن شەرىپە ئۆيىگە قايتىشتى. مارت ئايلىرىنىڭ سوغۇقى ئۆتۈپ تۇرغان كوچىلار جىمجىت كېچە قوينىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى.

— بۇ خەق كۆزۈمگە پەقەتلا سىغمىدى، — دېدى سۇلتان، — ئۇلار بەكمۇ نەپسانىيەتچىكەن.

بولۇپمۇ ساراھنىڭ ئانىسى ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمىغانىدى. ئۇ مەزلۇم ساراھنىڭ دادىسىنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى ئىدى. ئەسلىدە ئۇ كىشىنىڭ بىرىنچى خوتۇنى تۇغماس چىقىپ قالغاچقا، بۇ مەزلۇمنى توقاللىققا ئالغانىدى. لېكىن، بۇ مەزلۇم ئۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، چوڭ خوتۇنغا پەقەتلا كۈن بەرمىدى. توقالنىڭ زۇلمىغا چىدىيالمىغان چوڭ خوتۇن، ئاخىر ئۆينى تاشلاپ ئىنىسىنىڭكىگە كېتىۋالدى. ساراھنىڭ ئانىسىنىڭ بولمىغۇر مىجەزى ھەققىدىكى گەپلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. ئۇ ھەم ئاچكۆز ھەم ھەسەتخور خوتۇن بولغاچقا، چوڭ قىزىنى سۇلتانىنىڭ بىر تۇغقىنىغا بېرىدىغان چاغدا ئاۋۇ نېمىسى ئانداقكەن، ماۋۇ نېمىسى مۇنداقكەن دەپ غەۋغا كۆتۈرۈپ جاھانىنى بېشىغا كىيىپتىكەندۇق.

— "ھەي، ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قويرۇق" دەپتىكەن، — دېدى سۇلتان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — ساراھ دېگەن بۇ قىزمۇ ئانىسىنى كىيىپلا چىقىدىغاندەك تۇرىدۇ.

— ناۋادا يۇنۇس زادى ئاشۇ قىزنى ئالمىسام بولمايتتى، دەپ تۇرۇۋالسا ئۇنىڭغا ئالمىغىن دېگىلى بولاتتىمۇ، — دېدى سۇلتان سەل-پەل نارازى بولغاندەك قىلىپ، — قاراپتۇر، ئەتە-ئۆگۈن ئۇ خەق يۈزىنى پولودەك قىلىپ ئۆزلىرى ماقۇل دەيدۇ، بىزدەك ئۆبدان قۇدىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى ھەرگىز خالىمايدۇ.

رەسىم-قائىدە ئۇچۇنلا بولىدىغان بۇنداق باردى-كەلدىلەر تۈگىگەندىن كېيىن، سۇلتان بۇ قېتىمقى ئاساسلىق ئىشنى پۈتتۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ بۇ قېتىم پاكىستانغا مەخسۇس كىتاب باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. ئۇ بىر كۈنى تاڭ سەھەر تۇرۇپ، بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ ئىككىنچى مەنزىلى — لاھورغا قاراپ يول ئالدى. لاھور پاكىستاندىكى نەشرىياتچىلىق ۋە مەتبەئەچىلىك گۈللەنگەن شەھەر ئىدى.

سۇلتان ئىچىگە ئالتە پارچە كىتاب، بىر پارچە كالىندار ۋە بىر نەچچە قۇر كىيىم قاچىلانغان قول چامادىنىنى ئېلىپلا يولغا چىقتى. پۇل-پۈچەكلىرىنى ئىلگىرى سەپەر قىلغان چاغلىرىدىكىدەك يېگىنىڭ ئىچىگە تىكتۈرگەنىدى. ھاۋا خېلىلا ئىللىق بولۇپ، پېشاۋۇرنىڭ ماشىنا بېكىتىدە ئادەم مىغ-مىغ ئىدى. بېكەتتىكى زۇۋۇلدەك قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋازدا توختىماي ۋارقىرايتتى: ۱ "ئىسلامئاباد، كاراچى، لاھورا!" ھەربىر ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا يولۇچىلارنى باشلاپ ئاچىقىدىغان بىردىن ئادەم بار ئىدى. بۇ يەردە ئاپتوبۇسلارنىڭ يولغا چىقىش ۋاقتى ئالدىن بېكىتىلمەيتتى. قايسى ئاپتوبۇس بۇرۇن توشسا شۇ يولغا چىقىۋېرەتتى. ئاپتوبۇس قوزغالغىچە سېتىقچىلار مېۋە-چېۋە، گازىر، پىرەنىك، مايدا قورۇلغان باخلا ۋە گېزىت-ژۇرنال دېگەندەك نەرسىلەرنى ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىگە ئەكىرىپ ساتاتتى. تىلەمچىلەر ئاپتوبۇسنىڭ ئوچۇق تۇرغان دېرىزىلىرىدىن ئىلتىجالىق قوللىرىنى سۇناتتى.

لېكىن، سۇلتان تىلەمچىلەرگە قاراپمۇ قويماي ئولتۇراتتى. چۈنكى، ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: "سەدىقىنى ئۆزۈڭدىن ئاشسا ئائىلەڭدىكىلەرگە بەر، ئۇنىڭدىن ئاشسا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىڭغا بەر، ئۇنىڭدىنمۇ ئاشسا قولۇم-قوشنىلىرىڭغا، ئەڭ ئاخىرىدا ناتونۇش مۇساپىرلارغا بەر" دېگەن مەزمۇندىكى ھەدىسلىرىنى ئوبدان بىلەتتى. سۇلتاننىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بولغاندا، كابۇلنىڭ كوچىلىرىدىمۇ تىلەمچىلەر ساماندەك. شۇڭا سۇلتان سەدىقىنى ئالدى بىلەن شۇلارغا بېرىشى كېرەك؛ بۇ يەردىكى تىلەمچىلەرگە پاكىستانلىقلار ئۆزلىرى كۆز قىرىنى سېلىپ قويۇشى كېرەك.


ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇلتان ئاپتوبۇسنىڭ ئاخىرقى رەتتىكى ئورۇندۇقىغا بېرىپ ئولتۇردى، ئىككى تەرىپىدە يولۇچىلار لىقمۇلىق ئولتۇرۇپ بولۇشقانىدى، ئۇ قولىدىكى چامادىنىنى ئىككى پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا قويدى. ئۇنىڭ بىر پارچە قەغەزگە يېزىپ ساقلاپ يۈرگەن كىشىلىك پىلانىمۇ دەل ئاشۇ چامادىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ بۇ قېتىم پاكىستانغا مەخسۇس دەرسلىك باستۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. چۈنكى، مەكتەپلەر ئەتىيازلىق ئوقۇشنى باشلىغان ھامان دەرسلىكنىڭ بازىرى چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇجاھىدلار بىلەن تالىبانلار نەشر قىلدۇرغان دەرسلىكلەرنىڭ قىلچە قىممىتى يوق ئىدى. مەسىلەن، مۇجاھىدلار بىلەن تالىبانلار تۈزگەن بىرىنچى يىللىقنىڭ ئېلىپبەسىدە ھەرپلەر مۇنداق ئۆگىتىلەتتى: جىھادتىكى "ج" — جىھاد بىزنىڭ بۇرچىمىز؛ ئىسرائىلىيىدىكى "ئى" — ئىسرائىلىيە بىزنىڭ دۈشمىنىمىز؛ كالاشنىكوۋ(روسىيىدە ئىشلەنگەن بىر خىل پىلىموت)دىكى "ك" — بىز كالاشنىكوۋغا تايىنىپ ھەممىنى يېڭىمىز؛ مۇجاھىدتىكى "م" — مۇجاھىد بىزنىڭ قەھرىمانلىرىمىز؛ تالىباندىكى "ت" — تالىبان ...

تالىبانلار تۈزگەن دەرسلىكلەردە ئوغۇل باللار نىشان، ئۇرۇش ئاساسىي تېما قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەتتا ھېساب دەرسلىكىدىكى مەسىلىلەردىمۇ ئالما، پىرەنىك دېگەن نەرسىلەرنىڭ ئورنىدا پۈتۈنلەي ئوق، مىلتىق، ئاپتومات مىسال قىلىناتتى. مەسىلەن، ئۇنىڭدا باللارغا ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك مەسىلىلەر يەشكۈزۈلەتتى: "ئۆمەرنىڭ بىر تال ئاپتوماتى بىلەن ئۈچ پارچە ژۇرنىلى بار ھەمدە ھەربىر ژۇرنالغا 20 تالدىن ئوق قىستۇرۇلغان. ئۇ ئاشۇ ئوقلىرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسى بىلەن 60 كۇپپارنى ئۆلتۈرگەن بولسا، ھەربىر تال ئوق بىلەن قانچىدىن كۇپپارنى ئۆلتۈرگەن؟"

سۇلتان باللار ئوقۇيدىغان دەرسلىكلەرنىڭ زاھىرشاھ ئەل سورىغان زامانىدىكىدەك تۈزۈلۈشكە بەكمۇ تەشنا ئىدى. زاھىرشاھ 1973-يىلى ئاغدۇرۇپ تاشلانغىچە ئافغانىستاننى 40 يىلغا يېقىن سورىدى. ئافغانىستانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئۇ بىر قەدەر تىنچ زامانلار ئىدى. سۇلتان قايتا باسقىلى بولىدىغان بىر قىسىم دەرسلىكلەرنى تاپتى. ئۇلار پارس ئەپسانە-چۆچەكلىرى سۆزلىنىدىغان كىتابلار، باللارغا ھېسابنى "بىرگە بىرنى قوشسا ئىككى بولىدۇ" دېگەن شەكىلدە ئۆگىتىدىغان ھېساب دەرسلىكى، سۈننىي ۋە دوگما ئەقىدىلەر چىقىرىپ تاشلانغان، ساپ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى تارىخ دەرسلىكى قاتارلىقلار ئىدى.





بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ، پەن-تېخنىكا، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئافغانىستاندا يېڭى دەرسلىك تۈزۈپ نەشر قىلىشقا مەبلەغ ياردەم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەرگەندى. كابۇلدىكى ئەڭ چوڭ نەشرىيات سودىگەرلىرىدىن سانىلىدىغان سۇلتان ئۇلار بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتى. بۇ دۆرەم قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار بۇ كىتابلارنى چىقىرىشقا كېتىدىغان مەبلەغ ھەققىدە سۆزلىشىدۇ. سۇلتاننىڭ چامىدانىدىكى ھېلىقى پىلاندا بۇ قېتىم چىقارماقچى بولغان 113 خىل دەرسلىكنىڭ فورماتى، تىرازى ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان ئومۇمىي قەغەز تەپسىلىي ھېسابلاقلىق ئىدى. سۇلتاننىڭ ھېسابىچە بۇنىڭغا 2 مىليون دوللار مەبلەغ كېتەتتى. بۇ قېتىم ئۇ لاھورغا بېرىپ تەكشۈرۈپ، قايسى زاۋۇت قويغان باھانىڭ ئەڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ باقىدۇ. ئاندىن دەرھال كابۇلغا قايتىپ بېرىپ، خەتىرى يوق بۇ توختامنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. خامچوتى 2 مىليون دوللارغا يەتكەن بۇ ئىش، سۇلتانغا نىسبەتەن ئاجايىپ چوڭ سودا ھېسابلانسىمۇ، لېكىن، سۇلتاننىڭ بۇ توختامنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى كامىل ئىدى. مۇشۇلارنى ئويلىغان سۇلتان ئۆزىدىن مەمنۇن بولغاندەك كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. لېكىن، سۇلتاننىڭ بۇ قېتىمقى سودىدىن بەك جىق پايدا ئۈندۈرۈۋېلىش نىيىتىمۇ يوق ئىدى، چۈنكى، مۇبادا ئۇ ئاشۇ توختامنى قولغا كەلتۈرەلىسە، بۇندىن كېيىن خېلى يىللارغىچە، نۇرغۇن كونا دەرسلىكلەرنى قايتا بېسىش بىلەن بىرگە يېڭى دەرسلىكلەردىنمۇ خېلى كۆپ نەشر قىلدۇرالايتتى. ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ئاپتوبۇس يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كەڭرى دالىنى ئارقىسىدا قالدۇرۇپ ئۇچقاندەك كېتىۋاتاتتى. بۇ، كابۇل بىلەن كالكۇتتانى تۇتاشتۇرۇدىغان يول ئىدى. ئۇلار لاھورغا يېقىنلاشقانسېرى ھاۋا ئىسسىپ كەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتاننىڭ ئۈچىسىدا ئافغانىستاندىكى ئېگىزلىكلەرگە ماس كېلىدىغان قېلىن كىيىم بار ئىدى. ئۇ چاچلىرى شالاڭلاپ ئېچىلىپ قالغان چوققىسىنى تاتىلاپ قويدى ۋە قولياغلىقتا يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى.

سۇلتاننىڭ تىزىملىكتىكى ھېلىقى 113 پارچە دەرسلىكتىن باشقا يەنە ئۆز ئالدىغا بىر نەچچە پارچە كىتاب چىقىرىش نىيىتىمۇ بار ئىدى. چۈنكى، ئافغانىستاندىكى چەت ئەل مۇخبىرلىرى، ئىشلەمچىلەر ۋە دىپلوماتلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇقۇرمەنلەرنىڭ ئىنگلىزچە كىتابلارغا بولغان ئېھتىياجى ئېشىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئىنگلىزچە كىتابلارنى يەنە چەت ئەلدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرگۈزۈۋەرمەي، ئۆز ئالدىغا نەشر قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

پاكىستاندا ئاز-تولا نەشر تۈزۈمى، نەشر ھوقۇقى، نەشر بىجى دېگەن ئۇقۇملار بولسىمۇ، ئەمما ھېچقانداق باشقۇرۇش تۈزۈملىرى ئورنىتىلمىغان بولغاچقا، ئۇ يەر ئوغرىلىقچە كىتاب چىقىرىدىغانلارنىڭ جەننىتى ئىدى، شۇڭا سۇلتان ئۇ يەردە بىر دوللاردىن باستۇرغان كىتابلارنى كابۇلغا ئاپىرىپ 20 ــ 30 دوللاردىن ساتاتتى. ئەھمەد راشىد يازغان «تالىبان» ناملىق كىتابنىڭ بەك بازىرى چىققاچقا، سۇلتان ئۇنى بىر قانچە قېتىم قايتا باستۇردى. بىر روسىيە مۇخبىرى يازغان «خۇپىيانە ئۇرۇشلىرىم» ناملىق كىتابتا، ئافغانىستاننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىۋالغان 1979-يىلدىن 1989-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىجتىمائىي ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەنلىكتىن، چەت ئەل ئەسكەرلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشكەنىدى. ئۇ كىتابتا يېزىلغان مەزمۇنلار كابۇلدا چارلاش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداۋاتقان خەلقئارا تىنچلىق ساقلىغۇچى قىسىمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالغا ناھايىتى كۈچلۈك سېلىشتۇرما قىلىنغانىدى، تىنچلىق ساقلىغۇچى قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى دائىم سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىغا كېلىپ، ئاتكىرتكا ياكى ئىلگىرىكى ئۇرۇشلارغا ئائىت كىتابلارنى سېتىۋالاتتى.

ئاپتوبۇس لاھور بېكىتىگە كىرىپ كەلدى. سىرتتا تونۇردىن چىققاندەك كۈچلۈك يالقۇن گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇراتتى. بۇ يەردىمۇ ئادەملەر مىغ-مىغ ئىدى. لاھور، پاكىستاننىڭ مەدەنىيەت-سەنئەت مەركەزلەشكەن شەھەر، شۇنداقلا ھەم ئاۋات ھەم ئېغىر دەرىجىدە بۇلغانغان سىرلىق شەھەر ئىدى. شەھەر تۈزلەڭلىككە جايلاشقان بولغاچقا، تۆت ئەتراپى ئوچۇقچىلىق ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ ئۇ تارىختا نۇرغۇن قېتىم ئىشغال قىلىنىش، ۋەيران قىلىنىش ۋە قايتا قۇرۇلۇشتەك ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىلەرنى باشتىن كەچۈردى. لېكىن، بۇ سىرلىق شەھەر ئىشغال قىلىنىش ۋە قايتا قۇرۇلۇش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان داڭلىق شائىر ۋە يازغۇچىلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى ئاجايىپ يۈكسەك قەدىر-قىممەتكە ئىگە قىلدى. لاھور سەنئەتكارلىرى ياراتقان نۇرغۇن ئوردا-قەسىرلەر تارىختىكى جەڭگى-جېدەللەردە تۈزلىۋېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن، ئۇ يەنىلا سەنئەت ۋە كىتاب شەھىرى بولۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ.

سۇلتان لاھورنىڭ كىتاب بازارلىرىنى ئارىلاشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئىلگىرى لاھورنىڭ كىتاب بازارلىرىنى ئارىلاش جەريانىدا بىر نەچچە قېتىم ئاسماندىن چۈشكەندەكلا نۇرغۇن پايدىلارغىمۇ ئېرىشكەنىدى. يەنە كېلىپ سۇلتاننى ھېچقانداق بىر ئىش كىتاب بازىرىدىكى توپا بېسىپ ياتقان كىتابلار ئارىسىدىن

بىرەر پارچە قىممەتلىك كىتابنى بايقاپ، ئۇنى ناھايىتى ئەرزان باھادا سېتىۋالغان چاغلاردىكىدەك خۇش قىلىپ باققان ئەمەس. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرغىچە توپلىغان ئافغانىستانغا ئائىت كىتابلىرى 9000 خىلغا يېتىدۇ. دېمەك، سۇلتاننى دۇنيادا ئافغانىستانغا ئائىت كىتابلارنى ئەڭ كۆپ توپلىغان كىشى دېيىشكە بولاتتى. سۇلتان ئادەتتە قەدىمكى ئەپسانە- چۆچەكلەر، كونا شېئىرلار، ھېكايىلەر، بىئوگرافىك ئەسەرلەر شۇنداقلا يېقىندىن بۇيانقى سىياسىيغا ئائىت ئەسەرلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، لۇغەتلەر ۋە قامۇسلارغا بەكمۇ قىزىقاتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئۆزىدە يوق ياكى ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان كىتابلارنى ئۇچرىتىپ قالغان چاغلىرىدا، خۇشلۇقتىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى.

لېكىن، بۇ دەۋرەم سۇلتاننىڭ كىتاب بازارلىرىنى ئايلىنىپ بېقىشقا ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقال- بۇرۇتىنى چىرايلىق ياساپ، ئۇچىسىغا چامدانىدىكى پاكىز كىيىملىرىنى، بېشىغا تۇركىيە تەقىيسىنى كىيدى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئافغانىستان باللىرى ئۈچۈن كىتاب چىقارماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن يۈرەكلىرى سۆيۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئالدى بىلەن ئىلگىرى ھەمكارلىشىپ باققان چۆپقەتلىرىنىڭ يېنىغا ئۇدۇللا باردى. سۇلتان ئۇ يەردە تەلخەنى ئۇچرىتىپ قالدى. تەلخە ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان ئۇچىنچى ئەۋلاد مەتبەئە سودىگىرى ئىدى. سۇلتاننىڭ قولىدىكى كىتاب چىقىرىش تۈرى بەك چوڭ بولغاچقا، تەلخە ئۇنىڭغا ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى.

تەلخە سۇلتاننى چايغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقانلىقىدەك ئېڭەكنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— بىر نەچچە پارچە كىتاب بولسىغۇ كاشكى. ئامال قىلغىلى بولار ئىدى، — دېدى تەلخە، — لېكىن، 113 پارچە كىتابنى بىر يىلدا ئاران چىقىرىپ بولغىلى بولىدۇ، دەڭە!

يەنە كېلىپ سۇلتان بېرىدىغان مۆھلەت ئىككى ئايلا ئىدى. ئارىلىقتىكى تام بەك نېپىز بولغاچقا، باسما ماشىنىسىنىڭ ئاۋازى تەلخەنىڭ بۇ كىچىككىنە ئىشخانىسىغا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. سۇلتان تەلخەنى قولىدىكى باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ باقتى.

— ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى تەلخە گەپنى ئۈزۈپلا. دۇرۇس، ئۇنىڭغا نىسبەتەن سۇلتان ناھايىتى مۇھىم خېرىدار ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستان باللىرى ئۈچۈن كىتاب بېسىشنىڭ ئۆزىمۇ ئاجايىپ شەرەپلىك ئىش ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنى دەپلا باشقا خېرىدارلىرىنى نېرى تۇر، دېسە بولمايدۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



دە! شۇنداقتىمۇ تەلخە بۇ ئىشنىڭ تەننەرخىنى بىر قۇر ھېسابلاپ، ھەربىر پارچە كىتابنىڭ تەننەرخىنى 0.3 دوللار ئىچىدە كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ چىقتى. ئادەتتە كىتابنىڭ باھاسى ئۇنىڭغا ئىشلىتىلگەن قەغەز، رەڭنىڭ سۈپىتى ۋە تۈپلىنىش شەكلى دېگەندەكلەرگە باغلىق بولاتتى. تەلخە كىتابنىڭ سۈپىتى ۋە ئۆلچىمى قاتارلىقلارغا ئاساسەن، سۇلتانغا تەپسىلىي ھېسابات جەدۋىلى چىقىرىپ بەردى. سۇلتان تەلخە بەرگەن جەدۋەلگە كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ، ئۇنىڭدىكى روپىيە، دوللار، كۈن سانى، ھەپتە سانى دېگەنلەرنى ئىچىدە بىرمۇ بىر ھېسابلاپ باقتى. لېكىن، ئىشنىڭ ئاخىرقى مۆھلىتى ھەققىدە تەلخەگە راست گەپ قىلمىدى. مەقسەت، تەلخەنى قولىدىكى باشقا ئىشلارنى قويۇپ تۇرۇپ، بۇ ئىشنى تېزراق پۈتتۈرۈپ بېرىشكە كۆندۈرۈش ئىدى.

— ئۇنتۇپ قالماڭ جۇمۇڭ، ۋاقتى ئىككى ئاي، — دېدى سۇلتان ئۇنىڭغا يەنە تەكىتلەپ، — ناۋادا مالنى ۋاقتىدا تاپشۇرالمىسىڭىز، مېنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىسىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟

ئۇلار دەرسلىكنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن كىتابخانىسى ئۈچۈن باستۇرماقچى بولغان ھېلىقى بىر نەچچە پارچە كىتاب ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ئۇلار بېسىلىدىغان كىتابنىڭ تىراژى، بېسىلىشقا بېرىلىدىغان مۆھلەت ۋە كىتابنىڭ تەننەرخى ھەققىدە خېلى تالاشتى. سۇلتاننىڭ باستۇرماقچى بولغان بۇ كىتابلىرى ئەسلىي نۇسخىدىن بىۋاسىتە كۆپەيتىپ بېسىلىدىغان كىتابلار ئىدى.

رادىئودىن سىرىلانكا بىلەن پاكىستان كالتەك توپ كوماندىلىرىنىڭ مۇسابىقە ئەھۋالى ئاڭلىتىلىۋاتاتتى. رادىئونىڭ ئاۋازى پۈتكۈل سېخنى بىر ئالغانىدى. سېخنىڭ تېمىغا مەككىنىڭ سۈرىتى سىزىلغان، تورۇستا پۇلاڭلاپ تۇرغان قارا چىراغنىڭ ئۈستىگە ئۆلۈك چىۋىنلار چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بىر خىل سېرىق سويۇقلۇق سېخنىڭ تېگىنى بويلاپ ئېقىپ بېرىپ، تامنىڭ تۈۋىدىكى ئېرىقچىغا چۈشۈۋاتاتتى.

سۇلتان سېخنى ئايلىنىپ بىردەم كۆرگەندىن كېيىن، تەلخە ئىككىسى كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىنى مەسلىھەتلەشتى. سۇلتان يېنىدىكى ئاتكىرىتكىلاردىن بىر نەچچە پارچە سۈرەتنى تاللاپ، ئۇنىڭغا ئۆزى دائىم ئىشلىتىدىغان تەگلىك ۋە چىلتەكنى قوشتى. شۇنداق قىلىپ بەش مىنۇت ئىچىدە ئالتە كىتابنىڭ مۇقاۋىسىنى لايىھەلەپ بولدى.

بىر نەچچەيلەن بۇلۇڭدا چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار پاكىستاندا ئوغرىلىقچە كىتاب چىقىرىپ جان باقىدىغان نەشرىيات سودىگەرلىرى ۋە مەتبەئە سودىگەرلىرى بولۇپ، سۇلتاننىڭ تىجارىتىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر ئىدى. ئۇلار سۇلتان بىلەن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئافغانىستان ھەققىدىكى پاراڭلارغا چۈشۈپ كەتتى:

— خەمىت كارزايى مىلتارىستلار ئارىسىدا خۇددى داردا ماڭغاندەك تەس كۈندە قالدى ...

— بازا تەشكىلاتىدىكى قوراللىق كۈچلەر شەرقىي رايونلارغا ھۇجۇم قىپتۇ ...

— ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرى ياردەمگە ئۆتۈپتۇ، دەيدۇغۇ ...

— شۇنداقمۇ، پاكىستان چېگرىسىغا يانداش ئۆڭكۈرلەرنى بومبالاپتۇدەك...

تۆشەكنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بىرەيلەن تالىبانلارنىڭ ئافغانىستاندىن ھەيدەپ چىقىرىلغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ كەتتى:

— ئاشۇ تالىبانلار بىزنىڭ پاكىستاندا بولسىچۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇلار بولغان بولسا جەمئىيەت تەرتىپىمىز ياخشىلىنىپ قالار بولغىيدى!

— ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپلا، — دېدى سۇلتان ئۇ كىشىگە مەنىلىك قاراپ، — سىلى تالىبانلارنىڭ دەردىنى تارتىپ باقمىغاچقا شۇنداق دەۋاتىدىلا، ناۋادا ئۇلار تەختكە چىقىپ قالسا پاكىستاننىڭ تۈگەشكىنى شۇ؛ ئويلاپ باقامدىلا: ناۋادا تالىبانلار ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىپ قالغۇدەك بولسا بارلىق ئېلان تاختىلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ تاشلايدۇ، پاكىستان كىنولىرىنىڭ بارلىق كۆپىيىلىرى، ناخشا-مۇزىكا لېنتىلىرى، ئارخىپ ماتېرىياللار، ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل دېگەنلەر بىلەن مەڭگۈلۈككە خوشلىشىسىلەر؛ بارلىق تورخانىلارنى تاقاپ، تېلېۋىزورلارنى مۇسادىرە قىلىدۇ، رادىئودا پەقەت دىنىي پروگراممىلارلا بېرىلىدۇ؛ قىز باللارنى مەكتەپتىن، ئاياللارنى ئىش ئورۇنلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ؛ ئاقىۋەتتە نېمە بولىدۇ؟ پاكىستاندا زاۋۇتلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ تاقىلىدۇ، ئىقتىساد شىددەت بىلەن چېكىنىدۇ، دۆلەتنى كۈندىن-كۈنگە غۇربەتچىلىك باسىدۇ؛ ئىشسىز قالغان شۇنچىۋالا نۇرغۇن ئادەم قانداق قىلىدۇ؟ ئېھتىمال مىلتارىستلارنىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ، — سۇلتان سۆزلىگەنسىرى غەزەپلىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تالىبانلارنى ياقلىغان ھېلىقى كىشى مۆرىلىرىنى ئېتىپ قويدى:

— ھە، بۇ ... تالىبانلارنىڭ ھەممىسلا ئۇنداق ئەمەستۇ؟

تەلخە ئىلگىرى تالىبانلارنىڭ قوللانمىلىرى ۋە ئۇلار تۈزگەن دەرسلىكلەرنى بېسىپ بەرگەن، كېيىن يەنە ئۇلارنىڭ كابۇلدا باسما زاۋۇت قۇرۇشىغا ياردەم قىلغانىدى. ئەسلىدە تەلخەدە ئىتالىيەدىن كىرگۈزگەن بىر يۈرۈش نىمكەش باسما ماشىنىسى بار ئىدى، شۇنى تالىبانلارغا ئەرزانلا سېتىپ بېرىپ، ئۇلارنى قەغەز ۋە تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلىگەنىدى. تەلخەمۇ نۇرغۇنلىغان پاكىستانلىقلارغا ئوخشاشلا پۇشتۇ مىللىتىنىڭ ھاكىمىيىتى قوشنا بولسا، پاكىستانغا نىسبەتەن تېخىمۇ ئىشەنچلىك ۋە بىخەتەر بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— پۇلنى دەپ ھەر نېمە قىلىدىغان ئوخشايسىز-ھە، — دېدى تالىبانلارنىڭ گېپى چېقىپ غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن سۇلتان تەلخەگىمۇ مەسخىرىلىك كۆزلىرىنى مىختەك تىكىپ.

تەلخە ئورنىدىن سەل-پەل مىدىراپ قويۇپ، ئۆز گېپىنى داۋام قىلدى:

— تالىبانلار بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزگە قارشى ئەمەسكەن، ئۇلارمۇ «قۇرئان كەرىم»نى، پەيغەمبەرلىرىمىزنى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىلىرىنى ئۇلۇغلايدىكەن. ئىشقىلىپ مەن ئىسلامغا قارشى كىتابلارنى ئەزەلدىن بېسىپ باققان ئەمەسمەن!

— مەسىلەن؟ — سۇلتان ئۇنىڭغا سوئاللىق تىكىلدى.

— ھە، مەسىلەن، ... «شەيتان قىسسىسى» دەمدۇ، ئىشقىلىپ مەن سالمان راشدىنىڭ ھېچقانداق نەرسىسىنى بېسىپ باقمىدىم. ئاللاھ ئىگەم سالماندەك مۇناپىقنى تېزرەك تېپىپ چىقىشىمىزغا مەدەت قىلغاي!

— ئۇ ئاللىبۇرۇنلا ئۆلتۈرۈلۈشى كېرەك ئىدى، لېكىن، ھازىرغىچە قېچىپ يۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى تەلخە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — مېنىڭچە ئۇنىڭ كىتابىنى باسقان ياكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاناۋىنى تارتىش كېرەك، ماڭا بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ، ئىسلامغا ھاقارەت قىلغان ئۇنداق مۇناپىقنىڭ نەرسىلىرىنى باسمايمەن!

— سالمان دېگەن بۇ مەلئۇن بىز مۇسۇلمانلارغا ھاقارەت قىلدى، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەگكۈزدى، خۇدا بۇيرىسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماي قويمايمىز، — دېدى ئولتۇرغانلاردىن يەنە بىرەيلەن.

— شۇنداق، ئۇ بىزنىڭ روھىمىزنى قۇرۇتماقچى بولدى، — دېدى سۇلتان ئولتۇرغانلارغا كۆڭلىدىكى گەپنى قىلىپ، — ئۇنىڭ بۇ بۇزغۇنچىلىقىغا ھەرگىز يول قويۇشقا بولمايدۇ؛ ھەتتا مۇستەبىتلىكتە ئۇچىغا چىققان

قانخورلارمۇ ئۇنىڭدەك ئىسلامنى ھاقارەتلەپ باقمىغانىدى؛ ھەي ...، مەن مۇسۇلمان دەپ يۈرگەنلەرنىڭ ئىچىدىن دەل راشىدتەك مۇناپىقنىڭ چىقىپ قالغىنىغا ھەيرانمەن!

ئولتۇرغانلار گويا مۇناپىق راشىدنىڭ ئازدۇرۇشلىرى بىلەن گاڭگىراپ قالغاندەك خېلى ئۇزۇنغىچە جىمىپ كەتتى.

— خۇدا بۇيرىسا ئۇ ھامان قولغا چۈشىدۇ، — دېدى تەلخە.

قالغان بىر قانچە كۈن ئىچىدە سۇلتان لاھوردىكى بارلىق باسما زاۋۇتلىرىنى ئارىلاپ چىقتى. ئۇ زاۋۇتلارنىڭ بەزىلىرى ئىمارەتلەرنىڭ ئارقا ھويلىلىرىدا، بەزىلىرى گەمىلەردە، بەزىلىرى تارچۇق كوچىلارنىڭ ئىچكىرىسىدە ئىدى. سۇلتان باسىدىغان كىتابلىرىنى ۋاقتىدا چىقىرىۋالارمەنمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە 12 باسما زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىپ كۆردى. ئۇ بىرەر باسما زاۋۇتىغا بېرىپ، زاۋۇت خوجايىنىغا ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېھتىياجىنى چۈشەندۈرەتتى، ئاندىن ئۇلار قويغان باھانى ئاڭلاپ باقاتتى. قارشى تەرەپنىڭ قويغان باھاسى ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىپ قالسا، ئۇ كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، بۇ سودىدىن ئۆزىگە زادى قانچىلىك پايدا قالىدىغانلىقىنى ئىچىدە ھېسابلاپ كۆرەتتى. سۇلتان ئىككى ھەپتىگىچە دەرسلىك باستۇرىدىغان ئىشنىڭ ھەممىسىنى باسما زاۋۇتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەمكارلاشماقچى بولغان زاۋۇتلارغا پات ئارىدا كېلىپ ئۇلار بىلەن زاكاز توختىمى ئىمزالايدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە بەردى.

سۇلتان شۇنداق قىلىپ، ئىشلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاخىر خاتىرجەم بولۇپ كابۇلغا قايتتى. بۇ قېتىم چېگرىدىن ئۆتۈشتە كەلگەن چاغدىكىدەك قىينىلىپ كەتمىدى. چۈنكى، ئافغانىستانلىقلارنىڭ پاكىستان چېگرىسىدىن كىرىشى چەكلەنگىنى بىلەن، پاكىستاندىن قايتىپ ماڭغاندا ھېچكىمنىڭ كارى بولمايتتى. دېمەك، سۇلتان ئەمدى چېگرىدىن كىرگەن چاغدىكىدەك دەككە-دۈككىدە شۈمشىيىپ يۈرمەي، مەيدىسىنى كېرىپ گۈس-گۈس دەسسەپ ماڭسا بولىۋېرەتتى.

سۇلتان ئولتۇرغان بىر ئەبجەق ماشىنا جالالئابادتىن كابۇلغا بارىدىغان تاغ يولىدا جالاقشىپ كېتىپ باراتتى. يولنىڭ بىر تەرىپىدىكى تىك تاغنىڭ قاپ بېلىدە تۇرغان يوغان-يوغان قورام تاشلار ھېلىلا يۇمىلاپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە ئۆرۈلۈپ كەتكەن بىر ماشىنا بىلەن بىر پىرىتسىپ تۇراتتى. كىشىلەر ماشىنىنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ، ئالدىراش قايتىشىۋاتاتتى. جەسەتلەرنىڭ ئىچىدە ئىككى ئوغۇل بالىنىڭ جەسىتىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بار ئىدى، بۇنى كۆرگەن سۇلتان "ئەلھەمدۇلىللا" دەپ دۇئاغا قول كۆتۈردى.

بۇ يولدىن ئۆتىدىغان يولۇچىلارغا يولنىڭ قاسىنقىدىكى تىك تاغنىڭ قاپ بېلىدە ساڭگىلاپ تۇرغان يوغان قورام تاشلاردىن باشقا، بۇ ئەتراپتا قۇترايدىغان جىنايەتچىلەرمۇ دائىم تەھدىت سېلىپ تۇراتتى. ئىلگىرى چەت ئەل مۇخبىرلىرى، چەت ئەل ئىشچىلىرى ھەتتا ئافغانىستانلىقلارمۇ بۇ ئەتراپتا جىنايەتچىلەرنىڭ تۇيۇقسىز زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانىدى. تالىبانلار ئاغدۇرۇلۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جىنايەتچىلەر بۇ ئەتراپتا تۆت نەپەر چەت ئەللىك مۇخبىرنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنىڭ شوپۇرى ئايەتتىن بىر نەچچىنى يادلاپ بەرگەچكە ئۇنى ھايات قالدۇرۇپ قويىدى. ئاشۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە شۇ يەردە جىنايەتچىلەر ئافغانىستانلىق يولۇچىلار چۈشكەن بىر ئاپتوبۇسنى توستى ۋە يولۇچىلارنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، ساقال-بۇرۇت قويمىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ بۇرنىنى كېسىپ تاشلىدى. بۇ، قاراقچىلارنىڭ ئافغانىستاندا ھاكىمىيەتنى قانداق يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ قويغىنى ئىدى.

ماشىنا چەت ئەللىك مۇخبىرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەرگە كەلگەندە، سۇلتان ئۇلارنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلدى. سۇلتان ئۆزىمۇ كۈتۈلمىگەن بالا-قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئادەتتە ساقال-بۇرۇت قويۇپ، ئۇچىسىغا كۆنچە كىيمەلەرنى كىيەتتى. بۇ دەۋرەم ئۇ بېشىغا سەللە ئورىمىغىنى بىلەن، تۈركىيە تەقىيسى كىيىۋالغانىدى. ماشىنا كابۇلغا يېقىنلاپ قالدى.

— بۇ كەمگىچە سانىيەنىڭ ئۆتى تېشىپ كەتتى-دە، — دېدى سۇلتان ئىچىدە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ. سۇلتان ماڭىدىغان چاغدا: "بىر ھەپتىدىلا قايتىپ كېلىمەن" دەپ ۋەدە قىلغانىدى. مانا ئەمدى سۇلتان ئۇنىڭغا: "پېشاۋۇر بىلەن لاھوردەك ئىككى شەھەرگە قاتىرىغاندا ئاران يېتىدىغان شۇنچىلا ئۇرغۇن ئىشنى بىر ھەپتىدە قانداقمۇ تۈگەتكىلى بولسۇن؟" دەپ چۈشەندۈرىدۇ. لېكىن، سانىيە بۇنىڭ بىلەن پەرۋايى پەلەك. "سىلى يوق، سۈت ئىچكۈممۇ كەلمىدى" دەپ باتنايدۇ. شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان ۋىلىققىدە كۈلۈۋەتتى. ئۇنىڭ يۈرەكلىرى دۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى. ئادەتتە، سانىيە سۈت ئىچىشكە بەك ئۆچ ئىدى. لېكىن، ئۇ لەتىپەنى ئىمسىۋاتقاچقا، سۇلتان ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇنىڭغا بىر پىيالە سۈتنى زورلايتتى. كېيىن سانىيە بارا-بارا ئاشۇ بىر پىيالە سۈتنى بەزىبىر ئىشلارنىڭ شەرتى قىلىدىغان بولۇۋالدى.

سۇلتان يولغا چىققان چاغدا، سانىيە بويىنىنى قىسىپ شۇمشەرەپلا قالغانىدى. چۈنكى، سۇلتان يوق چاغلاردا ئۆيدىكىلەر ئۇنى يەكلەپ، شۇ

ئۆزىنىڭ ئادىمىدەك ئەمەس، ئۆيگە ئىزىپ-تىزىپ كىرىپ قالغان يات ئادەملەردەك كۆرەتتى؛ بۇ ئائىلىنىڭ سۇلتان بار چاغدىكى كەيپىياتى ھەش-پەش دېگۈچە ئۆزگىرىپ، ئۆزىنىڭ بولۇقى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتەتتى-دە، باشقىلار سانىيەنى خالىغانچە ئىشقا سالاتتى، ئۇلار سانىيەنى "سەھرالىق تومپايىنىڭ قىزى"، "دۆت ئىشەك" دەپ ئاتايتتى.

سۇلتان ئۆزىمۇ سانىيەنى بەكلا سېغىنىپ كەتكەندى، لېكىن، ئۇنىڭدىكى بۇ سېغىنىش نىمىشقىدۇ شەرىپەگە بولغان سېغىنىشقا زادىلا ئوخشىمايتتى، سۇلتان بەزىدە: "سانىيە ماڭا قارىغاندا بەكلا ياشكەن، بەئەينى كىچىك بالىغىلا ئوخشايدىكەن" دەپ ئويلايتتى، شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى سانىيەنى سىلاپ-سىيپاپ يۈرۈپ سۈتنى ئىچكۈزەتتى، گاھىدا ئۇششاق-چۈششەك سوۋغاتلارنى بېرىپ ئۇنى ھەيران قالدۇراتتى.

سۇلتان ئىككى خوتۇنىنى ئۆزىچە سېلىشتۇرۇپ باقاتتى، ئۇ شەرىپە بىلەن بىللە تۇرغان چاغلىرىدا، ئۇنىڭ ھالىدىن شەرىپە خەۋەر ئالىدۇ، ھەممە ئىشنى شەرىپە قىلىپ بېرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە شەرىپە ھەرقانداق ئىشنى سۇلتاننىڭ خاھىشى بويىچە قىلىدۇ، لېكىن، سانىيەچۇ؟ نېمىنى بۇيرىسا شۇنىلا قىلىدۇ، ھېچقانداق ئىش ئىچىدىن قايىنمايدۇ.

مۇنداق بىر ئىشتا سۇلتاننىڭ بۇ ئىككى خوتۇنى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى دۇنيا ئىدى: سۇلتان ھەر كۈنى سەھەر ئورنىدىن تۇرۇپ بامدات نامىزى ئوقۇيتتى، شەرىپەمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ، سۇلتاننىڭ ناشتىلىقىنى تەييارلاپ بولۇپ، كىيىدىغان پاكىز كىيىملىرىنى تەق قىلىپ تۇراتتى، لېكىن، سانىيە خۇددى كىچىك بالىدەك، تووۋلىمىسا ھەرگىز ئورنىدىن تۇرمايتتى.

سۇلتان گاھىدا: "سانىيە ئىككىمىزنىڭ ياش پەرقى بەكلا چوڭكەن، بىر-بىرىمىزگە ماس كەلمەيدىكەنمىز" دەپ ئويلاپمۇ قالاتتى، لېكىن، ئۇ تۇرۇپلا يەنە: "سانىيەنىڭ مەندەك ئوبدان لايىقىنى تاپالىشى مۇمكىن ئەمەس" دەپ ئۆزىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى، سۇلتاننىڭ ئويىچە بولغاندا، سانىيە ناۋادا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىرەرسىگە ياتلىق بولغان بولسا، ئۇ ھازىرقىدەك ئوبدان تۇرمۇشقا ھەرگىز ئېرىشەلمەيتتى، سانىيە: "قۇرداشلىرىمدىن بىرەرسىگە تېگەي" دېگەن بولسا، ئۇنى ئېھتىمال چۈشلۈكىگە تاپسا كەچلىكىگە يوق يالاڭتۆشتىن بىرەرسىنىڭ ئوغلى ئالار بولغىيدى، چۈنكى، سانىيەنىڭ مەھەللىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بەكمۇ نامرات كىشىلەر، دېمەك، سۇلتان ئۇنىڭ بىلەن يەنە 10-20 يىل راۋۇرۇس ياشىيالايدۇ، مۇشۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەن سۇلتان مەمنۇنىيەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بلەن كۆلۈمسربدى، خۇدا نسىپ قلغان بەخت ـ تەلەيدىن ئۇنىڭ تەنلىرى يايراپ كېتىۋاتاتتى،

سۇلتان ئۆزىنى توختىتالماي كۈلۈپ كەتتى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئاجايىپ بىر خىل لەززەت ئىچىدە تىترەيتتى، ماشىنا مىكروراياىنى مەيدانىغا كىلىپ قالغاندى، سۇلتانىنىڭ يۈرىكى جىسمى غۇنچىغا، رۇخسارى ھۆر ـ پەرىگە، مىجەزى كىچىك بالىغا ئوخشايدىغان ئوماق خوتۇنى ــ سانىيەنىڭ يېنىغا ئالىقاچان ئۇچۇپ بېرىپ بولغاندى،

## ئالتىنچى باب

# ساكرەنىڭ لايىقى

مېھماندارچىلىق ئاياغلاشتى. غاجىلانغان سۆڭەكلەر ۋە توخۇنىڭ پاچاقلىرى يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. داستىخان مۇج قىيامى ئارىلاشتۇرۇلغان سوزمە ۋە تاماقنىڭ ئاشقان-تاشقان يۇقۇندىلىرى بىلەن قىپقىزىل بولغىنىپ كەتكەنىدى. مېھمانلار داستىخاندىن قوپقاندا خۇددى ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ھەممە نەرسىنى تاشلاپ ماڭغاندەك، ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدە پارچە-پۇرات نان ۋە ئاپېلسىن شۆپۈكلىرى تاشلاقلىق تۇراتتى.

تام تۈۋىدىكى سېلىنچىدا ئۈچ ئەر، بىر ئايال باداشقان قۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئىشىك تەرەپتىكى بۇلۇڭدا ئىككى قىز بىر-بىرىگە پەرۋامۇ قىلماي، ئۇدۇل تەرەپكە تىكىلگىنىچە زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا قارارغا كۆزى يوق ئىدى.

تام تۈۋىدىكى سېلىنچىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان تۆتەيلەن ئالدىغا قويۇلغان پىيالدىكى چايدىن مەززە قىلىپ ئوتلايتتى. ئۇلار ھەم غەمكىن، ھەم ھارغىن كۆرۈنەتتى. خۇدا بۇيرۇسا، بۈگۈنكى بۇ مېھماندارچىلىقتا ناھايىتى مۇھىم بىر نەچچە ئىشنىڭ مەسلىھەتى پۈتتى. ۋەكىل ساكرەگە، رەسۇل بوبۇراغا ئۆيلىنىدىغان بولدى. ئەمدى پەقەت توينىڭ ۋاقتى بىلەن قىزلارنىڭ باھاسىنى بېكىتىۋەتسىلا ئىش پۈتەتتى.

چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۇرۇك مېغىزىنى چېقىپ يەيدىغان چاغلار كەلگەندە ئىككى تەرەپ ساكرەنىڭ باھاسىنى 100 دوللار قىلىپ بېكىتىپ، بوبۇرانى خۇدا يولدا رەسۇلغا ھېچقانداق تويلۇقمۇ ئالماي چېتىپ قويۇش ھەققىدە كېلىشتى. ۋەكىل پۇلنى تەق قىلىپ قويغانىكەن، شۇڭا ئۇ 100 دوللارنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا چىقىرىپ، سۇلتانغا بەردى. سۇلتان سىڭلىسىنىڭ ئورنىدا بۇ پۇلنى قوبۇل قىلدى. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشقا سەل-پەل نارازىدەك كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ ئىككى قىزنى ئاران 100 دوللار پۇلغىلا ياتلىق قىلىدىغان ئىش نەدە بار دەيسىز؟ ئەمما رەسۇل بۇ ئىشتىن خۇشال ئىدى. چۈنكى،

سۇلتانلارنىڭ ئىنسابى كېلىپ، بوبۇرانى ھەقسىز بېرىشكە ماقۇل دېمىگەن بولسا، بۇ توينى قىلىش ئۈچۈن، ئاز دېگەندە بىر يىل ئىشلەپ پۇل تېپىشى كېرەك ئىدى.

سۇلتان سىڭىللىرىنىڭ مىجەز-خۇلقىدىن نارازى ئىدى، ئۇ: "سىڭىللىرىمنىڭ مىجەزى ئوسال بولغاچقا ھازىرغىچە نۇرغۇن لايىقلار ئىنتىلىپ باقتى، لېكىن، ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالمىدى؛ ئۇلار باشقا خەقنىڭ قىزلىرىدەك بولغان بولسا، بۇنىڭدىن 15 يىل بۇرۇنلا ياش ھەم باي لايىقلار چىقىپ، ئۇلارنى ئەمرىگە ئېلىپ بولاتتى، ھەي، بۇ ئىككىسىزە زادى شور پېشانە چىقىپ قالدى" دەپ ئويلايتتى.

لېكىن، سۇلتان نېمىلا دېمىسۇن، بۇ ئىككى قىزنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغىنى سۇلتان ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئانىسى بىبىگۇل ئىدى، باداشقان قۇرۇپ، ئىككى قولىنى ئېتىكىگە قويۇپ مەزمۇت ئولتۇرغان بىبىگۇل ئىككى قىزىغا ئاخىر لايىق چىققانلىقىدىن خۇشال ئىدى. قارا چىراغ تەبەسسۇم جىلۋىسىدىن كۆزلىرى قىسىلغان بىبىگۇلنىڭ قورۇق باسقان يۈزىنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. بالىلىرىنىڭ بۇ ئىش توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ 11 ياش چېغىدىلا ئۆزىدىن 20 ياش چوڭ بىر ئەر كىشىگە زورلاپ ياتلىق قىلىنغان ۋە ئۆمرىدە ئىسسىق-سوغۇقنى جىق كۆرگەن جاپاكەش مەزلۇم ئىدى. قىسقىسى، ئۇ ئىككى ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى نىكاھ سودىسىنىڭ قۇربانى بولغان شور پېشانە خوتۇن ئىدى. بىبىگۇل 11 ياشقا كىرگەن يىلى ئۇنىڭ ئانىسى قوشنىسىنىڭ بىر قىزىنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى كىرگۈزگەنىدى. قوشنىسى بىبىگۇلنىڭ ئانىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى ماقۇل كۆردىيۇ، لېكىن، "بىبىگۇلنى چوڭ ئوغلۇمغا تويلۇق ئالمايلا بەرسۇن، ئاندىن بىز قايچا قۇدا بولايلى" دەپ تۇرۇۋالدى. ئەسلىدە، بۇ قوشنىسىنىڭ چوڭ ئوغلى تېخى يېقىندىلا بىبىگۇلنى ئارقا ھويلىدا تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ نومۇسىغا تەگكەنىدى.

بىبىگۇل ئاشۇ ئەرگە تەگكەندىن كېيىنكى ھاياتىدا ئۈچ قېتىملىق ئۇرۇش، بەش قېتىملىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى بېشىدىن كەچۈردى، 13 بالا تۇغدى. مانا ئەمدى چىشلىرى سارغىيىپ، چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بۇ تۇل خوتۇن ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان قولتۇقىغا قىستۇرۇپ يۈرگەن قىزلىرى ساكىرە بىلەن بوبۇرانىمۇ ئەرگە بېرىدىغان بولدى. ساكىرە بىلەن بوبۇرا 30 ياشتىن ئاشقۇچە ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىزلار ئىدى. قىز بالىنىڭ يېشى 30 دىن ئاشقاندا

ئۇنىڭغا كىم قارايدۇ دەيسىز! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىككى قېرى قىزغا نېسىپ بولغان ئەرلەرمۇ ۋاي دەپ كەتكۈچىلىكى قالمىغان بىر نېمىلەر ئىدى. بۈگۈن ئاخشام ساكىرە بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان كىشى ئون بالىسى بار، يېشى 50 تىن ئاشقان قېرى بويتاق ئىدى. بوبۇرا تېگىدىغان ئادەم گەرچە قېرى بويتاقلاردىن بولسىمۇ، لېكىن، بوبۇرانىڭ تەلىيىگە ئۇنىڭ بالىسى يوق ئىدى.

بىبىگۈلنىڭ بۇ ئىككى قىزىنى 30 ياشتىن ئاشقۇچە پوكىنىغا بېسىپ ئولتۇرۇشىدا گەپ بار ئىدى. چۈنكى، ئۇ بوبۇرانى گومۇش، كالۋا بولۇپ قالدى، خەقنىڭ ئۆيىگە بارسىمۇ ئەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ جېنىنى باقالمايدۇ، دەپ قارايتتى. نۇرغۇن تونۇش-بىلىشلەر بىبىگۈلنىڭ بۇ ئىشىدىن ئۇنى قىزلىرىغا ئادالەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ قارىسىمۇ، لېكىن، بىبىگۈل بۇ ئىككى قىزى ھەققىدە ئويلىغانلىرىنى ھەتتا قىزلىرىنىڭ يۈزىچىلا ۋارقىراپ-جارقىراپ دەۋېرەتتى. دېمىسىمۇ، بوبۇرانىڭ ئىككى قولى ئانچە بېجىرىم ئەمەس ئىدى، پۇتلىرىمۇ ئاقسايتتى. شۇڭا بىبىگۈل ھەمىشە: ”ھەي، بۇ ئۆلۈمتۈك ئۆمۈر بويى ئۆي تۇتالمايدۇ!“ دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

بوبۇرا ئالتە ياشقا كىرگەن يىلى تۇيۇقسىزلا قاتتىق ئاغرىپ يېتىپ قالدى. كېيىن ئۇ كېسەلدىن ئامان-ئېسەن ساقىيالىغان بولسىمۇ، لېكىن، قوللىرى ئوبدان تۇتمايدىغان، پۇتلىرى ئاقسايدىغان بولۇپ قالدى. بوبۇرا ئاغرىغاندا دوختۇر ئۇنىڭ نېمە كېسەل بولغانلىقىنى دەپ بېرەلمىدى. لېكىن، بوبۇرانىڭ ئاكىسى: ”بوبۇرا باللار پارالىچى بولۇپ قاپتۇ“ دېگەنىدى، بىبىگۈل: ”قىزىم مۈشتۈمدەك تۇرۇپلا ئىچ ئاغرىقىغا قالغاچقا، مۇشۇ كېسەلنى تېپىۋالدى“ دەپ قارايتتى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە بىبىگۈل بوبۇرانىڭ كېسىلىنى، ئۇنىڭ دادىسىنىڭ سولاققا كىرىپ قالغانلىقىدىن كۆرەتتى. ئەسلىدە بوبۇرانىڭ دادىسى ”ئىشلەۋاتقان يېرىدىن پۇل ئوغرىلاپتۇ“ دېگەن تۆھمەت بىلەن تۇيۇقسىزلا قاماققا ئېلىنغانىدى. بىبىگۈل ئېرىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىگە شاھىت بولۇپ يۈرۈپ، ئۇنى بىرنەچچە ئايدا ئاران دېگەندە قاماقتىن قۇتقۇزۇپ چىقتى. لېكىن، دادىسى تۇتۇلۇپ كەتكەندە تۇيۇقسىز ئاغرىپ قالغان بوبۇرا، كېيىن زادىلا سەللىمازا بولالمىدى.

— دادىسىنى دەپ ئۆمۈرلۈك ئازابقا قالغان قىزىم، — دەپ قويۇيتتى بىبىگۈل.

كېسەل ۋىرۇسى بوبۇرانىڭ چوڭ مېڭىسىگە تەسىر قىلغانلىقتىن، ئۇ بارا-

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



بارا قويغان- تۇتقىنىنى تۇرۇپ- تۇرۇپ ئۇنتۇپ قالدىغان، ئاتا- ئانىسى ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا ياشيالمايدىغان گومۇش باللاردىن بولۇپ قالدى. كىچىك چاغلىرىدا ئۇ ئانىسىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلمايتتى. لېكىن، ئۆزىنىڭ ھېچقانداق ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلمايتتى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى تۇرمۇش ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قالدىمۇ، ھەممە ئۇنىڭدىن بەدەر قاچتى. ھېچكىم ئۇنىڭ ھالىغا يەتمەيتتى. ئۇنى ئادەم قاتاردا كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن ھال- مۇڭ بولىدىغانلارمۇ يوق ئىدى.

ئۇنىڭغا چىش يېرىپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىدىغانلار يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئەمدىلەتىن 31 ياشقا كىرگەن بۇ مەزلۇم قانداقتۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ئوقۇبەتلىرىنى يەتكۈچە تارتىپ ئۇھ دېگۈچىلىكى قالمىغان قېرى خوتۇنلاردەك ناھايىتى مەيۇس ۋە خاموش كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىنىڭ چانقى پىيالىدەك چوڭقۇر ئىدى. ئولتۇرسا ئاستىنقى لېۋى ساڭگىلاپ، ئاغزى يېرىم ئېچىلىپ، خۇددى ئۇگدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. بوبۇرا كەيپى چاغ، ئېسى جايىدا چاغلاردا باشقىلارنىڭ گەپ- سۆزىگە زەن سېلىپمۇ قوياتتى. بىبگۇل قىزى بوبۇرا كۇندۇزلىرى تالا- تۇزگە چىقماي ئۆيدە بولسا، ئاخشىمى ئۆزىنىڭ بېقىندا ئۇخلىسا، شۇنىڭدىن رازى ئىدى. ئولتۇرسا- قوپسا ئويلايدىغىنى كۆزى يۇمۇلغىچە بۇ ئاجىز قىزىغا قارانچۇق بولۇش ئىدى. ئەمما بىبگۇل تۇيۇقسىزلا بۇ نىيىتىدىن يېنىپ قالدى.

بىر كۈنى بىبگۇل، سەھرادىكى سىڭلىسىنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن، پۈركەنجىسىنى ئارتىپ بوبۇرانىڭ قولىدىن يېتىلەپ تالاغا چىقتى ۋە تاكسىدىن بىرنى چاقىردى. بۇرۇنلاردا بولسا ئۇ بۇنچىلىك يەرلەرگە پىيادە كېتىۋېرەتتى. لېكىن، ھازىر قېرىپ قالغاچقا، ئىككى قەدەم ماڭا- ماڭمايلا پۇتلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بىبگۇل بەرنا چاغلىرىنى ئالدىدىن ئاشقىدەك تاماق كۆرمەي ئۆتكۈزگەچكىمۇ ياكى ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان روزىغار تۇتمەن، ئۆزىنىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىرىمەن، دەپ تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق- چۇچۇكىنى بەك جىق كۆرۈپ كەتكەچكىمۇ، گېلىغا ناھايىتى ئامراق ئىدى. شۇڭا ئالدىدىكى داستىخانى قۇرۇتۇۋەتمىگۈچە ئاغزى بېسىقمايتتى.

بۇ پۈركەنجىلىك سېمىز خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان تاكسى شوپۇرى — رەسۇل ئۇلارنىڭ شىرەم تۇغقىنى بولۇپ، رەسۇلنىڭ خوتۇنى بىر نەچچە يىل ئىلگىرى تۇغۇتتا ئۆلۈپ كەتكەنىدى.

— جېنىڭغا ئەسقاتقۇدەك خوتۇنىدىن بىرەرنى تاپمىدىڭمۇ؟ — دەپ

سورىدى بىبىگۇل رەسۇلدىن.

— ياق تېخى!

— خوتۇنۇڭ قازا قىلىپ كېتىپ جاپاغا قالدىڭ، بايقۇش، — دېدى بىبىگۇل رەسۇلغا، — ئىنشائاللاھ بالام، خۇدا بۇيرۇسا پات ئارىدا ئوبدان خوتۇنمۇ چىقىپ قالار.

بىبىگۇل ئائىلىسىدە ۋە بالىلىرى، نەۋرىلىرىدە بولغان يېڭى-يېڭى ئۆزگىرىشلەرنى رەسۇلغا ئېرىنمەي سۆزلەپ بەردى.

رەسۇلمۇ بىبىگۇلنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندى. شۇڭا ئۇ بىر ھەپتىدىن كېيىن بوبۇرانى نىكاھىغا ئېلىش نىيىتىدە ئاچىسنى بىبىگۇلنىڭ ئالدىغا ئەلچىلىككە ئەۋەتتى.

— ئىنشائاللاھ بۇلارنىڭ رىزىقى قوشۇلغان بولسا، نىكاھتىن كېيىن، خۇدا بۇيرىسا چىقىشىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى بىبىگۇل.

شۇنداق قىلىپ بىبىگۇل رەسۇلنىڭ تەلىپىگە ناھايىتى تېزلا قوشۇلدى. قىزىغا لايىق چىققىنىغا خۇش بولۇپ، ئۇنى ھېچقانداق تويلۇق ئالمايلا تالالىق قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئاتا-ئانىلار قىزىغا كىرگەن ئەلچىگە ھېچ ئىككىلەنمەيلا ماقۇل جاۋابىنى بېرىدۇ. "قىزى بارنىڭ نازى بار" دېگەندەك، ئادەتتە قىزى بويىغا يەتكەن ئاتا-ئانىلار كىرگەن ئەلچىگە ۋاقتىدا جاۋابىنى بەرمەي، "ئاقلەي-كۆكلەي" دەپ ئارقىغا سۆرەيدۇ؛ بۇنىڭ بىلەن ئوغۇل تەرەپ قايتا-قايتا داستىخان كۆتۈرۈپ كېلىپ يېلىنىدۇ، يالۋۇرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا تويى بولىدىغان قىز ئەتىۋارلىق، بوغجۇملۇق بولىدۇ. لېكىن، بوبۇراغا ئۇنداق قەدىر-قىممەت نېسىپ بولمىغانىدى، ھەتتا رەسۇل ئۇنىڭغا سۆيۈنچە ئورنىدا بىرەر ياغلىقمۇ بەرمىدى.

بوبۇرا بولۇنۇۋاتقان گەپلەر ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىزدەك، كۆزلىرىنى ئاسمانغا تىككىنچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. لېكىن، ئۇنىڭ سىڭلىسى — ساكىرە چوڭلار قىلىشىۋاتقان گەپلەرنى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. بۇ ئاچا-سىڭىل ئىككىسىنىڭ مىجەزى پەقەتلا ئوخشىمايتتى. ساكىرە ئۆزى چەبدەس، چاقماقتەك گەپ قىلىدىغان قىز بولغاچقا، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى. ئۇ ھەم ئەقىللىق ھەم تولغان ۋە چىرايلىق مەزلۇم بولۇپ، ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە تويۇنغان شېرىن تۇيغۇلار ئىچىدە ياشايتتى. ساكىرەدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئافغانىستان ئاياللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ناھايىتى مۇھىم بايلىق ھېسابلىناتتى.

ساكىرە ئون نەچچە ياش ۋاقتىدىن تارتىپ ھازىرغىچە بولغان 15 يىل مابەينىدە، ئۆزىنى تاما تارتىپ كەلگەن نۇرغۇن ئەلچىلەرنى كۆردى. ئۇ بۇلۇڭدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، ئانىسى بىلەن ئاكىسىنىڭ كەلگەن ئەلچى بىلەن ئۆزى توغرۇلۇق باھا تالىشىپ سودىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلايتتى.

ساكىرە دىمىغى ئۈستۈن قىزلاردىن ئىدى. شۇڭا بىبىگۈل ساكىرەنى كېلىن قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئەلچىلىككە كەلگەن ئائىلىلەرنى، ئۇ مەيلى باي بولسۇن ياكى يوقسۇل بولسۇن، “بولمايدۇ” دەپلا يولغا سالاتتى. قىسقىسى، ساكىرەنىڭ توي ئىشى بىبىگۈلنىڭ ئائىلىسىدە ئېتىبارسىز قېلىۋەردى، ئەمما بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىشكىمۇ بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ساكىرەگە چىققان لايىقلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن ساۋادسىزلار ئىدى. لېكىن، ساكىرە بولسا، مەكتەپ پۈتكۈزۈپ سالاھىيەتنامە ئالغان مۇئەللىمە ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ بىبىگۈل رەت قىلغانسېرى ساكىرەگە كۆيىدىغان يىگىتلەرنىڭ ئائىلىرى ئەلچىلىككە كېلىۋېرىپ، ئۇلارنىڭ بوسۇغىسىنى ئېشىۋېتەيلا دەپ قالدى. بىبىگۈل ئۇلارنىڭ ھەرقانداقىدىن: “قىزىمنىڭ تويىدىن كېيىن خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىشىگە قوشۇلامسىلەر؟” دەپ سورايتتى.

لېكىن، بۇ تەلەپنى ساكىرەگە چىققان لايىقلارنىڭ بىرەرسىمۇ قوبۇل كۆرمىدى. شۇنىڭ بىلەن ساكىرە ئولتۇرۇپ قېلىۋەردى.

ساكىرە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كۈرەش ئەۋجىگە چىققان چاغلاردا، تۇنجى قېتىم ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتى. ئۇ ئىشلەيدىغان مەكتەپ كابۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان دېھقۇدەيداد كەنتىدە ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى 20-ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا خاس مودا بويىچە پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق توپلەي، ئۈچىسىغا تىزىنى بېسىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك كىيىپ، مەكتىپىگە ماڭاتتى. ئۇ ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا ئوق، بومبا دېگەنلەردىن ئامان-ئېسەن ئۆتتىيۇ، لېكىن، مۇھەببەت دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ ئۇقماي قالدى.

يامان يېرى، ساكىرەنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان مەھمۇد دېگەن كىشى، خوتۇنى ۋە ئۈچ بالىسى بار ئادەم ئىدى. مەھمۇدنىڭ خوتۇنى ئۆزىدىن ئۈچ ياش چوڭ بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدە ئاتا-ئانىسىنىڭ زورى بىلەنلا توي قىلغانىدى. تۇنجى كۆرۈپلا بىر-بىرىگە كۆيۈپ قېلىشقان مەھمۇد بىلەن ساكىرەنىڭ ئىچ پەش تارتىشىپ يۈرگەنلىكىنى خىزمەتداشلىرىدىن ھېچكىم ئۇقمايتتى. ئۇلار باشقىلاردىن خۇپىيانە بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا كۆرۈشەتتى ياكى تۇگمەس شېرىن-

شىكەر سۆزلىرىنى تېلېفوندا دېيىشەتتى. بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇق ئاخىر مەسلىھەتنى پىشۇرغانمۇ بولدى. مەھمۇد ساكىرەنى توقاللىققا ئېلىش نىيتىگە كەلدى.

لېكىن، مەھمۇد بىبىگۈلنىڭ ئالدىغا "قىزلىرىنى بەرسىلە" دەپ بارالمايتتى. قائىدە بويىچە مەھمۇدنىڭ ئانىسى ياكى ئاچا-سىڭىللىرى ئەلچى بولۇشى كېرەك ئىدى.

— ئاچا-سىڭىللىرىم بۇ ئىشمىغا ھەرگىز ياردەم قىلمايدۇ، — دېدى مەھمۇد ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، — ئانام تېخىمۇ شۇنداق!

مەھمۇد، بىبىگۈلنى پەقەت ساكىرە ئۆزىلا قايىل قىلالايدۇ، دەپ ئويلىغاندى، شۇڭا ئۇ ساكىرەگە مۇنداق مەسلىھەت كۆرسەتتى:

— ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆزىڭىزنى يوقىتىپ قويايلا دېگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، 'ناۋادا مەھمۇدقا ياتلىق بولمىسام ئۆلۈۋالىمەن' دەپ قورقۇنچ سېلىڭ، ئۆزىڭىزنى يەرگە ئېتىپ يىغلاڭ، قاقشاڭ؛ شۇنداق قىلسىڭىز ئانىڭىز سىزنى 'مەستانىلىقتا بىرەر ئىش تېرىپ قويمىسۇن' دەپ ئەنسىرەپ، ماقۇل دەپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

لېكىن، ساكىرەدە ئۇنداق ئاللا-توۋا كۆتۈرۈپ خەقنى قورقىتالايدىغان جۈرئەت يوق ئىدى، ماھمۇدمۇ بۇ ئىشنى ئۆيدىكى ئايال زاتىدىن بىرەرسىگە چىش يېرىپ دەپ بېقىشقا پېتىنالمىدى؛ ئۇ خوتۇنىنىڭ ئالدىدا ساكىرەنى بىرەر قېتىممۇ تىلغا ئالالمىدى. ساكىرە ئانىسىغا چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ، خېلى يالۋۇرۇپ باقتى. لېكىن، بىبىگۈل ساكىرەنىڭ گەپلىرىنى ئەمەلگە ئاشمايدىغان چاقچاق، دەپلا بىلدى. چۈنكى، ساكىرەنىڭ "ئۈچ بالىسى بار بىرىگە تېگىمەن" دېيىشى، بىبىگۈلنىڭ نەزىرىدە ئۇچىغا چىققان ئەخمىقانىلىق ئىدى.

مەھمۇد بىلەن ساكىرە دېھقۇدەيداد مەكتىپىدە توپتوغرا تۆت يىل مۇھەببەتلەشتى. كېيىن مەھمۇدنى باشقا بىر يەرگە ئۆستۈرۈپ يۆتكەپ كېتىشتى. مەھمۇدنىڭ بۇنداق قارارنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، تېلېفون مەھمۇد بىلەن ساكىرەنى باغلاپ تۇرىدىغان ئۈزۈلمەس رىشتىگە ئايلاندى. جۇدالىق ئازابى ساكىرەنى قىينايتتى، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس-يادى مەھمۇدتا — ئۆزى كۆڭۈل بەرگەن ئاشۇ كىشىدە ئىدى.

لېكىن، ساكىرە بۇ دەردلىرىنى كىمگىمۇ دېيەلىسۇن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىز بالا "خوتۇن-بالىلىرى بار بىر ئەر كىشىگە كۆيۈپ قاپتۇدەك" دېگەن ئاتاققا قالسا يۈزى تۆكۈلىدۇ-دە!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېيىن ئافغانىستاندا ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپلەر تاقالدى، ساكىرەمۇ جان ساقلاش ئۈچۈن پاكىستانغا قېچىپ بېرىۋالدى، ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن، تالىبانلار ھاكىمىيەتنى قولغا ئالدى، كابۇل ئوق-بومبىلارنىڭ گۈمبۈرلەشلىرى توختىغان ئارامخۇدا كۈنلەرگە ئاخىر ئۇلاشتى، لېكىن، ساكىرە ئىشلىگەن مەكتەپ، ئوقۇتۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرەلمىدى، قىزلار مەكتىپىنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي تاقۋېتىلدى، بۇنىڭ بىلەن ساكىرەمۇ ئافغانىستاندىكى باشقا ئاياللارغا ئوخشاش، بىر كېچىدىلا ئىشسىز قالدى، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدىغان ئايال ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى خىزمىتىدىن مەھرۇم قالدى، كابۇلدا ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى ئاياللار ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئورنىغا سەپلىگۈدەك ئۇنچىۋالا كۆپ ئەر ئوقۇتقۇچىلار بولمىغاچقا، ھەتتا ئوغۇللار مەكتەپلىرىمۇ مەجبۇرىي تاقۋېتىلدى.

ھەش-پەش دېگۈچە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە كابۇلدىكى تېلېفون سىملىرى پۈتۈنلەي ئۈزۈۋېتىلگەچكە، مەھمۇد بىلەن ساكىرەنىڭ خۇپىيانە ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلۈپ قالدى، ساكىرە ئۆيدىكى مەزلۇملارغا ئوخشاش، ئۆيدىن چىقماي پۈركىنىپ ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ تالا-تۈزگە چىقىشى، خىزمەت قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنمايتتى، شۇنداق قىلىپ، ساكىرەنىڭ ھاياتى ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى يوقاتتى، ئۇنىڭ يېشىمۇ 30 غا تاقاپ قالدى، ئۇنى ئىچ پەش تارتىپ كېلىدىغان ئەلچىلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلدى.

تالىبانلار ھاكىمىيەت باشقۇرغىنىغا بەش يىل بولاي دېگەندە، بىر كۈنى سۇلتانالارنىڭ شىرەم تۇغقىنى — ۋەكىلنىڭ ئاچىسى، ساكىرەنى ئىنىسىغا سايە قىلىپ، بىبىگۇلنىڭ يېنىغا ئەلچىلىككە كەلدى.

— ئىنىمنىڭ خوتۇنى تۇيۇقسىزلا قازا قىلىپ كېتىپ، باللىرى ئانىسىدىن ئايرىلغان چۆجىلەردەكلا بويۇن قىسىپ قالدى، — دەپ گەپ باشلىدى ۋەكىلنىڭ ئاچىسى، — ئىنىم بەكمۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم دېسىلە، قول ئىلكىدىمۇ يوق ئەمەس، بار؛ ھەربىيلىككە بارمىغان، كىشىنىڭ ھەققىگە قارا ساناپ باقمىغان خۇدانىڭ مۆمىنى، ئۆزى گۇسمەستەك تىمەن ئادەم؛ ھەي، نېمىسىنى دەيلا ...، ئىنىمنىڭ خوتۇنى تويۇقسىزلا ئېلىشىپ قالدى، بىزنىمۇ تونۇمايدۇ، باللىرىغا يەۋەتكۈدەكلا ئۆچ بولۇپ كەتتى ...، شۇنداق قىلىپ ئۇزۇنغا بارماي قازا قىلدى رەھمەتلىك...، ياتقان يېرى جەننەتتە بولغاي! ...

ئۇنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ۋەكىلنىڭ خوتۇنى قازا قىلىپ ئۆيىنىڭ چىرىغى ئۆچكەندىن كېيىن، بالىلىرى يېتىمچىلىكتە كۆرمىگەننى كۆرۈۋېتىپتۇ. بىبىگۈل بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئويلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرىدىغانلىقنى ئېيتىپ، ئەلچىنى يولغا سالدى ۋە ئۇرۇق-تۇغقان ۋە دوست-بۇرادەرلىرىدىن ۋەكىلنىڭ ئەھۋالىنى ئۇقۇپ باقتى. ئۇلارمۇ ۋەكىلنى: "ھەم ئىشچان، ھەم سەممىي ئادەم" دەپ ماختاشتى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ساكىرەنىڭ يېشىغا بېرىپ قالغان قىزلارنىڭ توي قىلغاندىن كېيىن بالا تۇغمىقى ئىنتايىن خەتەرلىك ئىش ئىدى.

— قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ پېشانىسىگە، — دەيتتى بىبىگۈل تونۇش-بىلىشلىرىگە. — ساكىرەنىڭ تالالىق بولىدىغان ۋاقتى كەلدى.

بىبىگۈل: "تالىبانلار بەرىبىر ئاياللارنى خىزمەت قىلدۇرمايدۇ" دەپ ئويلاپ قالدىمۇ، ۋەكىلنىڭ ئاچىسىدىن: "قىزىمنىڭ تويىدىن كېيىن خىزمىتىنى داۋاملىق ئىشلىشىگە قوشۇلامسىلەر؟" دېگەن كونا سوئالنى سورىمىدى.

لېكىن، ساكىرە ئانىسىغا: "ئۇ ئادەم ئۆزى كەلگەن بولسا، مەن كۆرۈپ باقسام" دەپ يېلىندى. چۈنكى، نىكاھ ئىشى ئاتا-ئانىلار بىر ياقلىق قىلىدىغان ئۆمۈر سودىسى بولسىمۇ، ئەمما، ساكىرە ئۆزىنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇۋاتقان ئەللىك ياشلاردىكى بۇ ئادەمنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقماقچى بولدى.

لېكىن، ۋەكىل قارا ماشىنا شوپۇرى بولغاچقا، كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆيدە بولالمايتتى. شۇڭا ئىككىنچى قېتىممۇ يەنە ئاچىسىنى ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ۋەكىل ساكىرە بىلەن يۈز كۆرۈشۈشكە ھېچبىر ۋاقىت چىقىرالمىدى. بۇنىڭ بىلەن ساكىرەگە چاي ئىچكۈزىدىغان ئىشمۇ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋەردى. ئاڭغىچە "11-سېنتەبىر" ۋەقەسى يۈز بەردى. سۇلتان بىرەر بالا-قازاغا ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، ئاچا-سىڭىللىرى ۋە باللىرىنى ئېلىپلا پاكىستانغا قېچىپ كېلىشۋالدى. قىزىرىشقاندەك، ۋەكىلمۇ دەل ئاشۇ چاغدا ساكىرە بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەنىدى.

— ئالدى بىلەن جاھان تىنچىسۇن، — دېدى ساكىرەنىڭ ئۆيىدىكىلىرى، — ئۇنىڭ بىلەن بىز پاكىستاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئوبدانراق مۇڭدىشارمىز.

ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تالىبانلار كابۇلدىن قوغلاپ چىقىرىلدى، سۇلتانلارمۇ پاكىستاندىن قايتىپ كەلدى. لېكىن، ساكىرەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەكتەپنى ئوقۇش باشلايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، بىر كۈنى ۋەكىل ئاخىر بىبىگۈلنىڭ ئۆيىگە كەلدى، بىبىگۈل "قىزىمنىڭ تويىدىن كېيىن خىزمەتنى داۋاملىق ئىشلىشىگە قوشۇلامسىلەر؟" دېگەن ھېلىقى كونا سوئالنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەنىدى.

ۋەكىلنىڭ ئۆيدىكىلەر بىلەن تويىنىڭ ۋاقتى ھەققىدە قىلىشىۋاتقان گەپلىرى، بۇلۇڭدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىدا ئۈن-تىنسىز ئولتۇرغان ساكىرەنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى، قىزىق يېرى، سىلىنچىنىڭ ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان تۆتەيلەن، ۋەكىل بىلەن ساكىرەنىڭ كۆرۈشۈپ پاراڭلىشىپ بېقىشىغۇ ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا بىر-بىرىگە كۆز تاشلاپمۇ باقمىغانلىقى بىلەن پەرۋايى پەلەك، ئۇلارنىڭ توي ئىشنى بېكىتىپ بولدى.

ۋەكىل ساكىرەگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ باقتى، ساكىرە بولسا كۆزلىرىنى ئۇدۇل تەرەپتىكى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە پەرۋاسىز ئولتۇراتتى.

— ئاللاھ ئىگەمنىڭ ماڭا ساكىرەنى نېسىپ قىلغىنىغا مىڭ قەتلى شۈكۈر، — دېدى ۋەكىل سۈلتانىغا، ئۇنىڭ كۆز نۇرى ھېلىدىن ھېلىغا ساكىرە تەرەپكە ئۇچاتتى.

كېچىلىك تىنتىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، توي مەسلىھەتىگە كەلگەن ئىككى ئەر كىشى ئىشتىك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تالاغا چىقتى-دە، تۈن قاراڭغۇسى ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولدى، بايىقى ئىككى ئەر كىشى ئۇزاپ ماڭغاندا ئۇلارغا بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمىغان ساكىرە بىلەن بوبۇرا تورۇسقا تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى، بوبۇرا "ئۇھ" دەپ ئېغىر خورسىنغاچ ئورنىدىن تۇردى، شۇنداق، بۈگۈنكىدەك بەخت قۇشى بۇ ئاي-بۇ كۈنلەردە بوبۇرانىڭ پېشانىسىگە قونىدىغاندەك ئەمەس، رەسۇل تويغا يېتەرلىك پۇل تاپقۇچە بوبۇرا يەنە بىر نەچچە يىل كۈتۈشى كېرەك، لېكىن، بىر قارىسا، بوبۇرا بۇ ئىشنى بەك ئېغىر ئېلىپ كەتمىگەندەكمۇ كۆرۈنەتتى، ئۇ يېنىدىكى ئوتۇننى مەشكە سالغاچ خاموش ئولتۇراتتى؛ باشقىلارمۇ گويا بۇ دۇنيادا ئۇنىڭدەك مەزلۇم ئەسلا مەۋجۇت ئەمەستەك، ئۇنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايتتى، بوبۇرا بىردەمدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۈندىكى ئادىتى بويىچە قاچا-قۇمۇچلارنى يۇيۇش ئۈچۈن، ئاقسىغىنىچە دالانغا قاراپ ماڭدى.

ساكىرە سىڭىللىرى يېنىدىن ئۆتۈۋىدى، خىجىللىق ئىچىدە يەرگە قارىۋالدى.

— ئۈچ ھەپتىلا قاپتۇ، توي تەييارلىقىغا تېزراق تۇتۇش قىلىڭ، ئاچا!

— ۋىيەي، راستىنلا يېتىشەلمىگۈدەكمەن! — دېدى ساكىرە غۇدۇڭشۇپ تۇرۇپ، دېمىسىمۇ، يۇرۇشلۇك توي كىيىمىنىڭ رەختىنى تاللاپ قويغىنى بىلەن، ئۇنى ماشىنچى تىكى قولىغا ئېلىپ باقمىنى يوق، پۈتۈن يۇرۇشلۇك توي كىيىمى، كارىۋات ياپقۇچ، فارفۇر قاچا-قۇچا دېگەنلەرچۇ تېخى؟ ۋەكىل تۇتقان ئۆيى بار بوياق بولغاچقا، لازىمەتلىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تەق، دېگەن گەپ، لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن بۇ توي ئۈچۈنمۇ ئاز-تولا تەييارلىق قىلمىسا بولمايدۇ-دە!

ساكىرەنىڭ كۆڭلى يېرىم ئىدى،

— ئېگىز بويلۇق، كېلىشكەن ئەرلەرنى خىيال قىلىپ كېتەتتىم تېخى، — دېدى ساكىرە سىڭلىسىغا ھەسرەت بىلەن، — بۇ ئادەمنىڭ بويىنىڭ پاكارلىقىنى دېمەمدىغان قېرىشقاندەك، چاچلىرىمۇ چۈشۈپ پايىنەكۋاش بولۇپ كېتىپتۇ...، ھەي، بىر نەچچە ياش كىچىك بولغان بولسىچۇ، كاشكى! ھە راست، ئۇ مېنى بوزەك قىلسىچۇ، پىت ئۇچەيلىك قىلىپ مېنى ئۆيدىن تالاغا چىقارمىسا ھەتتا بۇ ئۆيگىمۇ كەلگىلى قويمىسىچۇ، مېنى ئۇرۇپ دۇمبالىسىچۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ — گاڭگىراپ قېلىۋاتقان ساكىرە كۆزلىرىنى سىڭىللىرىغا تىكتى، لېكىن، ئۇلارمۇ ئادەمنى ئەندىشىگە سالىدىغان ئاشۇ خىياللاردا بولغاچقا، ئاچىسىنىڭ كۆڭلى تەسەللىي تاپقۇدەك بىر نېمە دېيەلمىدى،

بۇنىڭ بىلەن ساكىرە ۋە سىڭىللىرى قانداقتۇ بۇ تويىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئەنسىرەشكە باشلىدى،

— ئاغزىڭنى يۇمۇش، — دېدى بىبىگۈل ئۇلارغا ۋارقىراپ، — نېمە دېيىشىۋاتىسەن، ۋەكىلدەك ئەرگە تېگەلىسە بەختى ئېچىلىدۇ، بۇنىڭ!

چاي ئىچكۈزۈلۈپ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ساكىرەنىڭ سىڭلىسى مەريەم ساكىرە بىلەن ۋەكىلنى ئۇچراشتۇرۇش ئۈچۈن سورۇن تەييارلىدى، مەريەم بۇ يىل 29 ياش بولۇپ، ئىككى قېتىم ياتلىق بولدى، لېكىن، ئېرى ئىچكى ئۇرۇشتا ئۆلۈپ كەتتى، مانا، ئۇنىڭ بەشىنچى بالىسىمۇ تۇغۇلۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ،

مەريەم ھۇجرىسىدىكى پولنىڭ ئۈستىگىلا ئۇزۇن داستىخاننى سالدى، ۋەكىل بىلەن ساكىرە داستىخاننىڭ بىر تەرىپىگە كېلىپ ئولتۇردى، سۇلتان بىلەن بىبىگۈل بۇ سورۇنغا كەلمىگەنىدى، ۋەكىل بىلەن ساكىرە يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغانلاردىن بولسىمۇ، لېكىن، ھازىرچە چوڭلارنىڭ ئالدىدا بىر-بىرىگە قاراپ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتسە بولمايتتى، لېكىن، شۇنداقتىمۇ ساكىرەنىڭ ئىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ـ سىڭىللىرى كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنى ئارىغا ئېلىپلا ئولتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسى، ئۇلارنىڭ قىلىشىۋاتقان گەپلىرىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتقان بۇ ئىنى ـ سىڭىللەرنى كۆرمىگەنگە سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۇسۇرلىشىپ قىلىشىۋاتقىنى قانداقتۇ ئىشق ـ مۇھەببەت سۆزلىرى ئەمەس، ئادەتتىكى گەپلەر ئىدى. ساكىرە نۇرغۇن گەپلەرگە "ھەئە" ياكى "ياق" دەپ جاۋاب بېرىپلا يەرگە قاراپ جىم ئولتۇراتتى. چۈنكى، شۇ يەرنىڭ يوسۇنىدا تالالىق بولىدىغان قىز رەسمىي توي قىلىپ ئەرنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ بولغۇچە، بولغۇسى ئېرىگە تىكىلىپ قارىسا بولمايتتى. لېكىن، ۋەكىل قانداقتۇ ساكىرەگە يېۋەتكۈدەك تىكىلىپ ئولتۇراتتى.

— ئولتۇرسام ـ قوپسام خىيالىم سىزدىلا، — دېدى ۋەكىل ساكىرەگە، — يەنە ئىككى ھەپتىدىن كېيىن سىزنى نىكاھلاپ ئەمرىمگە ئالىمەن ...، ھەي، مەن ...، بەكلا ئالدىراپ كېتىۋاتىمەن، — ۋەكىلنىڭ بۇ گەپلىرى، كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ئولتۇرغان ساكىرەنىڭ يۈزىنى شەلپەردەك قىزارتىۋەتتى.

— كېچىلىرى سىزنى ئويلاپ ئۇخلىيالمايۋاتىمەن، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ۋەكىل، لېكىن، ساكىرە مىت قىلىپ قويماي جىم ئولتۇرۇۋالدى. ۋەكىل ساكىرەدىن يەنە سورىدى:

— سىزچۇ؟ سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز؟

ساكىرە گەپكە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، ئىختىيارسىزلا داستىخانغا قول ئۇزاتتى.

— ئويلاپ بېقىڭە ساكىرە، ئىككىمىز توي قىلغاندىن كېيىن مەن ھەركۈنى كەچتە قايتىپ بارغۇچە سىز ئاش ـ تاماقنى ئېتىپ مېنى كۈتۈپ تۇرىسىز، — دېدى ۋەكىل ھاياجان بىلەن، — خۇدا بۇيرۇسا يالغۇزلۇقتا ئۆتىدىغان زېرىكىشلىك كۈنلىرىم ئاخىرلىشىدىغان بولدى.

باياتىن بېرى "لام" دەپ ئېغىز ئاچماي جىم ئولتۇرغان ساكىرە تۇيۇقسىزلا غەيرىتىگە ئېلىپ گەپ تەشتى:

— تويدىن كېيىن خىزمىتىمنى داۋاملىق ئىشلىسەم بولارمۇ؟

— ھە، بۇ...، بولىدۇ ...، ناۋادا خىزمەتتىن كۆڭلىڭىز خۇش بولىدىغان ئىش بولسا، بۇنىڭ كارى چاغلىقكەنغۇ؟ ئۆيىنىڭ، باللارنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالىسىڭىزلا خىزمىتىڭىزنى ئىشلىسىڭىز مەيلى.

ساكىرە ۋەكىلنىڭ بۇ گەپلىرىگە دېگەندەك ئىشىنىپ كەتمىدى. ئۇ،

ھازىرچە ئۇنداق دەپ قويغىنى بىلەن تويىنى قىلىپ ئۆيگە ئەكىرىۋالغاندىن كېيىنلا يۈز ئۆرۈيدۇ تايىنلىق، دەپ ئويلايتتى.

ۋەكىل بىشدىكى خورمىرەڭ پاكول تەقىيىسىنى ئالدى. بۇ، شىماللىقلار ئىنتىپاقىنىڭ قەتلى قىلىنغان رەھبىرى ئەھمەد شاھ مەسئۇدنى قوللايدىغانلار بەلگە ئورنىدا كىيدىغان تەقىيە ئىدى.

— ۋىيي، تەقىيلىرىنى ئېلىۋەتسىلە تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدىكەنلا، — دېدى ساكىرە تۇمشۇقلىرىنى ئۈچلاپ، — چاچلىرىمۇ قالمىغانىكەن-دە!

ۋەكىل ساكىرەنىڭ بۇ گەپلىرىدىن سەل-پەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئەمما، ئۇ بولغۇسى خوتۇنىنىڭ بۇ زەھەردەك گەپلىرىنى پەرۋايىغا ئالماي، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

كېيىن ئۇ ئىككىسى بىللە بازارغا چىقتى ۋە تويتوغرا بىر كونا بازار ئايلىنىپ يۈرۈپ، تويغا لازىملىق نەرسىلەر بىلەن ئىككى تەرەپنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا بېرىلىدىغان سوۋغاتلىق سېتىۋالدى. ۋەكىل بۇ نەرسىلەرنىڭ بىر قىسمىنى ھەشقاللا ئېيتىش يۈزىسىدىن ساكىرەنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە تارتۇق قىلماقچى ئىدى. ساكىرە قازان دەمدۇ، سايلىق دەمدۇ، قىڭراق دەمدۇ، مىتال قاچا-قۇچا دەمدۇ، كارىۋات يايقۇچ دەمدۇ، لۆڭگە، ۋەكىل بىلەن رەسۇلغا كىيىملىك رەخت دەمدۇ...، ۋاي-ۋۇي، ئىشقىلىپ ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى تاللايتتى. ۋەكىل بولسا ئىككى بېقىنىغا قارىماي پۇل چىقىراتتى.

ساكىرە بوبۇرانىڭ بولغۇسى ئېرى — رەسۇلغا ئېلىپ بېرىدىغان كىيىملىك رەختنىڭ رەڭگىنى رەسۇلنىڭ ئۆزىگە تاللىتىشقا ۋەدە قىلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋەكىلگە ئىككى كىيىملىك رەخت ئېلىشنى ئېيتتى.

— رەڭگىچۇ؟

— بىرىنىڭ كۆك، بىرىنىڭ خورمىرەڭ بولسۇن.

— قايسىسى مېنىڭكى؟

— ۋايتاڭەي، ئىشقىلىپ ئالدى بىلەن رەسۇل تاللىۋالسۇن.

— نېمە؟ — ۋەكىل ھەيران قالدى، — مەن سىزنىڭ ئېرىڭىز تۇرسام نېمىشقا ئالدى بىلەن مەن تاللىماي رەسۇل تاللىغۇدەك؟

— ھە مەيلى ئەمىسە، سىلى بالدۇر تاللىۋالسىلا، — دېدى ساكىرە كۆزلىرىنى ئۇدۇل تەرەپتىكى بىر نۇقتىغا مىختەك تىكىپ تۇرۇپ، — ئەمما، ھەر ئىككىسىنىڭ رەڭگى بولىدىكەن.

ۋەكىل تاماكىدىن بىرنى ئېلىپ تۇتاشتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ۋىيي، تاماكىنىڭ ئىسنى پۇرىسام بېشىم قايىدۇ، — دېدى ساكىرە،
— شۇڭا تاماكا چەككەن ئادەمگىمۇ ئۆچلۈكۈم كېلىدۇ. ئەگەر تاماكىنى تاشلىمىسىلا سىلىگىمۇ ئۆچ بولۇپ قالىمەن، جۇمۇسىلا!

ساكىرە بۇ گەپلەرنى ھەممە ئادەم ئاڭلىغۇدەك قىلىپ ئۈنلۈك ئېيتتى.

— ھەي، بۇنى چېكىپ كۆنۈپ قاپتىمەن، — دېدى ۋەكىل سەل-پەل ئوڭايسىزلىنىپ. — تاشلىمىقىم تەس جۇمۇلۇق!

— ئىش قىلىپ تاماكىنىڭ ئىسى بۇرنۇمغا بەكمۇ سېسىق پۇرايدۇ، — دېدى ساكىرە.

— ئەدەپ بىلەن گەپ قىلىسىڭىزچۇ، — دېدى ۋەكىل. لېكىن، ساكىرە ياندۇرۇپ بىر نېمە دېمىدى.

— سىز پۈركەنجە ئارتىپ يۈرۈشىڭىز كېرەك، — دېدى ۋەكىل ساكىرەگە دوق قىلغاندەك، — پۈركەنجە دېگەن ئاياللارنىڭ زىننىتى. ئادەتتە ئۆزىڭىز خالىغان كىيىملەرنى كىيىپ يۈرۈۋېرىڭ، بىراق، سىرتلارغا چىققاندا پۈركەنجە ئارتمىسىڭىز مەن خاپا بولۇپ قالىمەن. مېنى خاپا قىلىپ قويىغىڭىز يوقتۇ؟ — ۋەكىلنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى بىر خىل تەھدىتتەك ئاڭلىنىپ كەتتى.

— ناۋادا كابۇل جەمئىيىتى ئانچە-مۇنچە تەرەققىي قىلىپ، ئاياللار مەدەنىي كىيىملەرنى كىيسە، مەنمۇ كىيىمەن، — دېدى ساكىرە.

— مېنىڭچە سىز ئۇنداق كىيىملەرنى كىيمەسلىكىڭىز كېرەك ساكىرە، مېنى خاپا بولسۇن، دېمەيدىغانسىز؟

ساكىرە ئۈندىمىدى.

ۋەكىل يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، يول خېتىگە چاپلاش ئۈچۈن چۈشكەن سۈرىتىدىن بىر نەچچىنى ئالدى ۋە سۈرەتكە سىنچىلاپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن بىر پارچىسىنى ئېلىپ ساكىرەگە بەردى:

— بۇنى سىزگە بېرەي، بەدىنىڭىزگە تېگىپ تۇرىدىغان كىيىمىڭىزنىڭ يانچۇقىدا ساقلارسىز، — ساكىرە ۋەكىلگە قاراپمۇ قويماي، ئۇنىڭ قولىدىكى سۈرەتنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئالدى.

كېچىلىك تىنىش ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ۋەكىل قايتماقچى بولۇپ، ساكىرەدىن يەنە قانچىلىك پۇل لازىم ئىكەنلىكىنى سورىدى. ساكىرە لازىملىق پۇلنىڭ سانىنى دەپ بەردى. ۋەكىل قايتا-قايتا ھېسابلاپ، بارماقلاپ ساناپ كۆرگەندىن كېيىن، يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇلنى چىقاردى ۋە ئۇنىڭدىن ئازراق پۇلنى ئايرىپ ئېلىپ ساكىرەگە بەردى.

— يېتەمدۇ؟

ساكىرە بېشىنى لىڭشىتتى، ئۇلار خوشلىشىپ بولغان بولغاچقا، ۋەكىل پۇلنى ساكىرەگە بېرىپلا ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭدى، ساكىرە قايتىپ كىرىپ قىزىل سىپىلىنچىغا ئۆزىنى تاشلىدى، ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ تۇرۇپ، داستىخاندىكى گۆشتىن بىر نەچچە كېسىم ئېلىپ يېدى، ساكىرە توي قىلىپ ۋەكىلنىڭ ئەمرىگە ئۆتۈپ بولغۇچە، ئۇنىڭغا ئانچە قاپاق ئاچماي، ئۆزىنى قاچۇرۇپراق تۇرۇش نىيىتىگە كەلدى، ئۇنىڭچە بولغاندا، ئاشۇنداق قىلسا ئۆزىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغان قوۋم-قېرىنداشلىرىنىڭ كۆڭلىگە ئانچە-مۇنچە تەسەللى بولاتتى،

— قانداق؟ ئۇ ئادەم بولامدىكەن؟ — دەپ سورىدى ساكىرەنىڭ سىڭلىسى مەريەم،

— ھەي، نېمە دېسەم بولار؟ بىر ئۆيلىسام بولىدىغاندەك، يەنە بىر ئۆيلىسام بولمايدىغاندەك...

— ئۇنىڭغا كۆڭلىڭىز چۈشىدىغاندەكمۇ؟

— ھە...، ھىم ...

— "ھە، ھىم" دېگىنىڭىز نېمىسى ئەمدى؟

— "ھە، ھىم" دېگىنىم شۇ، — دېدى ساكىرە، — ھەي، كۆڭلۈم چۈشىدۇ دېسەممۇ بولىدۇ، چۈشمەيدۇ دېسەممۇ بولىدۇ، ئۇ سەل-پەل ياشراق، قاملاشقانراق بولغان بولسىچۇ، ئېست...، — ساكىرە خۇددى بىرەر ئىشتىن قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن كىچىك بالىدەك تۇمشۇقىنى پۇرۇشتۇردى،

— كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، ئۆپكەم ئۆرۈلۈپلا تۇرىدۇ، — دېدى ساكىرە، — قىز بالا يارىلىپ قالغىنىمغا پۇشايمانمۇ قىلىمەن ...، ئۆيدىن ئايرىلىدىغانلىقىمنى ئويلىساملا يىغا يامىشىدۇ، تۇرۇپلا ئەنسىرەپ كېتىمەن: ئۇ مېنى ئەمرىگە ئېلىۋېلىپلا ئۆيگە كەلگىنى قويمىسا، خىزمەتتىن توسسا، قانداق قىلارمەن؟ مېنى ئۆيگە سولاپ قويسىچۇ؟ ...

پولدىكى قارا چىراغنىڭ پىلىكى "چىرس-چىرس" قىلىپ كۆيۈۋاتاتتى، بايىقى گەپلەرنى بولغۇسى بەختسىزلىكتىن بېشارەت دەپ بىلگەن ساكىرەنىڭ سىڭىللىرى جىمپىلا كەتتى، ئۇلارنىمۇ ئېھتىمال ئاچىسىنىڭكىگە ئوخشاش تەقدىر كۈتۈپ تۇرىدىغاندۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەتتىنچى باب

# رادىئو شەرىئە

1996- يىل تالىبانلار كابۇلنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ "رادىئو شەرىئە"( شەرىئەت رادىئوسى ) دەپ ئاتىلىدىغان رادىئو ئىستانسىسىدا 16 ماددىلىق پەرماننى ئېلان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن كابۇلدا ئىلگىرى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل يېڭىچە دەۋر ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى،

*بىرىنچى، ئاياللارنىڭ يۈزىنى ئېچىپ يۈرۈشى مەنئىي قىلىنىدۇ،*

*تاكسى شوپۇرلىرى پۈركەنجە ئارتمىغان ئايال زاتىنى ماشىنىسىغا سالسا، قائىدىنى بۇزغانلار قاتارىدا قامىلىدۇ، كوچا- كويلاردا پۈركەنجە ئارتمىغان مەزلۇم ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ تېگى- تەكتى ئېنىقلىنىپ، ئېرى جازاغا تارتىلىدۇ، مەزلۇم كىشى ئۆي ئىچىلىك كىيىمى بىلەن تالاغا چىقسا ھەمدە ئۇنىڭ يېنىدا بىۋاستە ئەر ئۇرۇق- تۇغقانلىرى بولمىسا، ئۇنداق مەزلۇمنى ھېچقانداق تاكسى شوپۇرىنىڭ ماشىنىسىغا سىلىقۋېلىشىغا يول قويۇلمايدۇ،*

*ئىككىنچى، مۇزىكا ئاڭلاش مەنئىي قىلىنىدۇ،*

*سودا سارايلىرى، مېھمانخانىلار، ئاپتوموبىل ۋە رىكشىلاردا مۇزىكا قويۇشقا بولمايدۇ، ناۋادا دۇكانلاردا ئۈنلىنتا بايقىلىپ قالسا، دۇكاندار قامىلىپ، دۇكان پېچەتلىنىدۇ، ئەگەر تاكسىدا ئۈنلىنتا بايقىلىپ قالسا، ماشىنا مۇسادىرە قىلىنىپ، شوپۇر قامىلىدۇ،*

*ئۈچىنچى، ساقال- بۇرۇتنى چۈشۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ،*

*ساقال- بۇرۇتنى ياسىغان، قايچىلىغان ياكى چۈشۈرۈۋەتكەنلەر ساقىلى ئۆسۈپ تۇتامغا كەلگىچە قاماپ قويۇلىدۇ،*

*تۆتىنچى، نامازسىز يۈرۈش مەنئىي قىلىنىدۇ،*

*بارلىق رايونلاردا بېكىتىلگەن ۋاقىتتا ناماز ئوقۇلىدۇ، نامازنىڭ كونكرېت ۋاقتىنى ناچار ئىللەتلەرنى چەكلەپ ئەخلاقنى پاكلاش مىنىستىرلىكى بېكىتىپ ئېلان قىلىدۇ، ھەرقانداق قاتناش قورالى ناماز ۋاقتىدىن 15 مىنۇت بۇرۇن*

توختىتىلىشى، ھەرقانداق مۇسۇلمان نامازنى مەسچىتتە ئوقۇشى شەرت، ناماز ۋاقتىدا مەسچىتكە كىرمىگەنلەر قاماپ قويۇلىدۇ.

بەشىنچى، كەپتەر بېقىش ۋە قۇش ئويناش مەنئىي قىلىنىدۇ.

كەپتەر باقىدىغان ۋە قۇش ئوينايدىغانلار بۇ خىل بولمىغۇر ئادىتىنى دەرھال تاشلىشى شەرت، كەپتىرىنى مۇسابىقىگە سالغان ياكى كەپتىرى ئارقىلىق بەسلەشكەنلەرنىڭ كاللىسى ئېلىنىدۇ.

ئالتىنچى، مەست قىلىش دورىلىرى ۋە ئۇنى ئىشلىتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

مەست قىلىش دورىلىرى مەنئىي قىلىنىپ، ئاۋامنىڭ مەست قىلىش دورىسى ساتقان دۇكانلارنى پاش قىلىشقا ئىلھام بېرىلىدۇ. مەست قىلىش دورىسى ساتقان دۇكانلار بايقالغان ھامان پېچەتلىنىپ، ساتقۇچى بىلەن ئالغۇچى جازاغا تارتىلىدۇ.

يەتتىنچى، لەگلەك ئۇچۇرۇش مەنئىي قىلىنىدۇ.

لەگلەك، بالىلارنى پىسخىك جەھەتتىن زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ، جۇملىدىن لەگلەككە ئامراق بالىلار بارا-بارا قىمارغا ئۆگىنىپ قالىدۇ، دەرس تاشلايدۇ. ھەتتا ئۇلارنىڭ ھاياتىمۇ خەۋپكە ئۇچرايدۇ. شۇڭا لەگلەك ساتقان دۇكانلار بىردەك چېقىپ تاشلىنىدۇ.

سەككىزىنچى، رەسىم ۋە سۈرەتلەر بىردەك مەنئىي قىلىنىدۇ.

ماشىنا، دۇكان، ئۆي، مېھمانخانا ۋە باشقا جايلاردىكى رەسىم، سۈرەتلەر دەرھال ئېلىپ كۆيدۈرۈۋېتىلىشى شەرت، ئىچىگە جانلىقلارنىڭ سۈرىتى ئېسىلغان ماشىنىلار دەرھال توختاشقا بۇيرۇلىدۇ.

توققۇزىنچى، قىمارۋازلىق مەنئىي قىلىنىدۇ.

قىمارخانىلار قەتئىي تازىلىنىپ، ئۇنىڭغا كىرگەنلەرگە بىردەك بىر ئايلىقتىن قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

ئونىنچى، پەرەڭلەرچە چاچ قويۇش مەنئىي قىلىنىدۇ.

ئۇزۇن چاچ قويۇۋالغان ئەرلەر، ناچار ئىللەتلەرنى چەكلەپ ئەخلاقنى پاكلاش مىنىستىرلىكىگە مەجبۇرىي ئېلىپ كېلىنىپ، چېچى كېسىپ تاشلىنىدۇ؛ ساتىراشنىڭ ھەققىنى شۇ كىشى ئۆزى تۆلەيدۇ.

ئون بىرىنچى، ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش، تاشقى پېرېۋوت سودىسى قىلىش ۋە كرېدىت كارتىسى ئارقىلىق نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

بۇ ئۈچ خىل سودا-سېتىق پائالىيىتى ئىسلام شەرىئىتىدە قاتتىق چەكلىنىدۇ. شۇڭا خىلاپلىق قىلغانلار ئۇزۇن مۇددەت قامىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئون ئىككىنچى، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرىدا كىر-قات يۇيۇش مەنئىي قىلىنىدۇ.

بۇ پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان مەزلۇم ئىسلام شەرىئىتى بويىچە ئېھتىرام بىلەن ئۆيىگە ئېلىپ بېرىلىپ، شۇ مەزلۇمنىڭ ئېرى قاتتىق جازالىنىدۇ.

ئون ئۈچىنچى، توي-تۆكۈنلەردە ناخشا-قوشاق ئېيتىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

مەزكۇر پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان توي ئىگىسى قاماققا ئېلىنىپ جازالىنىدۇ.

ئون تۆتىنچى، داپ-دۇمباق چېلىش مەنئىي قىلىنىدۇ.

مەزكۇر پەرمانغا خىلاپلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئالىي دىنىي مەمۇرلار تەرىپىدىن قاتتىق جازالىنىدۇ.

ئون بەشىنچى، ماشىنىچىلارنىڭ ئاياللارچە كىيىم تىكىشى ياكى شۇ ۋەجىدىن ئاياللارنىڭ بوي-تۇرقىنى ئۆلچىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.

دۇكىنىدا مودا كىيىم ژۇرنىلى بايقىلىپ قالغان ماشىنىچى قاماققا ئېلىنىدۇ.

ئون ئالتىنچى، سېھىرگەرلىك مەنئىي قىلىنىدۇ.

سېھىرگەرلىككە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق كىتاب كۆيدۈرۈپ تاشلىنىدۇ؛ سېھىرگەر تاكى قىلمىشىغا پۇشايمان يەپ، تەۋبا قىلغۇچە قاماپ قويۇلىدۇ.

رادىئو شەرىئە يۇقىرىقى 16 ماددىلىق پەرماننى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، كابۇلدىكى بارلىق ئايال زاتى ئۈچۈن چىقىرىلغان مۇنداق بىر ئالاھىدە مىزاننىمۇ ئېلان قىلدى.

ئەي، مەزلۇملار: ئۆيۈڭلاردىن ھەرگىز تالاغا چىقماڭلار، ناۋادا تالاغا چىقىش زۆرۈر تېپىلىپ قالسا، ھەرگىزمۇ ئىسلامدىن بۇرۇنقى دەھرىي خوتۇنلاردەك ھەررەڭ-سەررەڭ كىيىنىپ، قاش-كۆزۈڭلەرنى بوياپ، ئەركەكلەرنىڭ كۆزىنى ئالىچەكمەن قىلماڭلار، ئىسلامدا تۆۋە قىلغانلارنىڭ گۇناھى مەغپىرەت قىلىنىدۇ. شۇنداقلا ئايال زاتىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ھۆكۈم قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئۆزۈڭلەرنى رەزىللەرنىڭ شەھۋەت كۆزىدىن ساقلاڭلار، سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلەر — بالا بېقىش، پۈتكۈل ئائىلىنىڭ روزىغارىنى باشقۇرۇش، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاش-تامىقى ۋە كىيىم-كېچەكىنى غەملەش. ئاشۇ ۋەزىپىنىڭ ئېھتىياج-زۆرۈرىيەتلىرىدىن تالا-تۈزگە چىقماقچى بولساڭلار، شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە، بېشىڭلاردىن تارتىپ پۇتۇڭلارنىڭ ئۇچىغىچە پۈركىنىڭلار، ئۈستۈڭلارغا گۈللۈك كىيىم، تار كىيىم ياكى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان

*مودا كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغان ئايال زاتى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى بويىچە قارغىشقا قالىدۇ، ھەم مەڭگۈ جەننەت ئەھلىدىن بولالمايدۇ؛ ئۇنداقلار مۆھتەسىپنىڭ قاتتىق جازاسىغا ئۇچرايدۇ، بۇ خىل جازادىن ھەتتا ئاشۇ مەزلۇمنىڭ ئېرىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، چۈنكى، مۆھتەسىپنىڭ بۇرچى ۋە ۋەزىپىسى — يۇقىرىقىدەك ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، رەزىل قىلمىشلارنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشتۇر،*

*ئاللاھۇئەكبەر!*

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## سەككىزىنچى باب

# پۈركەنجىلىكلەر

ساكرەنىڭ ئۈچىنچىسىدىكى پۈركەنجە ھېلىدىن. ھېلىغا ئۇنىڭ كۆزىنى تۇسۇۋالاتتى، رەستىدە مىغ - مىغ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈچىنچىسىدىكى لەپىلدەپ تۇرغان كۆك رەڭلىك پۈركەنجىلەر داۋالغۇۋاتقان كۆپكۆك دېڭىزنى ئەسلەتتى، ساكرە پۈتىنىڭ ئۈچىغا قارىدى، كەشى ئاپئاق تويىغا مىلىنىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئاق تامبىلىنىڭ ئۈستىدىكى بېزەكلەرنى ھەتتا قىزىل چاپىنىنىڭ پەشلىرىگە تۇتۇلغان چىلتەكلەرنى ئېنىق كۆردى، ساكرە بازاردا — مىغ - مىغ پۈركەنجىلىكلەر ئارىسىدا يەردىن بېشىنى كۆتۈرمەي ئالىنىپ يۈرەتتى، ئاڭغىچە ھاسىراپ تۇرغان بىر ئېغىر ئاياغ ئايال كېلىپ، ساكرەنىڭ يېنىدىن قىستىلىپ ئۆتتى، ساكرە ئالدىدا گۈس - گۈس دەسسەپ كېتىۋاتقان پۈركەنجىلىك ئىككى ئايالغا سوقۇلداشتى،

ھېلىقى ئىككى ئايالدىن ئالدىدىراق ماڭغان بىرى كارىۋات ياپقۇچ ساتىدىغان پۇكەينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە مېتال سالاسۇننىڭ نېرىسىدىكى كىرلىك رەختلەرنى سىلاپ كۆرۈپ، رەڭگىنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ باقتى، ئاندىن پۇكەينىڭ ئىچىدىكى دۇكاندار بىلەن باھا تالاشتى، دۇكاندار روھسىز كۆزلىرىنى ھېلىقى ئايالغا تىكتى، پۈركەنجىلىك ئايال قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە، رەختكە ھەدەپ تۆۋەن باھا قويغىلى تۇردى، دۇكاندارنىڭ سالاسۇنغا تىرەپ تۇرغان بۇرنى بەئەينى قۇشنىڭ تۇمشۇقىدەك ئىلمەك ئىدى، پۈركەنجىلىك ئايال ئاخىر ھېلىقى كىرلىكنى ئالماقچى بولدى ۋە يانچۇقىدىن كۆك رەڭلىك پۇللارنى چىقىرىپ دۇكاندارغا سۇندى، دۇكاندار تېگى ئاق، سۇس كۆك گۈللۈك بار كىرلىك رەختنى مېترلاپ كەستى، دۇكاندار سۇنغان كارىۋات كىرلىكى ھەش - پەش دېگۈچە ھېلىقى ئايالنىڭ پۈركەنجىسى ئىچىگە غايىب بولدى،

ئەتراپنى زەپەر، سامساق، سوقۇلغان مۇچ، يېڭىلا تەخسىگە ئالغان قورۇما ۋە شورپىنىڭ كۈچلۈك ھېدى بىلەن قاڭسىق تەرنىڭ ھېدى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل غەيرىي پۇراق قاپلىغانىدى،

نىلون، پلاستىر دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىنى سىقاتتى.

ھېلىقى پۇركەنجىلىكلەر روسىيە چوڭگۆنلىرىنى ساتىدىغان دۇكانغا كەلدى. ئاياللار ئۇ يەردىمۇ ئۇنى-بۇنى كۆرۈپ، باھا تالىشىپ يۈرۈپ چوڭگۆندىن بىرنى ئالدى. چوڭگۆنمۇ بايىقى كارىۋات ياپقۇچىغا ئوخشاش ھېلىقى ئاياللىڭ پۇركەنجىسى ئىچىگە غايىب بولدى. ئىشقىلىپ، ئۇلار بازاردىن ئالغانلىكى نەرسىسىنى ئاشۇ پۇركەنجىنىڭ ئىچىگە ئېسىۋالغان خورجۇنغا سالغاچقا، ھېلىقى ئاياللىڭ ئۇچىسىدىكى پۇركەنجە سامان تىققان تاغاردەك تومپىيىپ كەتكەندى. بازاردىن نېمە ئېلىپ، نېمە قويغىنىنى ئۇقالماي دېلىغۇل بولۇپ قېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى پۇركەنجىلىك مەزلۇم، بىر يايمىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە پلاستىك كىيىم ئاسقۇچ. ئۇستىگە زەر يالتىلىغان بىلەزۈك دېگەندەك نەرسىلەرنى سىيلاپ، پۇراپ كۆرۈپ باقتى؛ ئاندىن ئالدىدىراق كېتىۋاتقان يەنە بىر پۇركەنجىلىكنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى. ئالدىدىراق ماڭغان ھېلىقى پۇركەنجىلىك مەزلۇم بىر قول ھارۋىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قول ھارۋىسىنىڭ ئۇستىدىكى بالداقتا رەڭگارەڭ باغىرداقلار ئېسىقلىق تۇراتتى. باغىرداقلار بەزىلىرى قول ھارۋىسىنىڭ ئۇستىدىكى ئېگىز خادىنىڭ ئۇچىدا لەپىلدەپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالاتتى. پۇركەنجىلىك مەزلۇم باغىرداقلارنى بىر-بىرلەپ كۆردى، ئاندىن پۇركەنجىدىن قولىنى چىقىرىپ، باغىرداقنىڭ رېزىنكىسىنى سوزۇپ بېقىپ، رېزىنكىسى چىڭراق باغىرداقتىن بىرنى تاللىدى.

بۇ ئۈچ ئايال ئالدى تەرەپكە ماڭغاچ، بازاردا ئوبدانىراق بىر نەرسە ئۇچراپ قالارمىكىن، دەپ ئۇياقتىن-بۇياققا ئەلەڭلەپ قارايتتى. پۇركەنجە ئارتقان ئاياللار بەئەينى كۆزلۈك* بېكىتىلگەن ئاتەك پەقەت ئۇدۇل تەرىپىنىلا كۆرەلەيتتى.

چۈنكى پۇركەنجە ئادەتتە قېلىن رەختتىن تىكىلىپ، پەقەت كۆزنىڭ ئۇدۇلىغىلا تار تۆشۈك ئېچىپ قويۇلغاچقا، كۆزنىڭ قۇيرۇقىدا بىر نەرسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا پۇركەنجىلىك ئاياللار يان تەرەپنى كۆرمەكچى بولسا، بېشىنى بۇراپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ-دە، ئەرلەر خوتۇننىڭ زادى نەگە

---

* ئاتنىڭ كۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىنى توسۇش ئۈچۈن يۈگەنگە بېكىتىلىدىغان ئالقانچىلىك ئىككى پارچە بۇلغار. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قاراۋاتقانلىقىنى يىراقتىن تۇرۇپلا پەملىيەلەيدۇ. پۈركەنجىنى ئىختىرا قىلغۇچىنىڭ كامالىي ئەقلى دەل مۇشۇ يەردە بولسا كېرەك.

ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئىككى پۈركەنجىلىك ئايال، پۈركەنجىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆشۈكتىن ھېلى ئۇياققا- ھېلى بۇياققا ئەلەڭلاپ قاراپ يۈرۈپ، ساكرەنى مىلىك تەسلىكتە تاپتى. ساكرە بازارنىڭ ئۇدۇل تەرەپتىكى تارچۇق ئۆتۈشمىسىدە تۇراتتى. ئۇ يەر جىيەك- چىلتەك ساتىدىغان دۇكان بولۇپ، دۇكاندا ئورۇسچە دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئايىغىغا تۇتۇلدىغان مېغىزلىق تورغا ئوخشاش قىلىن نىلون جىيەكلەر ساماندەك ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى تاپالماي يۈرگەن قىممەتلىك نەرسىلىرىنىڭ تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالغىنىغا خۇش بولۇپ كەتكەن ساكرە، ئۇ نەرسىلەرنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈش ئۈچۈن، بولغۇسى ئېرىنىڭ "باشقىلار يۈزىڭىزنى كۆرۈپ قالمىغاي" دېگەن بۇيرۇقىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، پۈركەنجىدىن بېشىنى چىقاردى. ئۇ، سالاسۇنىڭ كەينىدىكى خىلمۇخىل جىيەك - چىلتەكلەرنى ناھايىتى ئېنىق كۆردى. كابۇلنىڭ سالقىن شاملى ساكرەنىڭ پۈركەنجىسىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ مۇنچاق- مۇنچاق تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىنى سىيپاپ ئۆتكىنى بىلەن، پوكەينىڭ كەينىدە تۇرغان دۇكاندار ئۇنىڭغا لەپپىدە قارىۋالدى. ساكرە بويۇنلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ چاقچاق قىلغاندەك كۈلۈمسىرىدى. ئارقىدىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ دۇكاندار بىلەن باھا تالاشقاچ، ئۇنىڭغا بىلىنەر- بىلىنمەس ناز قىلىپمۇ قويدى. زەڭگەر پۈركەنجىنىڭ ئىچىدىكى مەزلۇم قانداق ناز- كەرەشمە قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ساكرەمۇ ئاياللارغا خاس ئاشۇ ماھارەتنى ئاجايىپ ئۇستىلىق بىلەن ئىشقا سالغان بولسا، دۇكاندار ساكرەنىڭ يۈرىكىدىكى بۇ خىل تۇيغۇنى ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، باش لىڭشىتىشلىرى، ھەتتا ئىنچىكە بارماقلىرى، پۇتى ۋە بىلەكلىرىنى قەستەن تەگكۈزۈپ، ھېلىدىن- ھېلىغا مىدىرلىتىپ قويغان پۈركەنجىسىدىن بىلىپ بولغان بولار ئىدى. لېكىن ساكرە جىيەك- چىلتەكلەر ئىچىدىن دېرىزە پەردىسى، چۈمبەلدە ۋە تويى كىيىمىگە تۇتۇشقا باب كېلىدىغانلىرىنى ناھايىتى تېزلا تاللىدى. ئۇ دۇكاندار بىلەن باھادا كېلىشىپ بولغاندىن كېيىن، دۇكاندار چىلتەكلەرنى ساكرەنىڭ دېگىنى بويىچە ئۆلچەپ ئېلىپ بەردى. ساكرە دۇكاندارغا قاراپ كۈلۈپ قويۇپ، ئۇ سۇنغان چىلتەكلەرنى پۈركەنجىسىنىڭ ئىچىگە ئېسىۋالغان خورجۇنغا سالدى. نەرسە- كېرەكلەر بىلەن لىقمۇلىق توشۇپ كەتكەن خورجۇن يەرگە تېگەيلا دەپ قالغانىدى. بۇ پۈركەنجىلىك ئۈچ ئايال، ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى تارىيىپ كېتىۋاتقان ئۆتۈشمىنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ،

گۇس-گۇس دەسسەپ مېڭىپ كەتتى،

بازارنىڭ نەرىگىلا بارسا قۇلاقنى يارغۇدەك شاۋقۇن-سۈرەن ئاڭلىنىپ تۇراتتى، دۇكاندارلار ماللىرىغا خېرىدار چارقىرىپ ئاۋارە بولمايتتى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بىر بولسا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆز ئارا قۇرۇق گەپ سېتىشاتتى؛ بىر بولسا دۆۋىلەپ قويۇلغان ئۇن خالتىلىرى ياكى گىلەملەرگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كۈننى كەچ قىلاتتى، خېرىدارلار نېمىگە ھاجىتى چۈشكەن بولسا ئۇدۇل كېلىپ شۇنى ئالاتتى، شۇڭا دۇكاندارلارنىڭ ئاغزىنى ئۇپرىتىپ خېرىدار چاقىرىشلىرى بىھاجەت ئىدى،

ۋاقىت گويا كابۇلنىڭ بازىرىغا كېلىپ توختاپ قالغاندەك، بازاردىكى ماللار مىلادىيدىن ئىلگىرىكى 500 يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن پارس شاھى — دائىرۇس زامانىسىدىكى بىلەن ئوپمۇ ئوخشاش ئىدى، ئايدالاغا سېلىنغان گىلەمنىڭ ئۈستىدە ياكى تارچۇق دۇكانلاردا كۈندىلىك لازىمەتلىكلەر ۋە ئەرزان ماللار دۆۋىلىنىپ تۇراتتى، ھاجەتمەن خېرىدارلار ئاشۇ ماللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزىگە لازىملىقلىرىنى تاللاپ ئالاتتى، يوغان قارا خالتىغا قاچىلانغان پىستە، گۈلە، ياپىپىشىل قۇرۇتۇلغان كىشمىش ۋە نازغىپ تۇرغان قول ھارۋىسىدىكى چۇچۇمەل ئاپپىلسىن قېقى بىلەن لىمون قېقىنى ئاقلاپ ياكى ئېرتىۋېتىپلا يېگىلى بولاتتى، يەنە بىر يايمىچىنىڭ ئالدىدىكى ئايرىم-ئايرىم قەپەزگە سولانغان مېكىيانلار، قەپەزدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىركىشەتتى، دورا-دەرمەك ساتىدىغان يايمىچىنىڭ قول ھارۋىسىدا سوقۇلغان قىزىل مۇچ، تاتلىق مۇچ، زەنجىۋىل ۋە كەررى خالتا-خالتىسى بىلەن تۇراتتى؛ بۇ كىشى يەنە دورىپۇرۇش ئىدى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ دورا-دەرمەك، مېۋە-چېۋە ۋە چايلىرىدىن باشقا يەنە چۆپ دورىلىرىغىمۇ خېرىدار ئىدى، ئۇنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ياسىغان چۆپ دورىلار ساقايتالمايدىغان كېسەل يوقمىش،

يۇمغاقسۈت، سامساق ۋە لاچىنداننىڭ ھېدى بىلەن تېرە ۋە كونا زەيكەشنىڭ پۇرىقى قوشۇلۇپ كەتكەچكە، ھەممىلا يەر ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرغۇدەك بەتبۇي پۇراپ تۇراتتى، سۈيى قۇرۇپ كەتكەن كونا زەيكەش بازارنى قاپ ئوتتۇرىسىدىن ئىككىگە ئايرىغان بولۇپ، زەيكەشنىڭ كۆۋرۈكىدىكى سېتىقچىلارنىڭ ئالدىدا قوي تېرىسىدە قىلىنغان ساپما كەش دەمدۇ، تايلاقسىز پاختا دەمدۇ، كەكە-پىچاق دەمدۇ، گۈرجەك-جوتو دەمدۇ ... ئىشقىلىپ ھەممە نەرسە بار ئىدى،

بەزىدە بۇ بازاردا دارىئۇس زامانىسىدا يوق نەرسىلەردىن چەت ئەلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



خىلمۇخىل ئەتكەس تاماكىلىرى، دېڭىز يولى بىلەن پاكىستان ئارقىلىق كىرگەن كوكاكولا قاتارلىق نەرسىلەرمۇ ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالاتتى. ئەتكەسچىلەرنىڭ مال كىرگۈزۈش يولى، ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئاساسەن ئۆزگەرمىدى. ئەتكەسماللار ئادەتتە پاكىستاندىن ئافغانىستانغا قىبىر ئۆتكىلى ياكى ئىران تاغلىرى ئارقىلىق كىرىدۇ؛ بەزىلىرىنى ئېشەكلەرگە ئارتىپ، بەزىلىرىنى يۈك ماشىنىلىرىغا بېسىپ ئەكىلىدۇ؛ خىروئىن، ئەپيۇن ۋە نەشە سودىگەرلىرىمۇ دەل ئاشۇ يول بىلەن ماڭىدۇ. ئۇ نەرسىلەر كۆپىنچە پۇلنىڭ ئەڭ يېڭى باسمىسىغا سېتىلىدۇ، شۇڭا ئۇچىسىغا ئۇزۇن يەكتەك كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىغان دوللارچىلار، ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ھەربىر دوللارنى 35 مىڭ ئافغانغا سېتىۋالىدۇ.

بىر ئەر كىشى كېلىپ داڭلىق ماركىلىق تۇزانچىدىن* بىرنى ئالدى، ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىرەيلەن، باشقا بىر ماركىلىق تۇزانچىدىن يىرنى بايىقى كىشىنىڭكى بىلەن ئوخشاش باھادا سېتىۋالدى، لېكىن بۇ نەرسىلەرنىڭ داڭلىقى بولسۇن ياكى ئادەتتىكىسى بولسۇن بازىرى ناھايىتى كاسات ئىدى. چۈنكى كابۇلدا ھېلىدىن-ھېلىغا توك توختاپ قالىدىغان بولغاچقا، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك تۇزانچىغا قارىغاندا يەنىلا سۈپۈرگىنى ياخشى كۆرىدۇ.

ھېلىقى پۈركەنجىلىك ئۈچ مەزلۇم چاڭ-تۇزان ئۆرلەپ تۇرغان بازارنى توختىماي ئارىلاۋاتاتتى. بازاردا دۆۋە-دۆۋىسى بىلەن تۇرغان قوڭۇر رەڭلىك سەندەل ۋە قارا رەڭلىك كونا كەشلەرنىڭ ئارىسىدا گاھىدا خېلى ئوبدانلا ئاياغلار، بانتىكلىق پلاستىك ئاياغلار ھەتتا ئاق رەڭلىك كەشلەرمۇ ئۇچراپ قالاتتى. لېكىن تالىبانلارنىڭ بايرىقى ئاق بولغاچقا، ئاق رەڭنى باشقا نەرسىلەرگە ئىشلىتىشنى مەنئىي قىلاتتى. تالىبانلار ھەتتا "ئاياللار ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىپ تاقىلداپ ماڭسا ئەرلەرنى يوقىلاڭ خىياللارغا سالىدۇ" دەپ قاراپ، ئاياللارنى ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيگىلى قويمايتتى. لېكىن ھازىر دەۋر ئۆزگەردى. ناۋادا ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ توپىلاڭ يەردىمۇ "تاق-تاق" ئاۋاز چىقىرالىغان بولسا ئىدى، ئەيھاناس، ئۇ چاغدا پۈتكۈل بازارنىڭ ھەممىلا يېرىدىن كېلىۋاتقان "تاق-تاق"قا چىداپ تۇرغىلى بولماس ئىدى. بۇ ئاياللىرىمىزنىڭ توغرىلىقىنى، ئۇزۇن پۈركەنجىلىكلەرنىڭ ئاستىدىن تۇرۇپ-تۇرۇپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان نازۇك پۇتلارنىڭ تىرنىقىدىكى قىپقىزىل لاكلار ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. ئۆز ۋاقتىدا تالىبانلار

* چاڭ-تۇزان سۈمۈرگۈچ. — تەرجىماندى.

تىرناقلا لاك يېقىشنى گۇناھ دەپ بىلگەچكە، لاك ئىمپورتىنى چەكلىگەنىدى. تالىبانلار تەختتىن چۈشكەندىن كېيىنكى بۇ تۇنجى باھار، ئاياللارنىڭ ھۆرلۈكىنى ئاران دېگەندە ئاياغ بىلەن لاكتا ئىپادىلەشكىلا قادىر بولالىدى. ئۇنىڭ ئاياللارنىڭ ئۆچىسىدىكى يەر سۈپۈرۈپ تۇرغان پۈركەنجىنى ئېلىۋېتەلىشىگە خېلى بار ئوخشايدۇ.

بۇ جەھەتتە ئاياللار تەر تۆكمىدى ئەمەس، تۆكتى. تالىبانلار قۇيرۇقىنى خادا قىلغاندىن كېيىن، ئاياللار تەشكىلاتلىرىدىن بىر نەچچىسى قۇرۇلدى. ئاشۇ تەشكىلاتلارنى قۇرغان ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا تالىبانلار جاھان سوراۋاتقان چاغلاردىلا قىزلار مەكتىپى قۇرۇش، ئاياللارنى ساغلاملىق ساۋاتلىرىدىن خەۋەردار قىلىش، قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا ئوخشاش پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرغانىدى. تالىبانلار زامانىسىدا نۇرغۇن قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن، ئافغانىستاندىكى بىردىنبىر ئايال گېنېرال — سۇھەيرا سىددىق كارزاينى ھۆكۈمىتىنىڭ سەھىيە مىنىستىرى بولدى. ئۇ ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان دوختۇرخانىنىڭ، تالىبانلار ئۆز ۋاقتىدا تاقىۋەتكەن ئاياللار بۆلۈمىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. سۇھەيرا تالىبانلار مۇستەبىتلىكتە تازا غالجىرلاشقان چاغلاردىمۇ، پۈركەنجە ئارتىشنى رەت قىلغان جىگەرلىك مەزلۇملارنىڭ بىرى.

— مۆھتەسىپ ھەر قېتىم دەرۋىسنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىدۇ، — دەيدۇ سۇھەيرا ئاشۇ چاغلارنى ئەسلەپ، — ئۇلار مېنى ئۇرماقچى بولۇپ دەرۋىسنى شۇنداق كۆتۈرۈشكە، مەنمۇ بوش كەلمەي قولۇمنى تەڭ كۆتۈرىمەن، شۇنداق قىلىپ ئۇلار مېنى ئۇرۇشتىن يالتىيىپ كېتىپ قالىدۇ.

لېكىن تالىبانلار ھاكىمىيەت باشقۇرغان زامانلاردا، ھەتتا سۇھەيرامۇ يۈزىنى يېپىپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ باش-كۆزىنى رومال بىلەن ئوراپ چىقىپ، ئاپتوبۇستا ئىشقا باراتتى، كەچتىمۇ شۇ سىياقتا قايتىپ كېلەتتى.

— ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ بولۇشتى، — دېگەنىدى ئۇ تالىبانلار تەختتىن چۈشكەندىن كېيىن، ھەسرەت بىلەن.

تالىبانلار قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئاياللار قۇرغان بىر تەشكىلات كابۇلدا نامايىش ئۇيۇشتۇردى. ئاياللار مىكرورايانى مەيدانىغا يىغىلىپ، سەپ تۈزۈپ تۇراتتى. ئۇلار بەزىلىرى پۈتنىغا سەندەل ياكى ئۆي ئىچلىك سايما كەش كىيىۋېلىشقان، بەزىلىرى ھەتتا پۈركەنجىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىنى ئېچىۋەتكەنىدى. لېكىن ھۆكۈمەت تەرەپ "ئاياللارنىڭ نامايىش جەريانىدىكى

www.uyghurkitap.com



بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلالمايمىز” دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇلارنى كوچىغا چىققىلى قويمىدى، ئاياللارنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىلىشىدا ھۆكۈمەتنىڭ دەيدىغىنى شۇ ئىدى.

مانا ھازىر قىزلار مەكتىپى قايتىدىن دەرس باشلىدى، ياش مەزلۇملار ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى؛ ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ھەتتا ئەسلىدىكى خىزمىتىنى قولىغا ئالدى. ئاياللار باشقۇرغان ۋە ئايال ئوقۇرمەنلەرگە يۈزلەنگەن ژۇرنال نەشر قىلىندى. ئافغانىستان پرېزىدېنتى خەمىد كارزايمۇ ھەرقانداق سورۇندىكى نۇتۇقلىرىدا، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى.

2002-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن خەلق پارلامېنتى ئەزالىرى سايلىمىدا، بىر نەچچە ئايال نامزاتقا تاشلانغان بېلەت باشقىلارنىڭكىدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇ ئايال نامزاتلارنىڭ ئۆتكۈر نۇتۇقلىرى، ئەر پالاتا ئەزالىرىنىڭ كۈچلۈك مەسخىرىسىگە قالغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۇلار چىشىنى چىشلەپ جاپالىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرەيلەن دۆلەت مۇداپىئەسى مىنىستىرلىكىگە ئايال مىنىستىر قويۇش تەكلىپىنى بېرىۋىدى، ئەرلەر ئۇنى مازاق قىلىپ كۈلۈپ كېتىشتى. لېكىن ئۇ: ”فرانسىيىدىمۇ شۇنداقكەنغۇ!“ دەپ ئۆز گېپىدە چىڭ تۇردى.

جاھان ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ تەگدىن تولىسى بۇنىڭدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى؛ ئەدناسى ئافغانىستاندا پەقەت ئەرلەرنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغان ئائىلىۋى ئەنئەنە تېخى يېتىدىن چۈشمىگەنىدى. تالىبانلار تەختنى بىكارلىغاندىن كېينكى بۇ تۇنجى باھاردا، ئافغانىستاندىكى ناھايىتى ئاز بىر قىسىم ئاياللارلا ئۈچىسىدىكى پۈركەنجىنى تاشلاشقا جۈرئەت قىلالىدى، چۈنكى ئافغانىستان ئاياللىرىنىڭ كۆپىنچىسى، ئالدىنقى ئەسىردىكى ئەجدادلىرىنىڭ پۈركەنجە ئارتمايدىغانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ھەببۇللا 1901-يىلى تەختكە چىققاندىن كېيىن، پۈركەنجە قايتىدىن ئوردىغا ئېلىپ كىرىلدى، ئۇ، ئوردىدىكى ئەرلەرنى ئارقا ئوردىدىكى 200 مەزلۇمنىڭ چىرايلىق رۇخسارى سەۋەبلىك شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن، ئاشۇ مەزلۇملارنىڭ پۈركەنجە كىيىشىگە پەرمان قىلغانىدى، ئۇ چاغدىكى ئوردا مەزلۇملىرىنىڭ پۈركەنجىسى كەشتىلىك يىپەك رەختلەردىن تىكىلەتتى؛ ھەببۇللانىڭ مەلىكىسىنىڭ پۈركەنجىسى پۈتۈنلەي زەر يىپتا توقۇلاتتى، شۇنداق قىلىپ، پۈركەنجە، ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىدىكى ئاياللارنىڭ

بىر خىل بىزىكى سۈپىتىدە، ئۇلارنى ئاۋام پۇقرانىڭ كۆزىدىن ساقلايدىغان ۋاستىگە ئايلاندى. 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرىغا كەلگەندە، پۈركەنجە بايلارنىڭ ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتتى.

لېكىن بۇنىڭغا قارشى چىقىقۇچىلارمۇ بولدى. 1951- يىلى داۋۇدخاننىڭ شاھزادىسى، يەنى شۇ چاغدىكى باش ۋەزىر تۇيۇقسىزلا پۈتۈن ئافغانىستاننى زىلزىلىگە سېلىۋەتتى. چۈنكى ئۇ دۆلەت بايرىمنى قۇتلاش مەرىكىسىگە پۈركەنجە ياپمىغان خوتۇننى باشلاپ ئەكىرگەندى. شاھزادە ئىنىسىغا دەپ يۈرۈپ ئىنىسىنىڭ خوتۇنىنىڭ پۈكەنجىسىنىمۇ ئاچقۇزىۋەتتى. ئۇ ھەتتا ئوردىدىكى ۋەزىر- ۋۇزرالارغىمۇ خوتۇنلىرىنىڭ پۈركەنجىسىنى ئېچىۋېتىش تەكلىپىنى بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئەتىسىدىن باشلاپلا، كابۇلنىڭ رەستىلىرىدە ئۇچىسىغا پىلاش، بېشىغا تەقىيە كىيىپ، قارا كۆزەينەك تاقىغان ئاياللار پەيدا بولدى. ئۇلارنىڭ تاق- تاق دەسسەپ يەڭگىل مېڭىشلىرى، بېشىدىن تارتىپ پۈتىنىڭ ئۇچىغىچە پۈركەنجىگە ئورۇنۇۋالغان مەزلۇملارنىڭ ئاۋايلاپ بېسىۋاتقان قەدەملىرىگە ئاجايىپ كۆچلۈك سېلىشتۇرما ئىدى. قىسقىسى، ئۆز ۋاقتىدا پۈركەنجە كىيىشنى ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتى باشلىغان بولسا، ئۇنى ئېچىۋېتىشنىمۇ يەنە شۇلار باشلاپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن پۈركەنجە بارا- بارا يوقسۇللار جەمئىيىتىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئايال خىزمەتچى ۋە دېدەكلەر خوجايىنلىرى تىكتۈرۈپ بەرگەن يېپەك پۈركەنجىلەرنى كىيەتتى. پۈركەنجە دەسلەپتە پۇشتۇ ئاياللىرىنىڭ ئىپپىتىنى ساقلايدىغان بىر خىل بېزەك سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەندى، كېيىن بۇ ئۆرپ- ئادەتنى باشقا مىللەتلەرمۇ ئۆگەندى. ئەمما داۋۇد شاھنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، باش ۋەزىر پۈركەنجىنى ئافغانىستاندىن بىراقلا يوقىتىش نىيىتىگە كەلدى. 1961- يىلى ئافغانىستان ھۆكۈمىتى مالايلارنىڭ پۈركەنجە ئارتىشنى چەكلەش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرۈپ، كىشىلەرنى كاستۇم- بۇرۇلكا كىيىشكە دەۋەت قىلدى. بۇ پەرمان چۈشۈرۈلۈپ خېلى يىللاردىن كېيىن، يەنى 20- ئەسىرنىڭ 70- يىللىرىغا كەلگەندە مۇئەللىمە ۋە كاتىبەلەرنىڭ ھەممىسى كوپتا- يوپكا، ئەرلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كاستۇم- بۇرۇلكا كىيدىغان بولۇپ كەتتى. لېكىن، زىيادە قىسقا كىيىملەر بىلەن كوچا- كويلارغا چىققان مەزلۇملار ئىپتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپمۇ تۇراتتى. ئۇلار ئاشۇنداق ئاياللارنىڭ يالىڭاچ پاچىقىغا قارىتىپ ئوق ئاتاتتى ياكى يۈزىگە كىسلاتا چېچىۋېتەتتى. ئىچكى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، ھەممە شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئىدارە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قىلىنىدىغان بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئافغانىستاندىكى ئايال زاتى پۈركەنجە ئىچىگە بەنت قىلىۋېتىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئايال كىشىنىڭ رۇخسارى كابۇل رەستىلىرىدىن بىراقلا يىتتى.

※ ※ ※

ئالدىدا كېتىۋاتقان ساكىرە زەيكەشىنىڭ كۆۋرۈكى ئۈستىگە كەلگەندە ئارقىدىن كېلىۋاتقان ھېلىقى ئىككى مەزلۇمنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. ئۇ ئىككىسى خېلى يىراقتىكى بىر توپ بازارچىلار ئارىسىدا ئالدىرىماي كېلىۋاتاتتى. بۇنچىۋالا جىق ئادەمنىڭ ئارىسىدا ساكىرەنى ئەمدى نەدىن تاپقۇلۇق؟ تارچۇقتا مىغ-مىغ ئادەم سەلدەك ئېقىۋاتقان بولغاچقا، توختاپ تۇرۇش ياكى باشقا ياققا بۇرۇلۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

پۈركەنجىلىك ئۈچ مەزلۇم زەيكەشنىڭ يەنە بىر ئۇچىغا كەلگەندە مىڭ تەسلىكتە تېپىشتى. ئۇلاردىن بىرى پۇتىغا قارا كەش، ئۇچىسىغا ئاق زىغىزىقلىق ئىشتان، پۈرمىلىك قىزىل چاپان كىيگەن، يەنە بىرى پۇتىغا خورمىرەڭ پلاستىك سەندەل، ئۇچىسىغا قارا پۈرمىلىك چاپان كىيگەن، نازۇك كەلگەن يەنە بىرى بولسا، پۇتىغا قىزىل پلاستىك سەندەل، ئۇچىسىغا سۆسۈن ئىشتان بىلەن پۈرمىلىك سۆسۈن پاچان كىيگەنىدى. ساكىرە ھېلىقى ئىككى مەزلۇمنى بىر ماگىزىنغا باشلاپ كىردى. بازارنىڭ چېتىگىرەك جايلاشقان ۋە مال ئەۋرىشكىلىرى ئەينەكلىك جازىنىڭ ئىچىگە تىزىپ قويۇلغان بۇ ماگىزىندىكىماللارنىڭ ھەممىسى پۈكەينىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ساكىرە بۇ ماگىزىنغا ئەدىيال ئالماقچى بولۇپ كىرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزى «پارىژ» ماركىلىق ھال رەڭ ئەدىيال بىلەن ئۇنىڭغا پارلاشتۇرۇلغان لەپىلىمىلىك ياستۇققا چۈشتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياستۇققا يۇرەك بىلەن گۈل كەشتىلەنگەنىدى. يوغان بىر پلاستىك سومكىغا قاچىلانغان بۇ يۇڭ ئەدىيال بىلەن ياستۇق قارىماققا ناھايىتى نەپىس كۆرۈنەتتى. سومكىنىڭ ئۈستىگە "پاكىستاندا ئىشلەنگەن" دېگەن خەت بېسىلغان، "پارىژ" دېگەن خەتنىڭ ئاستىغا ئېيفېل مۇنارىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەنىدى.

ساكىرە بۇ ئەدىيال بىلەن ياستۇقنى تويلۇق كارىۋىتى ئۈچۈن ئالماقچى ئىدى. ئەمما ئۇ بولغۇسى ئېرى بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان كارىۋاتنىڭ زادى قانداق ئىكەنلىكىنى ئۇقمايدۇ. چۈنكى تويلۇق كارىۋاتنى نىكاھ ئوقۇتۇپ بىر ھۇجرىغا كىرگۈچە كۆرۈپ قالغان قىز قائىدە-يوسۇندىن چىقىپ كەتكەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ساكىرە ئۇنىڭ باھاسىنى سورىۋىدى، دۇكاندار ئەدىيال بىلەن

ياستۇقلارنى يۇرۇشى بىلەن بىر نەچچە مىليون ئافغانىغا بېرىدىغانلىقنى ئېيتتى.

— ۋىيەي، نىمانچە قىممەت، — دېدى ساكىرە.

ساكىرە مالنىڭ باھاسىنى قورقماي چۇشۇرگىلى تۇردى، دۇكاندارمۇ قويغان باھاسىدا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. بۇنى كۆرگەن ساكىرە "ئوھۇش، بولدىلا!" دەپ ئارقىسىغا يېنىۋىدى، دۇكاندار ئاخىر ھېلىقى ئەدىيال بىلەن ياستۇقنى بايا ئۆزى قويغان باھانىڭ ئۈچتىن بىرىگە بەرمەكچى بولدى. لېكىن پۇل تاپشۇرىدىغان چاغدا ساكىرە ھال رەڭ ئەدىيالنى ئوچۇق قىزىلغا ئالماشتۇرۇپ بېرىشنى ئېيتتى. دۇكاندار ساكىرەنىڭ دېگىنى بويىچە ھال رەڭ ئەدىيالنى قىزىلغا ئالماشتۇرۇپ، ئۇنى چىرايلىق ئوراپ بەردى ۋە ساكىرەنىڭ توينى قۇتلاپ ئۇنىڭغا بىر تال لەۋسۇرۇخ سوۋغا قىلدى.

ساكىرە ئۇنىڭغا ناز بىلەن ھەشقاللا ئېيتتى ۋە يۇزىدىكى چۇمبەلنى قايرىۋېتىپ، ھېلىقى لەۋسۇرۇخنى لېۋىگە سۇۋاپ باقتى. قانداقلا بولمىسۇن ساكىرە بىلەن دۇكاندار يېقىن تونۇشلاردىن ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇكاندا ھازىر دۇكانداردىن باشقا ئەر كىشىمۇ يوق ئىدى. ئاغىچە لالە بىلەن مەريەممۇ چۇمبەلنى قايرىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈچ مەزلۇمنىڭ ئەترەڭ لەۋلىرى ھەش-پەش دېگۈچە گىلاستەك قىزاردى، ئۇلار ئەينەكتىن ئۆزلىرىنىڭ چىرايلىق رۇخسارىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كېتىشتى. ساكىرەنىڭ تۇيۇقسىزلا تېرىنى ئاقارتىدىغان يۇز مايدىن ئالغۇسى كېلىپ قالدى. چۈنكى ئافغانىستاندا مەڭزى ئاپئاق ئاياللار چىرايلىق سانىلاتتى. يېڭى توي قىلغان كېلىنچەكلەر ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

دۇكاندار ساكىرەگە تېرىنى ئاقارتىدىغان «ئۆز خېنىم» ماركىلىق يۇز مايىنى تونۇشتۇردى. ئۇنىڭ قېپىغا "芦荟保湿霜"(سەبدەگۈل تېرە نەمدەش مېيى) دېگەن خەنزۇچە خەتلەر يېزىلغانىدى. ساكىرە سىنىك ئارىلاشتۇرۇلغان بۇ يۇز نەملەش مېينىڭ قۇتىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن يۈزىگە ئازراق سۇۋاپ بېقىۋىدى، ئۇنىڭ يۈزى شۇ ھامان ئاقىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. لېكىن ئۇنىڭ بايا ماي سۇۋىغان چاغدا ئاقارغان يۇز تېرىسى دەرھاللا ئەكسىگە قايتىپ، ئاندىن يەنە بارا-بارا ئاقىقا مايىل بۇغداي ئۆڭگە ئۆزگەردى.

ساكىرە كۆڭلىگە بەكمۇ ياققان بۇ يۇز مايىنمۇ پۇركەنجىسىنىڭ ئىچىدىكى ھېلىقى خورجۇنغا سالدى. بۇ ئۈچ مەزلۇم دۇكاندارغا:

— بۇدا بىرەرسىمىز توي قىلساق يەنە كېلىمىز، — دېدى ۋە قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساكىرە بۈگۈنكى سودىلىقىدىن بەكمۇ رازى ئىدى. شۇڭا ئۇ ئالغان نەرسىلىرىنى تېزراق ئۆيىگە ئاپىرىپ كۆرسىتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار كېلىۋاتقان بىر كوچا ئاپتوبۇسنى يىراقتىن كۆردى-دە، ئالمان-تالمان يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭغا قىستىلىپ يۈرۈپ چىقتى. ئاپتوبۇسنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئورۇندۇقلار مەخسۇس پۈركەنجىلىك مەزلۇملار، باللار ئولتۇرىدىغان ۋە يۈك-تاق قويىدىغان يەر ئىدى. پۈركەنجىلىك بۇ ئۈچ مەزلۇم ئاپتوبۇسقا چىققاندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا قىستىلىشىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە ئارقا رەتكە باردى. بۇنىڭ بىلەن ئۆپچۆرىدىكىلەر سەل-پەل نېرىغىراق سۈرۈلدى. بۇ ئۈچ مەزلۇممۇ ئاستا-ئاستا سۈرۈلۈپ، دېرىزىنگە يېقىن يەرگە بېرىپ، خورجۇننى تىزىغا قويۇپ ئولتۇردى. ئاپتوبۇستىكى مەخسۇس ئاياللار ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلار توشۇپ كەتكەنىدى. يولۇچىلار كۆپىيىۋىدى. ئاپتوبۇسنىڭ ئىچى گويا تاغارغا سامان تىققاندەك قىستاڭلىشىپ كەتتى.

ئاپتوبۇس پارتلاشتا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر ئىمارەتنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. ھېرىپ ھالىدىن كېتەيلا دەپ قالغان ھېلىقى ئۈچ مەزلۇم، تومپىيىپ كەتكەن خورجۇنلىرىنى ساڭگىل-سۇڭگۇل كۆتۈرگىنىچە ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇلار سالقىن ئۆيىگە پۇلاڭ-سالاڭ كىرىپ كەلدى-دە، ئۈچىسىدىكى پۈركەنجىلىرىنى سېلىپ، قوزۇققا ئاسقاندىن كېيىن، "ئوھ" دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈن كەچ كىرگۈچە پۈركەنجە ئىچىدە تۇنجۇققان بۇ ئۈچ مەزلۇمنىڭ چېھرى، مانا ئەمدى يورۇق دۇنياغا چىقىپ ۋىللىدە ئېچىلغانىدى.

## توققۇزىنچى باب

# "قاملاشمىغان توي"

تويىنىڭ ھارىيا كۈنى كېچىسى، ياتلىق قىلىنىدىغان قىزنىڭ ئۆيى ئاياللار بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. ئۇلار ئۇلاش-چۇلاش غىزالانغاچ ئۇسسۇل ئوينايدۇ، مۇڭدىشىدۇ. بۇ، "خېنە كېچىسى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ كۈنى قولۇم-قوشنىلار يىغىلىپ ئولتۇرۇپ، يىگىت بىلەن قىزغا خېنە قويىدۇ. چوڭلارنىڭ دېيىشىچە، يىگىت بىلەن قىزنىڭ ئالقىنىغا خېنە قانچىكى قېنىق ئىچسە، ئۇلارنىڭ نىكاھى شۇنچە بەختلىك بولارمىش. لېكىن خېنە كېچىسى ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئايرىم-ئايرىم ئۆيگە يىغىلىپ، نەغمە-ناۋا قىلىشىدۇ. خېنە كېچىسىدە بىر-بىرى بىلەن بېقىشىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاياللار گاھىدا قىزىقچىلىقنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ، بىرى يەنە بىرىنىڭ كاسىسىغا پاققىدە ئۇرۇپ قويسا، يەنە بىرى كېلىپ ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇپ قويىدۇ. ئوتتۇرىدا بېرىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئاياللار بىلەكلىرىنى يىلاندەك تولغاپ، قورساق تېرىسىنى خۇددى قورساق ئۇسسۇلىغا چۈشكەن ئەرەب قىزلىرىدەك سەكرىتىدۇ. ئەمدىلا ئايىغى چىققان مۇشتۇمدەك قىزلار خۇددى تۇغۇلۇشىدىنلا ئۇسسۇلغا يارالغاندەك، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، قاش-كۆزلىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ھەتتا مومايلارمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، دەس ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىردەم-يېرىمدەم ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

ساكىرە ئۆينىڭ تېمىغا يۆلەپ قويۇلغان كىرېسلودا، سۈكۈت ئىچىدە يىراقتا تىكىلگىنىچە، جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلار شۇ ئۆيدىكى بىردىنبىر ئۆي سەرەمجىنى سانىلىدىغان بۇ كىرېسلونى، ساكىرەنىڭ تويىغا ئاتاپ ئالاھىدە تەييارلىغانىدى. ساكىرەنىڭ ھېچقانداق ئىپادىسىز جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى. چۈنكى ئۇ بەك ئېچىلىپ-يېيىلىپ كەتسە، قىزىدىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايۋاتقان بىبىگۈلنىڭ دىلى سۇناتتى؛ ئەگەر ئۇ ئانىسىنى دەپ ھەسرەت چەكسە، بولغۇسى قېينانىسىنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ قالاتتى. شۇڭا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇ ”كاۋاپمۇ كۆيمەسۇن، زىخمۇ كۆيمەسۇن“ دېگەننى قىلىپ، ئىپادىسىز كۆزلىرىنى ئۇدۇل تەرەپتىكى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ خىيالىدا نۇسرەتلىك غالىب قوشۇنغا تەنتەنە قىلىۋاتقانلارنىڭ قولىدىكى رەڭگارەڭ گۈلدەستىلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. ساكىرە بۇ مەنزىرىنى چۈشلىرىدە كۇرمىڭ قېتىملاپ كۆرگەنىدى. كىرېسلودا قېتىپ ئولتۇرغان ساكىرە، گاھىدا گويا ھۇزۇرىغا سالامغا كىرگەنلەرنى ھىممەت-ئىلتىپاتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىۋاتقان ئايال پادىشاھدەك، بېقىندا ئولتۇرغانلارنىڭ سوئاللىرىغا ئانچە-مۇنچە جاۋاب بېرىپ قوياتتى.

ساكىرەنىڭ قىزىل، يېشىل، قارا ۋە سېرىق رەڭلىك بېزەكلەر چۈشۈرۈلگەن كىيىمى گويا زەرباب چېچىلغان ئافغانىستان بايرىقىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى، پەلەك سۆيگەن چوققىنى ئەسلىتەتتى. ساكىرەنىڭ يۈزىگە چېپىلغان «ئۇز خېنىم» ماركىلىق يۇز ماي، كۆزلىرىگە تارتىلغان سۈرمە ۋە لەۋلىرىدىكى گىلاسرەڭ لەۋسۇرۇخقا ئۇنىڭ تاتلىق تەبەسسۇمى قوشۇلۇپ، ئۇنى تېخىمۇ لېۋەن قىلىۋەتكەنىدى. دېمىسىمۇ، تويى بولىدىغان قىز قونچاقتەك چىرايلىق ياسىنىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە پۇشتۇ تىلىدىكى ”يېڭى كېلىن“ كەلىمىسى بىلەن ”قونچاق“ كەلىمىسى شەكىلداش سۆزلەردىن ئىدى.

بىردەمدىن كېيىن داپ-دۇمباق چېلىپ، پانۇس كۆتۈرگەن بىرمۇنچە مەزلۇم دەرۋازىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ۋەكىلنىڭ نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرى ۋە ئاشۇ ئۆيدىكى باشقا مەزلۇملار ئىدى. ئۇلار سىياھدەك تۈن قاراڭغۇسىدا، داپ-دۇمباق چېلىپ ئۇسسۇل ئوينايتتى، جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ناخشا ئېيتاتتى:

*يېڭى كېلىن ئالغىلى تارتىپ كەلدۇق تويى بۈگۈن،*
*ياش تۆكمىگىن لېۋەن قىز غەملىرىڭنى قوي بۈگۈن،*
*لائىلاھە ئىللاللا، رەسۇلۇللاھ مۇھەممەد،*
*قىزنى غەمدىن خالاس قىل كۈلۈپ يۈرسۇن تائەبەد.*
*قادىر ئىگەم قوشۇپتۇ ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى،*
*شۈكۈر دەيلى ئاجىزنىڭ ئاسان قىلغاي ئىشىنى،*

ۋەكىلنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن قىز-جۇۋانلار پۈتكۈل ئەس-يادىنى ئۇسسۇلغا بېرىپ، ھەممىنى ئۇنۇتقانىدى؛ ئۇلارنىڭ رومالىنىڭ ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يۇمۇلاق يۈزى بىلەن جىسمى توختىماي تەۋرىنەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۆي ئىچىنى تەر ھىدى قاپلىدى. ئولتۇرغانلارنىڭ سەل-پەل دېمى

سىقىلغاچقا، دېرىزىلەرنى ئۆلۈغ ئېچىۋەتتى. دېرىزىدىن كىرگەن سەلكىن شامال پەردىلەرنى بوشقىنا تەۋرىتەتتى. لېكىن ئۆسسۇل بىلەن قىزىپ كېتىۋاتقان مەزلۇملار، دېرىزىلەردىن ئادەمنىڭ غولىنى قورىغۇدەك سالقىن باھار شامىلىنىڭ ئېتىلىپ كىرگەنلىكىنى سەزمىگەندەكلا ئىدى.

سورۇندىكىلەر داستىخان سېلىنىپ، تاۋاق-تاۋاقلاردا گۆش تارتىلغاندىلا ئاندىن ئۇسسۇلدىن توختاپ، تۇرغان يېرىدىلا موككىدە ئولتۇردى. ياشقا چوڭلار سېلىنچىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ باداشقاننى قۇردى. ئاش-تائام ھويلىغا ئېسىلغان داش قازاندا تەييارلانغانىدى. ساكرەنىڭ سىڭىل ۋە نەۋرە سىڭىللىرى بىر كورا ئاق ئاش، يوغان-يوغان پارچىلانغان قوي گۆشى، چۆچۈك پىشلاق سېلىنغان پىدىگەن شورپىسى، ئۈستىگە پالەك ۋە سامساق بېسىلغان چۆپ، تاتلىق مۆچ سېلىنغان كۆممە چامغۇر شورپىسىنى ئېلىپ كىرىپ، پولنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئۆيدىكى مەزلۇملار گۇرۇچتە قىلىنغان ئاق ئاشتىن ئوڭ قولىدا بىر كاپام ئېلىپ، ئۇنى مىجىپ مونەكلىگەندىن كېيىن ئاغزىغا سالاتتى. ئۆي ئىچىدە تاماق چاينىغان ئاۋازدىن ئۆزگە ھېچقانداق تىۋىشنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. ئاشۇنداق مول نازۇنېمەتلەر بىلەن تەييارلانغان داستىخاندا مېھمانلار لام-جىم دېمەي تىمتاس ئولتۇرۇپ غىزالىنىۋاتاتتى. ئاردىكى جىمجىتلىقنى پەقەت ساھىبخانىنىڭ داستىخاندىكىلەرنى "ئالسىلا، باقسىلا" دېگەن گەپلىرىلا بۇزۇپ تۇراتتى. چۈنكى داستىخان سېلىنغاندىن كېيىن، قىلىۋاتقان پاراڭنى توختىتىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ غىزالىنىش، ئەدەپ-قائىدىنىڭ بەلگىسى ئىدى. شۇ تەرىقىدە داستىخاندىكى ئاش-تائام ھەش-پەش دېگۈچە پاك-پاكىز تۈگىدى.

مېھمانلار غىزالىنىپ بولغاندىن كېيىن، خېنە قويۇش رەسمىي باشلاندى. تۇن نىسبىدىن ئاشقانىدى. مېھمانلارمۇ ئويناپ ھارغان بولغاچقا، ھېچكىم ئۇسسۇلغا چۈشمىدى. بەزىلەر ئۇيقۇغا تەگدى، بەزىلەر ساكرەنىڭ ئۆيچۆرىسىدە سوزۇلۇپ يېتىشتى. ۋەكىلنىڭ ئۆيىدىن كەلگەن مەزلۇملار خېنە ناخشىسىنى ئېيتقاچ، سوقۇلغان خېنىنى ئەكىلىپ ساكرەنىڭ ئالقىنى ۋە تاپىنىغا تەكشى قويدى. ساكرە مۇشتۇملىرىنى چىڭ تۈگدى. قىزلار بولغۇشى يەڭگىسىنىڭ خېنىسىنى ئوبدان ئىچكۈزۈش ئۈچۈن، ساكرەنىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇملىرىنى يۇمشاق يىپ رەختتە چىڭ تېڭىپ قويدى. ئۇلار يەنە ساكرەنىڭ ئۈچىسىدىكى ئۇزۇن ئاق تامبال ۋە ئىچ كۆينىكىدىن باشقا كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋېتىپ، بورا ئۈستىگە سېلىنغان سېلىنچىغا ئەكىلىپ تۈپتۈز ياتقۇزدى. ئۇلار گۆش ۋە قورۇلغان جىگەرنى پىياز بىلەن قوشۇپ، ساكرەنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئاغزىغا سېلىپ قويۇۋاتاتتى، بۇ، ساكىرە ئۈچۈن ئالاھىدە ئېتىلگەن ئۈزۈتىش غىزاسى ئىدى.

بىبىگۈل ساكىرەنىڭ يېنىدا قىزىغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئوغۇل تەرەپتىن كەلگەن مەزلۇملارنىڭ ئۇنىڭغا غىزا يېگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن باشقا مەزلۇملارمۇ كۆز يېشى قىلىشتى.

ساكىرە غىزاسىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، خۇددى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى بوۋاقتەك تۈگۈلدى-دە، بېشىنى بىبىگۈلنىڭ يوتىسىغا قويدى. چۈنكى ساكىرە ھازىرغىچە كېچىلىرى ئانىسىنىڭ باغرىنى پۇراپ ياتاتتى. شۇنداق، بۇ، ساكىرە ئانىسىنىڭ ھېدىنى ھېدلاۋاتقان ئاخىرقى كېچە ئىدى؛ ئۇ ئەتىدىن باشلاپ باشقا بىرەيلەنگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ.

ساكىرە بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن ئويغاندى. ھېلىقى مەزلۇملار كېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى تېڭىقنى يەشتى. ئاخشام قويغان خېنە ئۇنىڭ ئالىقىنى ۋە تاپىنىغا ناھايىتى قېنىق ئىچكەنىدى. ساكىرە ئاخشامقى گىرىملىرىنى پاك-پاكىز يۇيۇۋېتىپ كېلىپ، قورۇغان گۆش، نان ۋە باقالى بىلەن ناشتا قىلدى.

ساكىرە چىچىنى ياستىش ئۈچۈن سائەت توققۇزلار بىلەن ساتىراشخانىغا جابدۇندى. ساكىرە سىڭلىسى لالە، سۇلتاننىڭ توقلىسى سانىيە ۋە نەۋرە سىڭلىسى بىلەن بىللە مىكرورايونى مەيدانىدىكى بىر بىناغا كەلدى. بۇ، تالىبانلار ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردىلا بار پەردازخانا ئىدى. پەرداز ئەينى چاغدا تالىبانلارنىڭ قانۇنىغا مۇخالىپ بولسىمۇ، لېكىن توي قىلىدىغان قىزلار ئۆزىنى ئەڭداشسىز گۈزەللەردىن قىلىپ ياساشقا تەشنا ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئەينى چاغدا تالىبانلارنىڭ رەھمى كېلىپ، مەزلۇملارنىڭ پەرداز قىلدۇرۇشىغا ئىجازەت بەرگەنىدى. لېكىن ھەرقانداق مەزلۇم پۈركەنجە كىيىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

پەردازخانا ئىچىدىكى تىكلىمە ئەينەكنىڭ ئالدىغا بىر دانە ئورۇندۇق قويۇلغان بولۇپ، ئەينەكنىڭ يېقىنىدىكى كەنتىرگە چوڭ-كىچىك گىرىم قۇتىلىرى تىزىقلىق تۇراتتى. پەردازخانىغا كىرىپ مۇنداقلا قارىغان ئادەم، گىرىم بۇيۇملىرى تىزىپ قويۇلغان ھېلىقى كەنتىرنىڭ نەچچە ئون يىللىق تارىختا ئىشكە تەۋەررۈك ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلالايتتى. تامغا ھىندىستان كىنو چولپانلىرىنىڭ سۈرىتى چاپلىۋېتىلگەن بولۇپ، سۈرەتتىكى ئۈچىسىغا تۈۋەن ياقىلىق كۆينەك كىيگەن بىر ساھىبجامال خۇمالىق كۆزلىرىنى ئادەمگە تىكىپ تۇراتتى. سۈرەتتىكى ساھىبجامالنىڭ چېھرىدىكى تاتلىق تەبەسسۇم ساكىرەنىمۇ كۈلكىگە قىستىدى.

ساكرەنى بەك چىرايلىق قىزلاردىن دەپ كەتكىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئاستىنقى قاپاقلىرى ساڭگىلىغان بولۇپ، يوغان يۇمۇلاق يۈزىنىڭ تېرىلىرى يىرىك ئىدى، جاغ سۆڭەكلىرى قوپال ھەم كۈچلۈك كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇنىڭ چىشلىرى سەدەپتەك رەتلىك، چاچلىرى مايلاپ قويغاندەك پارقىراق، تۇرقى بەك چىرايلىق بولمىغىنى بىلەن خېلىلا خۇلقى بار ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ بىبىگۈلنىڭ قىزلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئەتىۋارلىقى شۇ ئىدى.

— سىزگە قانداقلارچە كۆيۈپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، — دېگەنىدى ۋەكىل مەريەمنىڭ ئۆيىدە ھەمداستىخان بولغان كۈنى ساكرەگە، — سىزنى بەك چىرايلىق قىزلاردىن دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ، شۇ چاغدا ۋەكىلنىڭ بۇ گەپلىرى ناھايىتى يېقىملىق چىققان بولسىمۇ، لېكىن ساكرە ئۇنى "مېنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن دەۋاتقان گېپى" دەپلا ئويلىغانىدى.

شۇڭلاشقىمۇ ساكىرە بۈگۈن جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دەل بەك ئادەتتىكىچە يارىلىپ قالغان بۇ تەققى-تۇرقىنىڭمۇ، توي قىلغاندىن كېيىن ئۆزۈنغا بارماي سولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ گاھىدا نىكاھ، توي دېگەنلەرنى ئايال زاتىنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى، دېيىشكە بولاتتى.

پەردازچى ساكرەنىڭ پاخپىيىپ تۇرغان چاچلىرىنى چاچ قىسقۇچتا قىسىپ قويۇپ، ئۇنىڭ قاپىقىدىكى ياۋا قاشلارنى بىر-بىرلەپ تەرگىلى تۇردى. دېمىسىمۇ، ساكرەنىڭ قوشۇما قاشلىرى زىيادە قويۇق ئىدى. ئافغانىستاندا ئادەتتە قىزلار توي قىلىشتىن بۇرۇن قېشىنى تەرسە بولمايتتى.

پەردازچى ھەربىر تال قاشنى يۇلغاندا ساكرە "ۋايجان" دەپ ۋارقىراپ قوياتتى. شۇنداق قىلىپ پەردازچى ساكرەنىڭ دەمدەك كەڭ قاشلىرىنى ھەش-پەش دېگۈچە قىياقتەك ئەگمە قاشلارغا ئايلاندۇردى. ساكرە ئەينەكتىن ئۆزىنىڭ باشقىچە رەڭ تۈزگەن رۇخسارىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ۋىللىدە يورۇپ كەتتى.

— ئەتتەڭ، بۇرۇنراق كەلگەن بولسىڭىز كالپۇكىڭىزنىڭ ئۈستىدىكى سېرىق تۈكلەرنىمۇ تازىلىۋېتەركەنمەن، — دېدى پەردازچى ساكرەگە ۋە سىرتىغا "تۈك چۈشۈرۈش مەلھىمى" دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر بوتۇلكىنى كۆرسەتتى، — بىراق ئەمدى ئۈلگۈرەلمەيمىز-دە!

پەردازچى ئالدى بىلەن ساكرەنىڭ يۈزىگە "ئۈز خېنىم" ماركىلىق ئاقارتىش يۈز مېينى سۈرتتى. ئاندىن قاپىقىغا ساكرە تاللاپ بەرگەن قىزىل ۋە سېرىق رەڭلىك قاپاق لاكىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۈۋاپ، كۆزلىرىنىڭ جىيەكىگە سۈرمە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تارتتى، ئاخىرىدا لېۋىگە لەۋسۇرۇخنى سۈردى.

— ھەرقانچە پەرداز قىلسىمۇ سىلىچلىك بولالمايمەن، — دېدى ساكىرە يېشى ئۆزىدىن كىچىك يەڭگىسى — سۇلتانىنىڭ توقلىي سانىيەگە. بۇ گەپنى ئاڭلىغان سانىيە بېشىدىكى نېپىز ھاۋا رەڭ روملىنى تۈزەشتۈرگىنىچە ئىچىدە بىر نېمىلەرنى دەپ پىسىڭگىدە كۈلدى.

ساكىرەنىڭ پەردىزى تۈگىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا سانىيە كېلىپ ئولتۇردى، ساكىرە باشقىلارنىڭ ياردىمىدە تويلۇق كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى، لالە ساكىرەنىڭ تېخىمۇ چىرايلىق ياسىنىشى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ رىزىنكىلىك كەمىرىنى بېرىپ تۇردى. ساكىرەنىڭ تويلۇق كىيىمى سۈس يېشىل رەڭلىك نېپىز پاختا رەختتىن تىكىلگەن بولۇپ، بېلىگە نىلون رەختتىن بەل پويىز، ئېتىكىگە ئالتۇن رەڭلىك چىلتەك تۇتۇلغانىدى. ئافغانىستاندا توي كىيىمى چوقۇم يېشىل رەختتىن تىكىلىشى كېرەك، چۈنكى يېشىل رەڭ ھەم بەخت-سائادەتنىڭ سىمۋولى، ھەم ئىسلام ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى ئىدى.

ساكىرە تويلۇق كىيىمنى كىيىپ بولغاندىن كېيىن، پۇتىغا سېرىق پىستانلىق ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىينى كىيدى، پەردازچى ساكىرەنىڭ چېچىدىكى تۈرگۈچلەرنى ئېلىۋېتىۋىدى، ساكىرەنىڭ چاچلىرى بىردەمدىلا دولقۇنلۇق بۇدرە چاچقا ئايلاندى، ئاندىن ئۇ ساكىرەنىڭ چېچىنى ئۈستىگە تارىدى ۋە ئىككى زاڭقىدا ساڭگىلاپ تۇرغان زۇلپىنى مەڭزىگە يېقىن تاراپ، ئۈستىگە يېلىم پۈركىدى، ئاندىن ساكىرەنىڭ چېچىغا قار گۈللىرىدەك ئوخشاش قىرقىلغان زەر جىيەكلىك ھاۋارەڭ قەغەز پارچىسىنى چاچتى ۋە ئىككى ياڭىقىغا ئۈچ تالدىن كۈمۈشرەڭ يۇلتۇزنى چاپلىدى، شۇنداق قىلىپ ساكىرە بىردەمدىلا سۈرەتلەردىكى ھىندىستان كىنو چولپانلىرىغا ئوخشاپ قالدى، مانا ئەمدى ساكىرەنىڭ يۈزىگە سۈس يېشىل رەڭلىك چۈمپەردە يېپىلدۇ.

— ئاپلا، چاتاق بولدى، چاتاق! ھېلىقى لاتا ئۇنتۇلۇپ قاپتۇ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى لالە تۇيۇقسىزلا.

— ۋىيەي، ئەمدى قانداق قىلارمىز؟ — دېدى سانىيە ۋە ساكىرەگە ئەندىكىپ قارىدى، لېكىن ساكىرە قىلچە ئىپادىسىز ئىدى.

لالە پەردازخانىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى-دە، ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى، ئەلىيگە ئۆيى پەردازخانىغا يېقىنلا يەردە ئىدى، شۇنداق، ئۇنتۇلۇپ قالغان نەرسە بىر پارچە پۇرۇچ لاتا بولغىنى بىلەن، ھەممىدىن مۇھىمى شۇ تۇرسا، ئۇنى ئەكەلمەي بولامتى؟!

باشقىلار لالەدەك بەك ھودۇقۇپ كەتمىدى، ئۇلار ساكرەنىڭ چاچلىرى، يۈزى ۋە پۈركەنجىسىگە زەر جىيەكلىك ھاۋارەڭ قەغەز قىيمىسىنى قول-قولچە چىچىۋاتاتتى، ساكرە چۈمپەردىسىنى ئاستا ياپتى. ئۇ ئەمدىلا ياساتقان چىچىنىڭ شەكلىنى بۇزۇپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ، يۈزىدىكى چۈمپەردىنى ئۈستى تەرەپكە ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن تارتىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن چۈمپەردىنىڭ كۆرۈش تۆشۈكى ئۈستى تەرەپكە سۈرۈلۈپ كەتكەچكە، چۈمپەردە ساكرەنىڭ كۆزىنى تۇسۇۋالدى، شۇڭا سانىيە بىلەن ساكرەنىڭ نەۋرە سىڭلىسى ئۇنى پەشتاقتىن خۇددى قارىغۇنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ چۈشۈردى، ساكرەمۇ يولنى كۆرەلمەي يىقىلىپ چۈشۈشكە رازىكى، لېكىن باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى.

ساكرە ئاران ياساتقان چاچنىڭ ئىسكەتى بۇزۇلۇپ كېتەرمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، قېلىن پۈركەنجىنى ھېلىدىن-ھېلىغا تارتىپ قوياتتى. ساكرە ۋە ئۇنىڭ بىلەن پەردازخانىغا بارغانلار مەريەمنىڭ ھويلىسىغا كىرىپ كېلىشتى. توي دەل ئاشۇ ھويلىدا ئۆتكۈزۈلمەكچى ئىدى. ساكرە دەرۋازىدىن كىرىپ كېلىشكە، ھويلىدا لىققىدە ئولتۇرغان مېھمانلار ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. لېكىن ۋەكىل تېخى كەلمىگەنىدى. مېھمانلار داستىخاندىكى گۆش ئاش، كاۋاپ ۋە كاتلېتنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشىۋاتاتتى. تويغا تۇغقانلاردىنلا نەچچە يۈز ئادەم چاقىرىلدى. ئاشپەز ئۇستام بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى تاڭ يورۇماستىنلا كېلىپ، قازان ئېسىپ تاماق ئېتىشكە كىرىشكەنىدى. بۈگۈنكى بۇ مەرىكىنىڭ ئاش سۈيىگە 150 كىلوگىرام گۈرۈچ، 56 كىلوگىرام قوي گۆشى، 40 كىلوگىرام موزاي گۆشى، 42 كىلوگىرام ياغ، 30 كىلوگىرام پىياز، 50 كىلوگىرام پالەك، 35 كىلوگرام سەۋزە، بىر كىلوگىرام سامساق، سەككىز كىلوگىرام كىشمىش، 20 كىلوگرام تۇخۇم، ئىككى كىلوگىرام گۈلە، 32 كىلوگىرام ماي، 14 كىلوگىرام شېكەر، ئىككى كىلوگرام ئۇن، ئىككى كىلوگرام پەمىل چاي، ئىككى كىلوگىرام قارا چاي، 14 كىلوگرام قەنت-گېزەك، ئۈچ كىلوگرام شىرنە ۋە بىرمۇنچە دورا-دەرمەك كەتتى.

تويىنىڭ داستىخنى يىغىلغاندىن كېيىن، ئەرلەردىن بىر نەچچەيلەن ۋەكىل ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ كېلىشتى. چۈنكى نىكاھنىڭ ئاخىرقى كېلىشىمى توي ئۈستىدە ئىمزالىناتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار تويغا ئائىت پۇل-پۇچەك ۋە ئەھدى قىلىنىدىغان بەزىبىر ئىنچىكە ئىشلار ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. ۋەكىل: "ساكرەنى ئەمرىگە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ھەرگىزمۇ يېمەك-ئىچمەك، كىيىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ـ كېچەكنىڭ غېمىگە قويمايمەن؛ مۇبادا بەزىبىر ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار ۋەجىدىن ساكىرەنى تالاق قىلماقچى بولۇپ قالسام، ئۇنىڭغا رازى بولغۇدەك تۆلەم بېرىمەن" دەپ ئەھدى قىلدى. قىز تەرەپتىن سۇلتان ساكىرەگە ۋاكالىتەن بۇ مەسلىھەتكە قاتناشقاندى. ئىككى تەرەپ ئۆزئۆزىچە مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، نىكاھ كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشتى، ئاندىن نىكاھ ئوقۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن مەسلىھەتكە قاتناشقانلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كېتىشتى. مەريەمنىڭ ئۆيىدە سىڭىللىرى بىلەن بىللە ئولتۇرغان ساكىرە، ئەرلەرنىڭ ۋەكىل ئولتۇرغان ئۆيدىن تارقاپ چىقىۋاتقانلىقىنى دېرىزە پەردىسىنىڭ بۆرجىكىدىن كۆرۈپ تۇردى. ساكىرە ئەرلەر مەسلىھەتكە كىرىپ كەتكەندە ھېلىقى سۇس يېشىل كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، ئاق رەڭلىك توي كۆڭلىكىنى كىيدى ۋە يۈزىگە روسچە چۈمپەردىنى تارتتى. ئۇ ۋەكىلنىڭ كىرىپ ئۆزىنى يېتىلەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈۋاتاتتى. ئاخىرىچە ۋەكىلمۇ كىرىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن ساكىرەنىڭ يۈزلىرى نومۇستىن ئوت ئېلىپ كەتتى. ۋەكىل بىلەن ساكىرە قائىدە بويىچە يەرگە قاراپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە بەخت تىلەشتى، ئاندىن يانمۇ يان مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشتى. پۇشتۇلارنىڭ يوسۇنى بويىچە ۋەكىل بىلەن ساكىرە تالاغا چىقىپ توختىغان ھامان قارشى تەرەپنىڭ بىر پۇتىنى دەسسەپ قويۇشى كېرەك ئىدى. قارشى تەرەپنىڭ پۇتىنى كىم بالدۇر دەسسىۋالسا، تويىنىڭ ئىگىسى شۇ بولاتتى. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە ۋەكىل يېڭىۋالدۇ ياكى بولمىسا ساكىرە قەستەن يېڭىلىپ بېرىدۇ. چۈنكى قىز بالا بىرەر ئەر كىشىنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەن دەقىقىدىن باشلاپ، ئۇنىڭ بارلىقى ئېرىگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدۇ. بۇ راستتىنلا ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان ئىش ـ تە!

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ۋەكىل بىلەن ساكىرەگە ئاتاپ ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغاندى. پۇشتۇلارنىڭ قائىدىسىدە بۇ ئورۇندۇققا توي قىلغان يىگىت بىلەن قىز تەڭ ئولتۇرۇشى كېرەك. ناۋادا ۋەكىل بالدۇر ئولتۇرۇۋالسا، ئۆينىڭ بىيلىكى* ساكىرەگە ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. شۇڭا ۋەكىل بىلەن ساكىرەدىن ھېچكىم ئولتۇرۇشقا پېتىنالماي ئۆرە تۇرۇپ كەتتى. ئاخىرىچە سۇلتان ئارقىدىن كېلىپ، ئۇ ئىككىسىنى مۈرىسىدىن بېسىپ تەڭ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. بۇنى كۆرگەن مېھمانلار چاۋاك چېلىپ كېتىشتى.

ساكىرەنىڭ ئاچىسى فىروزا بىر پارچە ئەديالنى ئەكىلىپ، يانمۇ يان

*بىيلىك — باشقۇرۇش ۋە قارار قىلىش ھوقۇقى. — تەرجىماندىن.

ئولتۇرغان ۋەكىل بىلەن ساكرەنىڭ دولىسىغا ياپقاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئالدىغا تىكلىمە ئەينەكتىن بىرنى قويۇۋىدى، ۋەكىل بىلەن ساكرە ئەينەككە تەڭلا قارىدى. پوشتۇلارنىڭ قائىدىسىدە توپىلىشىۋاتقان يىگىت بىلەن قىزنىڭ كۆزلىرى دەل توي كۈنى ئالدىغا ئەكىلىپ قويۇلغان ئاشۇ ئەينەكتە تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىدۇ. ۋەكىل بىلەن ساكرەمۇ بېقىنىدا ئولتۇرغان هالال جۈپتىگە ئالدىدىكى ئەينەكتىن تويىماي قاراۋاتاتتى. ئاغىچە فىروزا «قۇرئان كەرىم»نى ۋەكىل بىلەن ساكرەنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدە تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئاللاھتىن سائادەت تىلىدى، ۋەكىل بىلەن ساكرەمۇ بېشىنى ئېگىشتۈرگىنىچە ئاللاھنىڭ ھەممىسىگە شۈكۈرلەر ئوقۇدى.

بىرەيلەن بىر تەخسە باقالىنى ئەكىلىپ، ۋەكىل بىلەن ساكرەنىڭ ئالدىغا قويدى، ۋەكىل بىلەن ساكرە باقالىدىن بىر قوشۇقتىن ئېلىپ بىر-بىرىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى، بۇنى كۆرگەن مېھمانلار چاۋاك چېلىپ كېتىشتى. ۋەكىل بىلەن ساكرە بىر-بىرىگە بوتۇلكىدىكى ئۇسسۇزلۇقتىن چاچتى، بۇمۇ ئەر-خوتۇن ئىككىسىنىڭ يېڭى ئائىلىسىگە قۇت-ئامەت تىلىگەنلىكى ئىدى.

لېكىن مېھمانلارنىڭ بەزىلىرى داستىخانغا قويۇلغان لىمون سۈيى ئىچىملىكىدىن ئانچە رازى بولمىدى.

— پاھ، بىر چاغلاردا بۇنداق تويلاردا شامپان ئىچىدىغان، — دېدى ساكرەنىڭ بىر ھاممىسى ئۇھ تارتىپ، — ئۇنداق چاغلار كەلمەسكە كېتىپتۇ-دە، ئىسىت!

بۇ مەزلۇم ئالدىدىكى لىمون سۈيىنى كۆرۈپلا توي داستىخانلىرىغا ئۇزۇم ھارىقى ۋە شامپان قويۇلىدىغان ئەركىن زامانلارنى ئەسلەپ قالغانىدى. دېمىسىمۇ، ئاپال زاتى ھازىرقىدەك پۈركەنجە ئارتماي، نىلون پايپاق، قىسقا يەڭلىك كوپتىلارنى كىيىپ يۈرەلەيدىغان ئۇنداق چاغلار، ساكرەنىڭ بۇ ھاممىسىدەك مەزلۇملارنىڭ خىيالىدا ئاللىقاچان تاتلىق ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

— تازا بىر قاملاشمىغان توي بولدى بۇ، — دېدى سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر پەس ئاۋازدا، — يەنە شۇ ئاتام زامانىدىن قالغان كونا زىياپەت، بازاردا دۆۋىلەپ قويۇپ ساتىدىغان پۇلغا ئالماس تويلۇقلار، داستىخاندىكىسى يەنە شۇ كاتلېت بىلەن ئاق ئاش، كېلىننىڭ ئۇچىسىدا يەنە شۇ يەر سۈپۈرۈپ تۇرىدىغان ئۇزۇن كۆڭلەك، يۈزىدە چۈمپەردە .... مەن توي قىلىدىغان چاغدا ناھايىتى چوڭ بىر تانسىخانىنى ئىجارىگە ئالىمەن، مېھمانلىرىمنىڭ ھەممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇچىسىغا ئەڭ مودا كىيىملەرنى كىيىپ كېلىدۇ، شىرەلەرگە پۇتـۇنلەي ئىمپورت قىلىنغان ئېسىل نازۇنېمەتلەر تىزىلىدۇ ...، ئىشقىلىپ مەن تويۇمنى چەت ئەلـدە قىلىمەن.

ۋەكىل بىلەن ساكىرەنىڭ تويى مەريەمنىڭ كېسەك تاملىق هويلىسىدا ئۆتكۈزۈلدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە هېچقانداق گىياھ ئۈنمىگەن بۇ قاقىرام هويلىنىڭ تاملىرى ئوق تېگىپ پۈتـۇنلەي ئۆتمۈشۈك بولـۇپ كەتكەنىدى، سىنچىلاپ قارىسا هەتتا تامدا تـۇرۇپ قالغان تـوپ ئوقنىڭ پارچىلىرىنىمۇ بايقىغىلى بولاتتى. ۋەكىل بىلەن ساكىرە تـوي سۈرىتىگە شۇ يەردە چۈشتى، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ سۈرەتكە چۈشكەن چاغدىكى قېتىپ قالغاندەك ئىپادىسىز كۆزلىرى، ئۇيۇقـا تىكىلگەنىدى، سۈرەتكە قارىغان هەرقانداق ئادەم، تەبەسسۇم قاچقان ئىككى جۈپ كۆز ۋە تامدىكى ئوق ئىزلىرىدىن مەيۈسلەنمەي قالمايتتى.

ئەمدى تورت يېيىش مۇراسىمى باشلاندى، ۋەكىل بىلەن ساكىرە قائىدە بويىچە ئالدىدىكى تورتتىن پىچاقتا كېسىپ ئېلىپ، ئۇنى بىر-بىرىسىنىڭ ئاغزىغا سېلىپ قويدى، لېكىن بىر كېسىم تورتنىڭ ئاران دېگەندە يېرىمى قارشى تەرەپنىڭ ئاغزىغا كىرەتتى-دە، قالغىنى ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

ۋەكىل بىلەن ساكىرە بىر-بىرىگە تورت يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، تانسا باشلاندى، نۇرغۇن مېهمانلار ئۇچۇن ئېيتقاندا، بۇ تالىبانلار كابۇلدىن يوقالغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن نەغمە-ناۋاسى بار توي ئىدى، مۇزىكا شۇنداقلا ياڭرىۋىدى، ۋەكىل بىلەن ساكىرەدىن باشقا هەممەيلەن دېگۈدەك مەيدانغا چۈشتى، هەش-پەش دېگۈچە كۈن قايرىلىپ بولدى، كابۇلدا كېچىدە يول مېڭىش مەنئىي قىلىنىدىغان بولغاچقا ئادەتتە كەچتە بولىدىغان توي زىياپىتى كۈندۈزگە ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى، ئۇ هەم كەچ سائەت ئوندىن بۇرۇن تاماملىنىشى كېرەك ئىدى.

تويغا كەلگەن مېهمانلار، مەريەمنىڭ هويلىسىدىن كۆز باغلانغاندا كۆلكە-چاقچاقلار بىلەن ئۇزاپ چىقتى ۋە ماشىنا بىلەن قىزنى كۆچۈرۈپ ۋەكىلنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ مېڭىشتى، ماشىنىلار رەڭدار بانتىك ۋە گۈللەر بىلەن بېزەلگەنىدى، ۋەكىل بىلەن ساكىرە ئولتۇرغان ماشىنىغا سەككىز ئادەم چىقتى، باشقا ماشىنىلار تېخىمۇ قىستا-قىستاڭ ئىدى، توي كۆچۈرگەنلەر كابۇلنىڭ رەستىلىرىنى ئايلىنىپ ماڭدى، بۇ دەل روزا هېيت مەزگىلى بولغاچقا،

رەستىلەردە ماشىنا بەكمۇ شالاڭ ئىدى. شۇڭا قىز كۆچۈرۈپ ماڭغان ماشىنىلار سائىتىگە 60 ئىنگلىز مىللىق سۈرئەت بىلەن ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭدى. ئەمما ماشىنىلارنىڭ سۈرئىتى بەك تېز بولغاچقا، قىز كۆچۈرگەن ماشىنىلاردىن بىرى ئۆيلىمىغان يەردىن، يەنە بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتتى. بۇنى كۆرگەنلەرنىڭ كۆڭلى بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە سوقۇلغان ئىككى ماشىنىنىڭ چىراغلىرى چېقىلىپ، سوقۇلغان يېرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھېچقانداق زىيان-زەخمەت كۆرۈلمىدى. ماشىنىلار ئاخىر ۋەكىلنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، قىز كۆچۈرگەن بۇ ماشىنىلار كابۇلنىڭ رەستىلىرىنى ئايلىنىپ قىلغان كىچىككىنە سەپىرى بىلەن ساكرەنى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆيىدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىدى. مانا ئەمدى ساكرە ئۆز ئۆيىدە كۆنگەن ئادەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئېرىنىڭ ئۆيىگە ماسلىششى كېرەك.

ئوغۇل تەرەپنىڭ ساھىبخانلىرى قىز كۆچۈرۈپ كەلگەنلەر ئىچىدىكى ئەڭ يېقىن تۇغقانلارنى ئۆيىگە باشلىدى. ۋەكىلنىڭ ئاچىسى مېھمانلارغا چاي قۇيدى. ساكرە مانا ئەمدى ۋەكىلنىڭ ئائىلىسىدىكى ئاشۇ ئايال بىلەن بىرگە ياشايدۇ. ئۇ، ئاشۇ مەزلۇم بىلەن بىرگە سۇ توشۇپ ئوتۇن ياردۇ؛ كىر-قات يۇيدۇ؛ مال-ۋارانغا قارايدۇ.... كۆپكۆك پوتلىسى ئېقىپ قالغان بىر بالا ھاممىسىنىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرۇپ، ئۇلارغا ئانا بولىدىغان بۇ چىرايلىق كېلىنگە ھەيرانلىق ئىچىدە ئەدەپ بىلەن قاراۋاتاتتى. مۇزىكا توختاپ، بايىقى ۋاراڭ-چۇرۇڭ تويۇقسىز بېسىقتى. ساكرە ئۆزىنىڭ يېڭى ئۆيىگە تۇنجى قەدىمىنى ئالدى. ئۆي بەكمۇ چوڭ، تورۇسلىرى ئېگىز ئىدى. ۋەكىلنىڭ ئۆيى كەنتتىكى باشقا ئۆيلەرگە ئوخشاش خام كېسەكتە ياسالغان بولۇپ، تورۇستىكى لىمنىڭ ئۈستىگە يوغان-يوغان ۋاسلار قويۇلغانىدى. ئۆينىڭ دېرىزىلىرىگە يالتىراق چاپلاپ قويۇلغانىدى. ئەسلىدە ۋەكىل ئوق-بومبىلار كۆنلەرنىڭ بىرىدە يەنە ۋەيران قىلارمىكىن، دېگەن ئەندىشىدە بولغاچقا، دېرىزىنىڭ سۇنغان ئەينەكلىرىنى تېخى يەڭگۈشلىمىگەنىدى.

ھەممەيلەن ئۆيگە ئاياغلىرىنى سېلىۋېتىپ كىردى. ساكرەنىڭ ئايىغى ھەم ئېگىز پاشنىلىق، ھەم تار بولغاچقا، ئۇنىڭ پۇتلىرىنى قىستاپ ئىششىتىۋەتكەنىدى. تۇغقانلاردىن بىر نەچچەيلەن ۋەكىل بىلەن ساكرەنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. قوش كىشىلىك يوغان كارىۋات ئۆينىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئىگىلىگەنىدى. ساكرە ئۆزى تاللاپ ئالغان قىزىل كارىۋات ياپقۇچ بىلەن دېرىزىدىكى قىزىل پەردىنىڭ ئۆيگە بەكمۇ ياراشقانلىقىدىن تولىمۇ خۇرسەن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بولدى، ساكىرەنىڭ سىڭلىسى مەريەم ئالدىنقى كۈنى كېلىپ بۇ ھۇجرىنىڭ پەردىسىنى تارتىپ، كارىۋاتلىرىنى رەتلىگەنىدى، ساكىرە چۈشىدىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئۆي، مانا ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭ بۇنىدىن كېيىنكى ئۆمرىنى ئۆتكۈزىدىغان ماكانىغا ئايلىنىدۇ.

توي تۈگىگىچە ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر-بىرىگە قاراپ بىرەر قېتىممۇ تەبەسسۇم قىلىپ باقمىغانىدى، ساكىرە مانا ئەمدى ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان بۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، ئېمىشقىدۇ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى.

— بەك ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇپسىز، رەھمەت، — دېدى ئۇ مەريەمگە.

شۇنداق، ساكىرەنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆزىگە تەئەللۇق ئۆيى بولدى؛ ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم كارىۋاتتا يېتىپ ئۇخلايدۇ. ساكىرە لۆم-لۆم كارىۋاتتا ۋەكىلگە ياندىشىپ ئولتۇرۇپ، شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

ئەمدى توينىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر مۇراسىمى قالغانىدى. ۋەكىلنىڭ ئاچىسى بىر تال مىخ بىلەن بىر بولقىنى ئەكىلىپ ساكىرەگە بەردى. ساكىرە مىخ بىلەن بولقىنى نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ھۇجرىنىڭ بوسۇغىسىغا كەلدى ۋە مىخنى ئىشىك كېشەكنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تامغا ئۇرۇپ قاقتى. ساكىرە مىخنى قېقىپ بولۇشى بىلەن تەڭ ھەممەيلەن چاۋاك چېلىشتى. بۇنى كۆرگەن بىبىگۈل بوزلاپ يىغلاپ كەتتى. چۈنكى، ئاشۇ بىر تال مىخنىڭ قېقىلىشى بىلەن ئاززۇلۇق قىزنىڭ تەقدىرى مۇشۇ تۆت تامنىڭ ئىچىگە ئەبەدىي بەنت بولۇپ كېتىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئەتىسى ناشتىدىن بۇرۇن، ۋەكىلنىڭ ھاممىسى بىبىگۈلنىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە لاتىنى بەردى. ئۇ دەل لالە ئۈنتۈپ قالغىلى تاس قالغان ھېلىقى بىر پارچە لاتا، بۇ تويغا ئاتالغان بارلىق نەرسە-كېرەكلەر ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى ئىدى. بىبىگۈل لاتىغا ئالمان-تالمان قارىدى. لاتىدا قىپ-قىزىل قان يۇقى بار ئىدى. بۇنى كۆرگەن بىبىگۈل ۋەكىلنىڭ ھاممىسىغا تەشەككۈر ئېيتتى. بىبىگۈلنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش، ئىككى ياڭىقىنى بويلاپ تۆۋەن سىرغىيتتى. ئاڭغىچە ئاياللارنىڭ ھەممىسى يۇگۈرۈشۈپ كەلدى. بىبىگۈل لاتىدىكى قان يۇقىنى يۈگۈرۈپ كەلگەن ئاياللارغا، ھەتتا مەريەمنىڭ كىچىك قىزىغىمۇ كۆرسەتتى. ناۋادا ئاشۇ لاتا قانغا بويالمىغان بولسا، ۋەكىل ناشتىدىن بۇرۇن بۇ بىر پارچە پۇرۇچ لاتىنى ئەمەس، بەلكى ساكىرەنى ئەكىلىپ تاشلاپ بەرگەن بولار ئىدى.

ئونىنچى باب

# ئۈچ ئەۋلادنىڭ تۆۋرۈكى

توي — شادلىق بىلەن قايغۇ ئارىلىشىپ كېتىدىغان ئاجايىپ سىرلىق مەرىكە، چۈنكى قىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى گويا قىزى بىلەن ئەبەدىي ۋىدالاشقاندەك خېلى كۆڭۈلەرگىچە ھەسرەت ئىچىدە قالىدۇ. بولۇپمۇ قىزنىڭ ئانىسى، تېخى تۈنۈگۈنلا ئۆزىگە ئەركىلەپ تۇرغان كۆز قارىچۇقىنىڭ باشقىلارنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكىنىگە بوزلاپ ياش تۆكىدۇ. ئادەتتە قىز بالا ئانىغا بەكرەك يېقىن تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئانىسىنىڭ قۇيرۇقىدىلا يۈرىدۇ. ئۇلار بىر-بىرىنىڭ باغرىنى ھىدلاپ ئۇخلايدۇ؛ قول-قولچە ئۆي تازىلاپ، كىر-قات يۇيىدۇ؛ تاماق ئېتىدۇ. لېكىن ئانىنىڭ بۇ يۆلەنچۈكى تويدىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قولتۇقىدىن بىراقلا يىتىدۇ. ياتلىق قىلىنغان قىز ئەر كىشىنىڭ ئەمرىگە ئۆتكەن دەقىقىدىن باشلاپ باشقا بىر ئائىلىگە تەئەللۇق بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئانىسىنى سېغىنغان ھامان دىككىدە بېرىپ يوقلىيالمايدۇ، ھەتتا ئېرى رۇخسەت قىلمىسا، ئۆيىگە بېرىپ قېرىنداشلىرىنى كۆرۈپ كېلىش ھوقۇقىمۇ بولمايدۇ.

مىكرورايانى مەيدانى 37-بىنادىكى بىر ئۆيدە، قىزى ياتلىق قىلىنغان بىر ئانا يۈرەك پارىسىنى ھەسرەت ئىچىدە ياد ئېتىپ ئولتۇراتتى. دۇرۇس، قىزى ياتلىق قىلىنغان ئۆيگە پىيادە ماڭسا بىر سائەتكە قالمايلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن ساكىرە مەيلى كابۇل شەھرى ئەترابى رايوندىكى دېھقۇدەيداد كەنتىدە قونۇپ-يېتىپ خىزمەت قىلسۇن، ياكى تاغ-دېڭىزلاردىن ھالقىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتسۇن، ۋە ياكى ھازىرقىدەك ئەرگە تېگىپ كېتىپ قالسۇن، بۇ مىسكىن ئانىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئوخشاشلا ئازابلىق ئايرىلىش ۋە جۇدالىق ئىدى. بىبىگۇل ئىككى بېقىنىغا قاراپ ھەسرەت ئىچىدە چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. چۈنكى ھەمىشە ئانىسى بىلەن بىر سېلىنچىدا گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلاشقاچ چاي ئىچىپ ئولتۇرىدىغان قىزى — ساكىرە مانا ئەمدى بىراقلا غايىب بولغانىدى.

بىبىگۇل ئورۇقچىدىن يەنە بىرنى چىقىپ، مېغىزىنى سېلىنچىنىڭ تېگىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىقىپ قويدى، شۇنداق قىلمىسا لالە ھازىرلا تېپىۋالىدۇ. چۈنكى لالە ئارشاڭدىكى سېپىسترالاردەك، ھە دېسىلا بىبىگۈلنىڭ يېمىكىگە چەك قويۇپ، ئۇنى زىيادە مايلىق ۋە تاتلىق نەرسىلەرنى يېيىشتىن توساتتى. گاھىدا بىبىگۈل لالە توسقان نەرسىلەرنى يېۋالماقچى بولغاندا، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋالاتتى. لالە ئۆيدە بولغاچقا، ئانىسىغا مەخسۇس گۆشسىز تاماقلارنى ئېتىپ بېرەتتى. لېكىن بىبىگۈل گاھىدا لالەگە چاندۇرماي، باشقىلارنىڭ قاچىسىدىكى گۆشلەرنى ھاپىلا-شاپىلا ئېلىۋالاتتى. بىبىگۈل مايلىق يېمەكلىك، داغلىما كۆكتات، مايلىق پاقلان گۆشى، يىلىك دېگەنلەرگە ناھايىتى ئامراق ئىدى، چۈنكى ئۇزى خالىغان نەرسىلەرنى ئىسسىق باسقۇدەك يېۋالسا، ئۇنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ قالاتتى، ئۇ كېچىلەردە قورساقى ئېچىپ قالسا، ئاستا ئاشخانىغا چىقىپ، ئېشىپ قالغان تاماقلارنى تېپىپ يېۋالاتتى، شۇڭلاشقا، لالە ھەرقانچە قىلسىمۇ بىبىگۈلنىڭ بەدەن ئېغىرلىقى چۈشمەكتە يوق، كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ، بېلى خۇددى سامان تىققان تاغاردەك يوغىناپ كېتىۋاتاتتى. لالە ئۇنى يېمەكلىكتىن ھەرقانچە توسسىمۇ، لېكىن بىبىگۈل ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى كونا ئىشكاپنىڭ ئىچى، گىلەمنىڭ ئاستى، ساندۇقنىڭ ئارقىسى ياكى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ يانچۇقىغا تىقىپ قويۇپ يەيتتى. ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئېرىس كەمپۈت، پاكىستاننىڭ كەمپۈت تالقىنى دېگەندەك نەرسىلەر ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ نەرسىلەر گەرچە ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تەگكىدەك تاتلىق بولسىمۇ، ھەتتا بەزىدە تەمى ئۆزگىرىپ قالسىمۇ، لېكىن قانداقلا بولمىسۇن ئۇ دېگەن قەغىزىگە كالىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئېرىس كەمپۈت-تە! ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمپۈتنى ئاغزىڭغا سېلىۋېلىپ شۈمسەڭ، ھېچكىم سېنىڭ بىر نەرسە يەۋاتقانلىقىڭنى بىلمەيدۇ.

بىبىگۈل ئۇرۇقچا چىقىپ يېيىشكىمۇ ناھايىتى ئامراق ئىدى. ئۇ قورساقىقا ئامراقلىقىدىن گاھىدا ئۇيۇلۇپمۇ قالاتتى. شۇڭا ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان چاغلاردىمۇ مېغىز دېگەندەك نەرسىلەرنى ئۆزىچە تىقىشتۇرۇپ يەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئىككى كۆزىنى تورۇسقا تىكتى، ئاشخانىدىن گاز-گۈز قىلغان ئاۋاز بىلەن قورۇمىنىڭ مەززىلىك ھىدى كېلىۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ساكرە كەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي بوبۇرامۇ كېتىدۇ. قىزلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ يېنىدىن بىر-بىرلەپ غايىب بولىدۇ. بىبىگۈل ئەتە-ئۆگۈن لالەنىمۇ ئۇزىتىپ، ئۇزى بۇ ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالسا، قانداقمۇ قىلار-ھە!

— كۆزۈم يۇمۇلمىغۇچە لالەنى ھېچكىم ياتلىق قىلمەن، دەپ خىيال

ئەيلىمسۇن، — دېگەندى ئۇ لالە 19 ياشقا كىرگەن يىلى. شۇنىڭدىن كېيىن لالەگە نۇرغۇن ئەلچىلەر كىردى، لېكىن ئەڭ ۋاپادار قىزىنى قولدىن چىقىرىپ قويۇشنى خالىمىغان ئانا، ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلىپ يولغا سالدى.

بىبىگۈل ھېچقانداق ئۆي ئىشىنى قىلماي، بۇلۇڭدا چاي ئىچكەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قولىنى كۆسەي، چىچىنى سۈپۈرگە قىلدىغان ئىشچان چاغلىرى ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەنىدى. قىزلىرى چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەن ئانا، بارا-بارا قىزلىرىغا ھامىيلىق قىلىشتىن ئۆزگە ئىشلارغا قول تىقمايدۇ؛ ھەمىشە ئۇستازلىق تۇيغۇسى بىلەن قىزلىرىنى "كوچا-كويغا يالغۇز چىقما، تالاغا چىققاندا يۈزۈڭنى ياپ، ھەرقانداق يات ئەر كىشىگە قارىما، ۋاپادار-ئەدەپلىك بول" دېگەندەك ئۆگۈت-نەسىھەتلەر بىلەن، ئائىلە ئەخلاقىنى قوغداشقا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ. بىبىگۈل قىز بالىنىڭ ئەدەپ-ئەخلاقى ئۇنىڭ ئېسىل خۇلق-مىجەزىدە ئىپادىلىنىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ ئۆزىمۇ بۇ ئائىلىدە سۇلتاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان ئىمتىياز ئىگىسى ئىدى.

بىبىگۈلنىڭ خىيالى ئۇ ياققا چۆرگىلەپ، بۇ ياققا چۆرگىلەپ، ئاخىر يەنە شۇ يات بىر ئائىلىنىڭ يىگى ئەزاسى سۈپىتىدە بوينىنى قىسىپ ئولتۇرغان ساكىرەنىڭ يېنىغا قاراپ ئۇچتى. بۇنىڭ بىلەن بىبىگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا مۇنداق بىر كۆرۈنۈش پەيدا بولدى: ساكىرە ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقتىن لىقمۇ لىق بىر چېلەك سۇنى تارتىپ چىقاردى، ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىدە بىر توپ چۈجە ۋە ئانىسىدىن ئايرىلىپ قالغان ئۇن بالا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

— ئاھ خۇدا! — دېدى بىبىگۈل تۇيۇقسىزلا، — بىچارە قىزىمنى ئوتقا ئىتتىرىپ قويمىغاندىمەن، ۋەكىل ۋىجدانسىزلىق قىلىپ قالسا، ساكىرە قانداقمۇ قىلار؟ ...

بىبىگۈل ئۆينىڭ تۆت بۇلۇڭىغا قارىدى، ساكىرەنى ئۇزاتقاندىن بۇيان بۇ ئۆي چۆلدەرەپلا كەتكەنىدى.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئائىلىدە ساكىرەنىڭ يوقلۇقى بەك بىلىنىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى، چۈنكى ساكىرە ياتلىق بولۇپ چىقىپ كەتكىنى بىلەن بۇ ئۆيدە يەنە ئون بىرەيلەن بار ئىدى. سۇلتان ئەر-خوتۇن ئىككىسى ئەمدىلا يېشىغا يەتكەن كىچىك قىزى بىلەن بىر ئېغىز ئۆيدە، سۇلتاننىڭ ئىنىسى يۇنۇس ۋە چوڭ ئوغلى مەنسۇر بىر ئېغىز ئۆيدە، بىبىگۈل ۋە ئۇنىڭ ئىككى قىزى ( بوبۇرا بىلەن لالە ) بىر ئېغىز ئۆيدە، سۇلتاننىڭ كىچىك ئوغۇللىرى ئەكبەر ۋە ئامىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



هامىسى مەريەمنىڭ ئوغلى فازىل بىلەن بىر ئېغىز ئۆيدە تۇراتتى.

ئامبار قىلىنغان يەنە بىر ئېغىز ئۆيدە ئادەتتە كىتاب، ئاتكرىتكا، گۈرۈچ، ئۇن، كىيىم-كېچەك دېگەندەك نەرسىلەر قويۇلاتتى. بۇ ئائىلىدە كىيىم ئىشكابى بولمىغاچقا، ئۆيدىكى چوڭ-كىچىك ھەممىسىنىڭ كىيىم-كېچىكى ئامباردىكى يوغان بىر ساندۇقتا ساقلىناتتى. ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاشۇ ساندۇقتىن نەرسە-كېرەك ئىزدەشكىلا نۇرغۇن ۋاقىت كېتەتتى. بۇ ئۆيدىكى ئايال زاتى ھەمىشە ئاشۇ يوغان ساندۇقنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرۇپ ياكى ئولتۇرۇۋېلىپ، ساندۇقنىڭ ئىچىدىن نەرسە-كېرەك ئىزدەيتتى. ئۇلار قولىغا چىققان بىرەر قۇر كىيىم، بىرەر-ئىككى جۈپ ئاياغ، بىرەر دانە بوغچا، بىرەر دانە كومزەك، بىرەر تال كەمەر، قايچا ياكى داستىخان دېگەندەك نەرسىلەرگە ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ، لازىملىقىنى ئېلىپ ئىشلىتەتتى، لازىم بولمىغانلىرىنى ئورنىغا قويۇپ قوياتتى. ئۇلار ساندۇقتىكى نەرسىلەرنى ئاساسەن ئىلغاپ تاشلىمايدىغان بولغاچقا، ئۇ يەردىكى ئەسكى-تۈسكىلەر كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئىشقىلىپ ساندۇق ئىچىدىكى نەرسىلەرنىڭ ئورنى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئۆزگىرىپ تۇراتتى. شۇڭا بىرەر نەرسە ئىزدىمەكچى بولغاندا، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈشكە توغرا كېلەتتى.

ئامباردا كىيىم-كېچەك ۋە ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى سېلىپ ساقلايدىغان بۇ يوغان ساندۇقتىن باشقا، يەنە ھەممەيلەننىڭ بىردىن قۇلۇپلۇق ئىشكابى بار ئىدى. قىزلار ۋە ئاياللار بۇ ئائىلىدە ئۆزىگە تەئەللۇق بىردىنبىر شەخسىي مۈلكى ھېسابلىنىدىغان بۇ كىچىككىنە ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچىنى يېنىدىن ئايرىمايتتى. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك ئاشۇ ئىشكاپنىڭ ئالدىدا ئېگىشىپ تۇرۇپ بىر نېمىلەرنى ئىزدەشتۇرۇپ، گاھىدا ئۇنىڭ ئىچىدىن بىرەر دانە بېزەكنى ئېلىپ تاقاپ بېقىپ يەنە جايىغا قويۇپ قوياتتى ياكى ئۇنتۇلۇپ قالغىنىغا خېلى بولغان يۈز مېيىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ قۇتىسىنى سۈرتۈپ قوياتتى ۋە ياكى قاچانلاردىدۇ بىر چاغلاردا بىرەرسى سوۋغا قىلغان ئەترىنى ئېلىپ پۇراپ باقاتتى؛ بەزىلىرى ساندۇقتىن بىرەر نەۋرە ئاكىسىنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا قاراپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپ كېتەتتى؛ بىبىگۈل بولسا ئىشكاپىنى ئېچىپ ئۇنىڭدىن ئېرىس كەمپۈت ياكى پىرەنىك دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپلا غىپپىدە چىقىپ كېتەتتى.

سۇلتاننىڭ قۇلۇپ سالغىلى بولىدىغان ئەينەكلىك كىتاب ئىشكابى بار ئىدى. ئىشكاپنىڭ ئىچىگە تىزىپ قويۇلغان ھافىز ۋە جالالىددىن رومىنىڭ شېئىرلىرى توپلىمى، نەچچە ئەسىر بۇرۇن يېزىلغان ساياھەت خاتىرىسى ۋە چۆرىسى

قىرچىلىپ كەتكەن خەرىتە دېگەندەك نەرسىلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سۇلتان ئادەتتە ئافغانىستان بانكىلىرىغا ئىشەنچ قىلالمىغاچقا، بىر قىسىم پۇللىرىنى ئاشۇ ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر يېرىگە تىقىپ ساقلايتتى، ئىشكاپقا تىزىپ قويۇلغىنى پۈتۈنلەي سۇلتاننىڭ قىممەتلىك كىتابلىرى بولۇپ، سۇلتان ئۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىنى ۋاقىت چىقىرىپ تەپسىلىي ئوقۇپ چىقىشنى خېلى بۇرۇنلا نىيەت قىلغانىدى، لېكىن ئەتىگەندىن كەچكىچە كىتابخانىنىڭ ئىشى بىلەن پالاقلاپ يۈرۈۋاتقاچقا، كىتاب ئوقۇشقا زادىلا ئېشىنالمايۋاتاتتى، ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە كېتىپ، كەچ سائەت سەككىزدە قايتىپ كېلەتتى، ئۇنىڭ ئۆيدىكى ۋاقتى كەچلىك غىزاسىنى يېگەچ كىچىك قىزى لەتىپەنى بىردەم-يېرىمدەم ئوينىتىش، ئۇ ئۆيدە يوق چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىر قوللۇق بىر تەرەپ قىلىشقا ئاران يېتەتتى، ئۆيدە ئۇنداق نېرى-بېرى ئىشلار يۈز بەرمىسە، ئۆيدىكى مەزلۇملارنىڭ كۈنى ئادەتتە ناھايىتى ئارام خۇدالىق ئىچىدە ئۆتەتتى؛ سۇلتانمۇ بىر-بىرىگە ماي تارتىشىپ قالغان مەزلۇملارنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇشنى ئۆزىنىڭ سالاپىتىگە مۇخالىپ ئەرزىمەس ئىشلاردىن، دەپ قارايتتى.

سانىيە ھۇجرىدىكى ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى تارتمىسىدا بىر نەچچە چىرايلىق شارپا، پارچە-پۇرات پۇل ۋە لەتىپەنىڭ ئويۇنچۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى ساقلايتتى. سانىيە ناھايىتى نامرات ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغاچقا، قىزىنىڭ بۇ ئويۇنچۇقلىرىنى كۆرسىلا ئاشۇنىڭغا خەجلەنگەن پۇلغا ئىچى سىيرىلاتتى، شۇڭا سانىيە، قايسى بىرى لەتىپەنىڭ بىر ياشقا كىرگەنلىك مەۋلۇت كۈنىدە سوۋغا قىلغان قونچاقنى، لەتىپەگە بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا پېچىتىنى بۇزماي ئاشۇ تارتمىدا ساقلاۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئۆيىدە تېلېۋىزور ياكى ئۈنئالغۇ تۈگۈل، ھېلىقى ئەينەكلىك كىتاب ئىشكاپىدىن باشقا ھېچقانداق سەرەمجان، تام تۈۋىنى بويلىتىپ سېلىپ قويغان بورا بىلەن ھەم يوغان، ھەم كېلەڭسىز سېلىنچىلاردىن باشقا ھېچقانداق بېزەكى يوق ئىدى. ئۇلار كۈندۈزى بورىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، كېچىسى ئاشۇ بورىنىڭ ئۈستىگە ئورۇن سېلىپ ياتاتتى؛ سېلىنچىنى كۈندۈزى يۆلەنچۈك، كېچىسى ياستۇق قىلاتتى؛ غىزا ۋاقتىدا داستىخاننى يەرگىلا سېلىپ، ئۆزلىرى داستىخاننى چۆرىدەپ باداشقانلىق قۇرۇپ ئولتۇرۇپ غىزالىناتتى.

ئۆينىڭ ئاستىغا پۈتۈنلەي تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يوغان بىر پارچە گىلەم سېلىنغانىدى، ئۆينىڭ بەزى تاملىرى يېرىلغان، بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىشكىلەر قېيىپ يېپىلماس بولۇپ قالغانىدى، بەزى ئۆيلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كارىۋات كىرلىكى تارتىپ قويۇلغان بولۇپ، دېرىزىسىدىكى تۆشۈككە لۆڭگە تىقىقلىق تۇراتتى.

ئاشخانىدا بىر سۇ كۆلچىكى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا گاز ئوچاق بىلەن تۇك ئوچىقى تۇراتتى، دېرىزە تەكچىسىگە قاتار تىزىۋېتىلگەن كۆكتاتلارنىڭ بەزىلىرىنى نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئەكەلگەن بولغاچقا، ئاللىقاچان پولىشىپ كەتكەنىدى. قاچا-قۇچىلارنى گاز ئوچىقىنىڭ ئىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن، قاچا-قۇچا ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا پەردە تارتىپ قويۇلغانىدى. ئۇلار ئاشخانىنى ھەرقانچە تازىلىسىمۇ، لېكىن كابۇلنىڭ كىلىماتى ئۇسال بولغاچقا، ئاشخانىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇق، تام ئىشكاپىنىڭ يۈزى ۋە بوسۇغىنى ھېلىدىن-ھېلىغا بىر قەۋەت توپا بېسىپلا تۇراتتى.

مۇنچا ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكى قازناقتا بولۇپ، ئارىنى بىر تام ئايرىپ تۇراتتى. مۇنچىغا سۇ ئىسسىتىدىغان ئوچاق ئاشخانىنىڭ بۇلۇڭىدا ئىدى. ئوتۇن قالايدىغان بۇ ئوچاقنىڭ ئۈستىگە يوغان بىر سۇباكى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، سۇ باكىغا بېكىتىلگەن ئىسسىق سۇ چىقىرىش تۇرۇبىسى تامدىكى تۆشۈك ئارقىلىق چىقىرىلىپ، مۇنچىنىڭ جومىكىگە ئۇلىناتتى. سۇ باكىنىڭ ئۈستىدىكى تاختىنىڭ ئۈستىدە چاچ سوپۇنى، قارا رەڭلىك سوپۇن قۇتىسى، بىر نەچچە تال مىسۋاك ۋە جۇڭگودا ئىشلەنگەن بىر تال چىش پاستىسى تۇراتتى.

— بىر چاغلاردا ئاجايىپ پەيزى ئۆيلەر ئىدى بۇ، — دەيتتى سۇلتان ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەسلەپ، — ئۆيدە تۇك، سۇ تەق ئىدى؛ تامدىكى مۇراللار بەكمۇ چىرايلىق ئىدى؛ ئىشقىلىپ ئۆيىمىزدە ھەممە نەرسە تەق ئىدى.

ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، قارا نىيەتلەر بېسىپ كىرىپ ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلغاندىن كېيىن، ئۆيگە ئوت قويۇۋەتتى. سۇلتانلار پاكىستاندىن قايتىپ كەلگەندە، بۇ ئۆي كۆيۈپ ھېچ نېمىسى قالمىغانىدى. سۇلتان قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆينى ئەسلي ھالىتى بويىچە ئانچە-مۇنچە تۈزەشتۈرگەنمۇ بولدى. سۇلتاننىڭ بۇ ئۆيى مىكروراياني رايونىنىڭ كوناشەھەر بۆلىكىدە ئىدى. كابۇلنىڭ مىكروراياني رايونى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەسئۇد مۇجاھىدلىرى بىلەن قەبىھ مۇستەبىت گۈلبۇددىن ھېكمەتيار قوشۇنى كۈچ سىنىشىدىغان دوزاخقا ئايلانغانىدى. مەسئۇد قوشۇنى بالدۇر كىرىپ كابۇل شەھىرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىشغال قىلىۋالغان بولغاچقا، گۈلبۇددىن ھېكمەتيار

ئۇنىڭغا يىراقتىن زەربە بېرىش ئۈچۈن، كابۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىر ئېگىزلىككە چىقىۋالدى، بۇ ئىككى قوشۇن ئادەتتە بىر-بىرىگە گراناتامىيوت* بىلەن ھۇجۇم قىلاتتى، لېكىن ئېتىلغان نۇرغۇن گراناتامىيوت كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بارالماي، دەل مىكرورايانى رايونىغا چۈشۈپ پارتلايتتى، كابۇل شەھەر ئەتراپىدىكى قالغان ئىككى ئېگىزلىكنىڭ بىرىنى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاتامانى ئابدۇلرەشىد دوستۇم قوشۇنى، يەنە بىرىنى ئېيتىدائىي دىنىي ئەقىدىچىلىكنىڭ ۋەكىلى ئابدۇرەسۇل سەياف قوشۇنى ئىگىلىۋالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئېتىشقان گراناتامىيوتلىرى كابۇلنىڭ يەنە بىر رايونىغا چۈشۈپ، ئۇ يەرنىمۇ ۋەيران قىلىشقا باشلىدى، مىلىتارىستلار ئارىسىدىكى جەڭگە-جېدەل توپتوغرا تۆت يىلغا سوزۇلۇپ كەتتى، كېيىن تالىبانلار كابۇلغا بېسىپ كىرىپ، مىلىتارىستلارنىڭ كۆتىگە تەپتى، بۇنىڭ بىلەن كابۇل شەھرى تالىبانلارغا ئۆتۈپ قالدى،

ئالتە يىل داۋام قىلغان ئىچكى ئۇرۇش ئاللىقاچان ئاخىرلاشقان بولسىمۇ لېكىن مىكرورايانى رايونى يەنىلا ئۇرۇش مەيدانىغا ئوخشاپ تۇراتتى، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ تاملىرى پۈتۈنلەي ئوق ئىزىدىن بولۇپ كەتكەن، نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ چېقىلغان دېرىزىلىرىگە يالتىراق تارتىپ قويۇلغان، تورۇسلىرى چاك-چاك يېرىلىپ كەتكەن، توپ ئوقلىرى خېلى كۆپ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىنى ئۆتمە-تۆشۈك قىلىۋەتكەنىدى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە ئەڭ شىددەتلىك ئېلىشىشلارنىڭ كۆپىنچىسى دەل مىكرورايانىدا يۈز بەرگەچكە، پۇقرالارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قېچىپ قۇتۇلدى، ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا گۈلبوددىن ھېكمەتيار ئىگىلىۋالغان مەرەنجان ئېگىزلىكىدىكى ئۇرۇش مالىمانچىلىقلىرىنى تۈزەشكە ھېچكىم كۆڭۈل بۆلمىدى، شۇڭا ھەممىلا يەردە ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن سىنارەد، ۋەيران قىلىۋېتىلگەن ئەسكى ماشىنا ۋە تانكىلارنى ئۇچراتقىلى بولاتتى، سۇلتانلارنىڭ ئۆيىدىن مەرەنجان ئېگىزلىكىگە پىيادە ماڭسا ئون مىنۇتقا قالماي يېتىپ بارغىلى بولاتتى، ئۇ يەر ئىلگىرى كىشىلەر سەيلە قىلىدىغان ھاۋالىق جايلاردىن بولۇپ، زاھىر شاھنىڭ دادىسى نادىر شاھنىڭ مەقبەرىسىمۇ دەل شۇ يەردە ئىدى، 1933-يىلى قەستكە ئۇچرىغان نادىر شاھنىڭ مەقبەرىسى مانا ھازىر خارابىلىققا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ،

* گراناتامىيوت — تانكا ئېتىشقا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قورال بولۇپ، "تانكا ئاتار" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، — تەرجىماندىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



توپ ئۇقلىرى مەقبەرىنىڭ قۇببىسىنى چۇل-چۇل قىلىپ، خاتىرە تۈۋرۈكىنى سۇندۇرۇۋەتكەن، ئۇنىڭ بېقىندىكى خانىشنىڭ مەقبەرىسىنىمۇ ۋەيران قىلىۋەتكەنىدى. گىرىمسەن ئېگىزلىكتىن كابۇل شەھىرىگە سوغۇق نەزەر تاشلاپ تۇرغان بۇ ئىككى مەقبەرە، يىراقتىن قارىسا بەئەينى چاپلاپ قۇراشتۇرۇلغان يىرتىق سۈرەتكىلا ئوخشايتتى. مەقبەرىنىڭ تاش پۇتوكىگە ئايەت ئويۇلغان بولغاچقا، كىشىلەر مەقبەرىنىڭ چۇل-چۇل قىلىۋېتىلگەن كاھىشلىرىنى يىغىپ كېتىشكەنىدى.

پۇتكۇل تاغ قاپتىلى توپ-زەمبىرەكلەر دەستىدىن ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن دات بېسىپ كەتكەن سىنارەد ۋە ئەخلەتلەرنىڭ ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان مىشەكلەردىن ئامان-ئېسەن ئۆتىدىغان چاغلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىلغا قىلغىلى بولاتتى. تاش چىتلاقنىڭ ئارىسىدا ئۆسۈپ قالغان بىر تۈپ سېرىق سەبدە شامالدا ئاستا نازىغىپ تۇراتتى. ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش، قاتتىق قۇرغاقچىلىق ۋە تالىبانلارنىڭ چەكتىن ئاشقان مۇستەبىتلىكىنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ سەبدە گۈل، پەقەت جىسمىدىكى پۈتمەس-تۈگىمەس كۈچ-قۇدرەتنىڭ شاراپىتىدىنلا تا ھازىرغىچە ياشناپ تۇرغانىدى.

يىراقتىن قارىسا، مىكرورايانى رايونى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نۇرغۇن شەھەرلىرىگە ئوخشاپ كېتەتتى. چۈنكى بۇ يەردىمۇ رۇسلار سالغان ئىمارەتلەر، ئافغانىستانغا قالدۇرۇلغان ئەستىلىك سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەسلىدە 20-ئەسىرنىڭ 50-، 60-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن ئىنژېنېرلار كابۇلغا كېلىپ ”خرۇششېۋ مەھەللىسى“نى قۇرۇپ چىققانىدى. بۇ مەھەللىدىكى بىنالار ئاساسەن دېگۈدەك كالىنىنگراد، كىيېۋسكويېلاردىكىدەك بەش قەۋەتلىك بولۇپ، ئۆيلىرى ئاساسەن ئىككى ئېغىزلىق، ئۈچ ئېغىزلىق ياكى تۆت ئېغىزلىق ئىدى.

يېقىنراق بېرىپ قارىغان ئادەم، ھەممىلا يېرىنى مەينەتچىلىك باسقان بۇيەرنىڭ باشقا شەھەرلەردىكىدەك ”تىپىك سوۋېت مەھەللىسى“ ئەمەس، پەقەت ئوقلار يامغۇردەك يېغىپ تۇرغان ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇشنىڭ شاھىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. دېمىسىمۇ بۇ جاينىڭ ھەممىلا يېرىنى ۋەيرانچىلىق ۋە غۇربەتچىلىك قاپلىغان. ئەدناسى، دەرۋازىلارنىڭ بېقىندىكى بىتوندىن قۇيۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقمۇ ساق قالمىغان بولۇپ، گويا ئوكياندا مارجان خادا تاشلىرىغا ئۇسۇۋېلىپ ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتكەن پاراخوتنىڭ پارچىسىدەك ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى.

روسىيەدە بۇنداق ئورۇندۇقلاردا، ئادەتتە ھاسا تايانغان رومال‌لىق موماي‌لار يولدىن ئۆتكەن-كەچكەننى تاماشا قىلغاچ مۈگدىشىپ ئولتۇرىدۇ. ئەمما مىكرورايوندا بولسا، بوۋايلار بىر قولدا تەسۋى سىيرىغاچ ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىدۇ. يولنىڭ گىرۋىدىكى بىر نەچچە تۈپ دەرەخ بوۋايلارنىڭ ئورۇق گەۋدىسىگە سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. بازاردىن قايتقان پۈركەنجىلىك مەزلۇملار، بوغجىملىرىنى كۆتۈرگىنىچە، يول بويىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلارغا قاراپمۇ قويماي ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ئىتتىك ئۆتۈشۈپ تۇرىدۇ. مىكرورايوندىكى ئايال زاتى ئادەتتە بىر-بىرى بىلەن تالادا مۈگداشمايدۇ. بەلكى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە پاراڭ سېلىشقىلى كىرىدۇ. لېكىن پاراڭ سېلىشقىلى كىرگەن مەزلۇمنى ئاشۇ ئۆيدىكى بىرەر ناتونۇش ئەر كىشى كۆرۈپ قالماسلىقى كېرەك.

بۇ يەردىكى ئۆيلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاتالمىش "باراۋەرلىك پرىنسىپى" ئاساسىدا لايىھەلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەندىن كېيىنكى تۆت تامنىڭ ئىچىدىن باراۋەرلىكنىڭ ئىزناسىنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. بۇ ئولتۇراق ئۆيلەر ئېھتىمال سىنىپسىز جەمئىيەتتە سىنىپى ئايرىمىدىن خالىي تۇرالغۇلارنى بەرپا قىلىش ئىستىكى بىلەن قۇرۇلغاندۇ! لېكىن مىكرورايوندىكى بۇ ئولتۇراق رايونى كابۇلدىكى ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىغا تەۋە ئائىلىلەر تۇرىدىغان مەھەللىگە ئايلىنىپ كەتتى. چۈنكى بۇ ئولتۇراق رايونى قۇرۇلغان دەسلەپكى چاغلاردا، كابۇلنىڭ ئەتراپىدىكى شەھەرلەردە تۇرىدىغان ئىنژېنېرلار، ئوقۇتقۇچىلار، دۇكاندارلار ۋە قارا ماشىنا شوپۇرلىرى، ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى نامايان قىلىش نىيىتىدە تۇشمۇ-تۇشتىن بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كېلىشتى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر ئەسلى-ۋەسلىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقان، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى كۈندىن-كۈنگە چېكىنىپ كېتىۋاتقان بۇنداق ئەلدە، ئوتتۇرا بۇرژۇئازىيە سىنىپىدىكىلەرنىڭ يەنە قانچىلىك دەپ-دۇنياسى بولماقچى ئىدى! ئەدناسى، ئون يىل ئىلگىرى ئاشۇ ئەتراپتا ئويناقشىپ ئېقىپ تۇرىدىغان دەريا سۈيى، بۈگۈنگە كەلگەندە كۆلكىلىك ئەسلىمىگە ئايلىنىپ كەتتى. بىنالارنىڭ بىرىنچى قەۋىتىدىكى تۇرۇبىلاردىن ھەر كۈنى چۈشتىن ئاۋۋال بىر نەچچە سائەتلا سۇ كېلىدۇ؛ ئىككىنچى قەۋەتكە بولسا گاھىدا سۇ چىقىدۇ، گاھىدا چىقمايدۇ؛ سۇنىڭ بېسىمى بەك تۆۋەن بولغاچقا ئۈچىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستىگە ھەرگىز سۇ چىقمايدۇ. شۇڭا كىشىلەر بىنانىڭ ئالدىغا قۇدۇق كولىۋالغان بولۇپ، بالىلار ھەر كۈنى چېلەك، چۆگۈن، كومزەكلەردە بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىگە سۇ توشۇيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر چاغلاردا بۇ ئۇلتۇراق رايونىدىكىلەر كېچە-كۈندۈز يورۇپ تۇرىدىغان ئېلېكتر چىراغلىرى بىلەن پەخىرلىنەتتى. لېكىن ھازىر پۇقرالارنىڭ تەڭدىن تولا ۋاقتى قاراڭغۇ زۇلمەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. چۈنكى ئۇزۇندىن بۇيان قۇرغاقچىلىق بولۇپ كەتكەچكە، توكمۇ نورمىلىق تەقسىملىنىپ، ھەر كۈنى كەچ سائەت ئالتىدىن ئونغىچە تۆت سائەتلا توك بېرىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تۆت سائەتلىك توكمۇ شەھەر رايونلىرىغا نۆۋەت بىلەن بېرىلەتتى. گاھىدا ھەتتا پۈتۈن شەھەر بويىچە توك توختاپ قالاتتى. شۇڭا ئادەتتە قارا چىراغ يېقىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان كىشىلەر، گۇڭگا قارا چىراغنىڭ ئادەمنىڭ دىماغلىرىنى ئېچىشتۇرىدىغان سېسىق ئىسىدىن بەكمۇ زارلىناتتى.

سۇلتاننىڭ ئۆيى ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەن كابۇل دەرياسىنىڭ بويىدىكى كونىراق مەھەللىلەرنىڭ بىرىدە ئىدى. بىبىگۇل ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تويىلاك سەھرادىن ئايرىلىپ، شەھەرنىڭ قەپەزدەك ئۆيىگە قامىلىپ قالغانلىقىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەزلۇمنىڭ چېھرىدىكى تەبەسسۇم، ئېرى قازا قىلغان دەقىقىدىن باشلاپ مەڭگۈلۈككە غايىب بولدى. تۇغقانلىرىنىڭ دەپ بېرىشىچە، بىبىگۇل ئىشچان، تەقۋادار، تەلەپچان، ھەم خالىس مەزلۇم ئىمىش.

سۇلتان دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلىنىڭ روزىغارىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى قولىغا ئالدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققىنى قانۇن ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا بويۇنتاۋلىق قىلغان ھەرقانداق ئادەم دەككىسىنى يەيتتى. سۇلتان ئۆيدىكىلەرنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەن قېرىنداشلىرىنىمۇ باشقۇراتتى. ئۇنىڭ ئىنىلىرىنىڭ ھەممىسى سۇلتاننى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا سالام قىلىپ، ئۇنىڭ قولىغا سۆيۈشى كېرەك. كىمكى سۇلتاننىڭ زىتىغا تېگىپ قالسا، ئۇنىڭ تۆگەشكىنى شۇ. بۇ ئائىلىدە چوڭلارنىڭ ھۆرمىتى يۈكسەك بولغاچقا، سۇلتاننىڭ ئىنىلىرى ئۇنىڭ ئالدىدا ھەتتا بىرەر تال تاماكا تۇتاشتۇرۇشقىمۇ پېتىنالمايتتى. قېرىنداشلىرىنى ئاشۇنداق قاتتىق باشقۇرۇشتا، سۇلتاننىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق باھانىسى بار، ئەلۋەتتە. چۈنكى سۇلتان، ھەر بىر ئائىلە قانۇن-ئىنتىزامغا بويسۇنۇپ، ئىجتىھات بىلەن تىرىكچىلىك قىلمىسا، ئافغانىستاننى ئەبەدىي گۈللەندۈرگىلى بولمايدۇ، دەپ قارايتتى.

سۇلتان ئادەتتە ئىنىلىرىنى باشقۇرۇشتا تىل-ئاھانەت ۋە تاياقمۇ كارغا كەلمەي قالسا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا قېرىنداشلىقتىن كېچىپ كېتەتتى. سۇلتان كەنجى ئىنىسى فەرىد بىلەن پاراڭلاشمايتتى ھەم ئۆيدىكى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ

بىلەن پاراڭلىششىشىمۇ يول قويمايتتى، چۈنكى فەرىد ئاكىسى سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا ئىشلەشنى رەت قىلىپ، ئۆز ئالدىغا كىتابخانا ۋە تۇپلەش زاۋۇتى ئېچىۋالغانىدى، بۇنىڭ بىلەن سۇلتان "ئىنىم مەندىن يۈز ئۆرۈدى" دەپ قاراپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تەلەتىگە قارىمىدى، ھەتتا ئۆيدىكى باشقىلارنىمۇ فەرىد بىلەن باردى-كەلدى قىلىشتىن توستى، شۇنداق قىلىپ سۇلتان فەرىدنىڭ ئىسمىنى كالاللىسىدىن پۈتۈنلەي چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇنداق ئىنىسىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ كەتتى، فەرىد مىكروراياندىكى بىر كونا ئۆيدە تۇراتتى، فەرىدنىڭ ئۆيى بىلەن سۇلتانلار تۇرىدىغان ئۆينىڭ ئارىلىقى پەقەت بىر نەچچە مىنۇتلۇقلا يول ئىدى، بىر كۈنى بىبىگۈل سۇلتان كىتابخانىغا كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، كەنجى ئوغلى فەرىدنى يوقلاپ كەلدى، سۇلتاننىڭ باشقا قېرىنداشلىرىمۇ ئاشۇنداق قىلاتتى، سۇلتان باشقىلارنى فەرىد بىلەن باردى-كەلدى قىلىشتىن قاتتىق چەكلەپ تۇرسىمۇ، لېكىن تويىنىڭ ھارپا كۈنى ساكىرە ئاكىسى فەرىدنىڭكىگە بېرىپ بىر كۈن تۇرۇپ كەلدى، كەچتە سۇلتان قايتىپ كەلگەندە بىبىگۈل ئۇنىڭغا: "ساكىرە ھامىسىنىڭكىگە كەتتى" دەپ قويدى، بىرەر قىز ياتلىق قىلىنىدىغان چاغدا، قىزنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ئۇنىڭغا نۆۋەت بىلەن ئۆزىتىش چېيى بېرىدۇ، ساكىرەنىڭ قېرىنداشلىرى بەرگەن ھەر قېتىملىق ئۆزىتىش چېيىغا سۇلتان بىرىنچى بولۇپ باراتتى، مەيلى ساكىرەنىڭ نەۋرە ئاكا-ئۇكىلىرى بولسۇن، ياكى تاغا-ھامملىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى سۇلتاننىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشنى خالىمايتتى، شۇڭا ئۇنداق چايلارغا فەرىدنىڭ چاقىرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇلار فەرىد بىلەن سۇلتاننىڭ يۈزىنى دەپلا باردى-كەلدى قىلمىغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا يەنىلا ئامراق ئىدى،

سۇلتان بىلەن فەرىدنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ماي تارتىشىپ قالغانلىقىنى ئۇرۇق-تۇغقانلاردىن ھېچكىم بىلمەيتتى، ئۇلار پەقەت فەرىدنىڭ ئاكىسىنىڭ ئۆيىدىن غەزەپتىن يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ چىققانلىقىنى، سۇلتاننىڭ بولسا فەرىدنى ئارقىسىدىن بولۇشىغا تىللاپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ ئاق تاغلىق-قارا تاغلىق بولۇپ كەتكەنلىكىنىلا كۆرگەنىدى، بىبىگۈل بۇ ئاكا-ئۇكا ئىككىسىگە "ئاداۋەت تۇتماڭلار" دەپ جىق گەپ قىلدى، ئەمما سۇلتان بىلەن فەرىد ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمىدى، چۈنكى سۇلتان "فەرىد كىچىك بولغاندىكىن، قىلغىنىنى تەن ئېلىپ، ماڭا ئۆزرە قويۇشى كېرەك" دەپ قارايتتى؛ لېكىن فەرىد "گۇناھنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدا تۇرسا، مەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



باش ئېگەمدىمەن؟» دەپ ئويلايتتى.

ببىگۇل ئۆمرىدە 13 بالا تۇغدى، ئۇنىڭ چوڭ قىزى فىروزا ئۇ دەل 14 ياشقا كىرگەن چاغدا تۇغۇلدى. ئۇ توي قىلىپ توپ توغرا بىر يىلغىچە مىشلداپ يىغلىدى، كېيىن ئېرىنىڭ ئۆيىگە بارا-بارا كۆنۈپمۇ قالدى.

ئۇ چاغلاردا ببىگۇلنىڭ ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، چوڭ قىزى فىروزا ئۆي ئىشىغا ياردەملىشەلمەن، ئۇكىلىرىمغا قارايمەن، دەپ يۇرۇپ مەكتەپتە ئوقۇيالمىدى. ئۇ 15 ياشقا كىرگەن يىلى 14 ياشلىق بىرەيلەنگە ياتلىق قىلىندى. ئۇ كىشىنىڭ قول-ئىلكىدە بولغاچقا، ببىگۇل ئاشۇ كىشىنى كۈيئوغۇل قىلىۋالسام قىزىمنىڭ بەختى ئېچىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە فىروزامۇ ناھايىتى چىرايلىق قىز بولغانىدى، شۇڭا ھېلىقى كىشى 20 مىڭ ئافغانىيلىق تويلۇق ئەكەلدى.

ببىگۇلنىڭ فىروزادىن كېيىن تۇغۇلغان ئىككى ئوغلى يىشىغا يەتمەيلا چاچراپ كەتتى. ئۇچاغلاردا ئافغانىستان بوۋاقلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتى ناھايىتى تۆۋەن دۆلەتلەردىن بولۇپ، بەش ياشتىن كىچىك بالىلارنىڭ تۆتتىن بىرى چاچراپ كېتەتتى. بولۇپمۇ بالىلارنىڭ كۆپىنچىسى تولغاقتا، بىر قىسمى قىزىل، پاروتىت* ۋە ئۆششۈكتە كېتىپ قالاتتى. ئۇ چاغلاردا بوۋاقلار تولغاق بولۇپ قىلىپ، شارقىراپ ئىچى ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئانىلار ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەنگىشمەي، دورا بەرمىسىمۇ ئۆزلىكىدىن ياخشى بولۇپ قالىدۇ، دەپ ئويلايتتى. ھەتتا بالىنىڭ قورسىقىدا ئىچىنى ھەيدىگۈدەك بىر نەرسە قالمىسا ئىچ سۈرۈكى توختاپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپ ئىچى ئۆتۈپ قالغان بالىلارغا ھەتتا ئاش-تاماقمۇ بەرمەيتتى. ئانىلاردىكى بۇ خىل ئاڭقاۋلىق كۆرمىگىلىغان بالىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ببىگۇل ئاشۇ ئىككى بالىسىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ھازىرغىچە بىلمەيتتى.

كېيىن سۇلتان تۇغۇلدى. ئۇ بەكمۇ ئوماق ئىدى. سۇلتان چوڭ بولغانسېرى، ببىگۇلنىڭ بۇ ئائىلىدىكى ئىناۋىتىمۇ خېلى ئۆسۈپ قالدى. چۈنكى ئافغانىستاندا يېڭى كېلىننىڭ قىممىتى قىزلىقىنى ساقلىغان-ساقلىمىغانلىقى بىلەن، خوتۇننىڭ قىممىتى ئۇنىڭ نەچچە ئوغۇل تۇغقانلىقى بىلەن ئۆلچىنەتتى.

ببىگۇلنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى نامرات بولسىمۇ، لېكىن سۇلتان

* پاروتىت — قۇلاق ئالدى بېزى ياللۇغى. — تەرجىماندىن.

ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغاچقا، ئاتا-ئانىسى ئۇنى فىروزانى ياتلىق قىلغاندا چۈشكەن تويلۇقنى دەسمايە قىلىپ تۇرۇپ، ناھايىتى ياخشى ئوقۇتتى. سۇلتان تېخى مۇشتۇمدەك چاغدىلا ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ئائىلىۋى ئىمتىياز، ھوقۇق دېگەنلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇتتى. دادىسى گاھىدا ئۇنىڭغا بىر قىسىم ئىشلارنى خاتىرجەم تاپشۇراتتى. شۇنداق قىلىپ، سۇلتان يەتتە ياش چېغىدىن باشلاپلا مەكتەپتە ئوقۇپ تۇرۇپ، دادىسى تاپشۇرغان ئىشلارنى ئۆز ئالدىغا نېرى-بېرى قىلالايدىغان بولدى.

سۇلتاننىڭ ئارقىسىدىن فەرىد تۇغۇلدى. فەرىد ناھايىتى شوخ بولغاچقا، ھەمىشە باللار بىلەن ئۇرۇشۇپ قېلىپ، ھېلى كىيىم-كېچىكنى يىرتىپ كىرسە، ھايال ئۆتمەي ئېغىز-بۇرنىنى قانىتىپ كىرەتتى؛ ھەتتا ئاتا-ئانىسىدىن خۇپىيانە ھاراق ئىچىپ، تاماكىمۇ چېكەتتى. لېكىن ئۇ ناھايىتى چېچەن ئىدى. فەرىد چوڭ بولۇپ بۇرۇتلىرى خەت تارتقاندىن كېيىن، بىبىگۈل ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئۆيلەپ قويۇۋىدى، مانا ھازىر ئىككى قىز، بىر ئوغۇلنىڭ دادىسى بولۇپ قالدى. لېكىن سۇلتان بىلەن بولغان جەڭگە-جېدەل سەۋەبىدىن، ئۇ بۇ ئائىلىدىن چىقىپ كېتىپ، ئايرىم تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بىبىگۈل ئىككى ئوغلىنىڭ ئارازلىشىپ قالغانلىقىنى ئويلىسىلا، يۈرەكلىرى پۇچىلىنىپ كېتەتتى. ئۇ دائىم ئىككى ئوغلىدىن "بۇ ئىككىسى چوپچوڭ ئەر بولۇپ كەتكەن تۇرۇقلۇق يەنە نېمىشقا غەرەز ئۇقمايدىغاندۇ؟" دەپ رەنجىيتتى.

فەرىدنىڭ ئارقىسىدىن ساكىرە تۇغۇلدى. ساكىرە ناھايىتى خۇشپىچىم، ئوغۇل بالىدەك چىدامىلىق، ئىشچان قىز بولۇپ ئۆستى. بىبىگۈل ساكىرەنى شۇنداقلا ئەسكە ئېلىۋىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇدۇقتىن تەرلەپ-پىشىپ سۇ تارتىۋاتقان ساكىرە لاپپىدە پەيدا بولدى. بۇنىڭ بىلەن بىبىگۈلگە يەنە يىغا ياماشتى.

بىبىگۈل ساكىرەنىڭ كەينىدىن تۇغۇلغان ئاق كۆڭۈل، ئېغىر-بېسىق، كېلىشكەن ئوغلى نەزەر ئەھمەدنى يادىغا يەتكەن ھامان يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كېتىدۇ. نەزەر ئەھمەد كابۇلدىكى بىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ كىرگەندە، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى "ئۆيىمىزدىن سۇلتاندەك ئىنژېنېردىن يەنە بىرى چىقىدىغان بولدى" دەپ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە ماڭدىم، دەپ چىقىپ كەتكىنىچە ئۆيگە ئىككىنچى قايتىپ كېلەلمىدى. ئاغىنىلىرىنىڭ دېيىشىچە، تۇيۇقسىز كەلگەن بىر ھەربىي ساقچى ئاشۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەڭ قاۋۇل باللارنى ئەسكەرلىككە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تۇتۇپ كېتىپتۇ. ئۇ دەل سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننى بېسىۋالغان چاغ بولغاچقا، ئافغانىستان ھۆكۈمەت ئارمىيىسى، سوۋېت قوشۇنى بىلەن بىرگە ئافغانىستان مۇجاھىدلىرىغا قارشى مەجبۇرىي ئۇرۇشقا سېلىنىۋاتاتتى. مۇجاھىدلار — شۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنى پىششىق بىلىدىغان، كۆپ مەشىقلەندۈرۈلگەن قوشۇن ئىدى. ئۇلار سوۋېت قوشۇنى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا يېقىنغان ئافغانىستان ھۆكۈمەت ئارمىيىسىنى جىلغىغا قاپساپ زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئېگىز تاغ چوققىسىغا لەخمە كولاپ، شۇ يەرگە بۆكتۈرمە قۇرۇۋالغانىدى. نەزەر ئەھمەد دەل ئاشۇ جىلغا ئېغىزىدا يوقاپ كەتتى. بىبىگۈلنىڭ نەزىرىدە ئوغلى تېخى ھايات ئىدى. شۇڭا ئۇ نەزەر ئەھمەدنى يا ئەسىرگە چۈشۈپ قالدى ياكى بولمىسا ئۇرۇشتا ئىسنى يوقىتىپ قويغاچقا، بىر يەرلەردە ھەممىدىن پەرۋايى پەلەك خاتىرجەم ياشاۋاتىدۇ، دەپ بىلەتتى. بىبىگۈل ھەر ۋاقىلىق نامىزىدا "ئەي ئاللاھ! ياقا يۇرتلاردا تەمتىرەپ يۈرگەن ئوغلۇمنى تېزراق قايتۇرۇپ كەلگەيسەن!" دەپ بوزلاپ كېتەتتى.

كېيىن بوبۇرا تۇغۇلدى. لېكىن بوبۇرا دادىسىنىڭ تۈرمىگە كىرىپ قالغىنىنى بەك ئىچىگە ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، بارا-بارا "قوپ" دېمىسە ئەتىگەندىن كەچكىچە تورۇسقا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇرۇۋېرىدىغان دېۋەڭلەردىن بولۇپ قالدى.

بوبۇرا تۇغۇلۇپ بىر نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، مەريەم تۇغۇلدى. مەريەم بەك ئەقىللىق قىز بولغاچقا مەكتەپتە ئەلا ئوقۇدى. ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ تولۇپ چىرايلىقلىشىپ كەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ئىشقىدا كۆيىدىغان ئاشىق يىگىتلەرمۇ نۇرغۇن ئىدى. مەريەم 18 گە كىرگەن يىلى، شۇ كەنتتىكى بىر يىگىتكە ياتلىق بولدى. ئۇ يىگىتنىڭ بىر ماگىزىنى بار ئىدى. بىبىگۈلمۇ مەريەم بىلەن بۇ يىگىتنىڭ نىكاھىدىن "ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز قويغاندەك بولدى" دەپ مەمنۇن بولغانىدى. تويدىن كېيىن مەريەم قائىدە بويىچە ئېرىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئۇ ئۆيدە مەريەمنىڭ قېينانىسى ۋە ئىككى قېينىسى بىللە تۇراتتى. مەريەمنىڭ قېينانىسى قولىنى تونۇردا كۆيدۈرۈۋالغان بولغاچقا، ئۇنىڭ بىر نەچچە بارمىقىنىڭ يېيى تارتىشىپ ئالقىنىغا چاپلىشىپ قالغان، ھەتتا ئىككىلا قولىنىڭ باشمالتىقى كېسۋېتىلگەنىدى. تەلىيىگە ئۇنىڭ بۇ بىر جۈپ مېيىپ قولى ھەرھالدا پۈتۈنلەي پالەچ بولۇپ قالمىغان بولغاچقا، ئۇ يەنە باللارغا قارىيالايتتى، بىر نېمىلەرنى مەيدىسىگە يۆلەپ كۆتۈرەلەيتتى. ئىشقىلىپ، مەريەمنىڭ بۇ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشى چېچىدىنمۇ تولا

ئىدى، لېكىن مەريەمنىڭ كۆڭلىرى بەختلىك ئۆتەتتى.

ئائىگىچە ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ كەتتى، بىر كۈنى مەريەمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى جالالئابادتىن ئۆيلىنىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنداق قىلىپ، مەريەمنىڭ ئېرى كالىمۇللاھتىن باشقا ھەممەيلەن ئۇلاش-چولاش ئاشۇ تويغا كەتتى، كالىمۇللاھ ئەتىگەنلىكى ماگىزىنغا كېلىپ، ئىشكنى ئەمدىلا ئېچىپ تۇرۇشىغا، غايىبتىن كەلگەن بىر تال ئوق دەل ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەگدى، كالىمۇللاھ تۇرغان جايىدىلا جان ئۈزدى.

مەريەم ئېرى قازا قىلىپ، توپتوغرا ئۈچ يىل يىغلىدى، كېيىن بىبىگۈل بىلەن مەريەمنىڭ قېيىنانىسى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى كالىمۇللاھنىڭ ئىنىسى ھازىمغا چېتىپ قويدى، باشقا بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتقان مەريەم، كۆز ئالدىدا پىلتىڭلاپ ئويناپ يۈرگەن ئىككى بالىسىغا قاراپ، مۇسىبەتتىن كېيىنكى قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئاستا-ئاستا ئۇنۇتتى، مانا ھازىر ئۇ بەشىنچى بالىسىغا قورساق كۆتۈردى، مەريەمنىڭ كالىمۇللاھتىن بولغان چوڭ ئوغلى فازىلمۇ ئون ياشقا كىرىپ قالدى، ئۇ سۇلتاننىڭ ئۆيىدە يېتىپ قوپۇپ، ئۇنىڭ كىتابخانىسىدا ھامماللىق ۋە پىرىكازچىكلىق قىلاتتى، فازىل مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا ئۆز كۈننى ئۆزى ئالغۇدەك بولۇۋىدى، مەريەمنىڭ زىممىسىدىكى يۈكمۇ خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى.

بىبىگۈل مەريەمدىن كېيىن تۇغۇلغان ئوغلى يۇنۇسقا ھەممىدىن ئامراق ئىدى، يۇنۇسمۇ ناھايىتى كۆيۈمچان بالا بولغاچقا، ھەمىشە بىبىگۈلدىن "ئانا، كۆڭۈللىرى نېمە تارتىدۇ؟" دەپ سوراپ، ئانىسى ئامراق نەرسىلەرنى ئەكىلىپ بېرەتتى، بىر ئائىلە كىشىلىرى ھەر كۈنى كەچلىك غىزاسىنى يەپ بولۇپ، بورىدا ئولتۇرۇپ ياكى سۇنايلىنىپ يېتىپ مۇڭدىشىشكە باشلىغاندا، يۇنۇس ئۇدۇل كېلىپ ئانىسىنىڭ تىزىغا بېشىنى قوياتتى، بىبىگۈل باللىرىنىڭ ئىچىدە پەقەت يۇنۇسنىڭ تۇغۇلغان كۈننىلا ئېنىق بىلەتتى، ئۇ، 1973-يىلى ئىيۇلنىڭ 17-كۈنى يەنى زاھىر شاھ سىياسىي ئۆزگىرىشتە ئاغدۇرۇۋېتىلگەن كۈنى تۇغۇلغانىدى.

باشقىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈننى ھېچكىم بىلمەيتتى، سۇلتاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى 1947-يىلدىن 1955-يىلغىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلەتتى. ئىشقىلىپ ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەرخىل ئارخىپتا ھەر خىل يېزىلغانىدى، شۇڭا سۇلتاننىڭ يېشى ئۇنىڭ تۇغۇلۇپ باشلانغۇچ مەكتەپكە، ئاندىن ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغانلىقى، 1-، 2- ۋە 3-قېتىملىق ئىچكى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



دېگەنلەرنى سۈرۈپ ھېسابلىغاندا 50 تىن ئاشاتتى. كىشىلەر ئادەتتە بالا-ۋاقىتنىڭ پېشىنى دەل مۇشۇ ئۇسۇل بويىچە ھېسابلاپ چىقىراتتى. بىرەرسىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر يېشىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىۋېلىۋېرەتتى. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا ساكىنەنىڭ يېشى 30 غا يېقىنلىشاتتى. لېكىن ئۇنى بىرەدەمدىلا 35-36 ياش قىلىۋەتكىلىمۇ بولاتتى.

بىبىگۈل يۇنۇستىن كېيىن بەشىنى تۇغدى. ئۇنىڭ بۇ كەنجى ئوغلى كانادادا بولۇپ، شۇ يەردىكى بىر تۇغقىنىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلدى.

بىبىگۈلنىڭ توي قىلىپ 15 يىلغىچە بالا يۈزى كۆرەلمىگەن بىر تۇغقىنى بار ئىدى. ئۇ مەزلۇمنىڭ بوۋىمىدا قالارمىكىن، دەپ يېمىگەن دورىسى، كۆرۈنمىگەن تېۋىپلىرى قالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى. شۇنداق قىلىپ بالا تۇغۇشتىن ئۈمىد ئۈزگەن بۇ مەزلۇم، بىبىگۈلنىڭ قورسىقىدىكى 12-بالىسىنى سوراپ تۇرۇۋالدى.

بىبىگۈل بۇنىڭغا ئۇنىمىدى.

ئەمما ھېلىقى مەزلۇم بىبىگۈلگە يىغلاپ تۇرۇپ يالۋۇردى.

— ئۇنداق قىلمىسىلا، ماڭا ئىچلىرى ئاغرىسۇن، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ، — سىلىنىڭ بىر توپ باللىرى بار، لېكىن ئاللاھ ئەگەم ماڭا بالا بەرمىدى. مەن ”بالا، بالا“ دەپ زارلاپ ئۆلۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. شۇڭا، ئەمدى قورساقتىكىسىنى ماڭا بېرىۋەتسىلە!

بۇ مەزلۇمنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا يۈرىكى چىدىمىغان بىبىگۈل قورسىقىدىكى بالىسىنى ئۇنىڭغا بېرىۋەتمەكچى بولدى. شۇنداق قىلىپ بىبىگۈل بالا تۇغۇلۇپ 12 كۈنگىچە ئۇنى باغرىغا بېسىپ ئېمىتتى. ئائىلىدە خوتۇن كىشىنىڭ تۇغقان بالىسى بىلەن ئابرويى تاپىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان بىبىگۈل، تېخىمۇ كۆپرەك بالىغا ئانا بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن بىبىگۈل قىلغان ۋەزى ئۈچۈن، بالىنى ئاخىر ھېلىقى تۇغقىنىغا بېرىۋەتمەكچى بولدى. شۇنداق، گەرچە بىبىگۈلنىڭ كۆكسى چىڭقىلىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى بالىسىنى ئېمىتەلمەيدۇ؛ ئوغلى ئىككىسىنىڭ ئانا-باللىق رىشتى ئۈزۈلۈپ، ئادەتتىكى تۇغقانلارغا ئايلىنىپ قالىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بۇ نارەسىدىنىڭ باققان ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئوبدان كۈنلەرگە ئېرىشىدىغانلىقى ئېنىق بولسىمۇ، لېكىن بىبىگۈل يۈرەك پارىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئىچىدە يىغلايتتى. بىراق ئامال قانچە؟ ۋەدە دېگەن ۋەدە-دە!

لالە بىبىگۈلنىڭ كەنجىسى ئىدى. ئەقىللىق ۋە ئىشچان ئۆسكەن بۇ قىز

مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا پۇتكۇل ئۆي ئىشنى يالغۇز ئۆزى زىممىسىگە ئالدى، ئاشۇ ئائىلىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ھېسابلىغاندا لالە بۇ يىل 19 ياشقا كىرىدۇ، ئىشقىلىپ، رۇخسارى كۈندىن-كۈنگە ئېچىلىپ تولۇۋاتقان لالە بىبىگۇلنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ۋە پەخرى ئىدى،

بىبىگۇل لالەدەك چېغىدا تۆت بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بولغانىدى، ئۇ باللارنىڭ ئىككىسى چاچراپ كېتىپ، ئىككىسى ئەي بولدى، لېكىن ھازىر بىبىگۇلنىڭ ئۇ ئىشلارنى ئەسلەشكە ھەپىلىسىمۇ قالمىدى، ئۇ، پىيالىسىنى تۇتۇپ بېقىۋىدى چىپى سوۋۇپ كېتىپتۇ، ئۆزىمۇ تىوڭلاپ غوللىرى قورۇلغىلى تۇردى، ئۇ قولىدىكى مېغىزنى سېلىنچىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ توۋلىدى:

— ھەي لالە، يۇڭ ياغلىقىمنى ئەكەپ بەر!

ئانىسىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلىغان لالە ھاجەتخانىدا ئولتۇرغان ئورنىدىن دەس. تۇردى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئون بىرىنچى باب

# قىز بالا شەيتان

قەددى-قامىتى كېلىشكەن زىلۋا ۋە نازاكەتلىك بىر قىز، سۇلتانىنىڭ كۆڭ نۇرى غۇۋا چۈشىدىغان كىتابخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. كىتابخانىغا غىمسىسىدە كىرىپ كەلگەن بۇ قىزنى ئۇيقۇچىلىقتا ئوغرىمىكىن، دەپ قالغان مەنسۇر ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى.

— سىزگە بىرەر نەرسە لازىممىدى؟ — دەپ سورىدى ئالدىدا تۇرغان پۈركەنجىلىك قىزنىڭ ناھايىتى چىرايلىق ساھىبجامالىلاردىن ئىكەنلىكىنى پەملىگەن مەنسۇر، ئۇنىڭ تەققى-تۇرقىغا يەر تېگىدىن سەپسالغاچ. قىزنىڭ پاچاقلىرى بىلەن بىلەكلىرى چىرايلىق ھەم ئۇزۇن ئىدى.


— «ئالىي خىمىيە» دېگەن كىتاب بارمىدۇ؟

مەنسۇر قىزغا كەسپىي كىتابپۇرۇشلارغا خاس تەبەسسۇم بىلەن باقتى. ئۇ كىتابخانىسىدا ئۇنداق كىتابنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن:

— تەلىيىڭىز بولسا چىقىپمۇ قالار، قېنى پۈكەينىڭ ئىچىگە كىرىپ ئىزدەپ بېقىڭ، — دېدى قىزغا.

قىز پۈكەينىڭ ئىچىگە كىرىپ، كىتاب ئىشكاپىنى بىر-بىرلەپ ئاختۇرغىلى تۇردى. مەنسۇر ئۇ قىزغا ياندىشىپ دېگۈدەك يېقىن تۇرغاچقا، قىزنىڭ جىسمىدىن كېلىۋاتقان مەززىلىك ئەترىنىڭ ھىدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى بۆلەكچىلا تىپچەكلىتىۋەتتى. مەنسۇر ئۇ قىزغا كىتاب ئىزدىشىپ بېرىۋاتقان قىياپەتتە، ئىشكاپتىكى كىتابلارنى ئۇ ياقتىن بۇياققا ئۆرۈپ ئاختۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ھېلىقى قىزدىن كۆزلىرىنى ئۈزەلمەي، ھېلىدىن ھېلىغا ئۇنىڭغا لاپپىدە قاراپ قوياتتى. ئەمەلىيەتتە مەنسۇر «ئالىي خىمىيە» دېگەن بۇ كىتابنى كۆرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى.

— ئاپلا، سېتىلىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ، — دېدى مەنسۇر قىزغا، — ئۆيدە بىرنەچچە پارچە تۇرغاندەك قىلىۋىدى. ئەتە يەنە كېلەلەرسىزمۇ، مەن ئەتىگەنلىككە ئالغاچ كېلەي.





مەنسۇر ئەتىسى ھېلىقى پەرىزاتنى توپتوغرا بىر كۈن ساقلىدى، ئۇ ۋەدە قىلغان ھېلىقى كىتابنى ئالغاچ كەلمىگىنى بىلەن، ئۇ قىزغا نېمىدەپ چۈشەنچە بېرىدىغانلىقىنى كاللىسىدا پىشۇرۇپ قويدى، مەنسۇر بۇ چىرايلىق قىزنى ساقلىغاچ ئولتۇرۇپ، ئۆزىچىلا ئاجايىپ شېرىن خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كېتىۋاتاتتى، كەچ كىرىپ، قاراڭغۇمۇ چۈشتى، لېكىن ھېلىقى قىزنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى، كۆڭلى يېرىم بولغان مەنسۇر كىتابخانىنى تاقىماقچى بولدى، كىتابخانىنىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىنىڭ سىرتىغا يۆگىمە سالاسۇن بېكىتىلگەنىدى، ناھايىتى ئۈمىدسىزلەنگەن مەنسۇر ئىشىكنىڭ يۆگىمە سالاسۇننى شاررىدە تارتىپ چۈشۈرۈپ قۇلۇپلىدى،

يەنە بىر كۈن ئۆتتى، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتقان مەنسۇر، پۈكەينىڭ ئىچىدە تۇرۇلۇپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە توك توختاپ قالغاچقا كىتابخانىنىڭ ئىچى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەنىدى، ئىشىكتىن يانتۇ چۈشۈپ تۇرغان كۈن نۇرىدا، ھەممىلا يەر قۇرغاقلىشىپ، بىر قەۋەت توپا بېسىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، مەنسۇر كىتابخانىغا كىرىپ "پالانى كىتاب بارمۇ؟" دەپ سورىغان خېرىدارلارغا، ئۇ كىتاب ئارقىسىدىكى پۈكەيدە تىزىقلىق تۇرسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇ "يوق" دەپلا جاۋاب بېرىۋاتاتتى، ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە كىتابخانىغا باغلىنىپ قېلىپ، مىدىرلىماي ئولتۇرىدىغان، ھەتتا جۈمە كۈنىمۇ دەم ئالمايدىغان بۇنداق ئىشتىن بەكمۇ زېرىككەنىدى، دادىسى ئۇنى مەكتىپىدىن، دوستلىرىدىن ئايرىپ، بۇ زېرىكىشلىك كىتابخانىغا سولاپ قويدى؛ ھەتتا ئۇنىڭ ۋېلىسىپىت ئېلىشىغىمۇ ئۇنىمىدى، شۇڭا مەنسۇر دادىسىغا چىش-تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى، شۇڭلاشقىمىكىن، مەنسۇر دادىسى ئۇنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالغاندىن بۇيان بىرەر پارچە كىتابنى تۈگىتىپ ئوقۇپ باقمىدى،

ئەتىگەندىن بېرى كۆڭۈل غەشلىكى ئىچىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان مەنسۇر، تۇيۇقسىز كەلگەن يېنىك ئاياغ تىۋىشى بىلەن بىر خىل يېقىملىق شەپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، ئالدىنقى كۈنى كەلگەن ھېلىقى نازاكەتلىك پەرىزات ئىشىكتىن قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرى ئۈستىدە مەنسۇرغا قاراپ تۇراتتى، كىتابخانىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ئۇنىڭ ئۆپچۆرىسىنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئايلانماقتا ئىدى، قىزنى كۆرۈپ خۇشلۇقىدا سەكرىۋېتىشكە تاس قالغان مەنسۇر، دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭغا كىتابپۇرۇشلارغا خاس تەبەسسۇم بىلەن باقتى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— سىزنى تۈنۈگۈن نەق بىر كۈن ساقلىدىم، — دېدى مەنسۇر ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن، — بىزنىڭ ئۆيدە سىز دېگەن ھېلىقى كىتابنىڭ خىلمۇخىل نەشرى بار ئىكەن؛ سىزگە زادى قاندىقى لازىملىقىنى ئۇقالماي ئەكىلەلمىدىم؛ ھەممىنى كۆتۈرۈپ كېلەي دېسەم يانا ....؛ ئېغىر كۆرمىسىڭىز مەن بىلەن بىللە بېرىپ ئۆزىڭىز تاللىۋالسىڭىز قانداق؟

ئۈچىسىغا پۇركەنجە كىيىۋالغان قىز تەئەججۈپلىنىپ تۇرۇپ قالدى ۋە نېمە قىلارىنى ئۇقالماي دېلىغۇل بولۇۋاتقاندەك قول سومكىسىنى مىجىقلاپ قويدى.

— سىلى بىلەن ئۆيلىرىگە بارامدىمەن؟

مەنسۇر بىلەن ھېلىقى قىز بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتتى. سۈكۈتنىڭ ئۆزى ئىزھار، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! لېكىن جىددىيلىشىۋاتقان مەنسۇرغا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترەك ئولاشقىلى تۇردى. چۈنكى ئۇ ھېلىقى قىزنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ، بەكمۇ يوغانباشلىق قىلىۋاتاتتى.

— سىز...، سىزگە ئاشۇ كىتاب لازىم، شۇنداققۇ؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى مەنسۇر بىر ھازادىن كېيىن.

قىز باشقا گەپ قىلمىدى. بۇ ئۇنىڭ مەنسۇرنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولغىنى ئىدى. قىز مەنسۇرنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، ماشىنىنىڭ ئارقىنى كۆرۈش ئەينىكىدىن مەنسۇرنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلگۈدەك ئورۇنغا جايلىشىپ ئولتۇردى. مەنسۇرمۇ ئەينەككە چىرايىنى تولۇقراق چىقىرىش ئۈچۈن، قىز بىلەن پاراڭلاشقاچ ھېلىدىن ھېلىغا گەۋدىسىنى رۇسلاپ قوياتتى.

— بۇ پىكاپ بەك ئېسىلكەن، — دېدى قىز پەس ئاۋازدا، — ئۆزلىرىنىڭمۇ؟

— ھەئە، ئەرزان ماشىنا دەگە، — دېدى مەنسۇر دەرھاللا. ئۇنىڭ شۇنداق ئېسىل ماشىنىنى "ئەرزان ماشىنا" دېگىنى، قىزغا ئائىلىسىنىڭ تېگى چىلىك، يېنى تومۇ ئائىلە ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەرگىنى ئىدى.

مەنسۇر ماشىنىنى كابۇلنىڭ خالىغان بىر كوچىسىدا ئۇدۇل كەلگەن بىر تەرەپكە ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا ھېلىقى پۇركەنجىلىك ساھىبجامال ئولتۇراتتى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، مەنسۇر بۇ قىزنى "ئۆيدە كىتاب بار" دەپ ئالدىغانىدى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆيدە ھازىر مەنسۇرنىڭ مومىسى، ھامىسى تۇرسا، ئۇنىڭ بۇ قىزنى ئۆيگە ئەگەشتۈرۈپ كىرەلىشى مۇمكىنمۇ؟! لېكىن نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەنسۇر ماشىنىسىدا چىرايلىق بىر قىزنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ئويلىسىلا ھەم ھاياجانلىناتتى، ھەم

جىددىيلىشەتتى، ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ، قىزدىن: ”يۈزىڭىزنى كۆرۈپ باقسام بولارمۇ؟“ دەپ سورىدى، قىز بىردەم ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، پۈركەنجىسىنىڭ ئالدىدىكى چۈمپەردىنى قايرىۋەتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ھەم سۈرمە تارتىلغان يوغان قارا كۆزلىرى ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن مەنسۇرغا تىكىلدى، مەنسۇرنىڭ كۆزىمۇ ئۇنىڭغا تىكىلدى. قارىماققا ئۇ قىز مەنسۇردىن بىر نەچچە ياش چوڭدەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، مەنسۇر بۇ قىزغا ھېلىقى خىمىيە كىتابىنىڭ ئىشنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن، جاھاننىڭ پارىڭىنى قىلىپ بەردى، ئاخىرىدا ئۇ قىزنى چۈشلۈك غىزاغا تەكلىپ قىلدى.

مەنسۇر ماشىنىنى «مارك پولو» ئاشپۇزۇلىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ توختاتتى. ھېلىقى قىز ماشىنىدىن غىپپىدە چۈشۈپ، ئاشپۇزۇلغا ئىتتىك كىرىۋالدى. سۇلتان توخۇ كاۋىپى، قوي گۆشى كاۋىپى، ھەپەش، ئۈگرە، گۆشلۈك چۆپ، پىستە قوشۇلغان باقالى...، ۋاي-ۋۇي ئاشۇ ئاشپۇزۇلدا بارلىكى تاماقنىڭ ھەممىسىدىن بۇيرۇتتى.

مەنسۇر بۇ ئەزىز مېھمىنىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، ئىشتىھاسىنى ئېچىش ئۈچۈن، غىزا يېگەچ توختىماي قىزىق گەپ قىلىپ، ئۇنى كۈلدۈرەتتى. ھېلىقى قىز پۈركەنجىسىنىڭ باش تەرىپىنى قايرىۋەتكەندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ باشقا شىرەلەرگە دۈمبىسىنى قىلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇمۇ غىزانى قوشۇقتا ئەمەس، بەلكى ئافغانىستانلىقلارنىڭ ئادىتى بويىچە قولدا يېدى. ئۇ قىز غىزا يېگەچ ئۆزىنىڭ تۇرمۇش، ئائىلە ۋە ئۆگىنىش ئەھۋالىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى. بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مەنسۇرنىڭ ھاياجاندىن يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ كەتتى. چۈنكى بۇ مەنسۇرنىڭ قىز بالا بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچرىشىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پۈتۈنلەي قانۇنسىزلىق ئىدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن ئۇزاپ ماڭىدىغان چاغدا، مەنسۇر مۇلازىمغا سېخىيلىق بىلەن ناھايىتى نۇرغۇن چاي پۇلى بېرىۋەتتى. بۇنى كۆرگەن مۇلازىم كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. مەنسۇر ھېلىقى قىزنىڭ كىيىنىشلىرىگە قاراپ ئۇنى بەك بايمۇ ئەمەس، نامراتمۇ ئەمەس قەدىر ئەھۋال ئائىلىنىڭ قىزى بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. ئۇلار ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، مەنسۇرنىڭ كىتابخانىغا قايتىدىغان ۋاقتى توشۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا ھېلىقى قىز تاكسىغا چىقىپ قايتتى. ناۋادا تالىبانلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان زامانلار بولغان بولسا، ھېلىقى قىز بىلەن تاكسى شوپۇرى ئۆلگۈدەك دۇمبالانغاندىن كېيىن، ئۇدۇل ھەپسىگە سولانغان بولاتتى. ئۇ چاغلاردا ناتونۇش ئوغۇل-قىزلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاشپۇزۇللاردا ئۇچرىشىشى ئۇياقتا تۇرسۇن ھەتتا ئۇرۇق-تۇغقاندارچىلىقى بولمىغان ئەر-ئاياللارنىڭ كوچا-كويلاردا بىللە مېڭىشىشىمۇ يول قويۇلمايتتى؛ ئايال زاتىنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا پۈركەنجىسىنى ئېلىۋېتىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا مەنسۇرنى ئاسايىشلىق زامانلاردا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تەلەيلىك بالا، دېيىشكە بولاتتى. مەنسۇر ھېلىقى قىزغا "كىتابنى ئەتە ئالغاچ بارىمەن" دەپ ۋەدە بەردى.

ئەتىسى "ناۋادا ئۇ قىز كېلىپ كىتابنىڭ گېپىنى چىقارسا نېمە دەرمەن"، دېگەن ئەندىشىدە مەنسۇرنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتىقلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە مەنسۇر ئىلگىرى كىتابپۇرۇش ئىدى، مانا ئەمدى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئىشق ئوتى تۇتاشتى؛ دېمەك، ئۇنىڭ ئالدىغان رولى ئۆزگەردى، دېگەن گەپ. ئەمدى ئاشۇ رولنى ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ۋاستىلەرنىمۇ يېڭىلىماي بولمايتتى. ئەلۋەتتە، مەنسۇر ئىشق مۇھەببەت پاراڭلىرىنى پەقەت ھىندىستان، پاكىستان كىنولىرىدىنلا ئاڭلىغان. ئۇنداق كىنولاردا ۋەقەلىك ئۇچرىشىشتىن باشلىنىپ، ئۇقۇشماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان تۈزكورلۇق ۋە ئۈمىدسىزلىككە راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۆمۈر بويىي بىرگە ياشاشقا ئەھدى قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنداق كىنولاردىكى بىر-بىرىنى بېسىپ چۈشىدىغان ھەم لىرىك، ھەم پاساھەتلىك دىئالوگلار، ئىشق مۇھەببەت دەردىدە مەستانە بولۇپ كېتىۋاتقان ياشلارغا بەكمۇ ياقىدۇ. شۇڭا مەنسۇر يۈكەينىڭ ئىچىدە ئالدىغا بىر مۇنچە كىتابنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ، ھېلىقى ئوقۇغۇچى قىز ناۋادا كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا دەيدىغان گەپلىرى ئۇستىدە كاللا قاتۇرغىلى تۇردى:

"مەن ئۇنىڭغا: 'تۈنۈگۈن سىز بىلەن خوشلاشقاندىن بېرى، نېمىشقىدۇر پۈتۈن ئەس-يادىم سىزدىلا قالدى، ئاللاھ ئىگەم سىزنى خۇددى مەن ئۈچۈن ياراتقاندەكلا ۋۇجۇدىڭىزغا پەۋقۇلئاددە بىر خىل لاتاپەتنى سىڭدۈرۈپتۇ، مېنىڭ تەقدىرىم سىزگە باغلىنىپ قالغاندەكلا تۇرىدۇ!' دەيمەن، ئۇ بۇ سۆزلىرىمدىن خۇش بولۇپ كېتىدۇ، مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە مۇھەببەت بىلەن بېقىپ، قوللىرىنى چىڭ سىقىمداپ تۇرۇپ: 'سىز بىلەن خالىي جايدا قانغۇدەك مۇڭداشقۇم، جىسمىڭىزنى قېنىپ-قېنىپ كۆرۈۋالغۇم، قەلب دېڭىزىڭىزدا غۇلاچلاپ ئۈزگۈم بار ئىدى، سۆيۈملۈكۈم!' دەيمەن، ياكى: 'بۇ مېنىڭ قۇرۇق ھاياجان بىلەن دەپ قويۇۋاتقان گەپلىرىم ئەمەس قىزچاق، ناۋادا ۋاقت چىقىرالىسىڭىز مېنى چوقۇم يوقلاپ كېلىڭ؛ ئەگەر بۇ ئىلتىجايىمنى ئورۇنىسىز،

دەپ بىلسىڭىز بۇنى مەن توغرا چۈشىنمەن؛ لېكىن ھەپتىدە بىرەر قېتىم بولسىمۇ سىزنى كۆرۈۋېلىشىمغا ئىمكانىيەت بېرەرسىزمۇ، قىزچاق؟' دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىمەن."

"ھەتتا ئۇنىڭغا: 'مېنى كۈتەلەرسىزمۇ، قىزچاق؟ خۇدا نېسىپ قىلسا 18 ياشقا كىرىپلا سىزنى ئەمرىمگە ئالىمەن' دەپ ۋەدىلەرنى بېرىمەن."

"دۇرۇس، ئالىي دەرىجىلىك پىكاپىم، ئەڭ ئېسىلماللار سېتىلىدىغان سودا سارىيىم بولۇشى، ئۇچامغا داڭلىق ماركىلىق كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىپ، مۇلازىملارغا چاي پۇلى دېگەننى ئايىماي بېرەلەيدىغان بولۇشۇم؛ ئاشۇ گۈزەل ساھىبجامالنى باشقىلار ھالڭ تاڭ قالغۇدەك بەختلىك تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئۆزۈمگە مەھلىيا قىلىۋالىشىم كېرەك، مەندە يەنە ئۇنىڭغا: 'خۇدا بۇيرۇسا سىزنىڭ گۈلباغلىق ئېسىل داچىڭىز، خىزمىتىڭىزنى قىلىدىغان نۇرغۇن مالايلىرىڭىز بولىدۇ، ئىككىمىز قول تۇتۇشۇپ چەت ئەللەرگە چىقىپ ساياھەت قىلىمىز!' دېيەلەيدىغان قۇدرەت بولۇشى؛ ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ بۇ ساھىبجامال ئۈچۈن بارلىقنى ئاتىغان، پەۋقۇلئاددە ئېسىل يىگىت ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈشۈم كېرەك، مەن ئۇنىڭغا شۇنداق دەيمەن: 'بۇ ئالەمدەك يۈرىكىم پەقەت سىزنى سېغىنىشقىلا يارالغانىكەن، شۇڭا سىزنى بىر دەقىقە كۆرەلمىسەم گۈلخان ئىچىدە كاۋاپ بولۇپ كېتىمەن، بۇنى بىلەمسىز قىزچاق؟!'"

"ناۋادا ئۇ قىز مېنى پەرۋايىغا ئالمىسا، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ رومانتىك يىگىتلەردىن ئىكەنلىكىمنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن شۇنداق دەيمەن: 'ناۋادا پەشنى قېقىپلا كېتىپ قالماقچى بولسىڭىز، ئالدى بىلەن مېنى ئاشۇ نازۇك قولىڭىز بىلەن ئۆلتۈرۈۋېلىۋېتىڭ! بولمىسا بۇ چەكسىز دۇنيا مەن ئۈچۈن دوزاققا ئايلىنىدىكەن!'"

لېكىن، ھېلىقى قىز ئاشپۇزۇلدا تاماق يېگەن كۈننىڭ ئەتىسىمۇ، ئۆگۈنىمۇ كەلمىدى، كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، مەنسۇر تەييارلىۋالغان ھېلىقى گەپلىرىنى يادقا ئېلىش بىلەن ئاۋارە ئىدى، لېكىن ئۇ ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۆز-ئۆزىدىن سورايتتى: ئۇ قىز مېنى ياراتمىدىمۇ يا؟ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالغان بولسا، ئۇنى ئۆيگە سولاپ قويدىمۇ يا؟ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ياكى قوشنىلىرىدىن بىرەرسى كۆرۈپ قالغان ۋە ياكى ئۇ قىز ئاغزى بوشلۇق قىلىپ دەپ قويغان بولسا، ئۇلاردىن دىلى ئازار يەپ قالدىمۇ يا؟

شۇ ئارىدا كىتابخانىغا ھاسا تايانغان، سەللىلىك بىر بوۋاي كىرىپ كەلدى؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇنىڭ بىلەن مەنسۇرنىڭ خىيال يىپلىرى ئۈزۈلدى. بىۋاي مەنسۇردىن مەلۇم بىر دىنىي كىتابنىڭ بار-يوقلۇقىنى سورىدى. مەنسۇر بوۋاي سورىغان ئۇ كىتابنى تىزىملىق كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن تېپىپ ئېلىپ، دەرغەزەپ بىلەن پوكەيگە تاشلاپ قويدى. چۈنكى بىمەھەل ۋاقىتتا كىرىپ كەلگەن بۇ بوۋاي، ئۇنىڭ بايىقى شېرىن خىياللىرىنى بەربات قىلىپ، ئىشق گۈلىستانىنىڭ بۇ مەستانە بۇلبۇلىنى، بىردەمدىلا بۇرۇنقىدەك رىيالىلىقتىكى مەنسۇرغا — ئاددىي بىر كىتابپۇرۇشنىڭ ئوغلىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

مەنسۇر ھەر كۈنى ھېلىقى ساھىبجامالنىڭ يولىغا قارايتتى، كىتابخانىدا ئۆتۈۋاتقان ھەربىر مىنۇت ۋاقىت مەنسۇرغا ناھايىتمۇ ئازابلىق تۇيۇلاتتى. شۇڭا ئۇ ھەر كۈنى كىتابخانىنى تاقايدىغان چاغدا ئىشىكنىڭ يوغىمە سالاسۇنىنى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە غەزەپ بىلەن تارتىپ چۈشۈرۈپ قۇلۇپلايتتى.

※ ※ ※

مەنسۇرنىڭ كىتابخانىسىنىڭ بېقىنىدا يەنە قەغەز، كىتاب-دەپتەر ياكى ئوقۇغۇچىلار ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان دۇكانلار بار ئىدى. ئاشۇ دۇكانلارنىڭ بىرى دەل رەھماننىڭ ئىدى. رەھمان بەزىدە مەنسۇرنىڭ كىتابخانىسىغا كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشاتتى. رەھمان بۈگۈنمۇ تۇيۇقسىزلا كىرىپ قالدى. مەنسۇر بۇ سىرداش دوستىغا يۈرەك سۆزلىرىنى دەپ بېرىۋىدى، ئۇ بۇ ئىشنى پەرۋايىغا ئالمىغاندەك كۈلۈپلا قويدى.

— ھەي ئاداش، ئۇنداق ئوقۇغۇچى قىزلاردىن نەپ چىقمايدۇ. جۇمۇ! ئۇلار دېگەن ئەخلاق دېسە جېنىنى بېرىدىغان بىر نېمىلەر. ئىچىڭ پۇشقان بولسا، ئەڭ ياخشىسى پۇلغا ھاجىتى بار مەزلۇملارنى تاپ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىلەمچىلەر بەك ئاسان ئىندەككە كېلىدۇ؛ تىلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىمۇ خېلى پەيزى بارلار ئۇچراپ قالىدۇ؛ ياكى بولمىسا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن بېرىلگەن ئۇن، ياغلارنى تارقىتىدىغان پونكىتلارغا بېرىپ باق، ئۇ يەردە ياش تۇل خوتۇنلار ساماندەك!

مەنسۇرنى ئەسنەك تۇتتى. ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن بېرىلگەن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىدىغان پونكىتلارنىڭ نەدىلىكىنى بىلەتتى. ئۇ يەرنىڭ قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىغا ھاجىتى چۈشىدىغانلار ئاساسەن دېگۈدەك ئۇرۇشتا ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل خوتۇنلار، دادىسى قازا قىلغان يېتىم قىزلار ئىدى. ئۇلار ھەر ئايدا ئاشۇنداق پونكىتلارغا بېرىپ، قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى

ئالاتتى، بەزىلىرى ئۇنداق نەرسىلەرنى ئاچقىپلا پۇلغا ساتاتتى.

— ئۇ يەرگە بېرىپ، كۆزۈڭ چۈشكەن بىرەر تۇل خوتۇنغا مايدىن بىرەر قۇتا ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنى مۇشۇ يەرگە باشلاپ ئەكىلسەڭ، — دېدى رەھمان مەنسۇرغا، — مەنمۇ دائىم كۆزۈم چۈشكەن ئاشۇنداق تۇل خوتۇندىن بىرەرسىنى 'دۇكىنىمغا بارساڭ، بېشىڭنى سىلاپ قويىمەن' دەپ باشلاپ ئەكىلىمەن؛ كەلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئازراق پۇل بېرىپ، قازناق ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىمەن؛ ئۇلار ئادەتتە پۈركەنجە كىيىپ يۈرىدۇ، شۇڭا ئۇلاردىن ھېچكىم گۇمان قىلمايدۇ؛ مەن ئويىنىۋالغىنىمغا، ئۇ بالىلىرىنىڭ قورسىقى ئۈچۈن ئازراق پۇل تېپىۋالغىنىغا خۇش، ئاشۇنداق ئاسان ئىش بۇ!

مەنسۇر رەھمانغا ھەيرانلىق ئىچىدە تىكىلىپ قاراپ كەتتى.

ئۇ مەنسۇرنىڭ بىلىكىدىن تارتتى:

— ماڭە، مەن ساڭا بىر ئىشنى كۆرسىتىپ قوياي، — ئۇ مەنسۇرنى ئۆزىنىڭ دۇكىنىغا باشلاپ چىقتى.

رەھمان قازناق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئالقانچىلىك بۇ ئۆينىڭ ئاستىغا قاتتىق كاردون قەغەز سېلىنغان بولۇپ، قەغەزنىڭ ھەممىلا يېرى دېگۈدەك چەل ئىدى.

— مانا مۇشۇ يەر شۇ، — دېدى رەھمان، — مەن ئىندەككە كەلگەن مەزلۇمنى ئۇدۇللا مۇشۇ يەرگە باشلاپ ئەكىرىپ، كىيىم-كېچەكنى سالدۇرۇپ يالىڭاچلايمەن؛ بۇ يەرگە كىرىپ بولغاندىن كېيىن پۇشايمان قىلىپ، مىڭ تۇۋلىغىنى بىلەن بىكار؛ ناۋادا بىرەرسى كېلىپ قالدى، دېگەن تەقدىردىمۇ گۇناھنى ئالدى بىلەن خوتۇن كىشىگە قويىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇنداق مەزلۇم ئۆلگۈچە باش كۆتۈرەلمەيدۇ؛ بۇنىڭدا تۇل خوتۇنلار ئۇچراپ قالسا، ئۇنىڭ ئىشى ئاسان؛ لېكىنزە ياش مەزلۇملار بولۇپمۇ ئېپىتى بۇزۇلمىغان قىزلارغا چېقىلىپ قويساڭ، گاھىدا ئاز-تولا بەدەل تۆلەپمۇ قالدىغان گەپ، — رەھمان ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى.

رەھماننىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتقان مەنسۇر، كۆزلىرىنى جامدەك ئېچىپ، ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپلا قالدى، رەھمان ئۈچۈن بۇ ئىشلار ئاشۇنداق ئاسانمىدۇ؟

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەنسۇر ماشىنىسىنى كۆك پۈركەنجىلىك بىر مەزلۇمنىڭ يېنىغا ئەكىلىپ توختاتقان چېغىدىلا، ئۇ ئىشلارنىڭ رەھمان دەپ بەرگەندەك ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى، مەنسۇر مايدىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇتا سېتىۋالدى، لېكىن ئاشۇ مايغا تەلمۈرۈپ سۇنۇلغان قوللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر-بىرىدىن ئۆتە مەينەت، يىرىك ئىدى. مەنسۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ باقتى، ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇنداق مەزلۇملار ئىدى. ئۇ ھېلىقى بىر قۇتا ماينى ماشىنىنىڭ ئىچىگە پىرقىرىتىپ ئاتتى-دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئىتتىك كېتىپ قالدى.

※ ※ ※

مەنسۇر ھېلىقى ساھىبجامالغا ئاتاپ يادقا ئېلىۋاتقان بوللۇۋدچە دىئالوگ-مونولوگلارنى ئاخىر تاشلىدى، لېكىن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاشۇ رومانتىك گەپ-سۆزلەرنى ئىشلىتىشكە پۇرسەت چىقىپ قالدى، بىر كۈنى كىتابخانىغا بىر قىز كىرىپ: "ئېنگلىزچە لۇغەت بارمدۇ؟" دەپ سورىدى، مەنسۇر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇ قىزغا ئاجايىپ تەبەسسۇم بىلەن باقتى، قىزچاقنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئېنگلىزچىدىن ساۋات چىقىرىش كۇرسىغا قاتنىشىۋېتىپتۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەنسۇر شۇ ھامان ئۇنىڭغا ياردەم بېرەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى:

— بۇ يەردە باشقا ئادەم يوق، دەڭە! بۇنىدىن كېيىن كېلىپ تۇرۇڭ، دەرس تەكرارلىشىڭىزغا ياردەملىشىمەن.

لېكىن ئۇ قىز ئىككىنچى كەلمىدى،

مەنسۇر كېيىن ئىنىسىغا تۇيۇقسىزلا دەردىنى ئېيتىپ قالدى،

— مەن بەكمۇ پەسكەش ئىكەنمەن، — دېدى ئۇ، دېمەك مەنسۇر ئۆزىنىڭ ھېلىتىنلا قىز بالىغا ئۇنچىۋالا مەستانە بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەكلىكىنى تونۇپ يەتكەندى.

بىر كۈنى ئۇنىڭ كىتابخانىسىغا بېشىغا قىزىل گۈللۈك ئاق رومال چىگكەن 12-13 ياشلاردىكى بىر قىز كىرىپ كەلدى-دە، مەنسۇرغا قاسماق قوللىرىنى تەڭلەپ، ئىلتىجالىق كۆزلىرىنى تىكتى، قىزلار ئادەتتە رەسىدە بولغاندىن كېيىن ئاندىن پۈركەنجە كىيەتتى، بۇ قىز تېخى ئۇ ياشقا يەتمىگەن بولغاچقا بېشىغا رومال چىگىۋالغاندى،

كىتابخانىغا ئۇنداق تىلەمچىلەر تولا كەلگەچكە، مەنسۇر كۆپىنچىسىنى ۋارقىراپ ھەيدىۋېتەتتى، لېكىن بۈگۈن بىر چەتتە گەپ قىلماي قاراپ تۇرغان رەھمان، ئەپتىدىن باللىقى چىقىپلا تۇرغان بۇ قىزنىڭ يۇپيۇمۇلاق يۈزىگە تازا بىر سەپسېلىۋالغاندىن كېيىن، ھەمىيىندىن ئون ۋاراق پۇلنى چىقاردى، بۇنى كۆرگەن قىزچاق مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرىنى جامدىك ئېچىپ، پۇلغا قول

ئۇزاتتى. لېكىن قىزچاقنىڭ قولى پۇلغا تېگىپ بولغۇچە رەھمان قولىنى شارتتىدە تارتىۋېلىپ، پۇلنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ چۆرگىلىتىپ قويدى. قىزچاقنىڭ بىر جۈپ قارا كۆزى رەھماننىڭ قولىدىكى پۇلدا ئىدى.

— نەدىمۇ بىكاردىن-بىكار پۇل بېرىدىغان ئىش بولسۇن؟ — دېدى رەھمان.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزچاقنىڭ ئاۋاق قوللىرى تۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى.

— ماڭ يۈگۈر، پاكىز يۇيۇنۇپ كەل، — دېدى رەھمان قىزغا پۇلدىن ئىككى ۋاراق بېرىپ، — قالغىنىنى سەل تۇرۇپ ئالىسەن.

قىزچاق رەھماننىڭ قولىدىكى پۇلنى ئېلىپ چاقماق تېزلىكىدە يانچۇقىغا سالدى ۋە رەھمانغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، قىزىل گۈللۈك ئاق روملىنى ئىككى ياڭىقىدىن ئوراپ چىگدى. ئۇنىڭ بىر تەرەپ مەڭزىدە ياۋا چېچەكتىن قالغان چوقۇر، پېشانىسىدا تارتۇق بار ئىدى. جەينەكتەك ئاۋاق قىزچاق شارتتىدە ئارقىغا بۇرۇلدى-دە، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كابۇلنىڭ قايسى بىر رەستىسىگە كىرىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىز يۇيۇنۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەپتى بايىقىغا قارىغاندا خېلىلا تازىلىنىپ قالغانىدى.

— ئاپلا، بۇ شورىقۇرىغۇر يەنە بايىقى جۇل-جۇل كىيىمى بىلەنلا كەپتۇغۇ، — دېدى رەھمان غودۇراپ، — بوپتۇ، قېنى ماڭە، بايىقى پۇلنى ئېلىۋالغىن، — رەھمان قىزچاقنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ھېجايدى ۋە ئۇنى باشلاپ كىتابخانىنىڭ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

بۇنى كۆرگەن مەنسۇر بىر قىسملا بولۇپ قالدى. ئۇ يا شارتتىدە بۇرۇلۇپلا چىقىپ كېتىشنى ۋە ياكى كۆرمىگەنگە سېلىپ تۇرۇۋېرىشنى بىلەلمەي قىينىلىپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، ئىچكەركى ئۆيدىن رەھمان چىقىپ كەلدى.

— ئۇ ئەمدى سېنىڭ بولدى، — دېدى رەھمان مەنسۇرغا.

مەنسۇر داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھېلى رەھمانغا، ھېلى ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە تىكىلەتتى. ئاڭغىچە ھېلىقى قىز ئىچكىرىكى ئۆيدىن تارام-تارام ياش تۆككىنىچە ئېتىلىپ چىقىپ، تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئون ئىككىنچى باب

# ھەزرىتى ئەلى چىللايدۇ

مەنسۇر بىر نەچچە كۈندىن بېرى ناھايىتى بىئارام بولۇپ يۈردى، "گۇناھ قىلدىم، كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزدۈم!" دەيتتى ئۇ ئىچىدە ھېلىدىن-ھېلىغا. ئۇ مۇنچىغا كىرىپ ئۇزاقتىن-ئۇزاق يۇيۇنۇپ باقتى، جايىنامازدا ئولتۇرۇپ توۋا قىلىپ باقتى، «قۇرئان كەرىم»نى بىر قۇر ئۆتكۈزۈپ باقتى، كابۇلدىكى بارلىق مەسچىتلەرنى قالدۇرماي ئايلىنىپ چىقتى؛ لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىگە خېلىدىن بېرى سىڭىپ كەتكەن ئىپلاسلىق تازىلىنىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە شۇنداق دەپ پىچىرلايتتى: "ئاشۇ ئىپلاسلىقلار ئاخىر مېنى ئاسىي بەندىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى، بۇ قىلغانلىرىم ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقىم ئېنىق؛ مەن بىر بالىنىڭ كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ، نارىسىدە قىزنى ئاياغ ئاستى قىلغانلىقىنى كۆردۈم؛ گەرچە مەن ھېچنېمە قىلمىغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى 'هاي' دەپ توسمىغانلىقىمنىڭ ئۆزى ئېغىر گۇناھ، ئەلۋەتتە!"

ئارىلىقتا بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى تىلەمچى قىزنىڭ سىماسى مەنسۇرنىڭ كۆڭۈل ئېكرانىدىن ئاستا-ئاستا يىتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى ئېغىر كۆڭۈلسىزلىك، ئۇنى بارا-بارا بەكمۇ چۈشكۈنلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ گويا توختام سۇدەك مەززىسىز كۈندىلىك تۇرمۇش، ھەر كۈنى باش كۆتەرتمەيدىغان ئىش-ئوقەت ۋە ئايىغى چىقماس تالاش-تارتىشلاردىن جاق تويغانىدى، شۇڭا مىجەزى غەلىتىلا بولۇپ قالغان مەنسۇر، ئەتراپىدىكى ھەرقانداق ئادەمگە ناھايىتى ئۆچ بولۇپ كەتتى، دادىسى ئۇنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كىتابخانىغا بەند قىلىپ قويۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، مەنسۇر ئۆزىنى رەڭگارەڭ تۇرمۇش قويىندىن ئايرىلغان يېتىم قۇشتەكلا سېزەتتى، مەنسۇر بۇنىڭ ئۈچۈن سۇلتانغا بەكمۇ غەزەپلىنەتتى.

— 17 ياشقا كىرىپ بالاغەتكە يەتتىم، — دەپ ئويلايتتى ئۇ گاھىدا، — ئون گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا، تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن.

مەنسۇر ئالدىدىكى ئۈستەلگە جەينەكلىگىنىچە، پىشانىسىنى ئالقانلىرى بىلەن تىرەپ مەيۈسانە ئولتۇراتتى. ئۇ قولىنى تۆۋەن چۈشۈرۈپ، كىتاب ئىشكاپىغا قارىدى. ئىشكاپتىكىسى پۈتۈنلەي دىگۈدەك ئىسلام دىنى، پەيغەمبەرلەر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە «قۇرئان كەرىم»نىڭ تەفسىرى ھەققىدىكى داڭلىق ئەسەرلەر، ئافغانىستان چۆچەكلىرى، ئافغانىستاندا ئۆتكەن پادىشاھ ۋە دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ تەرجىمىھالى، زۇلۇمغا قارشى كۈرەشلەر ھەققىدىكى داڭلىق تارىخي كىتابلار، ئافغانىستاندا چىقىدىغان قىممەتلىك تاشلارنىڭ سۈرەتلىرى توپلىمى، ئافغانىستاننىڭ كەشتىچىلىكى، ئەنئەنىسى ۋە ئۆرپ-ئادىتى ھەققىدىكى قىستۇرما سۈرەتلىك كىتابلار ئىدى، مەنسۇر كىتابلارغا قاراپ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قويدى-دە، ئالدىدىكى ئۈستەلگە پاققىدە بىر مۇشت سالدى،

— ئاھ خۇدا، نېمىشقىمۇ ئافغانىستاندا تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيدىم، — دەپ پىچىرلايتتى ئۇ، — رەزىل ئافغانىستانلىقلاردىن بولۇپ قالغانلىقىمغا نەپرەتلەنگۈم كېلىدۇ؛ چۈنكى ھاماقەتلىكتە ئۇچىغا چىققان بەزىبىر ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزدىن بۇرۇقتۇم بولۇپ كېتىۋاتىمەن؛ مەندە ئازراقمۇ ئەرك بولمىغاچقا، كۆڭلىرىم باشقىلارغا ئېگىلىش-پۈكۈلۈش بىلەنلا ئۆتىدۇ، دادام "كىتاب ساتىمەن، پۇل تاپىمەن" دېيىشتىن ئۆزگىنى ئۇقمايدۇ؛ مۇشۇ تۇرقىدا ئەتە-ئۆگۈن ئاشۇ شورىقۇرىغۇر كىتابلىرىنى دەپ ھەممىنى دوغا تىكىدىغان ئوخشايدۇ! — مەنسۇر ئاخىرقى سۆزلىرىنى ناھايىتىمۇ پەس ئاۋازدا پىچىرلىدى، ئۇ ئۇنداق گەپلىرىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، چۈنكى ئافغانىستاندا "دادا" ئاللاھ بىلەن پەيغەمبەردىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان يۈكسەك نوپۇز ئىگىسى ئىدى، ھەتتا مەنسۇردەك ئۆز بېشىمچىراق باللارنىڭمۇ دادىسىغا ھۆرۈ-پۆرۈ دېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، مەنسۇر ھامىلىرى، سىڭىللىرى، ئانىسى ۋە ئىنىلىرى بىلەن سەن-پەن دېيىشىپ باققان ھەتتا ئۇلارنى مات قىلالىغان بولسىمۇ، لېكىن دادىسىغا گەپياندۇرۇپ باقمىغانىدى،

— مەن دېگەن بىر قۇل، — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — بىر بۇردا نان، كۆتۈم ئېچىلىپ قالمىغۇدەك كىيىم ۋە باش تىققۇدەك ماكانىنى دەپلا ھەتتا مەكتىپىمنىمۇ چۆرۈپ تاشلاپ، جان تىكىپ ئىشلەۋاتىمەن،

مەنسۇر تۇيۇقسىزلا پاكىستاندا ئوقۇغان چاغلىرىنى ۋە شۇ يەردىكى ئاغىنىلىرىنى ئەسلەپ قالدى، بۇ يەردىچۇ؟ ئۇنىڭ رەھماندىن باشقا ئاغىنىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يوق، لېكىن ھېلىقى ئىشتىن كېيىن ئۇ رەھىمانىنىڭ تەلەتىگە قاراشنىمۇ-راۋا كۆرمەيدىغان بولۇپ قالدى.

نورۇز ۋاقتى بولۇپ قالغاچقا، ھەممىلا يەردە داغدۇغىلىق تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىگە تەييارلىق كۆرۈلۈۋاتاتتى. نورۇزنىڭ مەنبەسى ئاتەشپەرەسلىككە چېتىلىدىغان بولغاچقا، يېقىنقى بەش يىلدىن بۇيان تالىبانلار ئۇنى ''كاپىرلارنىڭ بايرىمى'' دەپ قاراپ، نورۇز ئۆتكۈزۈشنى ۋە نورۇزدا مازارىشەرىفكە بېرىپ، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىشنى قاتتىق چەكلىدى. ئەسلىدە ئافغانىستانلىقلار نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان، مارتنىڭ 21-كۈنى يەنى كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭلەشكەن پەيتىدە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسىنىڭ ئالدىغا جەم بولۇپ، خۇدايىتائالادىن قىلغان گۇناھلىرى ئۈچۈن مەغپىرەت تىلەپ، ئاللاھنىڭ ھىممەتلىرىگە ھەمدۇسانا ئېيتىشقا ئادەتلەنگەنىدى.

ھەزرىتى ئەلى — ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ جىيەنى، كۈيئوغلى شۇنداقلا تۆتىنچى ئەۋلاد خەلىپە، ھەم شىئە مۇسۇلمانلىرى بىلەن سۈننىي مۇسۇلمانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىغى چىقماس ئىختىلاپنىڭ مەنبەسى. شىئە مۇسۇلمانلىرى ''نەسەب ۋارىسلىرى تەرتىپى بويىچە بولغاندا، ھەزرىتى ئەلى مۇھەممەد پەيغەمبەردىنلا كېيىن تۇرىدىغان تۇنجى خەلىپە بولۇشقا مۇناسىپ ئىدى'' دەپ قارايدۇ؛ لېكىن سۈننىيلەر بولسا، ئۇنى خەلىپىلەرنىڭ تۆتىنچىسى، دەپلا تونۇيدۇ. گەرچە مەنسۇر مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلەيدىغان ئافغانىستان پۇقرالىرىغا ئوخشاش سۈننىي مەزھىپىگە تەۋە بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەزرىتى ئەلىنى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بۈيۈك قەھرىمانلىرىدىن دەپ بىلەتتى. قىسسىلەردە قەيت قىلىنىشىچە، ھەزرىتى ئەلى قىلىچ ئوينىتىشقا ماھىر شاھى مەردان ئىكەندۇق. ھەزرىتى ئەلى مىلادى 661-يىلى كۇفەدە قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. كۆپ ساندىكى تارىخشۇناسلار: ''ھەزرىتى ئەلى ئىراننىڭ نەجەف دېگەن يېرىگە دەپنە قىلىنغان'' دەپ قارىشىدۇ. ئەمما ئافغانىستانلىقلار بولسا: ''ئەلىنىڭ بەيئەتچىلىرى ئەلگە قارشى قوپقانلار ئۇنىڭ جەسىتىدىن ئەنت ئالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، مەرھۇمنىڭ جەستىنى يەرلىكىدىن كولاپ ئېلىپ، ئۇنى بىر بوز تۆگىگە ئارتقان ھەمدە ھېلىقى بوز تۆگە ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ مەلۇم بىر يەرگە كېلىپ توختىغاندىن كېيىن، جەسەتنى شۇ يەرگە قايتا دەپنە قىلغان؛ شۇ يەر كېيىن داڭلىق مازارغا ئايلىنىپ 'مازارىشەرىف (مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمەنىڭ ئەۋلادلىرى دەپنە قىلىنغان جاي، دېگەن مەنىدە)' دەپ ئاتالغان'' دېگەن پىكىردە چىڭ تۇرىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 500 يىلغىچە، پەقەت كىچىككىنە

بىر پارچە تاش بۇ مۇقەددەس قەبرىنىڭ بەلگىسى قىلىپ كېلىندى، 12-ئەسىرگە كەلگەندە ھەزرىتى ئەلىنى چۈشىدە كۆرگەن شۇ يەرلىك بىر موللا ئاشۇ خاسىيەتلىك چۈشىنىڭ شارابىتى بىلەن ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسىنى ياساتتى، كېيىن چىڭگىزخان كېلىپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ مەقبەرىسىنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى، شۇنداق قىلىپ بۇ مۇقەددەس مەقبەرە نەچچە يۈز يىلغىچە ئىزناسىز تۇرۇپ كەلدى، 15-ئەسىرنىڭ باشلىرى، ئافغانىستانلىقلار ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسىنى ئۆز ئورنىغا قايتىدىن ياساتتى، شۇنىڭدىن تارتىپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ بۇ مەقبەرىسى بىلەن ئۇنىڭ بېقىندىكى مەسچىت كۆرمىگەنلىغان تاۋاپچىلارنى جەلىپ قىلىپ كەلدى،

شۇنداق قىلىپ مەنسۇر ئۇيان ئويلاپ-بۇيان ئويلاپ، ئاخىر مازارىشەرىفكە تاۋاپقا بېرىش نىيىتىگە كەلدى، لېكىن ئۇ مازارىشەرىفكە بېرىپ قالسا بىر نەچچە كۈن كىتابخانىدىن ئايرىلىشقا توغرا كېلەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ھەممىدىن مۇھىمى ئالدى بىلەن دادىسىنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىشى كېرەك ئىدى، ئەكسىچە سۇلتان مەنسۇرنىڭ كىتابخانىنى بىر نەچچە كۈن تاقاپ قويۇشىنى ھەرگىز خالىمايتتى، مەنسۇر مازارىشەرىفكە بىللە بارىدىغان ھەمراھىنىمۇ تېپىپ بولغانىدى، ئۇ ئىران مۇخبىرلىرىنىڭ سىياقىدا ياسىنىۋالىدىغان ئەكبەر ئىسىملىك يىگىت ئىدى، ئەكبەر دائىم مەنسۇرنىڭ كىتابخانىسىغا كېلەتتى، مەنسۇر گەپ ئارىسىدا نورۇزدا مازارىشەرىفكە بېرىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ ماشىنامدا بىر كىشىلىك ئورۇن بار، سېنى ئېلىۋالاي، دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلىغان مەنسۇر خۇشاللىقىدىن سەكرىۋەتكىلى تاسلا قالدى،

— خۇداغا مىڭ قەتلى شۈكۈر، — دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن، — ئەمدى ئۈمىد تۇغۇلدى، ھەزرىتى ئەلى ماڭا مەغپىرەت يولىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن، مېنى يېنىغا چىللاۋاتىدۇ!

سۇلتان مەنسۇرنىڭ بۇ ئىلتىجاسىنى رەت قىلدى، چۈنكى مەنسۇر كېتىپ قالسا بىرنەچچە كۈنگىچە كېلەلمەيتتى، لېكىن ھېسابات خاتىرىلەيدىغان، كىتاب ئىشكابى ياساۋاتقان ياغاچچىغا كۆز-قۇلاق بولىدىغان ئىشلارغا مەنسۇر بولمىسا بولمايتتى، يەنە كېلىپ سۇلتان بۇنداق ئىشلاردا ھېچكىمگە ھەتتا سىڭلىسىنىڭ بولغۇسى ئېرى رەسۇلغىمۇ ئىشەنمەيتتى، بۇ ئىشلارغا ئىچى پۇشۇپ تىتىلداپ كېتىۋاتقان مەنسۇر، دادىسىنىڭ ۋارقىراپ كېتىشىدىن قورقۇپ، تاۋاپقا بارىدىغان ئىشنى يولغا چىقىدىغان كۈنىنىڭ ھارپىسىغىچە ئۇنىڭغا دېيەلمىگەنىدى، بىراق سۇلتان مەنسۇرنىڭ ئوغىسىنى قايىنتىپ، ئۇ گەپنىڭ ئۈچىنى چىقىرا-چىقارمايلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



"بولمايدۇ" دېدى، مەنسۇر ئۇنىڭغا يېلىنىپ يالۋۇرۇپ كەتتى، لېكىن سۇلتان گېپىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى. سۇلتاننىڭ جاھىللىقى مەنسۇرنىڭ ئەرۋاھىنى قىرىق گەز ئۇچۇردى.

— سەن دېگەن مېنىڭ ئوغلۇم، — دېدى سۇلتان ئۇنىڭغا، — مېنىڭ بۇيرۇقۇمنى ئالدى بىلەن بەجا كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. كىتابخانىدا سەن بولمىساڭ بولمايدۇ!

— سىلى كىتاب بىلەن پۇلدىن باشقىسىنى تونۇمايدىلا، — دېدى مەنسۇر سۇلتانغا ۋارقىراپ تۇرۇپ، — ئەتىگەندىن كەچكىچە ساتىدىغىنىم ئافغانىستان ھەققىدىكى كىتابلار، لېكىن ئافغانىستان ھەققىدە ھېچنېمە بىلمەيمەن. ھەتتا كابۇلنىڭ سىرتىغا چىقىپ باقمىدىم!

ئەكبەر ئەتىسى يولغا چىقىپ كەتتى.

— ئېسىت، — دەيتتى مەنسۇر دادىسىدىن رەنجىپ، — ئۇ زادى نېمىشقا جاھىللىق قىلىدىغاندۇ؟

مەنسۇر سۇلتاننى ماشىنا بىلەن كىتابخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇ دادىسىغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئۇنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا "ھەئە"، "ياق" دەپلا جاۋاب بېرەتتى. مەنسۇر دادىسىغا قارىسىلا، يۈرىكى غەزەپتىن ئۆرتۈنەتتى. ئۇ پەقەت ئون يىللا ئوقۇيالىدى. چۈنكى سۇلتان بىر ئوبدان ئوقۇۋاتقان بالىنى "ئىش-ئوقەت ئۆگەنسۇن" دەپ مەكتەپتىن چېكىندۈرۈۋالدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان مەنسۇرنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىنى بىتچىت قىلىۋەتتى. سۇلتاننىڭ مەنسۇرغا بېرەلىگەن بىردىنبىر نەرسىسى مەنسۇر ھەيدەپ يۈرگەن ھېلىقى ماشىنا ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان بۇ ماشىنىنى ئىش-ئوقەت ئۈچۈن يىراق-يېقىنغا بېرىشتا ئىشلىتەرمەن دېگەن نىيەت بىلەن مەنسۇرغا ئېلىپ بەرگەنىدى. يەنە كېلىپ ئۇ مەنسۇرغا بىر كىتابخانىنى مۇستەقىل باشقۇرۇش يۈكىنى ئارتىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەنسۇر، توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن كىتاب ئىشكاپلىرىغا باغلىنىپلا قالدى.

— ھازىرغىچە سىلىنىڭ سىزغان سىزىقلىرىدىن چىقماي كەلدىم، — دېدى مەنسۇر تۇيۇقسىزلا سۇلتانغا. — لېكىن ھەرگىزمۇ ئوغلۇم مەن تاپشۇرغان ئىشلارنى رازىمەنلىك بىلەن قىلىۋاتىدۇ، دەپ قالمىسىلا؛ چۈنكى سىلى مېنىڭ خاھىشىمغا ئەزەلدىن پەرۋا قىلىپ باقمىدىلا. مېنى ئۆزلىرىگە مەجبۇرىي ئىتائەت قىلدۇرۇپ كەلدىلە! ...

— مازارىشەرىفكە كېلەر يىلى بارساڭمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى

سۇلتان.

— ياق، ئەمدى بارمايمەن، ئەمدى سىلىگە ھەرگىزمۇ يېلىنمايمەن!

ھەزرىتى ئەلىنىڭ روھى چىللىغان ئادەملا مازارىشەرىفكە بارالارمىش، ئۇنداقتا بۇ شاھى مەردانىنىڭ روھى مەنسۇرنى زادى نېمىشقا چىللىمايدىغاندۇ؟ ئەجەبا ئاللاھ ئىگەم ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلمىغانمىدۇ؟ ياكى سۇلتان ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەنسۇرنى چىللاشلىرىنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟

مەنسۇر دادىسى بىلەن ئىنىسىنى ئاپىرىۋېتىپ قايتىپ كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىتابخانىسىنى ئاچتى ۋە بىر قەۋەت توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن پۇكەينىڭ ئىچىگە كىرىپ لاسسىدە ئولتۇردى. ئۇ يىغانى ئۆرلەپ قالغان چاغلاردا دائىم ئىككى قولىدا پۇكەيگە جەينەكلىگىنىچە ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. مەنسۇرنىڭ نەزىرىدە تۇرمۇش ئۇنى كىتابخانىدا توزىغان چاڭ-توزانلار ئاستىغا كۆمۈۋېتىپ باراتتى.

كىتابخانىغا بىر تۈركۈم يېڭى كىتابلار كەلگەنىدى. مەنسۇر كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسىغا مۇنداقلا كۆز يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭدا زادى نېمە يېزىلغانلىقىنى قىياس قىلىپ باقتى. يېڭىدىن كەلگەن كىتابلار ئارىسىدا جالالىددىن رومىنىڭ شېئىرلار توپلىمىمۇ بار ئىدى. جالالىددىن رومى مەنسۇرنىڭ دادىسى ئەڭ ئۇلۇغلايدىغان شائىرلاردىن. ئافغانىستاندىكى ئەڭ داڭلىق سوپى ۋە ئىسلام مىستىك*لىرىدىن بولمىش بۇ شائىر 1200-يىلى مازارىشەرىفكە يېقىن بەلخ دېگەن يەردە تۇغۇلغان. "بۇ كىتابنىڭ ئۆزى بىر بېشارەت" دەپ ئويلىغان مەنسۇر، ئۇنىڭدىن ئۆزىدىكى مازارىشەرىفكە بېرىپ، گۇناھىغا مەغپىرەت تىلەش ئىستىكىنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئالامەتلەرنى ئىزدەپ تېپىپ، دادىسىنىمۇ ئاشۇنداق تۇيغۇغا باشلاش نىيىتىگە كەلدى. جالالىددىن رومىنىڭ شېئىرلىرىدا ئادەتتە بەندە قادىر ئاللاھقا تېخىمۇ يېقىنلىشىمەن، دەيدىكەن ئۇ ئۆزىنى ۋە ئۆزلۈكىنى تامامەن ئۇنتۇش يولى بىلەن پاكلانمىقى زۆرۈردۇر، دەيدىغان ئىدىيە ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. "ئۆزلۈك — ئىنسان بىلەن ئاللاھنى ئايرىپ تۇرىدىغان بىر قەۋەت پەردىدۇر" دەپ يازىدۇ جالالىددىن رومى.

شۇنداق قىلىپ، مەنسۇر شائىرنىڭ قانداق قىلىپ ئاللاھقا يۈزلىنەلىگەنلىكىنى بىلىۋېلىش ۋە قانداق قىلغاندا بەندىنىڭ ھاياتىنى شۇ

* مىستىك — دىنىي ئەقىدىنى سىرلىقلاشتۇرۇۋەتكۈچى دېگەن مەنىدە. — تەرجىماندىن.

بەندىنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، بەلكى ئاللاھنى دەۋر قىلىپ چۆرگىلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىش ئۈستىدە كىتابقا چۆكۈپلا كەتتى. مەنسۇر كىتابنى ئوقۇغانسېرى ۋۇجۇدىكى ئىپلاسلىقلارنى بارغانسېرى روشەن ھېس قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە ئۈنىڭدىكى مازارىشەرىفكە بېرىپ تاۋاپ قىلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇ كىتابتىكى مۇنۇ مىسرالارنى تەكرار-تەكرار ئوقۇيتتى:

*ئېقىن ئېيتتى: ناپاك بەندە ئۆزۈڭنى مەن تامان ئاتقىن،*
*ناپاك بەندە دىدى: يوقسۇ، نومۇستىن ئۆلتۈرەي دەمسەن؟*
*ئېقىن ئېيتتى: سېنى پاكلاش ئەزەلدىنلا ماڭا خاستۇر،*
*زۇلال قوينۇمغا كىرمەستىن، نىجاسەتتەك يۈرەي دەمسەن؟*

مەنسۇر ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى: "ئېقىن سۇ، ئاللاھ ئىگەم ۋە جالالىددىن رومى مېنى تاشلىۋەتكەندەك قىلىدۇ. مانا ھازىر ھېلىقى 'ئىرانلىق مۇخبىر' ھىندۇقۇش تېغىنىڭ ئاقۋاش چوققىلىرىدىن ھالقىۋاتىدىغاندۇ؟"

مەنسۇر ئەتىگەندىن كەچكىچە ناھايىتى خاپىغان يۈردى. كۆز باغلىنىپ، كىتابخانىنى تاقايدىغان ۋاقتىمۇ بولدى. شۇنداق، مەنسۇر دەرھال كىتابخانىنىڭ ئىشىكىنى قۇلۇپلاپ، دادىسى بىلەن ئىككى ئىنىسىنى ئالغىلى باردۇ ۋە كەچلىك غىزاسىغا ئاق ئاشتىن بىر قاچا يەۋالغاندىن كېيىن، ئۆيىدىكى بىر توپ ھاماقەت بىلەن بىللە يېگى بىر كېچە قوينىغا بۇرۇنقىدەك شۇڭغۇيدۇ.

ئۇ قولىدىكى يوغان قۇلۇپنى ئىشىككە بېكىتىلگەن يۆگىمە سالاسۇنغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى "ئىرانلىق مۇخبىر" ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدى. بۇنى كۆرگەن مەنسۇر كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى.

— ۋۇي، نېمە بولدى؟ — دەپ ئەندىكىپ سورىدى مەنسۇر، — يولغا چىقالمىدىڭما؟

— چىققان، لېكىن سالان تونىلى ئېتىلىپ قاپتۇ، ئەتە ماڭىدىغان بولدۇق -دە ئەمدى، — دېدى ئەكبەر، — بايا يول بويىدا داداڭنى كۆردۈم، ئۇ سېنى ئېلىۋېلىشمنى تاپىلىدى جۇمۇ. ئەتە ئەتىگەن سائەت بەشتە كومېندانت ۋاقتى* بىكار قىلىنغان ھامان، بىزنىڭ ئۆيدىن يولغا چىقىپ كېتەيلى.

— راستما؟ — مەنسۇرنىڭ ھاياجاندىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

١ * كومېندانت ۋاقتى — كېچىدە يول يۈرۈشنى مەنئىي قىلىش ۋاقتى. — تەرجىماندىن.

— ئاھ خۇدا، ھەزرىتى ئەلى مېنى چىللاپتۇ ...، شاھى مەردان مېنى تاۋاپ قىلىپ پاكلىنىشقا چىللاپتۇ!

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى بەلگىلەنگەن ۋاقىتقا ئۆلگۈرۈپ تۇرالماي قېلىشتىن، بولۇپمۇ دادىسىنىڭ دېگەن گېپىدىن تۇيۇقسىزلا يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرىگەن مەنسۇر شۇ كۈنى كەچتە ئەكبەرنىڭ ئۆيىدە قونىدى. ئەتىسى تاڭ ئەمدىلا يورۇشى بىلەن ئۇلار يولغا چىقىپ كەتتى. مەنسۇر يولغا ئېلىۋالغان كولا، پاسىلداق قۇتىلىق ئىچىملىك، پېچىنە، بانان ۋە پۈرىنى بىر سومكىغا سېلىپ كۆتۈرۈۋالدى. ئۇ يەنە ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر يۈرۈش كاستۇم-بۇرۇلكىسى بىلەن ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80-يىللىرىغا تەۋە مودا ناخشىلار كۆچۈرۈلگەن ئۈنئالغۇدىن بىر نەچچە قاپ ئېلىۋالغانىدى. ماشىنىدا ئەكبەرنىڭ سەئىد ئىسىملىك يەنە بىر ئاغىنىسىمۇ بار ئىدى. خۇشاللىقتا ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەن بۇ ئۈچەيلەن يولغا چىقىپلا، ماشىنىنىڭ ئۈنئالغۇسىدا ھىندىستان كىنو مۇزىكىلىرىنى قويۇپ، بولۇشىغا ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقىلى تۇردى. "سۆيگۈ دېگەن شۇمىدۇ؟ ئېيتقىن جانان، قىينىما! باغرىم كاۋاپ، تەنلىرىم ياپراق، مېنى قىينىما!" ئۈچ يىگىتنىڭ ناخشىسى تاڭ سەھەرنىڭ سالقىن ئاسمىنىدىن ئەكس سادا قايتۇراتتى. مەنسۇر يولغا چىقىپ يېرىم سائەت بولا-بولمايلا پېچىنىدىن بىر قاپ يەپ، ئىككى قۇتا كولانى ئىچىۋەتتى. مەنسۇرنىڭ يۈرەكلىرى گويا قەپەزدىن قۇتۇلغان قۇشنىڭكىدەك يايراپ، ئىشتىھاسى بۆلەكچىلا ئېچىلىپلا كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈنىنى قويۇپ بېرىپ، بولۇشىغا ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. ئۇ ئاخىر ئۆزىنى تۇتالماي ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ توۋلىدى: "ھە ... ي! ھەزرىتى ئەلى، شاھى مەردا ...ن! مەن كەلدىم! ..."

ئۇلار مەنسۇر ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان يوللارنى بېسىپ، كابۇلنىڭ شىمالىدىكى شامالى تۈزلەڭلىكىگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەر ئافغانىستاندىكى قانلىق ئۇرۇشلار ناھايىتى كۆپ بولغان رايونلاردىن ئىدى. تېخى بىر نەچچە ئاي ئىلگىرىلا ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ B-52 بەلگىلىك ئايروپىلانى بۇ يەرنى بولۇشىغا بومبىلىغانىدى. "پاھ، نېمىدېگەن چىرايلىق جاي-ھە!" مەنسۇر ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى. دېمىسىمۇ شامالى تۈزلەڭلىكى يىراقتىن قارىسا ناھايىتى چىرايلىق كۆرۈنەتتى. تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مۇزلۇق چوققىلىرى پەلەككە تاقاشقان ھىندۇقۇش تېغى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. "ھىندۇقۇش" كەلىمىسى "ھىندىستانلىقلارنىڭ قاتىلى" دېگەن مەنىدە بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرى كابۇلغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلگەن نەچچە مىڭ ھىندى لەشكىرى، دەل ئاشۇ ھىندۇقۇش تېغىدا توڭلاپ ئۆلگەنىكەن.

شامالى تۈزلەڭلىكنىڭ ھەممىلا يېرىدە ئۇرۇشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرگىلى بولاتتى. ھەيۋەتلىك ھىندۇقۇش تېغى، ھىندى لەشكەرلىرىنى توڭلىتىپ ئۆلتۈرەلىگىنى بىلەن ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ B-52 بەلگىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلانىغا تەڭ كېلەلمىدى. تالىبانلارنىڭ بومبىلانغان بارگاھلىرى ۋەتۋەرىكى چىقىپ كەتكەن ئەسكى تام پېتىچە تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ ئاكوپلىرى پۈتۈنلەي پارتلىتىۋېتىلگەن بولۇپ، كىچىك پارتلاشتا چاچرىغان ئەسكى-تۈسكىلەر ھەممىلا يەرنى قاپلىغانىدى. پارتلاشتا ئېگىلىپ ئادەمنىڭ ئىسكىلىتىغىلا ئوخشاپ قالغان بىر تۆمۈر كارىۋات يول بويىدا يېنىچە ياتاتتى. كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئوق تېگىپ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن بىر ماتراس تۇراتتى. قارىغاندا ئاشۇ كارىۋاتتا خورەكنى دۈڭ سوقۇپ ئۇخلاۋاتقان بىر تالىبان ئەسكىرى، شېرىن چۈشىدىن ئويغىنىپ بولغىچىلا جەھەننەمگە يول ئالغان بولسا كېرەك.

شۇ ئەتراپتىكى پۇقرالار تالىبانلار قوغلىۋېتىلگەنلىكىگە خادا قىلىپ بىر نەچچە سائەت-ئۆتە-ئۆتمەيلا يېتىپ كېلىشىپ، ئەسكەرلەردىن قېپقالغان داس، گازۋاي، گىلەم ۋە ماتراس دېگەندەك نەرسىلەرنى بىرىنى قويماي ئېلىپ كەتكەن بولغاچقا، بارگاھنىڭ ئەتراپىدا ھېچنېمە قالمىغانىدى. يوقسۇزلۇق، ئادەمنى تاش يۈرەك قىلىۋەتسە كېرەك، ئوق ئاۋازى بېسىققان ھامان شۇ ئەتراپتىكى يوقسۇللار دۈررىدە يۈگۈرۈشۈپ كېلەتتى-دە، يول بويىدىكى ياكى قۇملۇقتىكى جەسەتلەرنى كۆرۈپ قايغۇرۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇدۇل بېرىپ جەسەتلەرنىڭ يېنىنى ئاختۇراتتى. ھەتتا جەسەتلەرنىڭ كۆزىنى ئويۇۋېلىپ، تېرىسىنى شۇلۇۋېلىپ ۋە ياكى پۇلغا يارايدىغان ئەزالىرىنى كېسىۋېلىپ ئاپىرىپ ساتىدىغانلارمۇ ئۇرغۇن ئىدى. ئېھتىمال بۇ، تالىبانلارنىڭ شۇنچە يىللاردىن بۇيان شامالى تۈزلەڭلىككە كەلتۈرگەن بالايى-ئاپەتلىرى ئۈچۈن تارتىۋاتقان دوزاخ ئازابى بولسا كېرەك. چۈنكى بەش يىلدىن بېرى، شامالى تۈزلەڭلىكى تالىبانلار بىلەن مەسئۇد باشچىلىقىدىكى شىمالىيلار قوشۇنى كۈچ سىنىشىدىغان قىزىل قىيامەتكە ئايلاندى. بۇ جەرياندا تۈزلەڭلىكنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقى ئالتە قېتىم يەڭگۈشلەندى. تۈزلەڭلىكنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىدە ئۇزۇلمەي داۋاملاشقان قىر-چاپلارنىڭ دەستىدىن، شامالى تۈزلەڭلىكىدىكى پۇقرالارنىڭ بەزىلىرى پەنجشىر جىلغىسىغا، بەزىلىرى كابۇلغا قېچىپ كەتتى. ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاجىكلار بولغاچقا، دەرھال قېچىپ كېتىپ جېنىنى جان ئەتمىسە، تالىبانلارنىڭ

"ئەرقىي تازىلاش"نىغا ئۇچراپ كېتەتتى. بۇنىڭدىن تالىبانلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى چەككە يەتكەن تاجىكلار تالىبانلارنىڭ قۇدۇقلىرىغا زەھەر تاشلاپ، سۇ تۇرۇبىلىرى ۋە توسمىلىرىنى پارتلىتىۋەتتى. ئۇ ئەسلىھەلەر ئۇرۇشتىن ئىلگىرى "كابۇلنىڭ ئوزۇق-تۈلۈك ئامبىرى" دەپ تەرىپلىنىدىغان شامالى تۈزلەڭلىكنىڭ جان تومۇرلىرى ئىدى.

مەنسۇر ماشىنىدا ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتۈۋاتقان غېرىبانە مەھەللەرگە شۇبھىلىك كۆزلىرىنى تىككىنىچە ئۈندىمەي ئولتۇراتتى. پۈتۈنلەي دېگۈدەك خارابىلىققا ئايلىنىپ بولغان بۇ مەھەللەر، چۆلدىكى قاقشال بولۇپ كەتكەن ئادەم سۆڭەكلىرىنى ئەسلىتەتتى. تالىبانلار ئافغانىستاننىڭ مۇشۇ ئەتراپىكى بىر قىسىم رايونلىرى ۋە پەنجشىر جىلغىسى، ھىندۇقۇش تېغى ئەتراپى شۇنداقلا تاجىكىستانغا چېگرىلىنىدىغان جايلىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋېلىش مۇددىئاسىدا، شۇ ئەتراپىكى نۇرغۇن مەھەللە-كويلارنى تۈپتۈز قىلىۋەتتى. ناۋادا "11-سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن پۈتۈن دۇنيانىڭ كۆزى ئافغانىستانغا تىكىلمىگەن بولسا، تالىبانلار بۇ غەربنى ئاللىقاچان ئىشقا ئاشۇرۇپ بولغان بولار ئىدى.

پارتلىتىۋېتىلگەن تانكا ۋە ھەربىي ماشىنىنىڭ سۇنۇقلىرى بىلەن خىلمۇخىل مىتال پارچىلىرى ھەممىلا يەردە چېچىلىپ ياتاتتى. "بۇ تاشلاندۇقلارنى نېمىگە ئىشلەتكىلى بولار؟" دەپ پەرەز قىلىپ باقاتتى مەنسۇر ئۆزىچە. يول ياقىسىدىكى ئېتىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا يوغان تانكىدىن بىرى تۇراتتى. بىر دېھقان ئاشۇ تاشلاندۇق تانكىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە قوش ھەيدەۋاتاتتى.

ماشىنا ئوڭغۇل-دوڭغۇل يولدا جالاقشىپ كېتىپ باراتتى. مەنسۇر يول ياقىسىدىكى غېرىبانە مەھەللەر ئارىسىدىن ئانىسى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللىنى ئىزدەۋاتاتتى. مەنسۇر ئۇ مەھەللىگە بەش-ئالتە ياش چېغىدا كېلىپ باققانىدى، ئۇ قولىدا ئۇدۇلدىكى بىر خارابىلىقنى كۆرسىتىپ ۋارقىراپ كەتتى:

"ئەنە، ئەنە! ئاۋۇ مەھەللە شۇ!" لېكىن مەھەللەرنىڭ ھەممىسى ئەسكى تاملىق بولغاچقا، مەنسۇرنىڭ ئاشۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسىنى كۆرسەتكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمىدى. ئۇ كىچىك ۋاقىتلىرىدا ئانىسىغا ئەگىشىپ كېلىپ يوقلىغان تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيى ئېھتىمال ئاۋۇ توپا دۆۋىلىرىنىڭ بىرەرسىدۇ! مەنسۇرنىڭ ئاشۇ چاغدا مەھەللىنىڭ توپىلاڭ يوللىرى ۋە ئېتىزلىرىنى ئارىلاپ قېيغىتىپ ئوينىغانلىقى ھېلىھەم يادىدا ئىدى. لېكىن ئۇ ئېتىزلار مانا ھازىر كۆمۈلگەن مىنانىڭ جىقلىقىدىن دۇنيا بويىچە ئەڭ خەتەرلىك دوزاخقا ئايلىنىپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى ماشىنا يولىدا مېڭىۋاتاتتى. ئوتتۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇدىۋالغان ئەرلەر بىلەن يۇركەنجىلىك ئاياللار، مىناغا دەسسەپ سىلىشتىن ئەنسىرەپ، يولنىڭ ياقىسى بىلەن ناھايىتى ئاۋايلاپ كېتىۋاتاتتى. تاۋاپىقا ماڭغانلار چۈشكەن ماشىنا مىنا تازىلىغۇچىلار ئەترىتىنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار ئالىقانچىلىك يەرنىمۇ قويماي بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ، بايقالغان مىنانى گاھىدا كۆمۈلگەن يېرىدىلا پارتلىتىۋېتەتتى گاھى ئۇنىڭ كاپسۇلىنى ئېلىۋېتەتتى. مىنا تازىلاش ئىشى بەكمۇ قول تۇتىدىغان بولغاچقا، ئۇلار كۈنىگە ئاران دېگەندە بىر نەچچە يۈز مېتىر دائىرىنى تەكشۈرۈپ چىقالايتتى. بۇ يەرنىڭ ھەممىلا يېرىنى ۋەھىمە بېسىپ تۇرغىنى بىلەن، ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن ئاچ قىزىل لالە گۈل زېمىنغا ئاجايىپ ھۆسن قوشقانىدى. لېكىن ئۇ گۈللەرنى پەقەت يىراقتىنلا كۆرۈش مۇمكىن، چۈنكى ھەممىلا يەرگە مىنا كۆمۈلگەن بولغاچقا، ئاشۇ گۈللەردىن بىرەر تال ئۈزەي دەپ بارغان ئادەمنىڭ مىناغا دەسسەپ سىلىپ، پۇتى ياكى قولىدىن ئايرىلىپ قېلىشى قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىسىدىكىلا ئىش ئىدى.

ئەكبەر ئافغانىستاندىكى مەلۇم بىر ساياھەتچىلىك تارمىقى 1967-يىلى نەشر قىلدۇرغان بىر كىتابنى زوق-شوق بىلەن ئوقۇۋاتاتتى.

— يول بويى ھال رەڭلىك لالە گۈللەرنى دەستە-دەستىسى بىلەن سېتىۋاتقان باللارنى كۆرىسىز، — ئەكبەر قولىدىكى كىتابنى ئۈنلۈك ئوقۇدى، — باھار كېلىشى بىلەن گىلاس، ئۆرۈك، لىمون ۋە نەشپۈتلەر ھۆپپىدە چېچەكلەپ، ساياھەتچىلەرنى بەكمۇ جەلپ قىلىدۇ؛ ساياھەتچىلەر كابۇلغا يېتىپ بارغىچە ئۆزىنى ھەيران قالارلىق گۈلگۈن دۇنياسىدا سېزىدۇ، — ئەكبەر ئوقۇپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە باشقىلار پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار ھازىرغىچە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاندا-ساندا ئۇچراپ قالىدىغان بىر-ئىككى تۈپ غېرىبانە گىلاستىن باشقا ھېچقانداق مېۋىلىك دەرەخنى ئۇچرىتىپ باقمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ گىلاس دەرەخلىرى ئوق، بومبا، ئۈچ يىلغا سوزۇلغان قۇرغاقچىلىق ۋە قۇدۇققا تاشلانغان ئوغا-زەھەرلەردىن مىڭ باللالىقتا ئامان-ئېسەن قالغان شاھىتلار بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ گىلاس دەرىخىنىڭ يېنىغا خاتىرجەم بارغىلى بولىدىغان مىنادىن خالىي يولنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەكبەر كىتابنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇدى:

— بۇ يەردە ئافغانىستاننىڭ ئۆزگىچە ساپال بۇيۇملىرى بار؛ ناۋادا توختاپ يول ياقىسىدىكى دۇكانلارغا كىرىپ قاراپ باقسىڭىز، كۇلالچىلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدە ئۈزۈلمەي قالغان ئەنئەنىۋى ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ساپال قاچا-قۇچىلارنى ئىشتىياق بىلەن ياساۋاتقانلىقىنى كۆرىسىز.

— ھازىر ئۇنداق ئەنئەنىۋى ھۈنەر-سەنئەتنىڭ ئىزناسىمۇ قالمىدى، — دېدى ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان سەئىد گەپ قىستۇرۇپ. دېمىسىمۇ ئۇلارغا يول بويى بىرەرمۇ كۇلالخانا ئۇچرىمىدى. مەنسۇر ئۇچىنچى قۇتا كولانىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنى غۇرتۇلدىتىپ بىرلا تىنىقتا ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، قۇتىسىنى ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن تالاغا قارىتىپ ئاتتى. لېكىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تېز بولغاچقا، گۆپپىدە ئۇرغان شامال كولانىڭ قۇتىدا قالغان ساقىندىلىرىنى ئۇچۇرۇپ ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ يۈزىگە ئۇردى. ئاڭغىچە ماشىنا ئەگرى-بۈگرى يولنى بويلاپ دۇنيادىكى ئەڭ ئېگىز تاغ — ھىندۇقۇش تېغىغا قاراپ ياماشتى؛ يولمۇ بارغانسېرى تارىيىشقا باشلىدى. يولنىڭ بىر تەرىپى تىك قىيا، يەنە بىر تەرىپى شىددەتلىك ئېقىن ئىدى؛ دەريانىڭ ئۇيەر-بۇيەرلىرىدە چىرايلىق شارقىراتمىلار بار ئىدى.

— ھۆكۈمەت بۇ دەرياغا نۇرغۇن بېلىچانالارنى سېلىپ بېقىپتىكەندۇق، بىر نەچچە يىلغا قالمايلا بۇ يەردە سالمون بېلىقى توپ-توپى بىلەن ئۈزۈپ يۈرىدىغان بوپتۇ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ئەكبەر. ئەكبەرنىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى، لېكىن ھازىر بۇ دەريادا سالمون بېلىقنىڭ تۇخۇمى ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنىدى، چۈنكى خېلى يىللاردىن بۇيانقى مالىمانچىلىق ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بېلىقچىلىققا كۆڭۈل بۆلگىدەك ھەپىلىسىنىمۇ قويمىغانىدى.

تاغ جىلغىسى، دەريا قىنى، تاغ قاپتىلى ۋە يول ياقىسى ... ئىش قىلىپ كۆرۈنگەنلا يەردە ئوڭتەي-توڭتەي تۇرغان ئەسكى تانكىلارنىڭ كۆپلىكىگە ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ تانكىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆرۈلۈپ كەتكەن، بەزىلىرى پارتىلىتىۋېتىلگەن بولۇپ، كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى كەسكىن ئۇرۇشنىڭ شاھىدى ئىدى. ئەكبەر ئۇچرىغان ئەسكى تانكىلارنى ساناپ باقتى.

— بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت ...، توقسان توققۇز، يۈز ...، ۋايىۋۇي نېمانچە جىق تانكىلار بۇ؟

ئۇ چاغدا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى رېسپۇبلىكىلىرى ئارقىلىق ئافغانىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئافغانىستاننى چاڭگىلىغا ئېلىپ بولغانلىقىدىن ئېسەنگىرىگەن سوۋېت ئىتتىپاقى قوشۇنى، ئافغانىستان مۇجاھىدلىرى تەشكىللىگەن پارتىزانلارنىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ سالدى. پارتىزانلار بەئەينى ئۆچكىگە ئوخشاش، ھېلى تاغنىڭ ماۋۇ قاپتىلىدا بولغان بولسا، ھېلىلا يەنە بىر چوققىغا چىقىپ بولاتتى؛ سوۋېت تانكىلىرىغا يىراقتىكى يوشۇرۇن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاراۋۇلخانىلىرىدىن قاقشاتقۇچ زەربە بېرەتتى. پارتىزانلارنىڭ قولىدىكىلىرى پۇتۇنلەي دېگۈدەك ئۆزلىرى ياسىۋالغان قورallar بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئاشۇ قارا مىلتىقلىرى بىلەنمۇ سوۋېت تانكىلىرىنىڭ ئەجەللىك يەرلىرىگە زەربە بېرەلەيتتى؛ ئەمما ئۆزلىرى پىنھاندا بولغاچقا ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىمايتتى. تاغنىڭ ھەممىلا يېرىدە پارتىزانلار بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قويچى سىياقىدا ياسىنىۋېلىپ، كالاشىنكوۋ پىلىموتىنى تىۋىتلىك ئۆچكىنىڭ تۆشىگە باغلاپ قوياتتى؛ پۇرسەت كەلگەن ھامان چاقماق تېزلىكىدە قوراللىنىپ، دۈشمەنگە تۇيۇقسىز زەربە بېرەتتى.

— تىۋىتلىك ئۆچكىنىڭ موييى بەك ئۇسكىلەڭ بولىدىكەن، — دېدى ئەكبەر چۈشەندۈرۈپ، — شۇڭا ئۇنىڭ تۆشىگە ھەتتا گراناتامىيوتنى يوشۇرۇپ قويسىمۇ چاندۇرمايدىكەن. ئەكبەر سوۋېت ئىستىپاقىغا قارشى ئۇرۇش ھەققىدىكى ماتېرىياللارنى جىق كۆرگەندى.

ئەكبەر قولىدىكى ھېلىقى كىتابنى داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇدى:

"بۇرۇن بۇ تاغ يولىدا ھەتتا ئىسكەندەر زۇلقەرنەينىمۇ يۈرۈش قىلىپ باققاندى. ئۇ كابۇلنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ئوكسۇس دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيانى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن، بۈيۈك قوشۇننى باشلاپ ھىندۇقۇش تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتتى. ئاشۇ زامانلاردا بۇ باھادىر ئىمپېراتور ھىندۇقۇش تېغىنى 'بەند قىلىدىغان سىرلىق خىيال قەسرىگە، سەندە تاپتىم مەڭگۇ ئۆلمەس تۆيغۇمنى' دەپ مەدھىيىلىگەنىكەن."

— ئافغانىستان ھۆكۈمىتى 1967-يىلى بۇ يەرگە بىر چاڭغا تېيىلىش مەيدانى قۇرۇشنى پىلانلىغانىكەن، — دېدى ئەكبەر ئۇدۇلىدىكى تاغ قاپتىلىنى كۆرسىتىپ، — شۇ چاغدا بۇ يەرنىڭ يولىغا ھەتتا ماي ياتقۇزۇپمۇ بولغانىكەن. ماۋۇ كىتابتا ئاشۇنداق دەپتۇ.

دۇرۇس، ئاشۇ زامانلاردا ساياھەتچىلىك تارمىقى نەشر قىلدۇرغان كىتابتا ئېيتىلغاندەك بۇ يەرگە تۇتۇشىدىغان يولغا ئاسفالتمۇ ياتقۇزۇلغاندى. لېكىن ھازىر ئۇ يوللارنىڭ ئالاقاچان پەركايى ئۆچۈپ بولدى؛ تاغ قاپتىلىغا چاڭغا تېيىلىش مەيدانى قۇرۇش پىلانى ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ پېتىچىلا قالدى.

— ناۋادا ئاشۇ چاڭغا تېيىلىش مەيدانى راستىنلا قۇرۇلغان بولسا، بۇ يەردە تۇيۇقسىز پارتلىتىش ۋەقەلىرى ھازىرقىدىنمۇ جىق يۈز بېرەر بولغىيدى، — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۇ چاغدا بۇ يەرگە كېلىپ چاڭغا

تېپىلىش قانداقتۇر كۆڭۈللۈك ساياھەت ئەمەس، بەلكى جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ يول يۈرىدىغان خەتەرلىك ئېكسپېدىتسىيىگە ئايلىنىپ قالاتتى؛ بۇنىڭ بىلەن ئافغانىستانمۇ ھاياتتىن بەزگەنلەر كېلىپ جېنىنى دوغا تىكىپ باقىدىغان تەۋەككۇل دۇنياسىغا ئايلىنىپ قالار بولغىيدى.

ئۇلار كۈلۈپ كېتىشتى. تۇرمۇش تراگېدىيىسى گاھىدا كارتون فىلىملىرى ياكى قورقۇنچلۇق كىنو فىلىملىرىدىلا ئۇچراتقىلى بولىدىغان ئېچىنىشلىق ھېكايىلەرنى يارىتىدۇ، ئەمەسمۇ؟ ماشىنىدىكى ئۇچەيلەن ئۆزلىرىچە تەسەۋۋۇر قىلىپ باقتى: "ئەنە، تۇيۇقسىز پارتلىغان مىنا، چاڭغا تېپىلىپ كېتىۋاتقان رەڭگارەڭ كىيىملىك ساياھەتچىلەرنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە پارە-پارە قىلىۋەتتى؛ ئۇلار تاغ قاپتىلىدىن قىپقىزىل قانغا بويالغان پېتى يۇمىلاپ چۈشۈشكە باشلىدى...."

ساياھەتچىلىكنى ئافغانىستاننىڭ ئاساسلىق كىرىم مەنبەلىرىدىن سانايدىغان زامان ئاللىقاچان ئۆتمۈشكە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئۈچ يىگىت ئىلگىرى "تاۋاپچى ھىپپىسلار* يولى" دەپ ئاتالغان يولدا كېتىپ باراتتى. ئىلگىرى بىر قىسىم ياشلار مۇشۇ يول بىلەن كېلىپ، بۇ يەردىكى گۈزەللىكتە تەڭداشسىز مەنزىرىلەرنى تاماشا قىلىپ، توسقۇنسىز ئەركىن ھاياتنىڭ مېغىزىنى چاقاتتى؛ نەشە ھەتتا ئەپيۇنمۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئەرزان باھادا سېتىۋالاتتى. 20-ئەسىرنىڭ 60-، 70-يىللىرى يىلىغا نەچچە مىڭ ھىپپىس، ئىجارىگە ئالغان "Ladas" ماركىلىق كونا ماشىنىلار بىلەن، بۇ تاغلىققا تاۋاپقا كېلەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە رادىكاللارمۇ، مۆتىدىللەرمۇ ھەتتا ئايال زاتىمۇ بولىدىغان. ئۇ چاغلاردا بۇ يولدا بۇلاڭچىلار ۋە يول توسۇپ قاراقچىلىق قىلىدىغان باندىتلار تۇرۇپ-تۇرۇپلا پەيدا بولۇپ قالاتتى. لېكىن بۇنداق خەۋپ-خەتەر "تاۋاپچى ھىپپىسلار يولى"نى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. شۇڭا زاھىر شاھ نىشانلانغان 1973-يىلدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشمۇ تاۋاپچى ھىپپىسلارنى توسۇيالمىغانىدى. پەقەت 1978-يىلى كوممۇنىستلار سىياسىي ئۆزگىرىش ياسىغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ ئىككىنچى يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن كېيىنلا، بۇ "تاۋاپچى ھىپپىسلار يولى" پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاندى.

---

* ھىپپىسلار ـــ ئىنگلىزچە Hippy دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، 60-يىللاردا پەيدا بولغان بىر تۈرلۈك ئېقىمنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار جەمئىيەتكە بولغان نارازىلىقىنى چېچىنى چۈشۈرىۋېتىپ، ھەررەڭ-سەررەڭ كىيىنىۋېلىش بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ـــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بۇ ئۈچ يىگىت يولغا چىقىپ بىر نەچچە سائەتتىن كېيىن، مازارىشەرىفكە ماڭغان تاۋاپچىلار قوشۇنىغا يېتىشىۋالدى. لېكىن تاۋاپچىلار قوشۇنى يولغا قىستىلىپ قالغاچقا، ئىلگىرىلىيەلمەي تۇرۇپ قېلىشقانىدى. ئاڭغىچە قار يېغىپ، ئەتراپنى تۇمان باسقىلى تۇردى. ماشىنىلارنىڭ چاقى قاردا تېيىلىپ، ئورنىدا پىرقىرايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسۇرلار ئولتۇرغان بۇ ماشىنىنىڭ چاقىغا زەنجىر باغلانمىغانىدى.

— چاتاق يوق، — دېدى سەئىد ئىشەنچ بىلەن، — تۆت چاقى تەڭ كۈچەيدىغان ماشىنىغا زەنجىرنىڭ لازىمى يوق!

بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ قار-مۇز ئۈستىدىكى ئىزى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئالدىدىكى بىرەر ماشىنا توختاپ قالسىلا، كەينىدىكى ماشىنىلارنىڭ مېڭىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. يولدىكى ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ تۇراتتى. بۇ كابۇلدىن مازارىشەرىفكە بارىدىغان يۆنىلىش ئىدى. ئەتە ئۇلار شىمالدىن جەنۇبقا قاراپ يۈزلىنىدۇ. چۈنكى يول بەك تار بولغاچقا ماشىنىلارنىڭ قارىمۇ-قارشى يۆنىلىشكە مېڭىپ، بىر-بىرىنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشىگە يول قويۇلمايدۇ. كابۇل بىلەن مازارىشەرىفنىڭ ئارىلىقى 450 كىلومېتىر بولۇپ، ئادەتتە 12 سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن گاھىدا ھەتتا 30 — 40 سائەت يول يۈرۈشكىمۇ توغرا كېلىپ قالاتتى.

— قېلىن قار ياكى كۆچكەن قارنىڭ ئاستىدا قالغان نۇرغۇن ماشىنىلارنى، ياز كېلىپ قار-مۇزلار ئېرىگەندىلا ئاندىن كولاپ چىقىرىۋالغىلى بولىدىكەن، جۇمۇڭلار، — دەپ كۈلدى ئەكبەر، — لېكىن ئۇنداق ماشىنىلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەتىياز كېلەر-كەلمەيلا ئۆز ئايىغىدىن يېتىپ كېتەرمىش، تېخى!

كىشىلەر يولنى توسۇپ تۇرۇپ قالغان ھېلىقى ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە ئىتتىرىپ ئاچىقتى؛ بۇنىڭ بىلەن يولمۇ ئېچىلغان بولدى. مەنسۇرلەر ئۇ ماشىنىنىڭ يېنىدىن ئاستا يانداپ ئۆتتى. ئۇ ماشىنىدىكى يولۇچىلار ئاستا مېڭىۋاتقان باشقا بىر ماشىنىغا چىقىۋاتاتتى. بۇزۇلۇپ قالغان ھېلىقى ماشىنىنىڭ يان تەرىپىگە «ھامبۇرگ — فرانكفورد — لوندون — كابۇل» دېگەن خەتلەر چاپلانغان، ئالدى ئەينىكىگە «سەپەر شاھىدىن سالام!» دېگەن سۆزلەر قىزىل سىردا يېزىلغانىدى. بۇنى كۆرگەن ئەكبەر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئۇنتۇلغۇسىز سەپەر بولدى-دە، بۇ!

ئۇلار سالان تونىلىنىڭ تۆنجى ئۆزۈن دەھلىزىگە كىرىپ كەلدى. دەھلىز، يولنى كۆچكەن قاردىن ساقلاش مەقسىتىدە ئىككى قاسىنىقىغا پۇختا تۈۋرۈك بېكىتىپ ياسالغان لەمپە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈشمۇ ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. دەھلىزنىڭ ئىككى تەرىپى قارلىق تاغ بولغاچقا، تاغ شامىلى ئۇچۇرۇپ كىرگەن قارلار يول يۈزىدە غىلتاڭ مۇز بولۇپ توڭلاپ كەتكەنىدى. بۇنداق يولدا چاقىغا زەنجىر باغلىمىغان ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭماق بەسى مۈشكۈل ئىدى.

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئافغانىستانغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئەستىلىكلىرىدىن بولمىش سالان تونىلى دېڭىز يۈزىدىن 3400 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولۇپ، بەزى بۆلەكلىرىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى ھەتتا 5000 مېترغا يېتىپ باراتتى. ئەسلىدە ئافغانىستاننى ئۆزىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ بازىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىشنى نىيەت قىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى، سالان تونىلىنى ياساشقا 1956-يىلدىن باشلاپلا ئىنژېنېر ئەۋەتكەنىدى. ئۇلار بۇ تونىلنى 1964-يىلى ياساپ پۈتكۈزدى. ئافغانىستاندىكى تۆنجى ئاسفالت يولنىمۇ 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىنژېنېرلىرى ياساپ بەرگەنىدى. زاھىر شاھ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان چاغلاردا، سوۋېت ئىتتىپاقى ئافغانىستاننى دوست ئەل، دەپ قارىغانىدى. ھالبۇكى ئامېرىكا بولسۇن ياكى ياۋروپا ئەللىرى بولسۇن ھېچقايسىسى ئافغانىستاندەك بۇنداق تاغلىق ئەلگە مەبلەغ سېلىشنى خالىمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستان بىلەن دەرىجىدىن تاشقىرى سوتسىيالىستىك چوڭ دۆلەت — سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدىكى كۈندىن-كۈنگە قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقان دوستانە مۇناسىۋەتمۇ زاھىر شاھنىڭ مەبلەغ ۋە تېخنىكا جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا ئانچە ئەسقاتمىدى. بۇنىڭ بىلەن زاھىر شاھ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالدىدا بېقىۋۇل ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى.

سالان تونىلى تالىبانلارغا قارشى تۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك روللارنى ئوينىغانىدى. 20-ئەسىرنىڭ 90-يىللىرى مۇجاھىدلارنىڭ قەھرىمانى مەسئۇد، تالىبانلارنىڭ داۋاملىق شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن، سالان تونىلىنى پارتلىتىپ ئۈزۈۋېتىشنى پەرمان قىلدى. مەسئۇدنىڭ بۇ تەۋەككۈلچىلىكى راستىنلا كارغا كېلىپ، تالىبانلارنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى ئۈزۈۋەتتى.

ئاستا-ئاستا كۆز باغلاندى. ماشىنا تېيىلىپ، ھېلى قېلىن قارغا، ھېلى كاتاڭغا پېتىپ قېلىۋاتاتتى. شۇۋىرغاندا ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمىغاچقا، سەئىد

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماشىنىنى چاقنىڭ ئىزى دەپ قارىغان يەرنى بويلاپ تەۋەككۇلچىلىككە ھەيدەۋاتاتتى. سەئىدنىڭ چاقىغا زەنجىر باغلانمىغان ماشىنىسى مۇز توڭلاپ كەتكەن قاپ-قاراڭغۇ يولدا ئۇياقتىن-بۇياققا تېيىلىپ ئاران مېڭىۋاتقان بولغاچقا، ماشىنىدىكى ئۈچ يىگىت ئۆزىگە پەقەت ھەزرىتى ئەلىدىن ئامانلىق تىلەشكىلا مەجبۇر ئىدى. مەنسۇر ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: "ئاھ خۇدا، ئۆزۈڭگە ئامانەت! ھەزرىتى ئەلى مېنى پاكلىنىشقا چىللىدى، ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى كۆرۈۋالغىچە مېنى ئامان قىلغايسەن!"

ئالدى تەرەپتە غۇۋا بىر يورۇقلۇق كۆرۈندى، بۇ دەل سالان تونىلىنىڭ كىرىش ئېغىزى ئىدى. تونىل ئېغىزىنىڭ يان تەرىپىگە ئېسىپ قويۇلغان تاختىدىكى "دىققەت! زەھەرلىك گاز بار، ماشىنا توسۇلۇپ قالسا، ماتورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئەڭ يېقىن يەردىكى چىقىش ئېغىزىدىن چىقىپ كېتىڭ!" دېگەن خەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. مەنسۇر ئەكبەرگە تەئەججۈپ بىلەن تىكىلدى.

— تېخى بىر ئاينىڭ ئالدىدىلا 50 يولۇچى قار كۆچۈپ مۇشۇ تونىلنىڭ ئىچىگە قاپسىلىپ قاپتۇ، — دېدى ئۇزۇن قولاق ئەكبەر ئاڭلىغانلىرىدىن باشقىلارنىمۇ خەۋەردار قىلىپ، — شۇ كۈنى 20 نەچچە گرادۇس سوغۇق بولۇۋاتقانىكەن، شوپۇر ماشىنىدىكىلەرنى توڭدۇرۇپ قويماي، دەپ ماتورنى ئۆچۈرمەپتۇ؛ ئاڭغىچە يولمۇ ئېچىلىپتۇ؛ لېكىن ماشىنىدىكى 20 گە يېقىن ئادەم كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ زەھرىدە ھوشسىزلىنىپ ئاخىرى جان ئۈزۈپتۇ؛ بۇ يەردە بۇنداق ۋەقەلەر دائىم بولۇپ تۇرغىدەكمىش! ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تونىلغا ئاستا-ئىستا ئىچكىرىلەپ كىردى.

نېمىشقىدۇر ماشىنىلار تۇيۇقسىز توختاپ قالدى.

— ئاھ خۇدا، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ — دېدى ئەكبەر، — بېشىم ئاغرىغاندەك بولۇۋاتىدۇ.

— ۋوي راست، مېنىڭمۇ شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى مەنسۇر، — دەرھال چۈشۈپ يېقىنراق يەردىكى چىقىش ئىشىكىنى تاپساق بولامدۇ، قانداق؟

— ياقەي، — دېدى ئەكبەر تەمكىنلىك بىلەن، — خۇدا بۇيرىسا يول ھازىرلا ئېچىلىدۇ؛ ئويلاپ باقمامسىلەر، ناۋادا ماشىنىنى مۇشۇ يەرگە تاشلاپ قويۇپلا چىقىپ كەتسەك، ئاڭغىچە يول ئېچىلسا، ئارقىدىكى ماشىنىلار قانداق ئۆتىدۇ؟

— بايا ئەكبەر دەپ بەرگەندەك كاربون چالا ئوكسىدىنىڭ خەۋپىگە

ئۇچراپ قالارمىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى مەنسۇر ئەندىكىپ تۇرۇپ، ماشىنىنىڭ دېرىزىلىرى ھەم ئېتىكلىك ئىدى، سەئىد تاماكىدىن بىر تال چىقىرىپ تۇتاشتۇرۇۋىدى، مەنسۇر تۇيۇقسىز ۋارقىراپ كەتتى:

ــ نېمە، ساراڭ بولدۇڭمۇ سەن؟

ــ بىزنى ئۆلتۈرەي دەمسەن، بۇ يەردە؟ ــ دېدى ئەكبەر ۋە ئۇنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى يۇلۇپ ئېلىپ، مىجىقلاپ ئۆچۈرۈۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن ۋەھىمىگە چۈشكەن بۇ ئۈچ يىگىت لام دەپ ئېغىز ئاچماي جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن يولمۇ ئېچىلدى بولغاي، توسۇلۇپ قالغان ماشىنلار ئالدىغا قاراپ ئاستا-ئاستا سىلجىغىلى تۇردى، بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ ماشىنىسىمۇ تونىلدىن ئاخىر چىقتى. ساپ ھاۋا تونىل ئىچىدە تۇنجۇقۇپ باشلىرى يېرىلىپ كەتكۈدەك ئاغرىۋاتقان بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ يۈزىگە گۈپپىدە ئۇرۇلۇۋىدى، ئۇلارنىڭ باشلىرى قېيىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشقىلى تۇردى. ئۇ ئۈچى گەرچە ئالدىدىكى ھېچنېمىنى ئىلغا قىلالمايۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئالدى تەرەپتە پۇرقىراپ تۇرغان ئاقۇش ھور، ئۇلارغا ئەينەك قاچىغا ئۇسسۇلغان ئىسسىق ئارپا ئومىچىنى ئەسلىتەتتى. ئالدى تەرەپتىكى يولغا چۈشكەن چوڭقۇر چاق ئىزىنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ يۈرگەن ئاقۇش ھوردىن، ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقى بارغانسېرى غۇۋالىشىپ كېتىۋاتاتتى. تاۋاپ ئىستىكىدە يۈرەكلىرى لەرزىگە كەلگەن تاۋاپچىلار، قار-مۇز ئاستىدا قالغان تېيىلغاق يولنى بويلاپ سۈكۈنات ئىچىدە ئالدىغا قاراپ مېڭىۋاتاتتى. ھەتتا مەنسۇرمۇ پىرەنىك يېپىشتىن توختاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ھەرقانداق ۋاقىتتا ئۇلارنى جەھەننەمگە ئۇزۇتۇش ئېھتىمالى بولغان تىك قىيا، مىنا، قار كۆچمىسى ۋە ياكى ئاللىقانداق بالا-قازانى تامامەن ئۇنۇتقان بۇ ئۈچ يىگىتنىڭ جۈپ-جۈپ كۆزلىرى ئالدىدىكى يولدا ئىدى.

تۇمان ئاز-تولا تارىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار تىك قىيانىڭ لېۋىدىكى يولدا گويا پىلسىراتنىڭ كۆۋرۈكىدە ماڭغاندەك كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدى ئانچە-مۇنچە يورۇغاندەك قىلغىنى بىلەن، ئەمدىكى يول قېرىشقاندەك يەر تەۋرىنىگە سوزۇلغان بولغاچقا، ئىلگىرىلەش تېخىمۇ قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى، ھېلىدىن-ھېلىغا ئىككى ياققا ئېغاڭشىپ تۇرۇۋاتقان ماشىنا تۇيۇقسىزلا تېيىلىپ، يولنىڭ گىرۋىكىگە بېرىپ قالدى. "يائاللاھ!" دەپ ۋارقىرىۋەتتى ماشىنىنى باشقۇرالماي قالغان سەئىد. مەنسۇر بىلەن ئەكبەرمۇ ناۋادا تۇتقۇچقا چىڭ ئېسىلىۋالمىغان بولسا، سىيرىلىپ بېرىپ ماشىنىنىڭ يان ئىشىكىگە سوقۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بولار ئىدى، تۇيۇقسىز كېتىۋاتقان ماشىنا تۇرۇپلا يولنىڭ بىر تەرىپىگە شارتتىدە تېيىلىپ كېتەتتى؛ سەئىد ماشىنىنى مىڭ باللىقتا يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا رۇسلاپ تۇرۇشىغا، ماشىنا يەنە تېيىلىپ كېتىپ، يولنىڭ يەنە بىر لېۋىگە بېرىپ قالاتتى. ھودۇقۇپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كېتىۋاتقان يىگىتلەرنىڭ كۆزى ئالدى تەرەپتىكى "دىققەت، مىنا بار!" دېگەن خەتلەر يېزىلغان تاختىغا چۈشۈپ قالدى. دۇرۇس، يېقىن ئەتراپنىڭ ھەممىسى ھەتتا ئۇلارنىڭ ماشىنىسى تېيىلىپ بېرىپ قېلىۋاتقان يولنىڭ گىرۋىكىمۇ مىنا كۆمۈلگەن جايلار ئىدى. گەرچە يەر- جاھان قېلىن قارنىڭ ئاستىدا قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قارلارنىڭ تانكا مىناسىنى پارتلاشتىن توسۇپ قالالىشى مۇمكىنمۇ؟! "ئاھ، خۇدا ئۆزۈڭگە ئامانەت!" دەيتتى مەنسۇر ئىچىدە، لېكىن ئۇ ئاۋۇ ئىككىيلەننىڭ "تازا توخۇ يۈرەك بالا ئىكەن" دەپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى. نېمىلا دېگەن بىلەن مەنسۇر ئەكبەر ۋە سەئىدتىن كىچىك ئىدى. مەنسۇر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى قار باسقان تاشلاندۇق تانكىلار ۋە ھاڭدىن چۈشۈپ كېتىپ ۋەيران بولغان ماشىنىلارغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرەتتى: "مېنى يېنىغا چىللىغان ھەزرىتى ئەلى، يەنە مېنى مۇشۇنداق خۇدا ئۇرغان يەردە بالا- قازاغا يەم قىلىۋەتمەس؛ دۇرۇس، ئىلگىرى ئېزىپ قېلىپ، ناشايان خىياللاردا بولغانمەن؛ لېكىن مانا ھازىر ئاشۇ گۇناھلىرىمغا مەغپىرەت تىلەپ، پاكلىنىشقا كېتىپ بارىمەن؛ كەرەملىك ئاللاھ تەۋبىلىرىمنى قوبۇل كۆرۈپ، مېنى ئاندىن تۇغما پاك مۇسۇلمانغا ئايلاندۇرغايسەن!"

ئۇچەيلەن ناھايىتىمۇ ئۇزاق بىلىنىپ كەتكەن بۇ يولنى مىڭبىر مۇشەققەتتە تۈگىتىپ، قار- مۇزلار ئېرىگەن تۈزلەڭلىككە كىرىپ كەلدى. مازارىشەرىفكە بارىدىغان ئەمدىكى بىر نەچچە سائەتلىك يولنى بېسىش، ئۇلارغا نىسبەتەن ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش ئىدى.

شەھەرگە تۇتىشىدىغان يولدا ئۇلارنىڭ ماشىنىسىنى تولۇق قوراللانغان ھەربىي ماشىنىلىرى يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. بومبا ساقاللىق ئەسكەرلەر ئۈستىگە بىرېزېنت يېپىلغان ماشىنا كوزۇپىدا، قولىدىكى كالاشنىكوۋ پىلىموتىنىڭ ئۇچىنى ئۇياق- بۇياققا قارىتىپ ئولتۇراتتى. ھەربىي ماشىنىلىرى ماشىنىلار قاتمۇ قات ئىز سالغان يولدا، ئالاھازەل سائەتكە 60 مىللىق سۈرئەت بىلەن غارقىراپ كېتىپ باراتتى. قۇملۇقلار، ئوتلاقلار، ئېدىرلىقلار، كىچىك- كىچىك بوستانلىقلار ۋە مەھەللىلەر يول بويىي ھېلىدىن ھېلىغا كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. شەھەرگە كىرىدىغان يەردە يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى گراناتاميوتنىڭ ئارىسىغا تانىنى تارتىپلا

ياسالغان توساق بار ئىدى، ئوتتۇنچىدەك قوپال بىرەيلەن يىگىتلەرنى "چۈشۈڭلار، تەكشۈرىمىز!" دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

مەنسۇر، ئەكبەر ۋە سەئىد ئۈچەيلەن ئاخىر شەھەرگە كىرىپ كەلدى، ئۇلار تەلىيىگە 12 سائەتتىلا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىغانىدى، پۇت-قوللىرى كۆيۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

— سالان تونىلىدىن ئۆتىدىغان بۇ سەپىرىمىز بەك ئوڭۇشلۇق بولدى جۇمۇڭلار، — دېدى مەنسۇر، — مۇشۇ يولدا نەچچە كۈنلەپ ھايال قالغانلار قانداق قىلغان بولغىيدى-ھە؟ ئىشقىلىپ بىزنىڭ پېشانىمىز ناھايىتى ئوڭكەن.

ھازىرلا ئۇرۇشقا چىقىدىغاندەك قورال لانغان ئەسكەرلەر، نورۇزنىڭ ھارپىسىدا چىقىپ قالىدىغان غەلىيانلارنى توسۇش ئۈچۈن، ئۆگزىلەردە سەپراس بولۇپ تۇراتتى. بۇ يەردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ تىنچلىق ساقلىغۇچى قىسىملىرى بولمىغاچقا، ھەممىگە بىر-بىرىنى دۈشمەن سانايدىغان ئىككى-ئۈچ مىلىتارىست ئىگە ئىدى. ئۆگزىدىكىلەر ھەزارا مىللىتىدىن بولغان ۋالىينىڭ ئەسكەرلىرى، ئۈستىگە بىرىزېنت يېپىلغان ماشىنىدىكىلەر تاجىكلارنىڭ سەردارى ئاتا مۇھەممەدنىڭ ئادەملىرى، ئالاھىدە فورما كىيگەنلەر بولسا، ئۆزبەكلەرنىڭ ئاتامانى ئابدۇلرەشىد دوستۇمنىڭ چاپارمەنلىرى ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى قولىدىكى قورالنى ئۈچىنى يەرگە قارىتىپ تۇتقانىدى. مەسچىتنىڭ يېنى، باغچا ۋە پىيادىلەر يولىدىكى نەچچە مىڭلىغان تاۋاپچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۇ ياق-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى؛ بەزىلىرى ئولتۇرۇپ مۈگدىشىۋاتاتتى.

يېڭىدىن بېزەلگەن كۆكۈش مەسچىت كېچە قاراڭغۇلۇقىدا يالت-يۇلت چاقناپ تۇراتتى. بۇ، مەنسۇر ئۆمرىدە كۆرۈپ باققان ئەڭ چىرايلىق ئىمارەت ئىدى. مەسچىتكە بېكىتىلگەن تاشقى نۇرلۇق چىراغلار، ئامېرىكا ئەلچىسى بۇ شەھەردىكىلەرنى يوقلاپ كەلگەندە ئەكەلگەن ئادەمگەرچىلىك سوۋغىسى ئىدى. چىراغلارنىڭ ئۆتكۈر قىزغۇچ نۇرى، تاۋاپچىلار ئورنىۋېلىشقان مەسچىتنىڭ ئەتراپىنى قىزىل مەرمەردەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

شۇنداق، بۇ — مەنسۇر ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىغا مەغپىرەت تىلەپ، پاكلىنىدىغان مۇقەددەس جاي. شۇڭا شۇنچە ئۇزۇن يولنى باسقىچە قورساقنى كولا، بانان ۋە پىرەنىك بىلەن گوللاپ كەلگەن مەنسۇرنىڭ ئاچلىق ۋە ھارغىنلىقلىرى ئاللىقاياقلارغا ئۇچقانىدى.

مەنسۇر، ئەكبەر ۋە سەئىد ئۈچەيلەن كاۋاپچىلار كوچىسىدىكى ئادەتتىكىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر سارايغا چۈشتى ۋە بۇلۇڭدىكى بىر پارچە پالاسقا كېلىپ ئولتۇردى. ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەن سارايىنىڭ ھەممىلا يېرى قاڭسىق كاۋاپ پۇراپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخانغا نان بىلەن يوغان-يوغان توغرالغان پىياز كەلتۈرۈلدى.

پىيازدىن بىر چىشلەم يەپ، تەن-تېنى يايراپ كەتكەن مەنسۇر خۇشلۇقىدا ۋارقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. لېكىن يېنىدىكى ئەكبەر بىلەن سەئىدنىڭ خۇددى مۆتىۋەرلەردەك چوڭ سۈپەت ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەن مەنسۇر، ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئالدىدىكى غىزاسىنى گەپ-سۆز قىلماي يېگىلى تۇردى.

※ ※ ※

ئاللاھۇئەكبەر، ئاللاھۇئەكبەر!

مەنسۇر ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مەزىننىڭ گويا زۇۋۇكتىن چىقىۋاندەك ياڭراق ئەزان ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغاندى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى. تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن كۆك رەڭلىك مەسچىتنىڭ ئۈستىدە سانسىزلىغان ئاق كەپتەر پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئۇ، ھەزرىتى ئەلى مەقبەرىسىنىڭ يېنىدىكى كاتەكلەردە تۇرىدىغان كەپتەرلەر ئىدى. يەرلىكلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ناۋادا ئاشۇ ئاق كەپتەرلەرنىڭ ئارىسىغا كۆك كەپتەردىن بىرەرسى قوشۇلۇپ قالسا، 40 كۈندىن كېيىن قالغان كەپتەرلەرنىڭ ھەممىسى كۆك كەپتەرگە ئۆزگىرىپ قالارمىش؛ ھەربىر رەتتىكى يەتتىنچى كەپتەر مۇقەددەس روھنىڭ نامايەندىسى ئىمىش.

مەنسۇر، ئەكبەر ۋە سەئىد ئۈچەيلەن سائەت يەتتىلەر بىلەن، قىستىلىپ يۈرۈپ مەسچىتنىڭ ھويلىسىغا كىردى. ئالدىن ئەكبەرنىڭ يېنىدىكى مۇخبىرلىق كىنىشكىسىنى كۆرسىتىپ يۈرۈپ، مۇنبەرگە يېقىنراق جايغا بېرىۋالدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئافغانىستان رەھبىرى خەمىد كارزايىنىڭ ئەلگە ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن تۇغ چىقارغانلىقىنى يېقىن يەردىن ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، كېچىلەپ ئۆچىرەتتە تۇرغانىدى. بىر تەرەپتە جىمجىت ئولتۇرغان ئاياللارنىڭ بەزىلىرى پۈركەنجە كىيگەن، بەزىلىرى يۈزىگە چۈمبەللا تارتىۋالغانىدى. يەنە بىر تەرەپتە تۇرغان ئەرلەر ھە دەپ قىستىشاتتى. ئادەملەر ھەتتا ھويلىنىڭ سىرتىدىكى دەرەخلەرگىمۇ خۇددى قارا قاغىدەك قونۇۋېلىشقانىدى. ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرگەن ساقچى، قولىدىكى قامچىسى بىلەن تەرتىپ ساقلاۋاتاتتى. لېكىن ھويلىغا قىستىشىپ كىرىدىغانلار بارا-بارا كۆپىيىپ كېتىۋاتاتتى؛ بەزىلەر قامچا يەپ

كېتىشتىن قورقۇپ، ھەتتا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتاتتى. بۇگۈن بۇ يەرگە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ ھەممىسى كېلىدىغان بولغاچقا، مەيداننىڭ ئامانلىقىنى قوغداشمۇ ئاسانغا چۈشمەيدىغاندەك قىلاتتى.

ئاڭغىچە خەمىد كارزايى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى باشلاپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىسىغا ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىن چىقىدىغان كۆك ۋە يېشىل يوللۇق تاۋاردىن تون، بېشىغا قەندىھاردا ئىشلەنگەن كۆرپە تۇماق كىيگەنىدى. ئۇ بارلىق ئافغانىستان يۇقرالىرىغا ۋەكىللىك قىلىش نىيىتىدە ئاشۇنداق ئۆزگىچە كىينگەن بولۇپ، ھەتتا ئۇنىڭ كۆينىكمۇ ئافغانىستاننىڭ ئىرانغا يانداش ئۆلكىسىدە ئىشلەنگەن مەھسۇلات ئىدى.

مەنسۇر خەمىد كارزايىنى تېخىمۇ ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، ھەدەپ بويىنىنى سوزاتتى. بۇ ھەم ئۇنىڭ خەمىد كارزايىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈشى ئىدى. قەندىھاردىكى پۇشتۇ مىللىتىدىن بولغان خەمىد كارزايى ئىلگىرى بىر مەھەل تالىبانلارنى قوللىغانىدى. كېيىن پوپوزايى قەبىلىسىنىڭ سەردارى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بىر تۈركۈم قوللىغۇچىلارغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن قەبىلە ئەزالىرىنى تالىبانلارغا قارشى كۆرەشكە چاقىردى. ئامېرىكا تالىبانلارنى كەڭ كۆلەملىك بومبىلاشقا كىرىشكەندە ئۇ شۇ يەردىكى ئەڭ چوڭ مۇستەبىتنى تالىبانلارنىڭ تامامەن تۈگەشكەنلىكىگە قايىل قىلىش ئۈچۈن، جېنىنى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ، موتسىكلىت بىلەن تالىبانلارنىڭ بارگاھىغا كىرگەنىدى. شۇ چاغدا تالىبانلار ئۇنىڭغا: "سېنىڭ گەپلىرىڭدىن كۆرە جاسارىتىڭگە بەكرەك قايىل بولدۇق" دېيىشكەن، لېكىن ئۆزى ئامېرىكا ئايروپىلانلىرى تالىبانلارنىڭ بارگاھىنى نىشانلاپ تاشلىغان بومبىدا ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قاپتىكەندۇق. كېيىن ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بونن يىغىنىدا ئافغانىستاننىڭ يېڭى رەھبەرلىكىگە كۆرسىتىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئورغۇنلىغان ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ ياردىمىدە ئافغانىستانىنى كامال تاپقۇزىدىغان ئۇلۇغۋار پىلانلارنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

خەمىد كارزايى مۇنبەردە ھاياجان بىلەن سۆزلىمەكتە ئىدى:

— تالىبانلار مەدەنىيىتىمىزنى ۋەيران قىلىپ، ئەنئەنىمىزنى بۇزمىلاپ، بىزنى ئىسلام ئەقلىرىدىن ئازدۇرماقچى؛ مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنى بۇلغاپ، بىزنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، پۈتۈن دۇنيا بىلەن قارشىلاشماقچى. لېكىن ئىسلام دىنىمىزنىڭ زادى نېمىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى ھەممىزگە بەش قولدەك ئايان، ئىسلام دېمەك — تىنچلىق دېمەكتۇر، يېڭى بىر باھارىمىز مانا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇگۈندىن باشلىنىدۇ. بۇ يېڭى بىر يىلدا ھەممە نەرسىمىز يېڭى تۈس ئالىدۇ؛ ئافغانىستاندىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئارامخۇدا ۋە خاتىرجەم تۇرمۇشى كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ؛ بىز ئىلمىزنىڭ ئامان- ئېسەنلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشىمىز شەرت، بۈگۈن بىز دۇنيانىڭ ياردىمىگە نائىل بولۇۋاتىمىز، كۈنلەرنىڭ بىرىدە خۇدا بۇيرىسا بىزمۇ دۇنياغا ياردەم قولىمىزنى بىمالال سۇنالايمىز! — خەمد كارزاينىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان تاۋاپچىلار خۇشلىقىدىن سەكرىشىپ كەتتى.

— بىز؟ — مەنسۇر ئۆز- ئۆزىدىن سورىدى، — بىز تېخى دۇنياغا ياردەم قىلالايمىزما؟

مەنسۇر كارزاينىڭ بۇ سۆزلىرىنى پۇقرانى ئالدايدىغان قۇرۇق گەپ، دەپلا ئويلىدى، دېمىسىمۇ، مەنسۇر تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئۇرۇش ئوتى ئىچىدە ياشاپ كەلدى؛ ئافغانىستانمۇ ئۇزۇق- تۈلۈكتىن تارتىپ قورال- ياراغقىچە ھەممىدە دۇنيانىڭ ياردىمى بىلەن كۈن ئېلىپ كەلدى.

كارزايدىن كېيىن ئافغانىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى بۇرھانىددىن رەببانى مۇنبەرگە چىقتى. ئۆزى كېلەڭسىز، سېمىز بولغىنى بىلەن قولىدىكى ھوقۇقى يوقنىڭ ئورنىدىكى بۇرھانىددىن رەببانى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ موللىسى ۋە پروفېسسورى ئىدى، ئۇ مۇجاھىدلار تەشكىلاتىغا تەۋە ھەرقايسى مەزھەپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىسلام تەرەققىيات جەمئىيىتى قۇرۇش نىيىتىدە ھەربىي ئالىم ئەھمەدشاھ مەسئۇدنى ئۆزى قۇرغان پارتىيىگە كىرىشكە دەۋەت قىلغانىدى. چۈنكى ئەھمەدشاھ مەسئۇد سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشتىن كېيىنكى ئىچكى ئۇرۇشلاردا بولسۇن ياكى تالىبانلارغا قارشى ئۇرۇشتا بولسۇن ئاجايىپ پىداكارلىق كۆرسەتكەن بۈيۈك قەھرىمان ئىدى. داھىيانە تالانتى بىلەن داڭ چىقارغان ئەھمەدشاھ مەسئۇد ھەم تەقۋادار مۇسۇلمان، ھەم غەرب مەدەنىيىتىنى ياقلايدىغان زىيالىي ئىدى. ئۇ ئۆز ئېلىنى زامانىۋىلىقتا يېتەكلەش ئىستىكىدە فرانسۇز تىلى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ "11- سېنتەبىر ۋەقەسى" يۈز بېرىشتىن ئىككى كۈن ئىلگىرى، مۇخبىر سىياقىدا ياسىنىۋالغان ئىككى تۇنىسلىق تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى. ئۇ شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ شان- شەرىپى ھەسسىلەپ ئېشىپ، كىشىلەر ئۇنى گويا ئەۋلىيادەك قەدىرلەيدىغان بولۇپ كەتتى. شۇ كۈنى، بىلگىيە پاسپورتى بىلەن ئافغانىستانغا كىرگەن ھېلىقى ئىككى تۇنىسلىق "مۇخبىر" ئەھمەدشاھ مەسئۇدنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى: "ئەپەندىم، ناۋادا پۇتكۈل ئافغانىستاننى باشقۇرۇش ھوقۇقى ئىلكىڭىزگە ئۆتۈپ

قالغۇدەك بولسا، ئۇساما بىنلادىنغا قانداق پوزىتسىيە تۇتىسىز؟" بۇ، ئەھمەدشاھ مەسئۇد ھاياتىدا ئاڭلىغان ئەڭ ئاخىرقى سوئال ئىدى، ئۇ، "مۇخبىر"نىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىشكە تەمشىلىپ كۈلۈمسىرىدى، لېكىن تېررورچىنىڭ ئاپپاراتىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بومبا، ئاپپاراتنىڭ كۇنۇپكىسىنى بېسىش بىلەن تەڭلا پارتلىدى.... مانا ھازىر ھەتتا پۇشتۇلارمۇ ئۇنىڭ تەۋەررۇك سۈرىتىنى قەدىرلەپ ساقلايدۇ.

بۇرھانىددىن رەببانى مەرھۇم ئەھمەدشاھ مەسئۇدنىڭ روھىغا ئاتاپ نۇتۇق سۆزلىدى، ئۇمۇ ئالتۇنىدەك چاغلىرىنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتىغان ۋەتەنپەرۋەرلەردىن ئىدى.

— بىز تېشى پال-پال، ئىچى غال-غال تاجاۋۇزچىلارنى ئافغانىستاننىڭ مۇقەددەس زېمىنىدىن پاك-پاكىز تازىلىۋېتەلەيمىز، — دەپ جاكارلىدى ئۇ تەنتەنە بىلەن.

سوۋېت ئىتتىپاقى 1989-يىلى ئافغانىستاندىن ئەسكەر چېكىندۇردى، بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بېرلىن تېمى چېقىپ تاشلاندى، جاھاندىكى ئادەمنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئۆزگىرىشلەر سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلىۋېتىش بىلەن بىرگە بۇرھانىددىن رەببانىنىڭمۇ داڭقىنى چىقىرىۋەتتى.

"جىھاد بولمىغان بولسا، پۈتۈن دۇنيا ئىستىبداتلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قالغان بولار ئىدى؛ بېرلىن تېمىنىڭ چېقىپ تاشلىنىشى، سوۋېت تاجاۋۇزچىلىرىغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكىمىزنىڭ شاراپىتىدىن بولدى؛ بىز قوچقان نۇسرەتلەر ئېزىلگەن مېھنەتكەشلەرگە ئىلھامبەخش ئەتتى، مۇھىمى بىز ئەزىز ۋەتىنىمىزدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىققا ئەجەللىك زەربە بېرىپ، خەلقىمىزنى مۇستەبىتلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئازاد قىلدۇق؛ بىز ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى ئازاد قىلالايمىز!"

مەنسۇرنىڭ قولىدا فوتو ئاپپاراتى بار ئىدى، ئۇ نۇتۇق سۆزلەۋاتقانلارنى ئېنىقراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن، مۇنبەر تەرەپكە يەنىمۇ قىستاپ باردى، مەنسۇر بولۇپمۇ خەمىد كارزايىغا بۆلەكچىلا قىزىقىپ قالغاچقا، بۇ ھەم پاكار ھەم ئورۇق پىرىزىدېنتنى بەكمۇ جىق سۈرەتكە تارتىۋالدى، ئۇ بۇ سۈرەتلەرنى دادىسىغا كۆرسەتمەكچى ئىدى.

نۇتۇق سۆزلەيدىغان ۋە دۇئا-تىلاۋەت قىلىدىغانلار ئارقا-ئارقىدىن مۇنبەرگە چىقتى؛ ئالدىن بىر موللا مۇنبەرگە چىقىپ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈرلەر ئېيتتى؛ ئاخىرىدا مائارىپ مىنىستىرى چىقىپ، ئافغانىستاننىڭ مىللىي كومپيۇتېر ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىنتېرنېت تورىغا ئورۇن بوشاتقاندىن كېيىنكى گۈزەل كېلەچەكنى تەسۋىرلەپ ئۆتتى.

— مىلتىق تۇتقان قولىرىمىز كومپيۇتېرنىڭ كۇنۇپكا تاختىسىدا ئوينىسۇن، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇ ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ. — ئافغانىستاندا ھەممە مىللەتكە باراۋەر مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك؛ ئامېرىكىغا قاراپ باقايلى! ئۇ يەردە ھەممە مىللەت، ھەممە ئىرىق "ئامېرىكىلىق" دەپلا قارىلىدۇ، بىر-بىرى بىلەن قېرىنداشلاردەك ئۆم-ئىناق ئۆتىدۇ.

ساقچىلار قولىدىكى قامچىسى بىلەن ھەيۋە قىلىپ تۇرۇپ، تەرتىپ ساقلاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن قامچىلار كارغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تېخىمۇ نۇرغۇن كىشىلەر قورشاۋنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، مۇنبەرگە يېقىنلاشقىلى تۇردى. كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىدىن مۇنبەردىكىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغىلىمۇ بولمايتتى. بۇ سورۇن قانداقتۇ دىنىي يىغىلىش ئەمەس، بەلكى "تاسادىپىي ۋەقە"گە ئوخشاپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى مەسچىتنىڭ چۆرىسىدىكى پەشتاقلار ۋە ئۆگزە قوراللىق ئەسكەرلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى؛ قولىدا پىلىموت تۇتۇپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىغان ھەيۋەتلىك ئامېرىكا ئەسكەرلىرى مەسچىتنىڭ ئۈستىدە، يىغىلىشقا كەلگەن ئامېرىكا ئەلچىسىنى قوغداپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ چۆرىسىدە باشقا ئالاھىدە قىسىمنىڭ ئەسكەرلىرى سەپراس تۇراتتى. نۇرغۇن ئافغانىستانلىقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، كاپىرلارنىڭ مەسچىتنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ تۇرۇشى، دىنغا قىلىنغان ھاقارەت ئىدى؛ ئۇلارنىڭ مەسچىتكە كىرىشىگىمۇ يول قويۇلمايتتى. قاراۋۇللارنىڭ ۋەزىپىسى، ھەرقانداق گۇمانلىق ئادەمنىڭ توپقا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنداق گۇمانلىق ئادەملەرمۇ يوق دېيەرلىك ئىدى. چۈنكى غەرب ساياھەتچىلىرىنىڭ تالىبانلار ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى نورۇزدىلا ئافغانىستانغا تاۋاپقا كېلىشى ناتايىن، دېمىسىمۇ، سورۇندا بار-يوقى ئۈچلا غەرىبلىك ساياھەتچى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرى نەققاش، قالغان ئىككىسى ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئىدى.

مازارىشەرىفتىكى بىر-بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىدىغان رەقىب مىلتارىستلاردىن ئاتا مۇھەممەد بىلەن ئابدۇلرەشىد دوستۇممۇ مۇنبەردە ئىدى. بۇ شەھەر تاجىكلارنىڭ سەردارى ئاتا مۇھەممەدنىڭ قولىدا ئىدى. لېكىن ئۆزبەكلەرنىڭ ئاتامانى ئابدۇلرەشىد دوستۇم "مازارىشەرىفنىڭ كونتروللاش ھوقۇقى مېنىڭ قولۇمدا بولۇشى كېرەك" دەپ قارايتتى. "ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق" بولۇپ

كەتكەن بۇ ئىككى رەقىب، مۇنبەردە يانمۇيان تۇرۇپ نۇتۇق ئاڭلاۋاتاتتى. ئاتا مۇھەممەد تالىبانلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ساقىلىنى سىيپاپ تۇراتتى؛ ئابدۇلرەشىد دوستۇمنىڭ چىرايىدىن بولسا، تەكەببۇرلۇق يېغىپ تۇراتتى. بۇ ئىككى رەقىب تالىبانلارغا ئاخىرقى قېتىم ھۇجۇم قوزغاشتا ئامالنىڭ يوقىدىن ھەمكارلىشىپ قالغانىدى. لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆچمەنلىكى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. ئافغانىستاندىكى ھۆكۈمەت ئەربابلىرى ئىچىدە ئەڭ يامان ئاتاقچا قالغىنى دەل ئابدۇلرەشىد دوستۇم ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھۆكۈمەت ئەربابلىرىدىن بولۇپ سايلىنىپ قېلىشى، پەقەت ئۇنى باشقىلارنى داۋاملىق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىتىشتىن توسۇش ئۈچۈنلا ئىدى. مۇنبەردىكى ئاپتاپتا ئىككى قولىنى سېمىز قورسىقىنىڭ ئالدىغا قوشتۇرۇپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرغان ئابدۇلرەشىد دوستۇم، ئافغانىستاندا ۋەھشىيانە ئىشلارنى ئەڭ كۆپ قىلغان ئادەم ئىدى. ئۇ ھەتتا ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماۋلىق قىلغانلارنى تانكىغا دەسسىتىپ مىلىق-مىلىق گۆش قىلىۋەتكەنىدى. بىر قېتىم ئۇ نەچچە مىڭ تالىباننى قۇملۇققا قوغلاپ ئاپاردى ۋە ئۇلارنى مېتال ساندۇققا سولاپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ھىم ئېتىۋەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن كېلىپ مېتال ساندۇقنى ئېچىپ قارىسا، تالىبانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلگەن، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى پىژغىرىم ئاپتاپتا قىزىغان مېتالغا تېگىپ كۆيۈپ چاۋۇرۇپ كەتكەنىدى. ئابدۇلرەشىد دوستۇم ھەرقانداق خوجايىنىغا ئالدى بىلەن باش قويۇپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەچكە يىراق-يېقىندا ئۇنىڭ "نەيرەڭۋاز" دېگەن لەقىمى بار ئىدى. قىزىق يېرى شۇ-دە! سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىپ كىرىۋىدى، ئابدۇلرەشىد دوستۇم ئۇلارنىڭ كەتمىنىنى چېپىپ، بىر يۇمىلاپلا ئاتېئىزمچى بولۇۋالغانىدى. مانا ھازىر ئۇ تەۋازۇلۇق بىلەن "ئاللاھ"نى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، ھە دېسىلا تىنچلىق ھەققىدە گەپ سېتىۋاتىدۇ.

— بۇگۈندىن باشلاپ ھېچكىمنىڭ قورال تارقىتىش ھوقۇقى يوق، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك قىلىپ، — چۈنكى قورال-ياراغ دېگەن نەرسە يېڭى توقۇنۇش ۋە نىزالارنى پەيدا قىلىدۇ؛ شۇڭا قورال-ياراغلارنى يىغىۋالىدىغان ۋاقىت يەتتى.

مەنسۇر ئابدۇلرەشىد دوستۇمنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ چالا ساۋات دېگۈدەكلا بولغاچقا قولىدىكى قەغەزگە يېزىلغان گەپلەرنى يەسلىنىڭ بالىلىرىدەك ھەجىلەپ ئاران ئوقۇۋاتاتتى. گاھىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەتتا بەزى خەتلەرنى تونۇيالماي تۇرۇپ قېلىپ، بىر ھازادىن كېيىن داۋاملاشتۇرۇپ ئوقۇيتتى.

ئاخىردا مۇنبەرگە چىققان بىر موللا تېررورلۇققا قارشى بىر مەيدان ئۇرۇش قوزغاشنى مۇراجىئەت قىلدى. ھازىرقى ئافغانىستاندا ھەرقانداق بىر ھەرىكەت ئافغانىستانلىقلار بىلەن ئۇلارنىڭ ئەشەددىي رەقىبى سانىلىدىغان مەلۇم بىر ئوبيېكت ئوتتۇرىسىدىكى ھايات-ماماتلىق كۈرەش دەپلا قارىلاتتى. قىزىق يېرى، بۇ ئەشەددىي دۈشمەن مۇنبەرگە سۆزگە چىققانلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى.

— پەقەت ئىسلام دىنىمىزنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان كەرىم»لا تېررورلۇققا قارشى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇشىمىز ھەققىدىكى ئەڭ ياڭراق، ئەڭ شەكسىز چاقىرىقتۇر، — دېدى موللا، — تېرروررچىلار تېغى ئۈچىنى ئافغانىستانغا قارىتىپ بولدى، دېمەك، زېمىنىمىزگە تېررررولۇققا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس بۇرچ يۈكلەندى. ئىسلام دىنىمىزدا ئەپۇچانلىق ۋە كەڭ قورساقلىق تەشەببۇس قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەقىقىي مۇسۇلمانلار ھەرگىزمۇ تېررورلۇق قىلمايدۇ؛ ئەكسىچە تېررورلۇق قىلغان مۇسۇلمانلارنى ھەقىقىي مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ؛ ھەتتا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېتلېرنىڭ قىرغىنچىلىقىدىن قاچقان ياۋروپالىق يەھۇدىيلارمۇ ئىسلام ئەللىرىگە كېلىپ پاناھلانغانىدى.

بىر نەچچە سائەت داۋاملاشقان نۇتۇق سۆزلەش پائالىيتى ئاياغلىشىپ، ئاخىردا تۇغ چىقىرىلاتتى. ھەزرىتى ئەلىنىڭ توپتوغرا بەش يىلدىن بۇيان چىقىرىلمىغان يېشىل تۇغى مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى تۇغ خادىسىنىڭ سىرىلما تانىسىغا بېكىتىلدى. كىشىلەر داقا-دۇمباق چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى. كارزايى تانىنى ئاستا تارتتى، يېشىل رەڭلىك دىنىي تۇغ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا جەۋلان قىلىشقا باشلىدى. تۇغ بۈگۈندىن باشلاپ توپتوغرا 40 كۈن ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئاڭغىچە مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى توساق ئېچىۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن توساقنىڭ سىرتىدا تۇرغان 10 مىڭ ئادەم مەسچىت، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسى ۋە يېشىل تۇغ تەرەپكە قاراپ دۈررىدە ئاقتى.

مەنسۇر ئالدى بىلەن سىرتقا چىقىپ بازاردىن ئاز-تولا بىر نەرسە ئېلىۋېلىپ، ئاندىن مەقبەرىنى يوقلاي، دېگەن نىيەتتە قىستىلىپ تۇرغان تاۋاپچىلار ئارىسىدىن مىڭ تەسلىكتە ئاران چىقىۋالدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە سوۋغات ئېلىۋالماقچى

بولدى، "ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ قېتىمقى مۇقەددەس سەپىرىمنىڭ خاسىيىتىدىن بەھرىمەن قىلالىسام، دادامۇ ماڭا ئامراق بولۇپ قالار" دەپ ئويلىدى مەنسۇر.

مەنسۇر چىقىپ جايناماز، رومال، تەسۋى، ناۋات دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالدى. ناۋاتنى سوۋغات ئورنىدا ئۆيدىكىلەرگە بەرسىمۇ، چاي دەملەپ ئىچسىمۇ بولاتتى. مەنسۇرنىڭ مومىسى بىبىگۇل نەۋرىسى ئالغاچ كەلگەن ھەقىقىي مازارىشەرىفنىڭ يوغان-يوغان نوكچا ناۋاتلىرىنى كۆرسە، ئۇنىڭ ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى كەچۈرىدۇ. مەنسۇر يەنە ھاممىلىرىغا كۆينەك، تاغىسى بىلەن ئىنىسىغا قارا كۆزەينەك سېتىۋالدى. بۇ، كابۇلدا ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان يېڭى پاسوندىكى كۆزەينەك ئىدى. مەنسۇر ئالغان نەرسىلەرنى ھال رەڭلىك يالتىراق خالتىغا سالدى-دە، ھەزرىتى ئەلىنىڭ مەقبەرىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. چۈنكى مۇقەددەس جايدىن ئالغان سوۋغاتلىرىغا ئاتاپ دۇئا ئوقۇتۇۋالسا تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. لېكىن خالتىنىڭ سىرتىدا "Pleasure" ماركىلىق تاماكىنىڭ ئېلانى بار ئىدى.

مەنسۇر قولىدىكى سوۋغاتلار سېلىنغان ھېلىقى يالتىراق خالتىنى كۆتۈرۈپ، قەبرىگە كىردى. موللىلار قەبرە ئىچىدىكى ئالتۇن ھەللىك تامنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. مەنسۇر ھېلىقى سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ موللىلارنىڭ ئالدىغا قويدى. موللىلار خەتمە قۇرئان قىلغاچ سوۋغاتلارغا قاراپ سۈپكۈچلەيتتى. ئۇلار قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاياغلاشتۇرغاندىن كېيىن، مەنسۇر سوۋغاتلىرىنى يىغىپ ئېلىپ ھېلىقى يالتىراق خالتىغا سالدى.

بۇ يەرگە كىرگەن ئادەم تامغا قاراپ تۇرۇپ ئاللاھتائالادىن تىلەك تىلىسە بولاتتى. بايىقى نۇتۇق سۆزلەش يىغىلىشىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەققىدە بولۇنغان گەپلەردىن ئىلھام ئالغان مەنسۇر تامغا قاراپ تۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈردى: "ئى قادىر ئاللاھ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھەربىر ئافغانىستان ئوغلانىنى ئۆزىنىڭ ئافغانىستان پۇقراسى بولغانلىقىدىن پەخىرلەندۈرگەيسەن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەزىز ۋەتىنىمنى مەندەك بىر ئوغلانى بولغانلىقىدىن پەخىرلەندۈرگەيسەن، ھازىرقى غېرىبانە دىيارىمىزنى كۈنلەرنىڭ بىرىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ ھۆرمەت-ئېھتىرامىغا نائىل قىلغايسەن، ئامىن!" مەنسۇرنىڭ بۇ دۇئايى تىلەكلىرى خەمىد كارزايىنىڭ بايىقى نۇتۇقىدىكى ئارزۇ-ئىستەكلىرىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەندەك قىلاتتى.

نۇتۇق يىغىلىشىدىكى ئىلھامبەخش سۆزلەردىن يۈرىكى لەرزىگە كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مەنسۇر، ئۆزىنىڭ مازارىشەرىفكە گۇناھلىرىغا ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ كەلگەنلىكىنى، قىسقىسى ھېلىقى تىلەمچى قىزنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان چېقىر كۆزلىرىنى، ياپراقتەك تىترەپ تۇرغان جىسمىنى، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى تامامەن ئۇنتۇغانىدى.

مەنسۇر مەقبەرىدىن چىقىپ ھەزرىتى ئەلىنىڭ تۇغى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇ يەردىمۇ مولللار تاۋاپچىلارنىڭ سوۋغاتلىرىغا دەمىدە ئوقۇۋاتاتتى. لېكىن ئادەم بەكمۇ كۆپ بولغاچقا ئوقۇيدىغان موللىنىڭ ئۆچرىتىنى كۈتۈپ ساقلاشقا توغرا كېلەتتى. ئۆچرەت مەنسۇرغا كەلگەندە موللا ئۇنىڭ قولىدىن ھېلىقى يالتىراق خالتىنى ئېلىپ، ئۇنى تۇۋرۈككە پاق-پاق ئۇرۇپ قويدى ۋە دۇئاسىنى تۈگىتىپ ئۇنى يەنە مەنسۇرغا قايتۇرۇپ بەردى. مەنسۇر ھېلىقى موللىغا ئازراق پۇل بېرىپ، جايناماز بىلەن ناۋاتقا ئاتاپ يەنە بىر قېتىم دۇئا ئوقۇتتى.

ئالغان سوۋغاتلىرىغا قارىسىلا خۇشلۇقتىن تېرىسىگە سىغماي قېلىۋاتقان مەنسۇر، ئۇلارنى دەرھال ئۆيىگە ئاپىرىپ مومىسى، دادىسى، ھاممىلىرى ۋە تاغىسىنى خۇشال قىلىۋېتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. كىتابخانىدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىق ۋە دادىسىنىڭ تەنبىھلىرىدىن قۇتۇلغىنىغا كۆڭلى يايراپ كېتىۋاتقان مەنسۇر، مەسچىتنىڭ ئەتراپىنى بىردەم ئايلاندى. ئاندىن ئەكبەر ۋە سەئىد ئۈچەيلەن مەسچىتنىڭ ھويلىسىدىن چىقىپ، پىيادىلەر يولىدا سەگدەپ ماڭدى.

— بۈگۈن ئۆمرۈمدىكى ئەڭ بەختلىك بىر كۈن بولدى! تەڭداشسىز بەختنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى بۈگۈن ھېس قىلدىم! — مەنسۇر ئەكبەر بىلەن سەئىدكە قاراپ ھاياجان بىلەن ئېيتتى. ئەمما ئۇلار مەنسۇرنىڭ زادى نېمىگە شۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىنى دەماللىققا ئاڭقىرالماي تۇرۇپ قالدى-يۇ، لېكىن ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندى.

— ئى شاھىمەردان — ھەزرىتى ئەلى! ماڭا قىلغان ھىممەتلىرىڭگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! ئەي خاسىيەتلىك شەھەر — مازارىشەرىف! ھۆرلۈككە ئىنتىلگەن يۈرىكىمگە شاتلىق ئۇرۇقى سالغانلىقىڭغا تەشەككۇر! — دەپ ۋارقىرايتتى قىن-قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان مەنسۇر، چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئۆيىدىن ئايرىلىپ، يالغۇز سەپەر قىلىشى ئىدى.

ئۇلار ئوغلاقچىلارنى كۆرۈپ باقماقچى بولدى. ئوغلاق تارتىشىش، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا ئومۇملاشقان ئاجايىپ قىزىقارلىق ئاممىۋى تەنھەرىكەت

تۇرلىرىدىن ئىدى، مەنسۇرلار يېتىپ كېلىشكەندە، ئۇغلاق تارتىشىش ئاللىقاچان باشلىنىپ كەتكەچكە، مەيداندىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزان ئاسمان-پەلەك ئۆچۈۋاتاتتى. 200 دەك ئۇغلاقچى ئاتنىڭ ئىگەرىگە قارچۇغىدەك قونۇۋېلىپ تۇرۇپ، بېشى كېسىپ تاشلانغان موزايغا قاراپ ئېتىلماقتا ئىدى. بۇ پائالىيەت گەرچە ئۇغلاق تارتىشىش، دەپ ئاتالسىمۇ، لېكىن بۇ يەرلىكلەر ئۇغلاقنىڭ ئورنىغا موزاي تارتاتتى. ئۇغلاقچىلارنىڭ ئاستىدىكى قىزىپ كەتكەن ئاتلارنىڭ كۆزلىرى چەكچەيگەن، ئېغىزدۇرۇقنىڭ ئۆپچۆرىسىدىن كۆپۈك ئۆرلەپ تۇراتتى؛ تۆت پۇتى توختاۋسىز تىپچەكلەيتتى. ئۇغلاقچىلار بېشى كېسىپ تاشلانغان موزايغا يېقىنلاشقان هامان، قولىدىكى قامچىسىنى ئاغزىدا چىشلەپ تۇرۇپ، پۇتىنى ئۈزەڭگىگە چىڭ دەسسەپ، يەردىكى موزاينى بىر قوللاپ ئېلىش ئۈچۈن ئاتنىڭ يان تەرىپىگە ئېگىشىپ موزايغا قولىنى ئۇزىتاتتى. موزاينى بىرەرسى يەردىن يۇلۇپ ئالغان هامان، ئۇ ناهايىتى تېزلىكتە قولىدىن قولغا ئۆتەتتى. ئىلگىرى ئۇغلاق تارتىشىشنى كۆرۈپ باقمىغان ئادەم ئۇلارنىڭ بۇ هەرىكىتىنى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئۇغلاقنى بىر-بىرىگە ئېتىپ ئويناۋاتىدۇ، دەپمۇ قالاتتى. ئۇغلاق تارتىشىشتا قايسى تەرەپ يەرگە تاشلاپ قويۇلغان بېشى كېسىلگەن موزاينى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى قارشى تەرەپكە تارتقۇزۇپ قويماي ئاپىرىپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلىيالىسا شۇ يەڭگەن بولاتتى. گاهىدا قېنى قىزىپ كەتكەن ئۇغلاقچىلار، بېشى كېسىلگەن موزاينى ئۇ ياقتىن بۇ ياققا تارتىپ يۇرۇپ، پارە-پارە قىلىۋېتەتتى.

ئىلگىرى ئۇغلاق تارتىشىشنى كۆرۈپ باقمىغانلار ئۇنى ئات بەيگىسىمىكىن، دەپ قالاتتى. ئۇغلاق تارتىشىشقا چۈشىدىغان ئۇغلاقچىلار ئادەتتە ئۈچىسىغا كەشتىلىك تون، پۇتىغا پاشنىسى ئېگىز، قونجى ئۇزۇن نەقىشلىك ئۆتۈك، بېشىغا كۆرپە تۇماق كىيەتتى.

— كارزايىمۇ چۈشتى! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ئافغانىستان رەهبەرلىرىنىڭمۇ ئۇغلاقچىلارغا قوشۇلغانلىقىنى كۆرگەن مەنسۇر هاياجان بىلەن، — ۋۇي، ئابدۇلرەشىد دوستۇممۇ بار ئىكەن!

ئافغانىستاندىكى بۇ قەبىلە سەردارى بىلەن داڭلىق مىلتارىست ئۇغلاقچىلارنىڭ قولىدىكى موزايغا قاراپ ئېتىلاتتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ چەبدەس ۋە جەسۇر رەهبەرلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن، ئۇغلاقچىلار ئەڭ كەسكىن ئېلىشىۋاتقان توپقا قاراپ ئۆزىنى ئاتاتتى. لېكىن هەرقانداق قالتىس ئادەمنىڭمۇ بەزىدە ئىشلارنى قاملاشتۇرالماي قالىدىغان چاغلىرى بولىدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلۋەتتە. كاررزايى ھەرقانچە تىرىشىپ باقسىمۇ، بۇ جىددىي ۋە خەتەرلىك ئىلىشىشقا باشقا ئوغلاقچىلاردەك ماسلىشالمىغاچقا، غۇژمەكلىشىپ ئىلىشىۋاتقان ئوغلاقچىلار توپىغا بۆسۈپ كىرەلمەيۋاتاتتى. چۈنكى ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بۇ قەبىلە سەردارى، ياياقلا خاس ئىلىشىش ھېسابلىنىدىغان ئوغلاق تارتىشىشنىڭ ئېپىنى دېگەندەك بىلىپ كەتمەيتتى. شۇنداق قىلىپ ئاخىرىدا ياياق باتۇرى — گېنېرال ئابدۇلرەشىد دوستۇم يېڭىپ چىققان بولدى. ئۇ ئىگەردە گويا قوماندانىدەك غادىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچۇن تەنتەنە قىلىشىۋاتقان ئاۋامغا قاراپ باش لىڭشىتاتتى.

ئوغلاق تارتىشىشتا بەزىدە ئىككى تەرەپ ئىلىشىدۇ. بەزىدە ئاشۇ ئىككى تەرەپتىن بىردىن ئوغلاقچى چىقىپ يەككە ئىلىشىدۇ. ئوغلاق تارتىشىش پۈتۈن دۇنياغا ئومۇملاشقان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بولۇپ، ئۇنى ئافغانىستانغا چىڭگىزخان ئىستىلاچىلىرى ئېلىپ كەلگەن. ئوغلاق تارتىشىش بەزىدە قىمارغا ئايلىنىپمۇ قالىدۇ. شۇڭا يېنى توم بايلار گاھىدا بىرەر مەيدان ئوغلاق تارتىشىش ئاخىرلاشقىچە نەچچە مىليون ئافغانىنى ئۇتتۇرۇۋېتىدۇ. قىسقىسى، ئوغلاققا تىكىلگەن پۇل كۆپەيگەنسېرى، ئۇ شۇنچە ئومۇملىشىپ كەتتى، ھەتتا بارا-بارا سىياسىي مۇددىئانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۆزىنىڭ ئۇستا ئوغلاقچى ياكى يېڭىلمەس ئەزىمەتلەردىن ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەيدانغا چۈشكەن قەبىلە سەردارلىرى، ئوغلاق تارتىشىشتا جان-جەھلى بىلەن ئىلىشىپ يېڭىپ چىقىدۇ. ئۇلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا غالىبلىقنىڭ ئۆزى چەكسىز ھۆرمەت-ئېھتىرامدىن دېرەك بېرىدۇ.

20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغا كەلگەندە ئافغانىستان ھۆكۈمىتى، ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىسىنى ئاز-تولا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قائىدە-يوسۇنغا يېقىنلاشتۇردى، لېكىن مەيدانغا چۈشكەنلەر بىر-بىرىگە قاراپ كۆز قىسىشىۋالاتتى-دە، بۇرۇنقى پەدىسى بويىچە تارتىۋېرەتتى. سوۋېت ئىتتىپاقى بېسىۋالغاندىن كېيىن، گەرچە سىياسىي ۋەزىيەت ئىنچىل داۋالغۇپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئوغلاق تارتىشىش مۇسابىقىلىرى بۇرۇنقىدەكلا ئۆتكۈزۈلۈپ تۇردى، ئەمما ھەممىلا يەرنى ئۇرۇش ئوتى ۋە ئىس-تۈتەكلەر قاپلاپ كەتكەچكە، نۇرغۇن ئوغلاقچىلار ماھارەت كۆرسىتىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلمىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىنى ھىمايە قىلغان سولچىل كوممۇنىستلار ئافغانىستاندىكى مىللىي ئەنئەنىنىڭ تەگدىن تولىسىنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئوغلاق تارتىشىشقا تېگەلمىدى. ئەكسىچە، ئاۋام پۇقرانىڭ ھىمايىسىگە

ئېرىشىش ئۈچۈن، ھەتتا ئۇغلاق تارتىشىش پائالىيەتلىرىنى ئويۇشتۇرۇپ تۇردى، ئارقا-ئارقىدىن بولۇپ تۇرغان قانلىق سىياسىي ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۇغلاق تارتىشىشنى تاماشا قىلىدىغان سەھنىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن مۇستەبىتلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پەيدا بولغىلى تۇردى. لېكىن شۇنداقتىمۇ، سولچىل كوممۇنىستلار ئافغانىستانلىقلار ئارىسىدىكى ئۇغلاق تارتىشىش ئەنئەنىسىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى. چۈنكى كوللېكتىپلاشتۇرۇش يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئۇغلاقتا يارىغۇدەك ئاتلارنى بېقىش ۋە كۆندۈرۈشكە كېتىدىغان خىراجەت بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى؛ فېرمىرلار*نىڭ يوقۇتۇلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇغلاقتا چۈشەلىگۈدەك ئەزىمەتلەرمۇ، ئۇغلاقتا يارىغۇدەك ئاتلارمۇ قالمىدى.

كېيىن تالىبانلارمۇ "ئىسلام ئەقىدىسىگە مۇخالىپ" دېگەن باھانە بىلەن ئۇغلاق تارتىشىشنى پۈتۈنلەي چەكلىۋەتتى. بۇ يىلقىسى، تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم، كەڭ كۆلەمدە ئويۇشتۇرۇلغان ئۇغلاق تارتىشىش پائالىيىتى ئىدى.

مەنسۇر ئالدىنقى رەتتىن بىر ئورۇن تېپىپ ئولتۇردى، لېكىن ئاتلارنىڭ پۇتىدىن چاچرىغان تاش-شېغىللارنىڭ تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەچكىمۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ كەينىگە داجىپ قوياتتى. ئۇ چېپىپ كېتىۋاتقان ئاتلارنى، مەيداندىكىلەرنىڭ كۆزى تىكىلگەن ھېلىقى موزاينى، يىراقتا تۇرغان پاكىنەك كارزاينى ۋە ئۇغلاقتا ئۇتۇپ چىققان ئابدۇلرەشىد دوستۇمنى... ئىشقىلىپ مەيداندا ئۆزىنى قىزىقتۇرغانلىقى نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى جىق سۈرەتكە تارتىۋالدى. ھەتتا ئۇغلاق تارتىشىش تامام بولغاندىن كېيىن، بايا مەيدانغا چۈشكەن بىر ئۇغلاقچىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ خاتىرە سۈرەتكىمۇ چۈشۈۋالدى.

كۈن تاغ كەينىگە قىڭغايدى، كەچكى شەپەق چاڭ-توزان ئۆرلەپ تۇرغان ئوتلاقنى قىزارتتى. مەنسۇر، ئەكبەر ۋە سەئىدنىڭ ئۈستۈبېشى چاڭ-توزانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇلار سىرتتىكى بىر چايخانىغا كىرىپ، نېپىز سېلىنچىنىڭ ئۈستىدە بىر-بىرىسىگە قارىشىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەن بولسا كېرەك، لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ، داستىخاندىكى ئاق ئاشنى قوي گۆشى ۋە خام پىياز بىلەن قوشۇپ يەپ، ئارقىسىدىن شورپا ئىچتى. ئۇلار تاماق يېگەچ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرى بىلەن ھەمداستىخان بولۇۋاتقان

* فېرمىرلار ـــ زېمىندارلار، فېرما ئىگىلىرى، ـــ تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىر نەچچە ئەر كىشىگە باش لىڭشىتىپ سالام قىلدى، تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، چاي كەلتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن داستىخاندىكىلەرنىڭ پارىڭى باشلاندى.

— كابۇلدىن كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى بىر ئەر كىشى.

مەنسۇر ئۇنىڭغا جاۋابەن باش لىڭشىتتى ۋە ياندۇرۇپ سورىدى:

— سىلەرمۇ تاۋاپ قىلغىلى كەلگەنمۇ؟

مەنسۇرنىڭ بۇ سوئالى ئۇلارنى سەل-پەل تەمتىرىتىپ قويدى.

— بىز شۇ ساياھەت قىلغاچ بۆدۈنە سوقۇشتۇرغىلى كەلگەن، — دېدى چىشلىرى قالمىغان بىر بوۋاي، — ھەيراتتىن كېلىشىمىز، قەندىھار، كابۇلنى ئايلىنىپ ئاخىر بۇ يەرگە كەلدۇق؛ مازارىشەرىف بۆدۈنە سوقۇشتۇرىدىغان بەلەن جاي.

ئۇ خورجۇنىدىن بىر خالتىنى ئاۋايلاپ چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن پەيلىرى يۇرچىلىپ كەتكەن بىر دانە بۆدۈنىنى ئالدى.

— بۇ جانىۋار نۇرغۇن رەقىپلىرىنى يەڭدى، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى بوۋاي، — ماڭا نۇرغۇن پۇل ئۇتۇپ بەردى، ھازىر ئۇ نەچچە مىڭ دوللارغا يارايدۇ.

بوۋاي بۇركۇتنىڭ تىرناقلىرىدەك ئورۇق ۋە ئۇزۇن بارمىقى بىلەن بۆدۈنىنىڭ تۇمشۇقىنى سىيلىدى، بۆدۈنە قاناتلىرىنى مىدىرلىتىپ قويدى. بۆدۈنە بەكمۇ كىچىك بولغاچقا، بوۋاينىڭ يىرىك ئالقانلىرىغا بىرلا كېلەتتى. بۇلار خۇپىيانە قۇش سوقۇشتۇرۇپ پۇل تاپىدىغان قىمارۋازلار ئىدى. بەش يىلدىن بۇيان بۇ جاھانكەزدىلەر تالىبانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، قېچىپ-مۆكۈپ كۈن ئالغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار قۇش سوقۇشتۇرۇشتا ھازىرغىچە يېڭىلىپ باقمىدى، ئاشۇ كىچىككىنە بۆدۈنە ئۇلارنى نۇسرەت شاتلىقىدا كۈلدۈرۈپلا كەلدى. مانا ھازىر ئىككى بۆدۈننى سوقۇشقا سېلىپ قويۇپ، بىر بۆدۈنە يەنە بىرىنى تاكى چوقۇلاپ ئۆلتۈرۈۋەتكىچە ئارامخۇدا تاماشا قىلىدىغان ئەركىن زامانلار كەلگەنىدى.

— ئەتە ئەتىگەن سائەت يەتتىدە مۇشۇ يەرگە كېلىپ، بۇ جانىۋارنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دېدى ھېلىقى بوۋاي. ئۇلار قايتىدىغان ۋاقىتتا مەنسۇرغا ئازراق نەشە تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئەڭ نوچىسى، — دېدى نەشە بەرگەن ھېلىقى ئادەم، — نەق ھېراتنىڭ.

١ مەنسۇر، ئەكبەر ۋە سەئىد ئۇچەيلەن سارايغا قايتىپ بېرىپلا، ھېلىقى

نەشىدىن ئازراق چېكىپ باقتى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھايال ئۆتمەيلا، كارىۋىتىغا پوك-پوك چۈشۈپ كالىماشتەك ئۇخلاپ كەتتى.

مەنسۇر، مەزىنىڭ ئەتىسى پېشىنگە توۋلىغان ئەزىنىدىن تەستە ئويغاندى. مەسچىتنىڭ ھويلىسىمۇ ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەندى. كۆڭگە جۈمە ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالغان مەنسۇر سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى: "ئاپلا، غەپلەت بېسىپتۇ ئەمەسمۇ، جۈمەنى قازا قىلغىنىمدىن ئۆلگىنىم تۈزۈك! ۋاي خۇدايىمەي، شالۋارقامىزنى ئۇنتۇپتىمەن، تېخى! كاستۇم-بۇرۇلكا بىلەن جۈمە نامىزىغا كىرسە قاملاشمايدۇ-دە." مەنسۇر تىنىلداپ كېتىۋاتاتتى. نامازدا كىيگۈدەك كىيىم ساتىدىغان ماگىزىن بارمىدۇ؟ قېرىشقاندەك ماگىزىنلارنىڭ ھەممىسى جۈمە ۋاقتىدا تاقىلاتتى. تاقىتى تاق بولغان مەنسۇرنىڭ ئۇستىۋېشىنى تەر باسقىلى تۇردى.

— كىيىمىڭ پاكىزلا بولسا بولدى ئەمەسمۇ، ناماز دېگەننى قانداقلا كىيىم بىلەن ئوقۇسا قوبۇل بولىۋېرىدۇ، — دېدى تاتلىق ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئاچالماي قىلىۋاتقان ئەكبەر مەنسۇرنى تېزراق چىقىرىۋېتىش كويىدا.

— بويۇمنى سۇغا سېلىشىم كېرەك ئىدى، — دېدى مەنسۇر، — لېكىن بۇ شورىقۇرىغۇر سارايىڭ سۈيى توختاپ قاپتۇ، — يېنىدا لالە بولمىغاچقا، دەردىنى كىمدىن ئېلىشنى بىلەلمەي تىترەپ كېتىۋاتقان مەنسۇر ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇراۋاتاتتى، — بويىنى سۇغا سالماي قانداقمۇ جۈمە نامىزى ئوقۇغىلى بولىدۇ؟ ئاپلا، ئۆلگۈرەلمەيدىغان بولدۇم-دە!

— مەسچىتنىڭ يېنىدا سۇ بار، — دېدى ئۇيقۇسىنى ھارام قىلغان مەنسۇرنى ياتاقتىن تېزراق چىقىرىۋېتەلمەي چىشى قېرىشىپ كېتىۋاتقان ئەكبەر.

مەنسۇر يولدا كىيىپ كەلگەن مەينەت كىيىملىرى بىلەنلا تالاغا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە غۇدۇرايتتى: "تاۋابقا كەلگەن تۇرۇقلۇق شالۋارقامىز بىلەن تەقىيىنى ئۇنتۇپ قالغان بارمۇ، ئەمدى؟ ھەي، ئېسىم قۇرىسۇن، مېنىڭ!" ئۇ نامازغا كېچىكىپ قالماي دەپ، مەسچىتكە قاراپ ئوقتەك يۈگۈردى. مەسچىتنىڭ دەرۋازىسىدا بىر تىلەمچى كۈپتەك ئىششىپ كەتكەن ئەمما قان دىدارى يوق ناكا پۇتىنى يولغا توغرا قويۇپلا ئولتۇراتتى. مەنسۇر ئۇدۇل كېلىپلا بۇ تىلەمچىنىڭ بېشىدىكى دوپپىسىنى كاپپىدە ئالدى.

— نامازدىن چىققاندا بېرىۋېتىمەن، — دېدى مەنسۇر ئىچىگە سارغۇچ قوڭۇر رەختتىن تەرلىك قويۇلغان كۆلرەڭ دوپپىنى ئالدىراپ بېشىغا كىيگەچ.

مەنسۇر كەشىنى بوسۇغىغا سېلىپ قويۇپ ئېچىگە مەرمەر ياتقۇزۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سەراپقا يالاڭ ئاياغ كىردى، مەرمەرگە ئادەتتە كۆرمىگەنلىكتىن نامازخان يالاڭ ئاياغ دەسسەيدىغان بولغاچقا، يەردىكى مەرمەرنىڭ يۈزى ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى، مەنسۇر غۇسۇل-تاھارەت ئېلىپ، ھېلىقى دوپپىنى قايتا كىيدى-دە قىبلىگە قاراپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدى، مەنسۇرنىڭ تەلىيىگە ناماز تېخى باشلانماپتۇ، مەنسۇر ئالدىدىكى نامازخانلارغا يەر تېگىدىن قاراپ باقتى، ئۇنىڭدىن بۇرۇن كىرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلار جەمئىي ئون رەت بولۇپ، ھەر بىر رەتتە ئاز دېگەندە 100 دىن ئادەم باردەك قىلاتتى، لېكىن مەسچىتنىڭ ئىچى ناھايىتى كەڭرى بولغاچقا شۇنچىۋالا جىق نامازخان لەيلەپلا قالغاندى، مەنسۇر دەسلەپتە ئارقىدىراق ئولتۇردى؛ ئاندىن بارا-بارا سۈرۈلۈپ بېرىپ، ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغانلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇۋالدى، نامازخانلار ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقاچقا ھەش-پەش دېگۈچە يەنە بىر نەچچە رەت قوشۇلدى، نامازمۇ باشلاندى، جۈمەنى شالۋارقامىز بىلەن ئەمەس، كاستۇم بىلەن تۇرۇپ ئوقۇغانلىقىدىن مەنسۇرنىڭ بەكمۇ كۆڭلى بېرىم بولدى، لېكىن ئۇ پېشىننىڭ سۈننىتىنى قوشقاندا جەمئىي 16 رەكەت نامازنى پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئوقۇدى،

مەسچىتنى ئايلاندۇرۇپ سوقۇلغان قورۇق تامنىڭ سىرتىدا، ئىگە-چاقىسىز قالغان ئاغرىق-سىلاقلار ئاللاھتىن شىپالىق تىلەپ ئولتۇراتتى، باشقىلارغا كېسەل يۇقۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنداق ئاغرىق-سىلاقلارنىڭ ئادەتتە قورۇق تامنىڭ ئىچىگە كىرىشىگە يول قويۇلمايتتى، سىل كېسىلى بىلەن ئورۇقلاپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، چىرايلىرى تامدەك تاتىراڭغۇ بىر تىلەمچى بوۋاي ھەزرىتى ئەلىدىن مەدەت تىلەپ تەلقىن ئوقۇۋاتاتتى، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئېلىشىپ قالغانلارمۇ بولسا كېرەك، ئون ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا ھەدەپ چاۋاك چېلىۋاتاتتى، يېنىدا ئولتۇرغان ئاكىسى ئۇنى تىنچلاندۇرۇپ بولالماي ئاۋارە ئىدى، توغۇلۇپ ھازىرغىچە بۇنداق ئېغىر كېسەللەرنى كۆرۈپ باقمىغان مەنسۇرغا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھالاكەت ۋە ئۆلۈمنىڭ ھىدى كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى، دېمىسىمۇ، ئادەتتە كېسىلى ئېغىرلىشىپ بۈگۈن-ئەتىلىكلا قالغان ئاغرىق-سىلاقلارنىڭلا ئاشۇ تامنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ھەزرىتى ئەلىدىن شىپالىق تىلىۋېلىشىغا يول قويۇلاتتى، ھاياتلىقنىڭ بارلىق ئۈمىدىنى ئاشۇ قەبرىگە باغلىغان بۇ بايقۇشلار، قەبرىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، غۇژمەكلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇلار كۆك نەقىشلىك تامغا قانچە يېقىن يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالسا، يۈرىكىدىكى ئۈمىد شامىمۇ شۇنچە روشەن ياناتتى،

پۈتكۈل ئۇستىۋېشىنى قىپقىزىل تارتۇق بېسىپ كەتكەن، قارا كۆزلۈك بىر ئوغۇل بالا مەنسۇرنىڭ دىققىتىنى تارتتى. ئۇنىڭ ياداپ تېرىسى سۆڭىكىگە چاپلىشىپ كەتكەن پۇت-قوللىرىغا تەمرەتكىنىڭ دەستىدىن قارىغىلى بولمايتتى. ئۇ، پۇت-قوللىرىدىكى تەمرەتكىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتكەنىدى. لېكىن ئۇنىڭ ھەم نېپىز، ھەم چىرايلىق لەۋلىرى ئەتىيازدا يېڭىلا ئېچىلغان ئۆرۈك چېچىكىنىڭ يۇمران بەرگىگە ئوخشاپ كېتەتتى.

— ئىككى ھەپتىلىكلا كۈنى قاپتۇ-دە بۇ بايقۇشنىڭ، — دەپ ئويلىدى بالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ تەنلىرى شۈركۈنۈپ كەتكەن مەنسۇر. ئۇ ئاغرىق-سىلاق ئاياللار بىلەن بالىلار غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغان تەرەپكە قارىدى. كۆكۈش پۈركەنجە كىيگەن ئاياللار بالىسىنى بەزلەۋاتاتتى. ئاياللاردىن بىرەيلەن بالىسىنى بەزلەپ بولالماي، ئۆزى ھېرىپ ئۇيقۇغا كېتىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ قۇچىقىدىكى موڭغۇل چىراي بالىسى، گويا كۆك يوپۇقلۇق ھەيكەلگە ئوخشاپ كەتكەن ئانىسىغا قاراپ، بىر نېمىلەرنى دېمەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللەۋاتاتتى. بۇ جاپاكەش ئانا ئاشۇ يۈرەك پارىسىنىڭ كېسىلى شىپا تېپىپ قالارمىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئۇزۇن يوللارنى يالاڭ ئاياغ بېسىپ كەلگىنىچە ھېرىپ ھالىدىن كەتكەندۇ، ئېھتىمال! دۇرۇس، ئاشۇ نارەسىدىنىڭ كېسىلىگە ھېچقانداق تېۋىپ داۋا تاپالمىدى، خۇدا بۇيرىسا ئۇنىڭ داۋاسىنى ھەزرىتى ئەلى ئۆزى قىلغاي!

يەنە بىر ئوغۇل بالا بېشىنى بىر خىل رىتىمدا شاپىلاقلاپ ئولتۇراتتى. بۇ ئەما ياكى توكۇر ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ئىككى ئالەملىك غەم-قايغۇغا چۆكۈپ كەتكەن، بەزىلىرى خورەكنى دۆڭ تارتىپ ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ئىشقىلىپ كۆپىنچىسىنىڭ قۇچىقىدا بالىسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيالىقتىكى بىردىن-بىر ئۈمىدى ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۆجىزىسىدە ئىدى.

كۆك مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى بۇ ئاغرىق-سىلاقلارنى كۆرگەن مەنسۇرنىڭ تەنلىرى جۇغۇلداپ كەتتى. بۇنىڭدىن ۋۇجۇدى لەرزىگە كەلگەن مەنسۇر ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: “ئى، قۇدرىتىڭ ئۇلۇغ ئاللاھ! مۇشۇ كارامەتلىرىڭ ئارقىلىق بەرگەن ئىبرەتلىرىڭنىڭ خاسىيتى بىلەن تېخىمۇ ئىخلاسمەن. تەقۋادار مۇسۇلمان بولىمەن؛ بەش ۋاخ نامازنى ھەرگىز قازا قىلمايمەن، سەدىقە بېرىمەن، روزا تۇتىمەن؛ ھالال نىكاھلىق بولمىغۇچە ئايال زاتىغا كۆز قىرىمنى سالمايمەن؛ ساقال قويىمەن، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىمەن!”

نامازنى تۈگىتىپ چىققان مەنسۇر، گويا يەلكىسىدىكى ئېغىر تاغنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپلا قالدى، تۇيۇقسىز يامغۇر ياغقىلى تۇردى-يۇ، لېكىن ھاۋا يەنىلا ئوچۇق ئىدى. مۇقەددەس ئىمارەت بىلەن پارقىراق تۇغ خادىسى كۈن نۇرىدا يالتىراپ تۇراتتى. ئۇيۇقتا پەيدا بولۇپ، پەلەك گۈمبىزىگە مىنگەشكەن ھەسەن-ھۈسەن، زەڭگەر ئاسمانغا بۆلەكچىلا ھۆسۈن قوشتى. مەنسۇر يۈگۈرۈپ چىقىپ كەشنى كىيدى ۋە ھېلىقى تىلەمچىگە دوپپىسىنى قايتۇرۇپ بەرگەچ ئازراق سەدىقە بەردى. ئاندىن مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدانغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۆز-ئۆزىگە توۋلىغىلى تۇردى: ”مەن گۇناھلىرىمنى يۇيدۇم! ئارزۇيۇمغا يەتتىم!“

*ئېقىن ئېيتتى: ناپاك بەندە ئۆزۈڭنى مەن تامان ئاتقىن،*
*ناپاك بەندە دىدى: يوقسۇ، نومۇستىن ئۆلتۈرەي دەمسەن؟*
*ئېقىن ئېيتتى: سېنى پاكلاش ئەزەلدىنلا ماڭا خاستۇر،*
*زۇلال قوينۇمغا كىرمەستىن، نىجاسەتتەك يۈرەي دەمسەن؟*

## ئون ئۈچىنچى باب

# ناتونۇش قۇياش

جۇپ-جۇپ قوللار ئىسسىق سۇغا چىلىنىپ ھور ئۆرلەپ تۇرغان بەدەنلەرنى تېز ھەم رىتىملىق سۇرتەتتى، تورۇستىكى ئىككى تۆگىلۆكتىن كىرگەن كۈن نۇرى مۇنچىدىكىلەرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە چۈشۈپ تۇراتتى، دەسلەپتە كىرگەن چېغىڭىزدا مۇنچىنىڭ ئىچى بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنىدۇ، لېكىن ھەممىلا يېرىنى ھور قاپلاپ تۇرغان مۇنچىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىچىدە زادى قانداق كارامەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئاندىن كۆرەلەيسىز.

مۇنچا ئىككى ئېغىز بولۇپ، ئاياللار يۇيۇنىۋاتاتتى، ئۇلاردىن بەزىلىرى ئۆرە تۇراتتى، بەزىلىرى ئولتۇراتتى، يەنە بەزىلىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى؛ بەزى ئاياللار ھەدەپ بەدىنىنى سۇرتۇۋاتاتتى، بەزىلىرى بىر-بىرىنىڭ دۈمبىسىنى سۇرتۇپ قويۇۋاتاتتى، بەزىلىرى باللىرىنى يۇيۇۋاتاتتى، ئاياللارنىڭ بەزىلىرى ھەقىقەتەن تولغان بولۇپ، بەئەينى رۇبېنسنىڭ* ئەسەرلىرىدىكى سېمىز ئاياللارغا ئوخشايتتى؛ لېكىن بەزىلىرى قوۋۇرغىلىرىنى سانىۋالغۇدەك ئاۋاق ئىدى، ئۇلار دۈمبە، بىلەك ۋە پاچاقلىرىنى ئۆزلىرى تىكىۋالغان كاناپ پەلەي بىلەن، تاپىندىكى قاسراق تېرىنى كۆنەك تاش بىلەن سۇرتۇۋاتاتتى، ئانىلار بويىغا يېتىپ قالغان قىزلىرىنى يۇغاچ، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە ئېتىخار بىلەن سەپ سالاتتى، دۇرۇس، ئالمىدەك چىرايلىق كۆكسى ئەمدىلەتىن بۆرتۈپ چىققان بۇ تۇمۇچۇقتەك قىزلار ئاز كۈندىن كېيىنلا بالا ئېمىتىدىغان ئانىلارغا ئايلىنىدۇ، ھەتتا ئەمدىلا ئون نەچچە ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بەزىبىر ۋىجىك قىزلارغا ھامىلدارلىق قورۇقلىرى چۈشۈشكە باشلىغانىدى، بۇ يەردىكى ئايال زاتى بەك بالدۇر پەرزەنت كۆرىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئىشقىلىپ ھەممىسىنىڭلا قورساقلىرى ساڭگىلاپ قورۇق چۈشۈپ كەتكەنىدى.

---

* پاتېر پائۇل رۇبېنس (1577 ــ 1640) ياۋروپادا ئۆتكەن داڭلىق رەسسام، — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



باللار قىقاس- چۇقانلىرى بىلەن مۈنچىنىڭ ئىچىنى بىر ئالغانىدى، ئانىسى يۇيۇۋاتقان ياكى دۈمبىسىنى سۈرتۈپ قويۇۋاتقان باللارنىڭ بەزىلىرى ئالدىدىكى داسنى غېمىدە يوق ئوينىاپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى دۈمبىسى ئاغرىپ كەتكەچكىمۇ، خۇددى توردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جان تالىشىۋاتقان بېلىقتەك سىلكىنىپ تۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى، ئۇستىۋېشىغا سوپۇن سۈرۈلگەن بەزى باللار، كۆزىگە ماغزاپ كىرىپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئانىسىنىڭ دېگىنى بويىچە مىدىر-سىدىر قىلماي جىم ئولتۇراتتى، ئانىلار قولىغا كىيىۋالغان كاناپ پەلەي بىلەن، باللىرىنىڭ قاپقارا كىر بېسىپ كەتكەن ئۇچىسىنى تاكى قاسماقلار تۈگەپ، قىزىرىپ كەتكىچە كۆچەپ سۈرتەتتى. باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئانىسىنىڭ زورى بىلەن مۈنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇش، ناھايىتى ئازابلىق ئىش ئىدى.

لالە ھەدەپ ئۆزىنىڭ بەدىنىنى سۈرتىۋاتاتتى. لالەنىڭ بەدىنىدىن تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان كىر ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قولىدىكى كاناپ پەلەيگە چاپلىشىپ، ئاندىن يەرگە چۈشەتتى. ئۇ بىر نەچچە ھەپتىدە بىر قېتىم بوينى سۇغا سالاتتى؛ بىر نەچچە ئايدا بىر قېتىم يۇيۇناتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە سۇ ئۈنچىۋالا ئەلۋەك ئەمەس ئىدى.

لالە مۈنچىغا ئانىسى ۋە نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن بىرگە كەلدى. لالە ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرى تېخى تالالىق قىلىنمىغان قىزلار بولغاچقا، نومۇس كۆچىدىن، مۈنچىغا ئىچ كىيىمى بىلەنلا چۈشتى. لېكىن بىلەك، يوتا، پاچاق، دۈمبە ۋە بويۇنلىرىنى قايتا-قايتا قىرىپ يۇيۇۋاتاتتى؛ ئۇلار بەدىنىنى قانچىكى كۆچەپ قىرىپ يۇيغانسېرى، پۈتۈن ئەزايى يېنىكلەپ قالغاندەك، كۆڭلى ئېچىلىپ كېتىۋاتاتتى.

يېشى 70 لەرگە تاقاپ قالغان بىبىگۈل ۋاننىغا قىپيالىڭاچ چىلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئادەتتە سۇس زەڭگەر رومالىنىڭ ئىچىگە ئوراپ تۈگۈۋالىدىغان ئۇزۇن ئاق چاچلىرى، دولىسىنى بېسىپ يېيىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۈگۈنكىدەك ۋاننىغا چىلىنىپ يېتىپ باقمىغىنىغا ئۇزۇن زامانلار بولغانىدى. ھور ئۆرلەپ تۇرغان ئىسسىق سۇدىن تەن-تېنى يايراپ كەتكەن بىبىگۈل كۆزلىرىنى يۇمدى. بىبىگۈل لالە ۋاننىنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويغان لۆڭگە بىلەن بەدىنىنى سۈرتۈپ باقماقچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭ قورسىقى باداڭدەك سېمىز، بىلەكلىرى دىقماق بولغاچقا ئەپلەشتۈرەلمەي، لۆڭگىنى تاشلاپ قويۇپ، سۇغا چىلىنىپ جىم ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى كۆكۈش ھەيكەلگە ئوخشاپ كېتەتتى.

لالە نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرىنىڭ ئارىسىدا خاتىرجەم يۇيۇنىۋاتقاندەك

كۆرۈنگىنى بىلەن، تويۇقسىز بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالارمۇ دېگەن ئەندىشىدە بولغاچقا، بىر كۆزى ئانىسىدا ئىدى. لالە بۇ يىل ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگىنى بىلەن تەقى-تۇرقى ئۇنىڭدىن چوڭ كۆرۈنەتتى. دېمىسىمۇ، ئافغانىستانلىقلارنىڭ ئۆلچىمى بويىچە بولغاندا، بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سېمىز ئىدى. بۇ ئېھتىمال ئۇلارنىڭ پوشكال، داغلىما ياڭيو ۋە قوي مېيىنى كۆپ يەيدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك. لالە ئەتىگەندىن كەچكىچە كۈن كۆرمەي ئۆي ئىشى قىلىدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ، ئۇنىڭ تېرىسى، يۈزى ئاق دېسە ئاق ئەمەس، سېرىق دېسە سېرىق ئەمەس، ئىشقىلىپ بىر خىل بەترەڭ ئىدى. قوللىرى بولسا مومايلارنىڭكىدەك قوپال ۋە يىرىك ئىدى. ئارىلىقتا بىر مەزگىل بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەچكە بېشى قىيپىلا يۈردى. كېيىن تېۋىپقا كۆرۈنۈپ بېقىۋىدى، تېۋىپ "ئۇزۇن مۇددەت كۈن كۆرمىگەچكە، بەدەنىدىكى ۋىتامىنD كېمىيىپ كېتىپتۇ" دەپ دىئاگنوز قويدى.

لېكىن كابۇل دۇنيا بويىچە كۈن نۇرى ئەڭ تولۇق چۈشىدىغان شەھەرلەرنىڭ بىرى. بۇ شەھەر دېڭىز يۈزىدىن 1800 مېتىر ئېگىزلىككە جايلاشقان بولغاچقا، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى كۈن ئوچۇق بولىدۇ. كۈن نۇرى بەك كۈچلۈك بولغاچقا يەرلەر چاك-چاك يېرىلىپ كېتىدۇ، چىلاپ ئوسا قىلىنغان باغلار بىردەمدىلا قۇرۇپ كېتىدۇ؛ ھەتتا بالىلارنىڭ يۈزلىرىمۇ كۆيۈپ، بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان ئۇنداق كۈن نۇرى، لالەگە ھەرگىز نېسىپ بولمايدۇ. چۈنكى كۈن نۇرى ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ سۇلتاننىڭ ئۆيىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى بىلەن پۈركەنجىنىڭ ئىچىگە كىرەلمەيدۇ-دە! شۇڭا لالە پەقەت ھەدىسى مەريەمنىڭ ئۆيىگە بارغان چاغلىرىدىلا، ئىللىق كۈن نۇرىغا بىردەم-يېرىمدەم قاقلىنىۋالىدۇ. چۈنكى مەريەمنىڭ سەھرادىكى ئۆيىنىڭ يوغان ئارقا ھويلىسى بار ئىدى. ئەمما، لالەنىڭ ئۇ يەرگە بېرىش پۇرسىتى يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى.

لالە ئادەتتە ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ، ھەممىدىن كېيىن ياتاتتى. باشقىلار تېخى خورەكنى دۈك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئالدى بىلەن مېھمانخانىدىكى مەشكە، ئاندىن مۇنچىنىڭ مېشىگە ئوت قالىۋېتىپ؛ ناشتىلىق تەييارلىغاچ ئۇخلاۋاتقانلار ئۈچۈن تاھارەتكە سۇ ئىسسىتاتتى؛ كابۇلدا ئاسانلا سۇ توختاپ قالىدىغان بولغاچقا، لالە تۇرۇبىدىكى سۇ بىلەن ئۆيدىكى قاچا-قۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى تولدۇراتتى. ئاندىن چاي دەملەيتتى. كابۇلنىڭ توكى بۇنداق چاغدا كەلمەيدىغان بولغاچقا، لالە ئۇنداق ئىشلارنى قاراڭغۇدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەنىدى. بىراق لالە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ ئۆيدىكى ئەرلەر بامدات نامىزىغا قوپقىچە تۈگەتمىسە، تىل-ئاھانەتكە قالاتتى.

ئەكبەر ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرىدىغان چاغدا ۋارقىراپ-جارقىراپ ھەممىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇراتتى. ئۇ كۆرپىدە تۈگۈلۈپ يېتىۋېلىپ قوپقىلى ئۇنىمايتتى. كىتابخانىدا 12 سائەت ئولتۇرۇش ئېغىر كەلگەن بۇ 14 ياشلىق يىگىت، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى يالغاندىن ئاغرىۋالاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا ھېچكىم پەرۋا قىلمايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىلاجىسىز ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى-يۇ، ئەتىسى يەنە شۇنداق قىلاتتى.

— ھەي، مىس-مىس خوتۇن، قارىغىنا! پايپىقىم يىرتىلىپ كېتىپتۇ! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ پايپىقىنى لالەگە قارىتىپ ئېتىپ. ئەكبەر مەكتەپتە ئوقۇيالمىغىنىغا خاپا بولۇپ، ئۆيدىكى ھەممەيلەندىن ئاچچىقىنى چىقىراتتى.

— لالە، سۇنى سوغۇق تەگشەپ قويۇپسەن!

— لالە، كىيىملىرىم بىلەن پايپىقىمنى نەگە قويدۇڭ؟

— لالە، چاي!

— لالە، ئايىغىمنى سۈرتۈۋەتكىن!

— لالە، قوپۇشۇڭ ئەمدىما، نېمانچە مىسىلدايسەن؟ ...

...

ئىشىكلەر جالاق-جۇلۇق ئېچىلىپ يېپىلاتتى-دە، ھۇجرا دەمدۇ، دەھلىز دەمدۇ، مۇنچا دەمدۇ ئىشقىلىپ ھەممىلا يەرنى سۇلتاننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ ۋارقىراش-جارقىراشلىرى بىر ئالاتتى. سۇلتان ئادەتتە توقلى سانىيە بىلەن بىللە ھۇجرىسىدا ناشتا قىلاتتى. سانىيە پەقەت ئېرىنىڭ ھالىدىنلا خەۋەر ئالاتتى. ۋاننىغا سۇ تولدۇرۇش، كىيىم-كېچەكلەرنى رەتلەش، چاي دەملەش، تۇخۇم پىشۇرۇش، نان يېقىش، ئاياغ سۈرتۈش ....، ئىشقىلىپ قالغان ئېغىر-يېنىك ئىشنىڭ ھەممىسى لالەنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. ئۆيدىكى بەش ئەر كىشى بولسا تالانىڭ ئادىمى ئىدى.

لالە ھەر كۈنى جىيەنلىرى مەنسۇر، ئەكبەر ۋە ئامىرلارنى لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ، جابدۇپ يولغا سېلىشقا مەجبۇر ئىدى. لېكىن ئۇلار لالەگە ياردەملىشىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ”رەھمەت“ دەپ قويۇشنىمۇ بىلمەيتتى. يېشى لالەدىن بەكمۇ چوڭ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ئۈچ ئوغۇل بالا، ھەر قېتىم ئۇنىڭ بېشىنى ئوچاق ئېتىۋەتكەن چاغلاردا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان لالە ئۇلارنى

ئىچىدە: "ۋۇي، ئېشەكلەر!" دەپ تىللاپ كېتەتتى.

— ئۆيدە سۇت تۈگىگەنمىدا، چىقىپ ئەكىرسەڭ بولمامدۇ؟ — دەپ تەئەددى قىلاتتى مەنسۇر، — نانقېپى بىر نېمىكەنسەن! بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلگەن لالە غۇدۇراپ قالغىدەك بولسا، مەنسۇرنىڭ ئاغزى تېخىمۇ ئېچىلغىلى تۇراتتى:

— ئاغزىڭنى يۇم، قانجۇق! بۇ يەردە نېمە بار ساڭا؟ بىلىپ قوي، بۇ دېگەن مېنىڭ ئۆيۈم!

بۇ ئۆينىڭ سۇلتان، سۇلتاننىڭ ئىككى خوتۇنى ۋە باللىرىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكىنى لالە بىلەتتى. شۇنداق، لالە، بوبۇرا، بىبىگۈل ۋە يۇنۇسلارنىڭ بۇ ئۆيدە تىلى قىسقا ئىدى. لېكىن ئۇ يەرىش ئايرىش دېگەن سەت ئىش تۇرسا، ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيدىن كۆچۈپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئۆيگە ئۇلاردەك بولۇپمۇ لالەدەك چاكار لازىم-دە!

بۇ ئىشلاردىن كۆڭلى بۇزۇلغان لالە گاھىدا ئۆزىچە ئويلاپ كېتەتتى "تۇغۇلۇشىم بىلەنلا ئاكامنى بېرىۋەتكەندەك مېنىمۇ بىرلىرىگە بېرىۋەتكەن بولسىچۇ كاشكى. ئېسىت! شۇنداق بولغان بولسا، كىچىكىمدىن تارتىپلا كومپيۇتېر ئۆگىنىپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغان بولار ئىدىم؛ ھازىرقىدەك خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى خەقنىڭ مالايلىقىنى قىلىدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپ، باشقىلاردەك چىرايلىق كىيىنىپ يۈرەلەيتتىم." لالە ئانىسىغا بەك ئامراق ئىدى، بىبىگۈلنىڭ لالەدىن باشقا "ۋاي، ئانا ھالىڭ نېچۈك؟" دەيدىغان ئادىمىمۇ يوق ئىدى. بولۇپمۇ بۇ قېرى ئانا بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمايۋاتقانلىقىدىن لالەنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم ئىدى، دېمىسىمۇ، ھەتتا ھەر قېتىملىق غىزادىنمۇ بىبىگۈلنىڭ نېسىۋىسى ھەممىنىڭ ئارقىسىدا چىقاتتى.

قاق سەھەردە تۇرۇۋېلىپ پوسۇرلاشقا باشلىغان لالە، سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى ئىشكتىن چىققاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۇھ دەپ، ئولتۇرۇپ ناشتا قىلىۋېلىپ، ئۆي تازىلاشنى باشلايتتى. ئۇ قولىغا كونا سۈپۈرگىنى ئېلىۋېلىپ، ئېڭىشىپ يۈرۈپ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ بىر سۈپۈرۈپ چىقاتتى. بۇنىڭ بىلەن يەردىن كۆتۈرۈلگەن بوغۇناق، ئۆيلەرنىڭ تورۇسىنى بويلاپ بىردەم لەيلىگەندىن كېيىن، يەنە يەرگە ئۆچۈپ چۈشەتتى. بۇ ئۆيلەردىكى قاتتىق توپا يۇرىقى ئەزەلدىن يىتىپ باقمىدى. شۇڭا ئۆيدىكى قاتتىق چاڭ-توزان ۋە بوغۇناق لالەنى سوغدىشىپلا يۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستۈبېشى ھەتتا ئۆي-خىيالىمۇ چاڭ-توپىدىن نېرى بولالمايتتى. لالە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئۆيلەرنى بىر قۇر سۈپۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئەخلەتلەرنى يىغىپ ئېلىپ ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايتتى. شۇنداق قىلىپ لالە ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى كۈندە نەچچە قېتىم ئاشۇنداق سۈپۈرۈپ چىقاتتى. لېكىن ئۆيلەرنى ھەش-پەش دېگۈچە يەنە چاڭ-توزان ۋە ئەخلەت باسقىلى تۇراتتى.

مانا ھازىر لالە بەدىنىدىكى ئاشۇ چاڭ-توزانلاردىن بولغان توگرىلارنى يۇيۇپ تازىلاۋاتاتتى؛ ئۇنىڭ ھاياتىغا چاپلىشىپ ئورناپ كەتكەن ئاشۇ توگرىلار، كاناپ پەلەيىنىڭ زورى بىلەن تەستە تۇرۇلۇپ چىقىپ يەرگە چۈشمەكتە ئىدى.

— ئۆزۈمنىڭ بىرلا ئېغىز ئۆيۈم بولغان بولسىمچۇ، — دەپ قوياتتى لالە نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرىغا، — كۈنىگە بىر قېتىم تازىلاپ قويسامmۇ پاكىز تۇرار ئىدى. ئۇ مەزلۇملارنىڭ كۆرۈۋاتقان كۈنىمۇ، لالەنىڭكىگە ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنىڭمۇ لالەگە ھېسداشلىق قىلغۇسى كېلەتتى.

لالە ئىچ كىيىملىرىنى يۇيۇۋېلىش ئۈچۈن مۇنچىغا ئالغاچ كەلگەنىدى. سۇلتاننىڭ ئۆيىدىكى كىر-قاتلار ئادەتتە ھاۋا تۇتۇق كۈنلىرى يۇيۇلاتتى. لالە يۇيۇنىدىغان ئۆيدىكى ئەۋرەزگە يېقىن يەرگە ئورۇنىدۇقتىن بىرنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ، بىر ئولتۇرۇشىدا نەچچە داس كىرنى بىراق يۇياتتى. بۇ ئۆيدە ھەممەيلەننىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدىن تارتىپ كارىۋات كىرلىكى، ئەدىيال، لۆڭگە دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى لالە ئۆزى يالغۇز يۇياتتى. يۇيۇپ بولغان كىرلارنى ئاچىقىپ يېيىشتىن بۇرۇن چوقۇم چىلەك سىقىش كېرەك ئىدى. بولۇپمۇ قىش كۈنلىرى سۇغا كىرگەن ھامان قېتىۋالىدىغان چوڭ كىرلەرنى سىقىش ناھايىتىمۇ تەس ئىش ئىدى. ھويلىدا كىر يېيىشقا تارتىپ قويۇلغان تانا بار ئىدى. لېكىن يېيىلغان كىر-قاتلارغا كۆز تىكىپ تۇرىدىغان ئوغرى-يالغان بولغاچقا، لالە ئادەتتە كىرلار قۇرۇپ بولغىچە تالادا مىدىرلىماي تۇرۇپ قارايدىغان بىرەر بالا بولمىسا، كىرلارنى ھەرگىزمۇ ئۇ يەرگە يايمايتتى. يۇيۇلغان كىيىملەر قۇرۇغاندىن كېيىن، لالە ئۇلارنى ئەكىرىپ قاتلاپ پېشايۋاندىكى ساندۇققا سالاتتى. بىر نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى پېشايۋايدە بىر تاغار ياڭيۇ، بىر سېۋەت پىياز، بىر دۆۋە سامساق، بىر خالتا گۈرۈچ، كونا ئاياغ ۋە كىيىم-كېچەك دېگەندەك نەرسىلەر ھەتتا "لازىم بولۇپ قالار" دەپ تاشلىۋېتىشكە كۆزى قىيماي قويۇپ قويغان ئەسكى-تۈسكىلەرمۇ بار ئىدى.

لالە ئۆي تازىلايدىغان چاغلاردا ئۈچىسىغا ئادەتتە پەش ۋە يېڭىنىڭ ئۇچى قىرچىلىپ كەتكەن كونا پوپايكا ياكى ئەسلي رەڭگىنى بىلگىلى بولمىغىدەك دەرىجىدە كىرلىشىپ كەتكەن ئەسكى كۆينەكنى، پۇتىغا پاشنىسى ئۈپراپ كەتكەن





سەندەلنى كىيىپ، بېشىغا رومالنى چىڭ ئوراپ چىگىۋالاتتى؛ ئۇ ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىدىكى توپىلارنى سېپى بار سۈرتكۈچتە سۈرتكەن چاغلاردا قۇلىقىدىكى ھالقا بىلەن بىلىكىدىكى بىلەزۈكلىرى ۋال-ۋۇل يالتىراپ تۇراتتى.

— لالە!

ناھايىتى ئاجىز بىر ئاۋاز باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى، ئاياللارنىڭ كۈلكىلىرى ۋە سۇنىڭ شارقىراشلىرى ئىچىدە گويا يەرنىڭ تېگىدىن چىقىۋاتقاندەك ئاڭلاندى.

— ھوي، لالە، قېنى سەن؟

بىبىگۈل ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى يىرتىپ ئېچىپ، لالەنى ئىزدەشتۈرگىلى تۇردى. ئاڭغىچە لالەمۇ داستىكى كاناپ پەلەي، سوپۇن ۋە چاچ سوپۇنىنى كۆتۈرۈپ، قىپيالىڭاچ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئوڭدا ياتسىلا ئانا، — دېدى لالە. بىبىگۈل لالەنىڭ بۇ گېپىدىن سەل-پەل ئوڭايسىزلىنىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە قىلدى. لالە ئانىسىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلىغىلى تۇردى. لېكىن بىبىگۈلنى كۈلكە قىستاپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ئاچقۇچتەك ئورۇق بىر قىزنىڭ ئۆزىدىن 50 ياشتەك چوڭ سېمىز ئانىسىنىڭ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەمنىڭ راستىنلا كۈلگىسى كېلەتتى. باشقا ئاياللارمۇ بۇ ئىككىسىنىڭ ئەپتىگە قاراپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بەك سەمرىپ كېتىپلا ئانا، بۇنداق سېمىزلىك ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، — دېدى لالە بىبىگۈلنىڭ بەدىنىنى ئۇۋۇلىغاچ. بىردەمدىن كېيىن لالە ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرى ئولاش-چولاش كېلىپ، ئوڭدا ياتقان بىبىگۈلنى ئاستا ئۆرۈپ، ئۇنىڭ ھەم ئۇزۇن ھەم يىپەكتەك يۇمشاق چاچلىرىنى يۇيغىلى تۇردى. لالە بىبىگۈلنىڭ بېشىغا قىپقىزىل چاچ سوپۇنىدىن تۆكۈپ، ئۇنىڭ چاچلىرىنى گويا ئارىسىدىكى قىممەتلىك بىر نەرسىنىڭ چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئاۋايلاپ ئۇۋۇلىدى. بىبىگۈلنىڭ چېچىنى يۇيۇپ بولغىچە ھېلىقى قىزىل چاچ سوپۇنىنىڭ بوتۇلكىسى قۇرۇقدىلىپلا قالدى. ئۇ تالىبان زامانىدىن قالغان نەرسە بولغاچقا، قۇتىنىڭ سىرتىدىكى ئايال كىشىنىڭ سۈرىتى توم بوياق قەلەمدە سىزىۋېتىلگەنىدى. تالىبانلار ھەرقانداق جانلىق نەرسىنىڭ سۈرىتىنى چىقىرىشنى چەكلەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ چاغلاردا چاچ سوپۇنى قۇتىسى ۋە سوپۇن قۇتىسى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئاياللار ۋە بوۋاقلارنىڭ سۈرىتى پۈتۈنلەي سىزىۋېتىلەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مۇنچىنىڭ سۈيى بارا-بارا سۇۋۇغىلى باشلىۋىدى، ئۇستۇپىشىدىكى ماغزاپىلا شۇ پېتى تۇرغان باللار تېخىمۇ چۇرقىراشقىلى تۇردى. دېگەندەكلا باياتىن بېرى ھور ئۆرلەپ تۇرغان ئىسسىق سۇ، ھەش-پەش دېگۈچە مۇزلاپ كەتتى. ئاياللارمۇ باللىرىنى يېتىلەپ تارقىغلى تۇردى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئاياغ باسقانلىقى بېرى، بەدىنىدىن چۈشكەن توڭرىلار بىلەن بۇلغىنىپ كەتكەنىدى. مۇنچىنىڭ بۇلۇڭىدا تۇخۇم شاكىلى، سىپسىپ كەتكەن ئالما ھەتتا پوق-سۈيدۈكنىڭ يۇقۇندىلىرى تۇراتتى. ئاياللار مۇنچىغا مەھەللە كويلاردا، سىرتتىكى ھاجەتخانىغا كىرگەندە ۋە ئارقا ھويلىدا ئۆي ئىشى قىلغان چاغلاردا كىيىدىغان پلاستىك سەندەل بىلەنلا كىرگەنىدى؛ قايتقاندىمۇ شۇ پېتى چىقىپ كېتىشتى.

لالە ۋە ئۇنىڭ نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرى بىبىگۈلنى مۇنچىدىن يۆلەپ ئاچىقىپ كىيىندۈردى. باشقىلارمۇ مۇنچىغا كىيىپ كەلگەن كىيىملىرىنى قايتا كىيدى؛ ئۇلارنىڭ يۇيۇپ تازىلانغان چاچلىرى تەر پۇراپ تۇرىدىغان پۇركەنجىنىڭ ئىچىدە قالدى. بىبىگۈلنىڭ دىمىغىغا گۈلنىڭ خۇشبۇي ھىدى بىلەن قاڭسىق بىر نەرسىنىڭ ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل پۇراق كېلىپ ئۇرۇلدى. لالەنىڭ جىسمىدىن تەر پۇرىقى بىلەن قازان-قومۇچىنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ، سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى پۇركەنجىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشخانىدىكى كىيىم ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا قازان-قومۇچىنىڭ پۇرىقى سىڭىپ كەتكەنىدى. مۇنچىدىن چىقىپ كەلگەن بۇ بىر توپ مەزلۇم، ئىسسىق سۇدا قانغۇدەك يۇيۇنۇپ تازىلىنىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈچىسىدىكى پۇركەنجىگە ئىچىپ كەتكەن قاڭسىق تەر پۇرىقى بىلەن جىسمىدىكى ئەتىر سوپۇن ۋە چاچ سوپۇنىنىڭ مېزىلىك پۇرىقى ھەش-پەش دېگۈچە بىر-بىرىگە سىڭىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ جىسمىدىن يەنىلا بۇرۇنقىدەك قاڭسىق بىر نەرسىنىڭ ھىدى كېلىۋاتاتتى. باشقىلار ئۈچۈنلا پالاقلاش پېشانىسىگە پۈتۈلۈپ كەتكەن مالايلارنىڭ ئۈچىسى ئەنە ئاشۇنداق پۇرايتتى.

بىبىگۈل ئالدىدا، قالغان قىزلار ئارقىسىدا كۈلكە-چاقچاق بىلەن كېتىپ باراتتى. كوچىدا كۈچۈك يېتىلىۋالغان بىر ئوغۇل بالىدىن باشقا ئادەم كۆرۈنمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەرلەپ تەپچىرەپ كېتىۋاتقان يۈز-كۆزىنى سۆرۈن شامالدا قۇرۇتىۋېلىش ئۈچۈن، پۈركەنجىسىنىڭ باش تەرىپىنى سەل-پەل ئېچىۋەتتى. لېكىن كابۇلنىڭ ئارقا كوچىلىرى ۋە تارچۇق رەستىلىرىدىكى چىرىپ كەتكەن ئەخلەت ۋە ئەۋرەزنىڭ بەتبۇي پۇرىقى ئادەمنىڭ دىمىغىنى ئېچىشتۇراتتى. يول ياقىسىدىكى چىرىندە ئاقىدىغان ئېرىق پاكار-پاكار كېسەك

ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتەتتى. لېكىن مۇنچىدا تازىلىنىپ چىققان بۇ تۆت مەزلۇم پورىياڭ يولدىن توزۇۋاتقان چاڭ-توزان ۋە ھېلىقى چىرىندە ئېرىقدىن چىقىۋاتقان سېسىقچىلىقتا پەرۋا قىلماي كېتىپ باراتتى. چۈنكى كۈن نۇرىنىڭ ئىللىق تەپتىدىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى يايراپ كەتكەنىدى. ئاڭغىچە ۋېلىسىپىت مىنگەن بىر ئوغۇل بالا تۇيۇقسىزلا پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇ ئوغۇل بالا:

— ھوي، قىزلار يۇزۇڭلارنى يېپىڭلار، نامەھرەم بولىدۇ! — دېدى-دە، ئۇلارنىڭ يېنىدىن قويۇندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بالىنىڭ ھەييارلىقى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگەن بۇ تۆت مەزلۇم، بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى-دە، قاقاقلاپ كۈلۈشكىنىچە پۈركەنجىسى بىلەن يۈزلىرىنى ياپتى.

— خەپ، پادىشاھ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈركەنجە دېگەن بۇ نەرسىنى چۆرۈپ تاشلىمىسام. — دېدى لالە قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — ئۇ چاغدا ئارامخۇدا كۈن ئالاتتۇق.

— پادىشاھ ئەمدى قايتىپ كەلمەيدۇ، — دېدى لالەنىڭ نەۋرە سىڭلىسى گەپنىڭ بىلىگە تېپىپ.

— بۇ يىل ئەتىيازدا قايتىپ كەلگۈدەك، — دېدى لالە دەرھاللا جاۋاب قىلىپ.

لالە ئادەتتىكى چاغلاردىمۇ ھەرگىز يالغۇز تالاغا چىقمايتتى. چۈنكى چوپ-چوڭلا بولۇپ قالغان قىز بالا كوچا-كويلاردا يالغۇز لاغايلاپ يۈرسە بولمايدۇ-دە! ئۇنداق قىزلارنىڭ كوچىغا چىقىپ نېمە قىلىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ ئۇنداقلا يا بىرەر يىگىت بىلەن ئۇچرىشىدۇ ياكى بولمىسا ناشايان ئىشلارنى قىلىدۇ. شۇ! شۇڭا لالە ئۆيدىن چىقىپ بىر نەچچە مىنۇتتىلا يېتىپ بارغىلى بولىدىغان كۆكتات دۇكىنىغىمۇ يالغۇز بارماي، قوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنى بىرگە ئېلىپ چىقاتتى ياكى بولمىسا كۆكتاتنى ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ ئەكىرگۈزەتتى. ئىشقىلىپ، لالەنىڭ كاللىسىدا "يالغۇزلۇق" دېگەن ئاڭ يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ ئۆيدە ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ باقمىدى، ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز بىر يەرگە چىقىپ باقمىدى، ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز بىر يەردە قېلىپ باقمىدى، ئەزەلدىن ئۆزى يالغۇز يېتىپ باقمىدى. ئۇ تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە ئانىسى بىلەن بىر يوتقاندا يېتىپ كەلدى. قىسقىسى، ئۇ "يالغۇزلۇق" دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ھەتتا بىلىشنىمۇ خالىمايتتى. ئۇ پەقەت "كۈنلىرىم ئارامخۇدا ئۆتسە، ئۆي ئىشىدىن ئاز-تولا قۇتۇلسام" دېگەننىلا ئويلايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا چامادان، سومكا ۋە بوغچا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ قالايمىقان تاشلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى.

— شەرىپە قايتىپ كەلدى، شەرىپە، — دېدى بوبۇرا لالەگە. بوبۇرا لالەنىڭ مۇنچىدىن قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۆيدىكى بۇنداق قالايمىقانچىلىقنى يىغىشتۇرۇشتا لالە ھەممىدىن چىۋەر ئىدى. شەرىپەنىڭ قىزى سەبۇنەم تايچاقتەك يۈگۈرۈپ كېلىپ لالەنىڭ بوينىغا ئېسىلدى. سۇلتاننىڭ توقال خوتۇنى سانىيە قۇچىقىدىكى لەتىپەنى ئەركىلەتكەچ، سەبۇنەمنىڭ ھاممىسى لالە بىلەن بەكمۇ قىزغىن كۆرۈشۈپ كەتكەنلىكىگە قاراپ، بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئىملا دېگەن بىلەن، سۇلتاننىڭ بۇ دۆرەم چوڭ خوتۇنى شەرىپە بىلەن قىزى سەبۇنەمنى پاكىستاندىن ئۆزى ئېلىپ كەلگەنلىكىگە ھەممەيلەن ھەيران قېلىشتى.

— يازنى مۇشۇ يەردە ئۆتكۈزەي، دەپ كەلدى، — دېدى سۇلتان.

— ئەمدى ھەرگىز كەتمەيمەن، — دېدى شەرىپە پەس ئاۋازدا.

بىردەمدىن كېيىن سۇلتان كىتابخانىغا ماڭدى. شەرىپە ئۆيدە قالغان مەزلۇملارنى چۆرىسىگە يىغىۋېلىپ ئولتۇرۇپ، پاكىستاندىن ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتلىرىنى تەقسىم قىلىۋاتاتتى. ئۇ لالەگە بىر قۇر كىيىم، سانىيەگە بىر دانە شارپا، بوبۇراغا بىر دانە سومكا، بىبىگۈلگە ئالدى ئوچۇق پوپايكا، ئوغۇللىرىغا پاكىستاندا تىكىلگەن كىيىملەردىن بىر نەچچە قۇردىن ئالغاچ كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇلار كابۇل بازارلىرىدا تاپقىلى بولمايدىغان ئېسىل كىيىملەر ئىدى. شەرىپە كابۇلغا — ئۆز ئۆيىگە يېنىپ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال ئىدى.

— ئەمدى ھەرگىز كەتمەيمەن، — دېدى شەرىپە، — پاكىستانغا بەكمۇ ئۆچ بولۇپ كەتتىم.

سۇلتاننىڭ ئىككى خوتۇنى خۇددى بىر تۇغقان ئاچا-سىڭىللاردەك ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىۋاتاتتى. باشقىلار شەرىپە ئالغاچ كەلگەن كىيىملەرنى كىيىپ، مارجانلارنى ئېسىپ كۆرۈپ بېقىۋاتاتتى. سانىيەمۇ شەرىپە ئۆزى بىلەن لەتىپەگە ئالغاچ كەلگەن سوۋغاتلارنى سىيلاپ بېقىۋاتاتتى. چۈنكى سۇلتان ئادەتتە سانىيەگە سوۋغا ئالغاچ كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، شەرىپەنىڭ ئالاھىدە ئالغاچ كەلگەن سوۋغىسى ئۇنى بەكمۇ خۇش قىلىۋەتكەنىدى. سانىيە شەرىپە ئالغاچ كەلگەن ھالرەڭ قاتلاق كۆينەكنى قىزى لەتىپەگە كىيگۈزۈپ قويۇۋىدى، لەتىپە بەئەينى قونچاقلارغىلا ئوخشاپ قالدى.

سۇلتان ئائىلىسىدىكى مەزلۇملار ئولاش-چولاش ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشتى.

چۈنكى ئۇلار كۆرۈشمىگىلى بىر يىل بولاي دېگەندى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيدە تېلېفون بولمىغاچقا، ئۆيدىكىلەر شەرىپە پاكىستانغا كېتىپ ھازىرغىچە ئۇنىڭ ئاۋازىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىدى، ئۇلارغا نىسبەتەن كابۇلدا بولغان ئەڭ چوڭ ئۆزگىرىش ساكىرەنىڭ توي قىلغانلىقى ئىدى، شۇڭا ئۇلار شەرىپەگە ساكىرەنىڭ تويىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى، ساكىرەگە قانداق تويلۇقلارنى ئەكەلگەنلىكىنى، ساكىرەنىڭ ئېرىنىڭ توي كۈنى قانداق ياسانغانلىقىنى ....، ھەتتا قايسى تۇغقىنىنىڭ قايسى بالىسىنىڭ تويى بولغانلىقىنى، قايسى ئۆيدە ئۆلۈم بولغانلىقىنى بىر- بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

شەرىپەمۇ پاكىستاندىكى مۇساپىرلار لاگېرىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ كېلىپ، كىملەرنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى، كىملەرنىڭ ھازىرغىچە شۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆيدىكىلەرگە دەپ بەردى.

— سەينىگاھقا چاي ئەچكىرىپ قويدى، — دېدى شەرىپە، — لېكىن سەينىگاھنىڭ ئۆيدىكىلىرى ئۇنىڭغا نارازى، لېكىن ئىش ئۇ دەرىجىگە يەتكەن تۇرسا، ئاشۇ يارىماس، نانقېپىغا بەرمەي نېمە ئامال؟

باشقىلار شەرىپەنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باشلىرىنى لىڭشىتتى. چۈنكى ئۇلار سەينىگاھنىڭ قونچاقتەك ياسىنىپلا يۈرىدىغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. لېكىن ئۇ قىزنىڭ ئائىلىسى يوقىدىن، قولىدا بىر سېنىتنىڭ تايىنى يوق بىكار تەلەپ بىر نېمىگە تەگمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنۈپ كېتىشتى.

— سەينىگاھ ھېلىقى بالا بىلەن باغچىدا كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئۇلار سەينىگاھنى ئۆيگە بىر ئاي سولاپ قويدى، — دېدى شەرىپە بولغان ئەھۋالنى ھېكايە قىلىپ، — بىر كۈنى ھېلىقى بالىنىڭ ئانىسى بىلەن ھاممىسى سەينىگاھنى كۆرگىلى كەپتۇ، سەينىگاھنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا قوشۇلدى؛ ئۇنىڭدىمۇ نېمە ئامال دەيسىلەر؟ سەۋزىدىن خەۋەر يوق گۇرۇچ دەم يەپ كەتكەن تۇرسا! شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭغا چاي ئەچكىرىپ قويدى؛ ئىشقىلىپ ئۇلار بەك سەتچىلىككە قالدى.

شەرىپەنىڭ بۇ ھېكايىسىنى ئاڭلىغان مەزلۇملار، بولۇپمۇ سانىيە ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپلا قالدى.

— ئىشقىلىپ ئۇلار بەكمۇ سەتچىلىككە قالدى، — دەپ تەكرارلىدى شەرىپە، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا قانداق قارايدىغانلىقىنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويۇش مەقسىتىدە، بىرەر قىزغا چاي ئەچكىرىشتە، سېلىنىدىغان داستىخاننىڭ چىقىمى، قىزنىڭ كىيىم- كېچەكى ۋە زىبۇزىننەتلىرى دېگەنلەرگە كېتىدىغان چىقىملارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەممىسىنى قائىدە بويىچە يىگىت تەرەپ زىممىسىگە ئالىدۇ. لېكىن شەرىپەنىڭ گېپىگە قارىغاندا، سەيىنگاھنىڭ دادىسى ئۆيدە بولغان بۇ سەتچىلىكنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ياۋروپادىن يېنىپ كەلگەنىكەن. سەيىنگاھقا چاي ئىچكۈزۈشتە ھېلىقى يىگىتنىڭ دادىسى، سەيىنگاھنىڭ دادىسىغا بىر نەچچە مىڭ رۇپىينى بېرىپتىكەن، ئۇ پۇلنى يەرگە ئېتىپتۇ:

— مۇشۇ پۇلىڭىز بىلەن ئوغۇل ئۆيلەيمەن، دەپ كەلدىڭىزما، تېخى؟

— دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ سەيىنگاھنىڭ دادىسى. شۇ چاغدا شەرىپە دەل بىنانىڭ پەشتىقىدا بولغاچقا، بولۇنغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ تۇرۇپتۇ، كېيىن سەيىنگاھنىڭ دادىسى:

— بۇنچىلىك پۇلىڭىزنىڭ لازىمى يوق، — دەپتۇ غەزەپ بىلەن، — بولدى، چىدىغانغا چىقارغان، قىزىمنىڭ تويىنى ئۆزۈم قىلىپ بېرىمەن!

سەيىنگاھنىڭ دادىسى يېڭى تۇرمۇش ئادەملىرىدىن بولۇش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىشى ھازىر بىلگىيىنىڭ ۋىزىسىنى ساقلاۋاتاتتى. ۋىزا تەستىقلانسىلا، ئۇ ئائىلىسىنى بىلگىيىگە ئېلىپ چىقىپ كەتمەكچى ئىدى. يەنە كېلىپ گوللاندىيە ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئولتۇراقلىشىش ھەققىدىكى ئىلتىماسىنى رەت قىلىۋەتكەچكە، ئۇ ھازىر بىلگىيىنىڭ قۇتقۇزۇشىغا تايىنىپ جان بېقىۋاتاتتى. ئەمما چاي ئىچكۈزۈش، بالىلارنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىدا ناھايىتى مۇھىم بولغاچقا، ئۇنى قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئۆتكۈزۈپ قويۇشقا بولمايتتى. ناۋادا چاي ئىچكۈزۈش ئىشىنى "يېپىق قازان يېپىقلىق قالغاي" دەپ بولدى قىلىۋەتسە، تويى يېنىپ كەتكەن ئۇنداق قىزنىڭ ياتلىق بولمىقى تەس بولۇپ كېتەتتى. چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمىدا قىزغا ئالدىغان زىبۇزىننەت، كىيىم-كېچەك، تويغا قىلىنىدىغان خىراجەت، تويىنىڭ ئاش-سۈيى، تويغا قانچە پۇللۇق سازەندە چاقىرىلىدىغانلىقى دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى يېپىدىن يىڭنىسىغىچە بېكىتىلىدۇ. شۇڭا چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمىدىلا ئوغۇل تەرەپنىڭ كېلىنگە زادى قانداق پوزىتسىيە تۇتىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. ناۋادا چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمى بەكمۇ چۈكۈنەم بولۇپ قالسا، ئۇنى "ئوغۇل تەرەپنىڭ بۇ تويىنى قىلىشقا رايى يوقكەن" دەپلا چۈشىنىشكە بولاتتى. سەيىنگاھنىڭ دادىسىنىڭ ئوغۇل تەرەپ پۇل چىقىرىپ ئۆتكۈزۈدىغان چاي ئىچكۈزۈش مۇراسىمى بەك چۈكۈنەم بولۇپ قالسا يۈزىمىز چۈشۈپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپ، ئۇنى ئۆزى پۇل چىقىرىپ ئۆتكۈزمەكچى بولغانلىقى، سەيىنگاھ بىلەن ئۇنىڭ ئاشىقىنى خۇشال قىلىشتىن ئۆزگە قىلچە ئەھمىيىتى يوق ئىش ئىدى.

— سەينىگاھمۇ ھازىر پۇشايمان قىلىۋېتىپتۇدەك، — دېدى شەرىپە خۇددى مۇھىم بىر ئىشنى دەپ بېرىۋاتقاندەك، — سەينىگاھ ئۇ بالىنىڭ ئاز كۈنگە قالمايلا ھەتتا جېنىنىمۇ باقالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ؛ لېكىن بولىدىغان ئىش بوپبولغان تۇرسا، ئېسىت دېگەن بىلەن ئورنىغا كېلەمتى؟ ناۋادا يېنىۋالسا، ئۇنداق قىزنى ئەر ئالامدۇ؟ سەينىگاھ ھازىر ھېلىقى بالا بەرگەن ئالتە دانە بىلەزۈكنى "ۋاي، جىلك ئالتۇنكەنەي" دەپ كۆز-كۆز قىلىپ يۈرىدۇ؛ مېنىڭچە ئۇ سىرتىغا ئالتۇن يالىتىپ قويىغان جا بىلەزۈك. تايىنلىق! سەينىگاھ ھەتتا نورۇزنىمۇ بۇرۇنقى كونا كىيىملىرى بىلەن ئۆتكۈزدى؛ ئويلاپ باقمامسىلەر، ھەتتا نورۇزدىمۇ مەشۇقىغا يېڭى كىيىم سوۋغا قىلالمىغان يىگىت خوتۇن باقالامتى؟

— ھېلىقى بالىمۇ تازا بىر قىلىن ئوخشايدۇ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى شەرىپە، — ھازىر ئۇ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى سەينىگاھنىڭ ئۆيىدە جان بېقىۋاتىدۇ. سەينىگاھنىڭ ئانىسىمۇ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ كەتتى؛ بىراق نېمە ئامال، دەيسىلەر؟ ھەي ...، ئويلىسىمۇ ئادەمنىڭ قورقۇسى كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار شۇنچىۋالا شەرمەندە بوپتۇرۇپمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يۈرىدىكەن.

شەرىپەنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان باشقا مەزلۇملارنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلىپ، ئۇنىڭ-بۇنىڭ پارىڭىنى قىلغىلى تۇردى. ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ پاكىستاندا ھامىلىرى دەمدۇ، تاغىلىرى دەمدۇ، نەۋرە ئاكا-ئىنى، ئاچا-سىڭىللىرى دەمدۇ ئىشقىلىپ نۇرغۇن تۇغقانلىرى بار ئىدى. چۈنكى ئۇلار ئافغانىستاندىكى ھېلى ماۋۇ ئىمارەت پارتلىتىۋېتىلسە، ھېلى ئاۋۇ يەردە مىنا پارتلاۋاتقان، ھېلى تۇرۇپلا يەنە بىر يەردىكى ماگىزىن تۇيۇقسىز قىلىۋېتىلىپ بارغان ئەنسىزچىلىكتىن جاق تويغان بولغاچقا، جاھاننىڭ تىنچىشىنى كۈتۈپ شۇ يەردە تۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە ئۇلار ئاغزىنىڭ ئۇچىدا "ۋەتەندە تارتىشقىدەك ھېچنېمىمىز قالمىدى" دەپ قويغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئەل-يۇرتنى ۋە بالا-ۋاقىلىرى كۆزىدىن ئۇچقاندى.

لالە ئاشخانىغا كىرىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئۇ شەرىپەنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىگە ئىچىدە خۇش بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئەسلىدىمۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بىر يەردە ئۆم-ئىجىل ئۆتۈشى كېرەك ئىدى. لالە تۇرۇپلا يەنە شەرىپە ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بىبىگۇل بىلەن بۇرۇنقىدەك "سەن-پەن" دېيىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتاتتى. قايسى بىر يىلى شەرىپەنىڭ بىبىگۇلنى ئۆيىدىن قوغلىغانلىقى ھازىرقىدەكلا يادىدا تۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— قىزلىرىنى ئېلىپ بۇ ئۆيدىن دەرھال كەتسىلە، — دېگەنىدى شەرىپە شۇ چاغدا قېينانىسى بىبىگۈلگە ۋارقىراپ تۇرۇپ، — بۇ ئۆيدە ئادەمنىڭ جىقلىقىدىن پۇت قويغىدەك يەر قالمىدى!

لېكىن شەرىپە "ئۆيدە ئەر كىشى بولمىسا ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراھمان" دېگەندەك پەقەت سۇلتان بىر يەرلەرگە كېتىپ قالغان چاغلاردىلا ئاشۇنداق ۋارقىراپ قوياتتى. ئەمما سۇلتان شەرىپەنىڭ ئۈستىگە سانىيەنى ئالغاندىن كېيىن، شەرىپە ئۆيدىكى باشقىلارغا بۇرۇنقىدەك قىرچىسىغا-يىنچىسىغا تەگمەيدىغان بولۇپ قالدى.

"ئۆيىمىز راستتىنلا كىچىك كېلىپ قالدى" دەپ ئويلىدى لالە. چۈنكى بۇ ئۆيدە تۇرىدىغانلار ئىلگىرى 11 جان ئىدى، مانا ھازىر 13 جان بولدى. قولىدىكى پىيازنىڭ ئاچچىقىدىن كۆڭلى ئېلىشىپ، كۆزلىرى چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كېتىۋاتقان لالەنىڭ ياشلىرى تاراملىغىلى تۇردى. لالە ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلمىدىغان بولغاچقا ئادەتتە ئالدىراپ ياش تۆكمەيتتى. لالە ئاشخانىغا شۇنداقلا كىرىۋىدى، بەدىنى ۋە چاچلىرىدىكى سوپۇننىڭ خۇشبۇي ھىدى ئالىقانلارغا ئۆچۈپ، پۈتۈن ئۈستىبېشى بۇرۇنقىدەكلا دەسمال پۇرىغىلى تۇردى. موچ قىيامى يۇقۇپ كەتكەن قوللىرى چىدىغۇسىز ئېچىشىۋاتاتتى.

لالەنىڭ تاماقمۇ پىشتى. لېكىن سۇلتاننىڭ ئائىلىسىدە ئايال زاتىنى مۇبارەكلەش ئادىتى بولمىغاچقا، لالە شەرىپەنى كەپتۇ، دەپ تاماقتا جۇۋاپمۇ كەتمەي، بۇرۇنقىدەكلا گۆش پىشۇرۇپ، ئاق ئاش دۇملەپ، قوي مېيىدا پالەك ۋە ياڭيۇ قورىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئامراق تائاملار ئىدى.

سۇلتان ھەر كۈنى قايتىپ كەلگەن چېغىدا، شۇ كۈنى غەللىگە چۈشكەن پۇللارنى ئەكىلىپ، كىتاب ئىشكاپىغا سېلىپ قولۇپلايتتى. گاھىدا يوغان سومكىلاردا ئانار، بانان، ئاپېلسىن ۋە ئالمىلارنى ئەكىلىپمۇ كىتاب ئىشكاپىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قوياتتى. بۇ مېۋىلەر پەقەت سۇلتان بىلەن سانىيەنىڭ نېسىۋىسى بولغاچقا، كىتاب ئىشكاپىنىڭ ئاچقۇچىمۇ پەقەت ئاشۇ ئىككىسىدىلا ئىدى. مۇھىمى ئۆيدىكى بۇ بىر قوتان ئادەمنى بېقىش سۇلتانغا تەس كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئافغانىستاندا ئۇنداق مېۋە-چېۋىلەر قىس بولغاچقا بولۇپمۇ سېرىقتال مەزگىللەردە بەك قىممەتلىشىپ كېتەتتى.

لالە ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىگە تىزىپ قويۇلغان ئۇششاق ئاپېلسىنلارغا قارىدى. سانىيە سۈيى قېچىپ سولىشىپ كەتكەن بۇ ئاپېلسىنلارنى كېيىن بىرەر ئىشقا لازىم قىلارمەن، دەپ ئېپقويغانىدى. لالەنىڭ ئۇ ئاپېلسىنلارنى ئوغرىلاپ

يېيىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تۇتۇپ بېقىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاپىلسىنلار تەكچىدە تۇرۇپ سېسىپ كەتسە كېتەتتىكى، سۇلتان ئەر-خوتۇن ئىككىسى لالەگە ئۇنى "مە، يېگىن" دەپ بەرمەيتتى. لالە گۇرۇچ دۇملەنگەن يوغان كورىنى گاز ئوچاقنىڭ ئۇستىگە قويىدى. ئاندىن پىياز، پەمدۇر ۋە ياڭيونى ساپلىقتىكى قىزىق مايغا تاشلاپ، دورا-دەرمەكلەر بىلەن قورىدى. لالە تاماققا ئۇستا ئىدى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ ئائىلىدىكى ئۆي ئىشىنىڭ ھەممىسى لالەگە يۈكلىنىپ قالغاچقىمۇ، ئىشقىلىپ ئۆي ئىشىنىڭ ھېچقاندىقى ئۇنىڭ قولىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى. تاماق ۋاقتىدا ئۇ ھەمىشە بوسۇغىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇراتتى. داستىخاندىكى بىرەرسىنىڭ قاچىسى بىكار بولغان ھامان، ئۇ لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا دەرھال تاماق ئۇساتتى. لالە بىر ئۆيلۈك كىشىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ بولغاندىن كېيىن، ئاندىن ئېشىپ قالغان تاماققا ئېغىز تەگكۈزەتتى.

بۇ بايقۇش قىز مۇشتۇمدەك تۇرۇپلا باشقىلار ئۈچۈن پوسۇرلايدىغان جاپاغا قالغاندى، مانا ئەمدى بارا-بارا ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى خالىغانچە ۋارقىراپ ئىشقا سالىدىغان مالاي بوپ قالدى. لالەنى ئىشقا سالىدىغان خوجايىنلارنىڭ كۆپىيىشى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تېخىمۇ بەتتەرلىشىپ كەتتى. بۇ ئۆيدە بىرەرسىنىڭ مىجەزى قوداڭشىپ قالسىلا، ئاھانەتكە قالىدىغىنىمۇ لالە ئىدى. پوپايىكىنىڭ يېڭىدىكى داغ پاكىز چىقماپتۇيەي، گۆش پىشۇرغان قازاننىڭ ئوتى ئىتتىك بوپكېتىپتۇيەي ... دەپ ھەممىلا ئىشتا لالەنى ئەيىپلەشەتتى، ئۇلۇغ-ئۇششاقنىڭ ھەممىسى دەردىنى لالەدىن ئالاتتى.

سۇلتان ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ئۆيىگە چاقىرغان چاغلاردا، لالە تاڭ سۇزۇلە-سۇزۇلمەستە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرنىڭ ناشتىلىقىنى بېرىۋەتكەندىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ تامىقىغا كېرەكلىك كۆكتاتلارنى يۇيۇپ، توغراپ راسلايتتى. مېھمانلار كەلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۈچىسىدىكى قاسماق كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋېتىشكىمۇ ئۈلگۈرمەي، ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ مېھمان كۈتۈش بىلەن بوپكېتەتتى؛ لالە ئۇ ئىشلارنى بىر قۇر تۈگەتكەندىن كېيىن ئاشخانىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان قاچا-قۇچىلارنى يۇياتتى. لالەنىڭ ئىشقى-پىراقىدا كۆل بولۇۋاتقان قامەتلىك شاھزادىنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭ بۇ تۇرقى بەيئەينى كۈلقىزنىڭ ئۆزىلا ئىدى.

سۇلتان ئوغۇللىرى مەنسۇر، ئەكبەر ۋە ئامىرنى ئەگەشتۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇ مېھمانخانىدا تۇرغان سانىيە بىلەن پېشانىسىدىن سۆيۈپ تۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېسەنلەشتى؛ لېكىن شەرىپەگە بېشىنى لىڭشىتىپلا قويدى. ئاتا-بالا تۆتەيلەن پىشاۋۇردىن كەلگىچە بىر كۈن ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ھېرىپ كەتكەچكە، ئۇلارغا گەپمۇ خۇشياقمايتتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە لالە بىر چىلاپچا ۋە سوپۇن قۇتىسىنى ئەكىرىپ، ئۇلارنىڭ قولىغا رېتى بويىچە سۇ بەردى. ئۇلار لالە سۇنغان لۆڭگىدە قوللىرىنى سۈرتۈپ بولغاندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ، تاماق تارتىلدى.

دەل شۇ چاغدا سۇلتاننىڭ ئىنىسى يۇنۇس، شەرىپەگە سالام قىلدى ۋە يەڭگىسىدىن پاكىستاندىكى تۇغقانلىرىنى سورىدى. ئاندىن داستىخانغا كېلىپ، ئادىتى بويىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇردى. يۇنۇس كۆڭۈل غەشلىكلىرىنى ئىنسانغا تىنماي، ئىچىدە سېسىتقۇەتمەكچى بولغاندەك ئۆيدىكىلەر بىلەن بولۇپمۇ داستىخاندا كەمدىن-كەم مۇڭدىشاتتى. چۈنكى ئۇ گەرچە ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇرمۇشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ بولغانىدى.

"قاق سەھەردىن تا قاراڭغۇ چۈشكىچە ئېشەكتەك ئىشلەيمەنۇ، لېكىن ئاكامنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان-تاشقانىنىڭ غېرىبىمەن. ئىتنىڭ كۈنىگە قېلىۋاتىمەنغۇ تاڭ!" دەپ ئويلايتتى ئۇ.

بۇ ئۆيدە ئۇنىڭغا ھەممىدىن بەكرەك كۆيۈنىدىغىنى لالە ئىدى. يۇنۇسمۇ ئۇنىڭغا گاھىدا چاچ قىسقۇچ، تارغاق دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كېلەتتى.

يۇنۇس يەڭگىسى شەرىپەدىن بىر ئىشنى سورىماقچى بولدىيۇ لېكىن ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغىچە شەرىپە ھاپىلا-شاپىلا گەپنى تېشىپ بولدى.

— ساراھنىڭ ئىشى ئەپلەشمەيدىغاندەكمۇ قىلىدۇ، — دېدى شەرىپە.

— ئۇ قىزنىڭ دادىسىغۇ ماقۇل دېگەن، لېكىن ئانىسى ئۇنىماي تۇرىدۇ؛ ئۇ خوتۇنمۇ دەسلەپتە ئىندەككە كەلگەندەك قىلغان، لېكىن يەنە بىر تۇغقىنى ئۇلارغا ئېغىز ئېچىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تۇغقىنىنىڭ ساراھقا ئۆيلەنمەكچى بولغان ئوغلى ياشراقمىش، يەنە كېلىپ تويلۇقلىرىمۇ خىلمىش؛ شۇڭا ساراھنىڭ ئانىسى ئىككىلىنىپ قاپتۇ؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇلارغا ئېغىز ئاچقان ھېلىقى تۇغقىنى، ئۇلارغا بىز توغرىلىق بەزى گەپلەرنى دېگەن ئوخشايدۇ ...،

ھەي، ئەھۋال شۇ، ئەمدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئوڭايسىزلانغان يۇنۇسنىڭ قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ، يۈزلىرى قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— نەۋرىسى بوۋىسىغا تېگەمتى، ئەمىسە؟" — دېدى مەنسۇر پەس ئاۋازدا يۇنۇسنى مازاق قىلىپ. بۇ گەپنى يۇنۇس ئېنىق ئاڭلىدى، لېكىن

سۇلتان ئاڭلىماي قالدى، ئۇمىدى پۈتۈنلەي يوققا چىققان يۇنۇس، گويا ھالىدىن كېتىپ قالغان ئادەمدەك بوشىشىپلا كەتتى. چۈنكى يۇنۇسنىڭ يۈرىكىدىكى ئۆزۈندىن بۇيان پىلىلداپ تۇرغان بىر خىل غايىۋى ئىنتىلىش ۋە سېغىنىش ئۇچقۇنلىرى تۇيۇقسىزلا ئۆچۈپ، قەپەزگە ئوخشايدىغان بۇ ئۆيدىكى مەززىسىز ھاياتتىن بىراقلا رايى يېنىپ كېتىۋاتاتتى.

— چاي! — دەپ ۋارقىرىدى يۇنۇس، بۇنىڭ بىلەن ساراھنى نېمىشقا يۇنۇسقا بەرگىلى ئۇنىمايۋاتقانلىقى ھەققىدە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتقان شەرىپەمۇ جىمىقتى. يۇنۇسنىڭ توي ئىشىنىڭ سۆغا چىلاشقانلىقىدىن كۆڭلى يېرىم بولغان لالە، ئاكىسىغا چاي قۇيۇپ بېرىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئەسلىدە ئۇ "يۇنۇس ئاكام ئۆيلىنىپ قالسا، ئانام ئىككىمىزنى ئەكتىدۇ" دەپ ئويلىغانىدى. ناۋادا شۇنداق بولۇپ قالسا، بولۇپمۇ چوڭ ئاكىسى سۇلتاننىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدىغانلا ئىش بولسا، لالە يۇنۇسنىڭ ئۆيىنىڭ خىزمىتىنى كۆيۈپ-پىشىپ قىلىشقا، ساراھقا ئۆي ئىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئۆگىتىشكە، ھەتتا ئاشۇ ئۆينىڭ پۈتكۈل جاپاسىنى تارتىشقا رازى ئىدى، چۈنكى بۇ ئۆيدە ھېچكىم ئۇنىڭدىن رازى ئەمەس ئىدى. ئاكىسى سۇلتان ئۇنىڭدىن "ئەتكەن تامىقىڭ نېمانداق بەتتەم؟ كالىدەك نېمانچە جىق تاماق يەيسەن؟ يەڭگەڭ سانىيەگە بويۇن تولغاۋاتىسەن!" دەپ ئاغرىنىپلا يۈرەتتى. سۇلتان ھە دېسىلا لالەنىڭ ئالدىدا دىمىغىنى قېقىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن قۇسۇر ئىزدەيتتى، ئۆزەن تاپاتتى.

— ماڭا كەلگۈسۈم ئۈچۈن ئەسقاتىدىغان ئادەم كېرەك، — دەيتتى سۇلتان تەئەددى بىلەن، — سەنچۇ؟ بىر سېنتقا ئەرزىمەيدىغان نانقېپىسەن! تولا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي يوقال!

سۇلتان بۇ ئاجىز قېرىندىشىنىڭ مۇشۇ ئۆيدىن ئۆزگە بارار يېرى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئاشۇنداق دەپسەندە قىلاتتى.

لالە پەملچاي دەملەپ ئەكىردى، ئۇ يۇنۇستىن "ئەتە كىيىدىغان پاكىز شىمىڭغا دەزمال سېلىپ بېرەيمۇ؟" دەپ سورىدى. يۇنۇس "ماقۇل" دېگەننى قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. يۇنۇسنىڭ بار-يوقى ئىككىلا شىمى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى يۇنۇسنىڭ ئۇچىسىدا ئىدى؛ يەنە بىرىنى لالە يۇيۇپ قويغانىدى.

— لالە ھامىمام بەك كالۋاكەن، — دېدى مەنسۇر، — ئۇنىڭ ئاغزىدىن قانداق چاغدا قانداق گەپنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بەش قولدەك بىلىمەن ....، ئىشقىلىپ مەن بىلىدىغان ئادەملەر ئارىسىدا ئەبگاسى لالە ھامىمام، —

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مەنسۇر لالەنىڭ چىرايىنى دوراپ تۇرۇپ قاتتىق كۈلدى. مەنسۇر ئۆزىدىن ئۈچ ياشلا چوڭ بۇ ھاممىسى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغانىدى. مانا ئەمدى، مەنسۇر لالەگە جىيەن ئەمەس، خوجايىن بولۇپ قالدى.

لالە گېپىمنى باشقىلار ئاڭلىماي قالارمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ، قىلغان گېپىنى ھەمىشە تەكرارلاپ قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لالەنىڭ بارلىقى مۇشۇ ئۆينىڭ كۈندىلىك ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىغا ئاتىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغىنىمۇ ئاشۇ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار ھەققىدىكى گەپلەرلا ئىدى. لېكىن ئۇ نەۋرە ئاكا-ئىنىلىرى، ئاچا-سىڭىللىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا باشقىلار ئاغزىنى ئېچىپلا قالغۇدەك قىزىق گەپلەر بىلەن ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى. ئەمما، ئۇ ئۆيدە بولۇپمۇ داستىخاندا لام-جىم دېمەي ئولتۇرىدىغان كەم سۆخەن قىز ئىدى. گاھىدا ئۇنىڭ جىيەن قىزىنىڭ چۈچۈك گەپلىرىگە كۈلۈپ ئاغزى يۇمۇلماي قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى. ئەلۋەتتە بۇ، ئۇنىڭ مۇنچىدا نەۋرە ئاچا-سىڭىللىرىغا دەپ بەرگىنىدەك يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان كۈلكە ئەمەس ئىدى.

شەرىپە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى تۇنجى داستىخاندا ساراھ ھەققىدىكى كۆڭۈلسىز گەپ ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بولغاچقا، تاماق ئارىلىقىدا ھېچكىمنىڭ ئارتۇق گەپ قىلىشقا رايى بارمىدى. داستىخانمۇ يىغىلدى. ئامىر بىلەن لەتىپە بىر چەتتە ئويناپ ئولتۇراتتى؛ سەبۇنەم ئويۇنچۇقلىرىنى تىزىۋاتاتتى؛ ئەكبەر بىلەن مەنسۇر ئۈنىنى بولۇشىغا قويۇۋېتىپ تاكاللىشىۋاتاتتى؛ سۇلتان بولسا توقلى سانىيەگە كۆچۈكلىنىپ بولالماي ئاۋارە ئىدى. شەرىپە بىلەن سەبۇنەم بىبىگۈل، لالە، بوبۇرا، ئەكبەر، ئامىر ۋە فازىللار ياتىدىغان ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سۇلتان بىلەن سانىيە ئۆزلىرىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. تۈن نىسپى بىلەن لالەدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى يوتقىنىغا كىرىپ شېرىن ئۇيقۇغا كەتتى.

لالە ئاشخانىدىكى شامنىڭ يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، سۇلتان ئەتىسى كىتابخانىغا ئالغاچ كېتىپ يەيدىغانغا توخۇ كاۋىپى پىشۇردى ۋە گۈرۈچ دۈملەپ، كۆكتات قىيامى تەييارلىدى. ئاندىن قاچا-قۇچىلارنى يۇيدى. شامنىڭ قىزغۇچ نۇرى لالەنىڭ يۈزىنى سۇس يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قارىداپ كەتكەنىدى. لالە تاماق پىشقاندىن كېيىن، تاۋا قازاننى ئوچاقتىن ئېلىپ داستىخانغا ئوراپ چىگدى. تاۋا قازاننىڭ قۇلىقى بولمىغاچقا، ئۇنى ئەتىسى ئەتىگەندە سۇلتاننىڭ كۆتۈرۈپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئاشۇنداق ئوراپ چىقىش

كېرەك ئىدى، شۇنداق قىلىپ، لالە قوللىرىدىكى ماي يۇقىنى يۇيۇۋېتىپ، ئۈچىسىدىكى كىيىملىرى بىلەنلا يوتقانغا كىردى. ئۇ بەك ھېرىپ كەتكەچكىمۇ، بېشى ياستۇققا تېگە- تەگمەيلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئارىدىن بىر نەچچە سائەت ئۆتتى.

"ئاللاھۇئەكبەر! ئاللاھۇئەكبەر! ..."

لالە بامداتقا چىققان ئەزاندىن چۆچۈپ ئويغاندى. دېمەك ئۇنىڭ تىنىمسىز پوسۇرلايدىغان يەنە بىر كۈنى باشلانغانىدى.

لالەنىڭ دىمىغىغا كۈندىكىگە ئوخشاشلا تاڭ سەھەرنىڭ قاڭسىق تويا ھېدى كېلىپ ئۇرۇلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## ئون ئۈچىنچى باب

# يېرىم سائەت

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، لالە پۈركەنجىسىنى ئارتىپ، سىرتلارغا چىققاندىلا ئاندىن كىيدىغان ئېگىز پاشنىلىق ئايىغىنى كىيىپ، ئۆيىدىن غىپپىدە چىقتى ـ دە، بىنانىڭ سۇنۇق ئىشىكى ئارقىلىق ئىشىك تۈۋىگە يېيىپ قويۇلغان كىرلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى. ئاندىن قوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ يېتىلەپ تالاغا چىقتى ۋە قۇرۇپ كەتكەن كابۇل دەرياسىنىڭ كۆۋرۈكىدىن كېسىپ ئۆتۈپ، كابۇلدا دەل ـ دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇرىدىغان ساناقلىقلا كوچىلارنىڭ بىرسىگە كىرىپ كەتتى. لالە ھېلىقى كىچىك بالىنى يېتىلەپ مايىلامچى، باققال ۋە ناۋايلارنىڭ ئالدىدىن، ئاندىن ئەتىگەندىن كەچكىچە شۇ ئەتراپتا لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتتى. ئۇلار ھېچقانداق ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي، خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنىنى ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئەسنەپ ئۆتكۈزىدىغان ئاقىنانچىلار بولغاچقا، لالە ئۇلارنى ناھايىتى ئۆچ كۆرەتتى.

بۇ يىل دەل ـ دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان تۇنجى قېتىم كۆكەردى. ئۈچ يىلدىن بېرى كابۇلدا بىر تېمىممۇ يامغۇر يېغىپ باقمىغاچقا، پىژغىرىم ئاپتاپ گۈل ـ گىياھلارنىڭ ھەممىسىنى قۇرۇتىۋەتكەنىدى. تالىبانلار يوقالغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئەتىياز يامغۇر راۋۇرۇس ياغدى. بۇ خاسىيەتلىك يامغۇر گەرچە كابۇل دەرياسىنى قايتىدىن ئۈركەشلىتەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامان قالغان دەل ـ دەرەخلەرگە يېشىل لىباس كىيدۈرۈپ، كابۇللۇقلارنى كۈنبويى ئۇچۇپ تۇرىدىغان چاڭ ـ توزاندىن خېلىلا خالاس قىلىپ قويدى.

يامغۇر ھېلىلا توختىغان بولغاچقا، ھاۋا ناھايىتى ساپ ئىدى، لېكىن بۇ نەمخۇش ساپ ھاۋانىڭ پۈركەنجىنىڭ ئىچىگە ئۇسسۇپ كىرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. جىددىيلىشىۋاتقان لالەنىڭ يۈرىكى سىلىپ، چېكە تومۇرلىرى لوقۇلداپ كېتىۋاتاتتى.





مكرورايانى رايوندىكى تۆتنچى كوچىغا جايلاشقان بىر بىنانىڭ ئېمىغا "كۇرس ئاچىمىز" دېگەن يوغان خەتلەر ئېسىقلىق تۇراتتى. بىنانىڭ ئالدىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆچرەت ساقلاۋاتاتتى. بۇ يەردە ساۋات چىقىرىش كۇرسى، كومپيۇتېر كۇرسى ۋە يېزىقچىلىق كۇرسى ئويۇشتۇرۇلغانىدى. لالەنىڭ قاتناشقىنى ئېنگلىز تىلى كۇرسى ئىدى. ئىككى ئەر كىشى بوسۇغىغا بىر ئۈستەلنى قويۇۋېلىپ ئولتۇرۇپ، كەلگەنلەرنى تىزىملاۋاتاتتى. لالە ئوقۇش پۇلىنى تاپشۇرۇپ بولۇپ، يېڭى كەلگەنلەر بىلەن بىرگە سىنىپنى ئىزدەپ ماڭدى. لالە دەرس ئاڭلايدىغان سىنىپ بىنانىڭ گەمىسىدە ئىدى. گەمىدىكى بۇ ئۆي ئەسلىدە بومبىدىن پاناھلىنىدىغان لەخمە بولۇپ، تاملىرى ئوق تېگىپ ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. بۇ گەمىلەر خېلىلا دالدا بولغاچقا، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىللىرى قورال-ياراغ ئامبىرى قىلىنغانىدى. ئاشۇ چاغلاردىكى كەڭرى گەمىنى مانا ئەمدى، تاختاي بىلەن بۆلۈپلا بىر نەچچە سىنىپ قىپتۇ. سىنىپلاردا بىر مۇنچە ئۇزۇن ئورۇندۇق، بىردىن دوسكا ۋە بىردىن پالاق بار ئىدى. بەزىلىرىدە ھەتتا بىرنەچچە ئۈستەلمۇ تۇراتتى. پارنىڭ تەپتىدە خېلىلا ئىللىپ قالغان سىنىپلارنى كۇرسانتلارنىڭ گۇڭگۇر-مۇڭگۇرى بىر ئالغانىدى.

لالە ئۆزى دەرس ئاڭلايدىغان "ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئېنگلىز تىلى" سىنىپىنى ئاخىر تاپتى. ئۇ ناھايىتى بۇرۇن كەلگەنىدى. ئاڭغىچە بويى ئېگىز، تەتۈر ئۆستىخان ئوغۇل بالىدىن بىر نەچچىسى كىردى.

ئاھ، خۇدايىم بۇ نېمە ئىشتۇ؟ ئوغۇللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغان گەپما؟ گاڭگىراپ قالغان لالە ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتمەكچى بولدى-يۇ، لېكىن ئېمىشقىدۇر پۇتلىرىنى يەردىن پەقەت مىدىرلىتالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئارقا تەرەپكە بېرىپ ئولتۇردى؛ يەنە بىر بۇلۇڭدا ئىككى قىز شۈمشىيىپ ئولتۇراتتى. ياندىكى سىنىپتىن بالىلارنىڭ گۇدۇڭ-گۇدۇڭلىرى بىلەن مۇئەللىمنىڭ چىرقىراق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. لالە ئوقۇيدىغان سىنىپنىڭ مۇئەللىمى تېخى كەلمىگەچكە، بىر نەچچە ئوغۇل بالا ئالدىغا چىقىۋېلىپ دوسكىغا "زەكەر"، "جىنسىي مۇناسىۋەت" دېگەن ئېنگلىزچە سۆزلەرنى قاغا پۇتىدەك قىلىپ يازدى، لېكىن لالە بۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆيىدىن ئالغاچ كەلگەن «ئېنگلىزچە-پارسچە لۇغەت»تىن بۇ سۆزلەرنى ئىزدەپ تاپالمىدى. تەلىيىگە ئۇنىڭ دوسكىدىكى سۆزلەرنى لۇغەتتىن ئاختۇرۇۋاتقانلىقىنى ئوغۇل بالىلار كۆرمەي قالدى. لالە ئۆزىنىڭ بالاغەتكە يېتىپ قالغان بىر توپ ئوغۇل بالىنىڭ ئارىسىدا يالغۇز دېگۈدەك ئولتۇرغانلىقىدىن كۆڭلى بەكمۇ يېرىم

www.uyghurkitap.com



ئىدى، ئۇنى ئاز دەپ بەزى باللار لالەدىن چوقىدەكمۇ قىلاتتى، لالە تۇرۇپلا بۇ يەرگە كۆرسىقا قاتنىشىمەن، دەپ كەلگىنىگە پۇشايمان قىلغىلى تۇردى، ”كەلمىسەممۇ بولغانىكەن، ئوغۇللاردىن بىرەرسى گەپ قىلىپ قالسا ئۆلگىنىم شۇ ئەمەسمۇ، ھەي! قانداقمۇ قىلارمەن؟ سىنىپتا دەرس ئاڭلىغاندا پۇركەنجىنى سېلىۋەتمىسە بولمايدىكەن، تېخى!“ لالە سىنىپقا كىرىپ، پۇركەنجىسىنى سېلىپ، يۈزىنى ئېچىۋەتكەنىدى،

بىردەمدىن كېيىن مۇئەللىممۇ كەلدى، مۇئەللىمنى كۆرگەن ئوغۇل باللار ئۈستەل ئۈستىدە بايىقى ھاپىلا-شاپىلا ئۆچۈرۈۋەتتى، دەرس باشلاندى، لېكىن لالەگە نىسبەتەن ۋاقىت بەكمۇ ئاستا ئۆتۈۋاتاتتى، چۈنكى باللار بىر-بىرلەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ يېشىنى دەپ بېرىشى، ھەتتا بىر نەچچە ئېغىز ئېنگلىزچە سۆزلەپ بېقىشى كېرەك ئىدى، سۆزلەش نۆۋىتى لالەگە كېلىۋىدى، بۇ ياش ئەمما ئاۋاق مۇئەللىم قولىدىكى پالاق بىلەن لالەنى ”قېنى سۆزلەڭ!“ دەپ ئىشارەت قىلدى، ئوغۇللارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن ھەتتا يۈزىنىمۇ ئېچىپ باقمىغان لالەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سېلىپ، قەپىزىدىن چىقىپ كېتەيلا دەپ قالدى، تىكىلىپ تۇرغان جۈپ-جۈپ كۆزلەر لالەنى بەكمۇ تەمتىرىۋەتتى، ”شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا يۈزۈم چۈشۈپ كەتتى“ دەپ ئويلىغان لالەنىڭ پۇت-قولىغا تىترەك ئولاشقىلى تۇردى، چۈنكى ئۇنىڭ ئوغۇللار بىلەن بىر سىنىپتا ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلىشى ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىش ئىدى، بىراق، بۇ ئۇنىڭ سەۋەنلىكى ئەمەستە!

ئۇ دەرس تۈگىمەستىنلا دەس قوپۇپ، چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولدى، لېكىن مۇئەللىم سەۋەبىنى سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي، ئورنىدىن تۇرۇشقا پېتىنالمىدى، لالەنىڭ تەلىيىگە دەرسمۇ تۈگىدى، ئۇ پۇركەنجىسىنى دەرھال ئارتىپ، سىنىپتىن ئوقتەك چىقتى-دە، ئۆيگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىۋالدى،

— ئوغۇللار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايدىغان گەپكەن، ئادەمنىڭ قورققۇسىنى كەلتۈرۈپ،

ئۆيدىكىلەر لالەنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدى،

— ئۇنداق يەرگە ئەمدى ھەرگىز بارغۇچى بولما، — دېدى بىبىگۈل،

— پايدىسى يوق،

لالەمۇ كۇرسقا داۋاملىق بېرىشتىن يالتايدى، چۈنكى، تالىبانلار يوقالغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ لالە، بىبىگۈل، شەرىپە ۋە سانىيەدەك مەزلۇملارنىڭ كاللىسىغا

ئۇرناپ كەتكەن ۋەھىملىك ئاسارەتلىرى ھېلىھەم شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، دۇرۇس، تالىبانلارنىڭ زامانى كەلمەسكە كەتتى، مىكرورايانى مەھەللىسىدىكى مەزلۇملار نەغمە-ناۋا قىلسا، ئۇسسۇل ئوينىسا، تىرناقلىرىغا لاك ياقسا بولۇۋېرىدىغان كەڭرى زامانىنىڭ كەلگەنلىكىدىن بەكمۇ خۇرسەن بولۇشتى؛ لېكىن نېمىشقىدۇر ئۆلارنىڭ لاتاپىتى بىلەن ئەمىنلىكى يەنىلا ئاشۇ قېلىن پۈركەنجىنىڭ ئىچىدە ئىدى. لالە ئىچكى ئۆرۈش ئەۋجىگە چىققان، موللىلار بىلەن تالىبانلار جاھان سورىغان زامانلاردا تۇغۇلۇپ، ئاق تېررورلۇق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. شۇڭلاشقىمۇ، ئۇ مۇستەقىل بىرەر ئىش قىلىپ بېقىش ياكى ئاز-تولا بىلىم ئۆگىنىش يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىگە بەكمۇ ئېچىناتتى. تالىبانلار ھۆكۈم سۈرگەن بەش يىل جەريانىدا، قىزلارنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشى پۈتۈنلەي چەكلىۋېتىلگەنىدى، مانا ھازىر ئۇنداق چەكلىمىلەر بارا-بارا تۈگىدى. لېكىن ئاشۇنداق "نوختا"، "يۇگەن"لەرگە كۆنۈپ كەتكەن لالە، ئاشۇ چەكلىمىلەرنىڭ رامكىسىدىن چىققۇسى كەلمەيۋاتاتتى. سۇلتان ئۇنىڭ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇشقا قوشۇلغان بولسىغۇ گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەن بولار ئىدى، چۈنكى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوغۇللار بىلەن قىزلار ئايرىم-ئايرىم سىنىپلاردا ئوقۇيتتى.

لالە ئاشخانىدىكى سۇپىنىڭ تېگىدە ئولتۇرۇپ كۆكتات ئاقلاۋاتاتتى. سانىيە بولسا تۇخۇم پىگەچ لەتىپەنى ئوينىتىۋاتاتتى. لالە سانىيەنى ئانچە كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى، چۈنكى بۇ مەزلۇم ئېلىپبەنىمۇ ئوقۇمايدىغان ساۋاتسىز بولۇشىغا قارىماي، بىرەر نەرسە ئۆگىنىشكە قىلچە قىزىقمايتتى. بىر چاغلاردا سۇلتان ئۇنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشقا مەخسۇس ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ باقتى. لېكىن سانىيەگە ھېچنېمە يۇقمىدى. شۇنداق قىلىپ سانىيە بىر نەچچە ئاي ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە بەش ھەرپنى ئۆگىنەلىدى. ئۆزىنىڭ بىر نەرسە ئۆگىنەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتمىگەن سانىيە ئاخىرى سۇلتانغا: "ئۆگەنمىسەم بولمامدۇ؟" دەپ يالۋۇردى. سۇلتانمۇ ئۇنى زەھەردەك گەپلەر بىلەن تازا چېقىۋالدى.

— ئارزۇسىدىكى نەرسىلەرگە ئېرىشىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە نېمە قىلىشى لازىملىقىنى ئويلاپ بېقىشنى بىلمەيدىغان ئادەمگە بىرەر نەرسە ئۆگىتىش، ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا غىجەك چالغاندەك بىر ئىشكەن، — دېدى سۇلتان قاقاقلاپ كۈلۈپ تۇرۇپ. ئادەتتە مەنسۇرنىڭ ئۇنداق گەپلىرىنى پەرۋايىغا ئېلىپ قويمايدىغان لالەمۇ، سۇلتاننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتىۋالالماي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

لاله سانىيەنىڭ ئالدىدا ھەمىشە دىمىغىنى ئۈستۈن تۇتۇپ يۈرەتتى، سانىيە بىرەر ئېغىز بولمىغۇر گەپنى قىپقويغان ياكى بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويغان چاغلاردا لاله ئۇنى ئەيىبلەپ جىندىن ئۆتكۈزىۋېتەتتى. لېكىن بۇنداق گەپ-سۆزلەرنىڭ ھەممىسى سۇلتان ئۆيدە يوق چاغلاردا بولاتتى. لالەنىڭ نەزىرىدە سانىيە چىرايى بولغاچقىلا قەدىرلىنىپ، بۇ باي ئائىلىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇپ قالغان، يالاڭتۆش سەھرالىق ئىدى. لاله سۇلتاننىڭ سانىيەنى ھە دېسىلا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا بۇ ئائىلىنىڭ نۇرغۇن ئىمتىيازلىرىنى بەرگىنىنى ئويلىسا ئىچى ئېچىشاتتى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سانىيە بىلەن لاله ئىككىسى تەڭ دېمەتلىك مەزلۇملار تۇرۇقلۇق، بىرى ئاسماندىكى ئايدەك ئەزىزلىنىپ، يەنە بىرى ئېرىقتىكى لايدەك خارلىقتا قېلىۋاتىدۇ. لاله ئادەتتە سانىيەگە چىش يېرىپ گەپ قىلمايدۇ، سانىيەمۇ گويا ئۆپچۆرىسىدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، ناھايىتى مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. سانىيە ئۇنچىۋالامۇ لايىغەزەل مەزلۇم ئەمەس ئىدى، سەھرادىكى ئۆيدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئاتا-ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. لېكىن بۇ ئۆيگە كېلىن بولۇپ كىرگەندىن بۇيان، سۇلتان ئۇنى بەكلا پەپىلەپ، ھېچقانداق ئىش قىلدۇرمىدى. ئۇ ئۆيدە ھەمىشە ئېرىنىڭ ئىش-كۈشلىرىگە ياردەملىشىپ باقاتتىيۇ، لېكىن بولۇمسىزلىقنى لالەنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە مىدىر-سىدىر قىلماي ئولتۇرۇپ، سۇلتاننىڭ كېلىشىنى كۈتەتتى. سۇلتان ئىشىكتىن كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ، سانىيەنىڭمۇ پۇت-قولى يەرگە تەگمەي قالاتتى. سۇلتان كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن چاغلاردا، سانىيە ئۈچىسىغا كونا كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرەتتى. سۇلتان قايتىپ كەلگەن ھامان ئۇ دەرھال ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىپ، ئۇپا-ئەڭلىك سۈرۈپ، كۆزلىرىگە سۈرمە تارتىپ، قونچاقتەك ياسىنىۋالاتتى.

سانىيە 16 يېشىدا بالىلىقى بىلەن خوشلىشىپ خوتۇن بولدى، چاي ئىچكۈزۈلۈپ توي قىلغۇچى بولغان ئارىلىقتا، سانىيە ئەرگە تەگمەيمەن، دەپ بەكمۇ يىغلىغانىدى. لېكىن توي بولۇپ ئۇزۇنغا قالمايلا، بۇ يېڭىچە تۇرمۇشقا كۆنۈپمۇ قالدى. سانىيە ئۆز ھاياتىدىن ھېچنېمە تەمە قىلىپ باقمىغانىدى. شۇڭلاشقىمۇ سۇلتان سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن توپ-توغرا ئىككى ئاي قاتىرىدى. ئۇ تويدىن بۇرۇن سانىيە بىلەن ئايرىم كۆرۈشۈپ بېقىش نىيىتىدە، سانىيەنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ئامالنىڭ بارىچە ئۇنى-بۇنى شۇڭغۇتۇپ

باقتى، تويدىن بۇرۇن ئايرىم كۆرۈشسە بولمايتتى، بۇ گەرچە ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلۇۋاتقان قائىدە-يوسۇن بولسىمۇ، لېكىن يىگىت بىلەن قىزنىڭ تويدىن بۇرۇن بىر نەچچە كېچىنى بىرگە ئۆتكۈزۈشى، ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىشلاردىن ئىدى، سانىيەنىڭ ئاكىسى سۇلتاننىڭ سانىيە بىلەن تويدىن بۇرۇن بىرەر كېچە بىللە بولۇپ بېقىش نىيىتىدە ئۇلارغا سوۋغا-سالام ئەكىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ئۈچۈن سۇلتان بىلەن ھېسابلىشاي، دېگەن نىيەتتە قولىغا پىچاقنى ئالدى، لېكىن "ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيۇلۇپتۇ" دېگەندەك، سۇلتاننىڭ ئۇلارنىڭ گەدىنىگە ئۆتكۈزۈپ قويغانلىرىنى يادىغان ئالغان بۇ يىگىت تۇرۇپلا يەنە لاسسىدە بولۇپ قالدى، خىيالىغا كەلگەننى قىلماي قويمايدىغان سۇلتاننىڭ نەزىرىدە، تويدىن بۇرۇن سانىيە بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىش، سانىيە ئۈچۈن پايدىلىق ئىدى،

— جىق ئىش كۆرگەن ئادەممەن، — دېدى سۇلتان سانىيەنىڭ دادىسىغا چۈشەندۈرۈپ، — سانىيە تېخى كىچىك، شۇڭا ئۇنى نىكاھلىق تۇرمۇشقا ئاستا-ئاستا ئادەتلەندۈرمىسەم بولمايدۇ، ھازىردىن باشلاپ كۆنسە توي كېچىسى بەك قورقۇپمۇ كەتمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىدىغان ئادەممەن!

سانىيە ئىككى يىلدىن بۇيانقى مەززىسىز تۇرمۇشىدىن مەمنۇن ئىدى، چۈنكى ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدە ئارامخۇدا ئولتۇرىدۇ، قولۇم-قوشنىلارنىڭ ئۆيلىرىگە پاراڭ سېلىشقىلى كىرىدۇ ياكى ئۆيگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتىدۇ؛ ئۇستىۋېشىنى پات-پات يېڭىلاپ تۇرالايدۇ، ئېرى ئۇنىڭغا بەش يىلدا بىردانە ئالتۇن بىلەزۈك سوۋغا قىلىدۇ، سانىيەگە مۇشۇلارنىڭ ئۆزىلا كۇپايە ئىدى،

سۇلتان بىر قېتىم تېھرانغا كاماندىروپكىغا بارغاندا، سانىيەنىمۇ ئېلىۋېلىپ، بىر ئاي ئۇينىتىپ كەلدى، سانىيە قايتىپ كەلگەندە، مىكروراياندىكى مەزلۇملار سانىيەنىڭ ئاغزىدىن چەت ئەلنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باقساقكەن، دەپ بەكمۇ تەقەززا بولۇپ كېتىشتى، لېكىن سانىيە كۆرگەنلىرى توغرىلىق ئۇلارغا ھېچنېمە دەپ بەرمىدى، بۇنىڭ بىلەن سانىيەنىڭ پارىڭىنى ئاڭلايمىز، دەپ كىرگەنلەر بۇ ئۆيدىكى باشقىلار بىلەن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى، سانىيە بولسا ئادىتى بويىچە ھېچكىم بىلەن كارى يوق لەتىپەنى ئوينىتىپ ئولتۇرىۋەردى، چۈنكى سانىيە بۇ قېتىم تېھراننى پەقەت چۈشىدە غىل-پال كۆرگەندەكلا كۆردى؛ ئۇنىڭ ئۇستىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



سانىيەنىڭ تېھرانغا نىسبەتەن ئۇنىڭدىن باشقا ئىنتىلىشىمۇ يوق ئىدى، سۇڭا ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن پەقەت "تېھراننىڭ بازارلىرى كاتتىكەن، ئۇ يەردىكى ماللار كابۇلنىڭكىدىن ياخشىكەن" دېگەننى ئاغزىدىن چىقىرالىدى.

سانىيە ئۇچۇن ئىپتىقاندا ئەڭ كاتتا ئىش بالا تۇغۇش بولۇپمۇ ئوغۇل تۇغۇش ئىدى. ئۇ ئىككىنچىسىگە قورساق كۆتەرگەندىن كېيىن، "يەنە قىز تۇغۇپ قويارمەنمۇ" دېگەن ئايىغى چىقماس ئەندىشىگە چۈشۈپ كەتتى. ئاشۇ ئەندىشىلىك خىياللار بىلەن ئولتۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە لەتىپە ئويناپ تۇرۇپلا، ئۇنىڭ چۈمپەردىسىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بۇنىڭغا جۇدۇنى تۇتقان سانىيە لەتىپەنى شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى. چۈنكى ئۇ "قىز بالا ئانىسىنىڭ چۈمپەردىسىنى ئوينىسا، ئۇنىڭ كەينىدىكىسىمۇ قىز تۇغۇلارمىش" دەپ ئاڭلىغانىدى.

— بۇدا يەنە قىز تۇغۇپ قالسام، بالىنىڭ دادىسى ئۈستۈمگە توقال ئالىدۇ، تايىنلىق، — دېدى سانىيە بىر كۈنى ئاشخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا تۇيۇقسىزلا.

— ئاكام شۇنداق دەۋاتامدا؟ — دەپ سورىدى لالە.

— ھەئە، تۈنۈگۈن ئاشۇنداق دېدى.

— سىزنى قورقىتىپ قويۇپتۇ، شۇ!

سانىيە لالەنىڭ ئاخىرىدا قىلغان گېپىنى ئاڭلىمىدى بولغاي، ئۆزىچە "ئاھ، خۇدا قىز تۇغۇپ قالمىغىدىم، قىز تۇغۇپ قالمىسام بولاتتى" دەپ پىچىرلىغىلى تۇردى. ئەمدى يېشىغا يەتكەن لەتىپە ئانىسىنىڭ ئاشۇ پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

لالەنىڭ بايىقىدەك گەپلەر بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېرىشكە تاقىتى قالمىدى. "ئۆيدە ئەتىگەندىن كەچكىچە سانىيە، شەرىپە، بوبۇرا ۋە ئانام بىلەن چوپىلىدا تۇرمايدىغان ئىشلار ھەققىدە گەپ سېتىپ ئولتۇرماي، چىقىپ كېتىشىم كېرەك؛ پەقەت چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، بۇ يەر مەن تۇرىدىغان يەر ئەمەسكەن." دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى لالە.

ئۇ تۇيۇقسىزلا فازىلنى ئەسلەپ قالدى. سۇلتاننىڭ ئۇ بايقۇشقا قانداق تاش يۈرەكلىك قىلغانلىقىمۇ ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. لالە قاتنىشىۋاتقان ئىنگلىزچە دەرسنىڭمۇ ۋاقتى توشۇپ قالغانىدى. قىزىق يېرى، لالەنىڭ ئىنگلىز تىلى كۇرسىغا قاتنىشىپ قېلىشىغىمۇ دەل فازىلنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەر سەۋەب بولغانىدى.

11 ياشلىق فازىل سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا ئىشلەيتتى. ئۇ خۇدانىڭ

قۇتلۇق كۈنى ئۆزىدىن يوغان يەشكلەرنى كۆتىرەتتى؛ سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن بىر داستىخاندا غىزالىناتتى؛ ئاخشىمى لالەنىڭ قولتۇقىغا كىرىپ ئۇخلايتتى. فازىل ــــ مەريەمنىڭ چوڭ ئوغلى، سۇلتان بىلەن لالەنىڭ جىيەنى ئىدى. سۇلتانىنىڭ كىتابخانىسىغا يۈگۈر-يېتىمچى لازىم بولۇپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەريەم بىلەن ئېرى باللىرىنى باقالمايۋاتقانلىقىنى ئېيتىۋىدى، سۇلتان فازىلنى كۈنىگە 12 سائەت ئىشقا سېلىش شەرتى بىلەن ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ قورسىقىغا ئاش-نان بەرمەكچى بولدى، ئۇ ھەم فازىلنىڭ ھەر جۈمە كۈنى ئۆيدىكىلىرىنى كۆرۈپ كېلىشىگىمۇ قوشۇلدى. فازىلنىڭ ئاتا-ئانىسى بۇنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

فازىلنىڭ كۈنلىرى بەكمۇ خۇشال ئۆتەتتى. ئۇ كىتابخانىنى ناھايىتى پاكىز تازىلاپ، چىرايلىق بېسقتۇرۇپ، كۈندۈزلىرى يەشىك-يەشىكلەردىكى كىتابلارنى توشىسا، كېچىلىرى ئامىر بىلەن بىللە ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت مەنسۇرلا فازىلنى ئۆچ كۆرەتتى. ئۇ كىچىككىنە بىرەر سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپ قويسىمۇ، مەنسۇر ئۇنىڭ كاچىتىغا سالاتتى ياكى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە مۇشلايتتى. لېكىن مەنسۇر خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا فازىلنى ئەگەشتۈرۈپ ئاچىقىپ، ئۇنىڭغا كىيىم ئېلىپ بېرەتتى ياكى ئاشپۇزۇلغا ئەكىرىپ تويغۇدەك تاماق ئېلىپ بېرەتتى. ئىشقىلىپ، فازىلنىڭ بۇ يەردىكى كۈنلىرى تۇپىلاڭ سەھرادىكىگە قارىغاندا ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتاتتى.

بىر كۈنى سۇلتان فازىلغا تۇيۇقسىزلا ۋارقىرىدى:

ــــ تاقىتىم تاق بولدى فازىل، دەرھال ئۆيۈڭگە كەت، كىتابخانامغا ئىككىنچى دەسسىگۈچى بولما!

ھەممەيلەن بۇ گەپنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قېلىشتى. بۇ سۇلتانىنىڭ نېمە قىلغىنى؟ ئۇ مەريەمگە فازىلنى ئۆيىدە بىر يىل تۇرغۇزىمەن، دېگەن ئىدىغۇ؟ لېكىن سۇلتانغا ھېچكىم بىر نېمە دېيەلمىدى. شۇنداق، بۇ ئۆيدە سۇلتانىنىڭ ئاغزىدىن چىققىنى قانۇن تۇرسا، كىم غىدىڭ-پىدىڭ دېيەلەيتتى؟ ئاخشىمى فازىل ئۆزىنى بېسىۋالالماي يىغلاپ كەتتى. لالە ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ جىق گەپلەرنى قىلىپ باقتى، لېكىن پايدىسى بولمىدى.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى، لالە فازىلنىڭ لاقا-لۇقىسىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. فازىلنىڭ قوغلانغانلىقىدىن ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى خەۋەرسىز ئىدى.

سۇلتانىنىڭ بۇ قىلىقىدىن ئەرۋاھى قىرىق گەز ئۇچقان لالەنىڭ چىرايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاتىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى: "فازىلغا ئۇنداق قىلماسلىقى كېرەك ئىدىغۇ؟! ئەمدى قوغلىنىدىغان نۆۋەت ئېھتىمال ماڭىا كەلدى؛ دۇرۇس، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ غېمىنى يېمىسەم بولمىغۇدەك."

شۇنداق قىلىپ لالەنىڭ قورسىقىغا جىن كىردى، بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى سۇلتان ئوغۇللىرىنى ئەگەشتۇرۇپ ئىشقا ماڭغاندىن كېيىن، لالەمۇ يۈركەنجىسىنى كىيىپ غىپپىدە تالاغا ماڭدى، ئۇ قوشنىسىنىڭ كىچىك ئوغلىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يېتىلدى، ئاندىن باشقا بىر يول بىلەن مىكروراياني رايونىدىن چىقىپ، بىتونىدا قۇيۇپ ياسالغان كۆرۈمسىز بىنالارنىڭ ئارىسىدىن كېسىپ ئۆتتى، مىكرورايانىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بومبىدا ۋەيران قىلىۋېتىلگەن بولۇپ، مۇنداقلا قارىغان ئادەمگە خۇددى ئىنسى-جىن ئاياغ باسمايدىغان خارابىلىققىلا ئوخشايتتى، شۇنداقتىمۇ ئاشۇ خارابىلىقلار ئارىسىدا، ئۆزلىرىگە ئوخشاش يوقسۇللاردىن سەدىقە تىلەپ جان باقىدىغانلارمۇ بار ئىدى، ئەڭ بولمىغاندا ئۇنداقلارنىڭ قوشنىلىرىنىڭ يامغۇر-يېشىندىن دالدا بولغىدەك ئۆيى بار ئىدى، لالە ئېتىزنى توغرا كېسىپ ئۆتتى، بىر توپ ئۆچكە ئۇيەر-بۇيەردە ئۆسۈپ قالغان شالاڭ چۆپلۈك ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرەتتى، قويچى شۇ ئەتراپتىكى يېگانە دەرەخنىڭ سايىسىدا مۈگدەپ ئولتۇراتتى، بۇ شەھەر بىلەن سەھرانىڭ چېگرىسى بولۇپ، ئېتىزلىقنىڭ ئۇ تەرىپى دېھقۇدەيداد كەنتى ئىدى، بۇ لالەنىڭ ھەدىسى ساكىرەنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قېتىم كېلىشى ئىدى.

ساكىرەنىڭ ۋەكىل بىلەن توي قىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان چاغلار ئىدى، لالە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا بېرىۋىدى ۋەكىلنىڭ چوڭ ئوغلى سەئىد چىقىپ ئىشىكنى ئاچتى، سەئىدنىڭ ئىككى بارمىقى چولاق ئىدى، ئۇنىڭ بۇ ئىككى بارمىقىنى ئەسلىدە ماشىنىنىڭ ئاككۇمۇلياتورى پارتلاپ كەتكەندە يارىلانغانىكەندۇق، لېكىن ئۇ باشقىلارغا "قولۇم مىنادا يارىلانغان" دەيتتى، ئۇ ئېھتىمال ئۇرۇشقا قاتناشقان ئەرلەرنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك. لالە ئۇنى "تومپاي" دەپ ياراتمايتتى، ئۇ دادىسى ۋەكىلگە ئوخشاش ئىلغىنى تاياق دەيدىغان ساۋاتسىز، ھەم دېھقان مىجەز ئىدى، شۇڭا لالە ئۇنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسىلا تەنلىرى شۈركىنىپ كېتەتتى، ۋەكىلنىڭ ئوغلى لالەگە ئېگىلىپ تۇرۇپ تەبەسسۇم بىلەن سالام قىلدى، لالە ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتتۈۋىدى، يۈركەنجىسى ئۇنىڭغا تېگىپ كەتتى، بۇنىڭ بىلەن لالەنى تېخىمۇ تىترەك باسقىلى تۇردى، چۈنكى ۋەكىلنىڭ ئۆيىدىكىلەر لالەنى سەئىدكە ئېلىپ بېرىش نىيىتىدە ئىدى؛ ۋەكىل بىلەن ساكىرەمۇ بۇ ئىشنى بىبىگۈلگە ئوچۇق

ئېيتقاندى.

— ئۇنى ئەرگە بېرىشكە تېخى بالدۇر، — دەپ جاۋاب بەردى بىبىگۈل.

لېكىن سۇلتاننىڭ ئويى ئانىسىنىڭكىگە ئوخشىمايتتى.

— نېمىدىگىنىڭىز، دەيلا ئانا؟ تازا ۋاقتى دېسىلە، — دېدى سۇلتان ئانىسىنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

لېكىن لالەدىن ھېچكىم "مەيلىڭ قانداق" دەپ سوراپ باقمىدى، شۇڭا لالەمۇ بۇ ئىشنى ئۇقمىغان كىشىگە سېلىپ يۈرىۋەردى. چۈنكى يۈزى تۆۋەن قىزلار "پالانىغا مەيلىم بار، پوكونىغا كۆڭلۈم يوق" دەپ يۈرۈشنى خالىمايتتى. لېكىن لالە شۇنىڭدىن كېيىن بىر ياقلارغا قېچىپ كېتىشنى ئويلايدىغان بولۇپ قالدى.

ئاڭغىچە ساكىرە ئېغاڭلاپ چىقىپ كەلدى، چېھرىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرغان بۇ مەزلۇم ناھايىتى خۇشال كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدا ۋەكىل بىلەن يېڭى توي قىلغان چاغدىكى سۇلغۇنلۇقلاردىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. مۇھىمى ئۇ بىئولوگىيە ئوقۇتقۇچىسىلىق خىزمىتىگە قايتا ئېرىشتى. ئۇ ھەم ۋەكىلنىڭ باللىرىغا كىرىنى يۇيۇپ، تاماقنى ئېتىپ ئوبدان قارىغاچقا، باللارمۇ ئۇنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى. ساكىرەدىن كۆڭلى سۇ ئىچكەن ۋەكىل، ئۆيىنى بىر قۇر تۈزەشتۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، ساكىرەگە ئۆيىنىڭ پەردە، كارىۋات ياپقۇچلىرىنى يېڭىلىۋەتكىن، دەپ پۇل بەردى. ۋەكىل بىلەن ئۇنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى باللارنى ئوقۇتۇشقا پەقەتلا كۆڭۈللەشمىگەنىدى. لېكىن ساكىرە باللارغا ئانا بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئۇلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ بەردى. لېكىن ۋەكىلنىڭ باللىرى مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، مەكتەپكە كۆنەلمەي ئۇنى - بۇنى دەپ مەكتەپكە بارماسلىقنىڭ قازىنىنى ئېسىۋىدى، ساكىرە ئۇلارغا: "ھازىر مەكتەپكە بارمىساڭلار، چوڭ بولغاندىن كېيىن كىرىدىغانغا تۆشۈك تاپالماي قالىسىلەر" دەپ نۇرغۇن تەربىيلەرنى بەردى.

ساكىرەنى بەختلىك مەزلۇملاردىن، دېيىشكە بولاتتى. چۈنكى ئەڭ بولمىغاندا ئۇ ئەرگە تېگەلىدى. ئەر - خوتۇنلۇق مېھرىگە قانغاچقىمۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ توپ - توغرا 35 ياشقا كىرگەندىن كېيىن ئاندىن بىر ئەرنىڭ پېشىنى تۇتۇپ "قېرى قىز" دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلغانىدى.

ئاچا - سىڭىل ئىككىسى يۈزىنى يېقىپ ئېسەنلەشكەندىن كېيىن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



پۇركەنجلىرنى قايتا تۈزەشتۈرۈپ ئىتتىك تالاغا قاراپ ماڭدى، ساكىرە لالەنى ئەگەشتۈرۈپ مەكتەپ تەرەپكە قاراپ ماڭدى، لالەنىڭ پۇتىدا ئىگىز پاشىنلىق قارا ئاياغ، ساكىرەنىڭ پۇتىدا بولسا تويدا كىيگەن سىرىق پىستانلىق، ئىگىز پاشىنلىق ئاق ئاياغ بار ئىدى، بۇ ئىككى مەزلۇمنىڭ پۇتۇن ئۇستۇپىشى پۇركەنجىنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، پەقەت پۇتىدىكى ئايىغىنىلا ئىنىق كۆرگىلى بولاتتى،

مەكتەپكە بارىدىغان تاشيولدا ئالدىراپ كېتىپ بارغان ساكىرە بىلەن لالە، ھېلى سۇ جۇغلىشىپ قالغان كۆلچەكتىن ئاتلاپ ئۆتسە، ھېلى يولدىكى پاتقاق ياكى كاتاڭلاردىن يانداپ ئۆتەتتى، بۈگۈن لالە ئاچىسى ساكىرە ئىشلەيدىغان مەكتەپكە ئوقۇتقۇچىلىق ئىش ئورنى ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن خۇپپىيانە كېتىپ باراتتى،

چۈنكى ساكىرە ئوقۇشۇپ يۈرۈپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان مەكتەپنىڭ ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسىغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقانىدى، لالە ئاران توققۇز يىللا ئوقۇيالىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنگلىز تىلىنى يېڭىدىن ئۆگىنىدىغانلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىغا كۆزى يېتەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە لالە پاكىستاندىكى بىر ئىنگلىز تىلى كەچ كۇرسىدا بىر يىلغا يېقىن ئوقۇغانىدى،

※ ※ ※

مەكتەپنىڭ قورۇق تېمى ناھايىتى ئىگىز بولۇپ، تامنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى، دەرۋازىدا بىر بوۋاي ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە بولۇپمۇ ئوغۇللارغا كۆز-قۇلاق بولۇپ ئولتۇراتتى، چۈنكى بۇ قىزلار مەكتىپى بولغاچقا ئوغۇللارنىڭ كىرىشىگە يول قويۇلمايتتى، مەكتەپنىڭ ئىلگىرى ھەمىشە قوراي بېسىپ كېتىدىغان مەيدانىغا بۇ يىل پۈرچاق تېرىۋېتىلگەنىدى، مەيدانىنى چۆگىلىتىپ سېلىنغان سىنىپلارنىڭ پەقەت ئۈچىلا تېمى بولۇپ، مەيدانغا قاراپ تۇرىدىغان تەرىپىدە تام يوق ئىدى، بۇنداق بولغاندا مەكتەپ رەھبەرلىرى سىنىپتا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى، ھەر بىر سىنىپتا بىرنەچچە ئۈستەل، ئورۇندۇق ۋە بىردىن دوسكا بار ئىدى، ئۈستەل-ئورۇندۇق يېتىشمىگەچكە ياشقا چوڭراق باللارلا ئورۇندۇقتا ئولتۇرالايتتى، قالغانلىرى داق يەردە ئولتۇرۇپ دەرس ئاڭلايتتى، نۇرغۇن باللارنىڭ دەپتەر ئالغۇدەك پۇلى بولمىغاچقا ئۆگەنگەنلىرىنى تاختاي پارچىسى ياكى ئۆزلىرى

تېپىپ كەلگەن ئۇششاق قەغەز پارچىلىرىغا يېزىپ مەشىق قىلاتتى.

قارىماققا مەكتەپ بەكمۇ قالايمىقاندەك كۆرۈنەتتى، چۈنكى يېڭى ئوقۇغۇچىلار ھەر كۈنى قوشۇلۇپ تۇرۇۋاتقاچقا، سىنىپلار كۈندىن-كۈنگە ئاۋۇپ كېتىۋاتاتتى. ھۆكۈمەت قانات يايدۇرغان "باللارنى مەكتەپكە قايتۇرۇپ كېلىش" ھەرىكىتى كۆرۈنەرلىك ئۈنۈم بەردى. ئافغانىستاننىڭ ھەممىلا يېرىدە كىتابلىرىنى قولتۇقلاپ خۇشال-خۇرام مەكتەپكە كېتىۋاتقان باللارنىڭ سۈرەتلىرى چۈشۈرۈلگەن پىلاكاتلار ئېسىلدى.

ساكىرە بىلەن لالە كىرىپ كەلگەندە، ئەنزار ياش بىر مەزلۇم بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن. تۆۋەن سىنىپقا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن تىزىملىنىشقا كەلگەن بۇ مەزلۇمنىڭ گېپىگە قارىغاندا، ئۇ ئىلگىرى ئۈچىنچى يىللىقتىچە ئوقۇپتىكەن، ئەمدى تۆتىنچى يىللىققا كىرىپ ئوقۇماقچى ئىكەن.

— ئىسمىڭىز تىزىملىكتە يوقكەنغۇ، — دېدى ئەنزار ئالدىدىكى كارتوچكىلارنى ئاختۇرغاچ. ئەنزار تالىبانلارنىڭ بۇلاڭ-تالاڭلىرىدىن ئامان قالغان بۇ قىممەتلىك كارتوچكىلارنى يىغىپ ئېلىپ ئىشكاپقا سالدى، ھېلىقى ياش مەزلۇم ئۈندىمەي تۇراتتى.

— ساۋاتىڭىز بارمۇ؟ — ئەنزار يەنە سورىدى.

ھېلىقى مەزلۇم سەل-پەل دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئەزەلدىن مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئىقرار قىلدى.

— بىرىنچى يىللىققا كىرسەم، مۇشتۇمدەك باللارنىڭ ئارىسىدا بەك سەت تۇرارمىكىن دەيمىنا — دېدى ھېلىقى مەزلۇم، — شۇڭا تۆتىنچى يىللىققا كىرەي دېگەنتىم.

ئەنزار ئۇنىڭغا راستىنلا بىرەر نەرسە ئۆگىنىۋېلىش نىيىتى بولسا، چوقۇم بىرىنچى يىللىقتىن باشلاپ ئوقۇمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇ مەزلۇم ھەشقاللا ئېيتىپ چىقىپ كەتتى. دېمىسىمۇ بىرىنچى يىللىقتا ئادەتتە بەش ياشتىن تارتىپ 10 نەچچە ياشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى باللار ئوقۇيتتى، ئۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بۇ مەزلۇمنىڭ يېشى خېلىلا چوڭ ئىدى.

نۆۋەت لالەگە كەلدى. لالە ئىلگىرى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇغاچقا، ئەنزار ئۇنى تالىبانلار يۇرت سوراشتىن ئىلگىرىلا تونۇيتتى.

— ئۇنداقتا سىز ئالدى بىلەن تىزىملىنىڭ — دېدى ئەنزار لالەنى قىزغىن قارشى ئالغاندىن كېيىن، — تىزىملىنىپ گۇۋاھنامە ئالغاندىن كېيىن ئاندىن مائارىپ تارماقلىرىغا بېرىپ ئىلتىماس سۇنىسىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— مەكتىپىڭلاردا ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى كەمكەن، شۇڭا ئېغىر كۆرمەي مەن ئۈچۈن ئىلتىماس قىلىپ باققان بولسىڭىز، — دېدى لالە، — ياكى ھازىر ئىشقا چۈشۈپ تۇرۇپ كېيىنچىرەك ئىلتىماس قىلساممۇ بولامدۇ؟

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ئەنزار، — قولىڭىزدا چوقۇم ھۆكۈمەتنىڭ ئىجازەتنامىسى بولۇشى كېرەك. بۇ دېگەن تۈزۈم!

ئۈمىدسىزلەنگەن لالە مەكتەپ دەرۋازىسىدىن يېنىپ چىقتى. بالىلارنىڭ بايىقى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى بارغانسېرى يىراقتا قالدى. ئۇنىڭ پۇتىدىكى ئىگىز پاشنىلىق ئايىغى تاشتەك ئېغىر تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. مائارىپ تارمىقىغا قانداق بارغۇلۇق ئەمدى؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىشنى خۇپىيانە قىلىۋاتقان تۇرسا؟! لالە بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن سۇلتانغا ئېيتماقچى ئىدى، چۈنكى سۇلتان ھازىر بىلىپ قالسا، ئۇنىڭ "بولدى قىل" دېيىشى ئېنىق ئىدى. ناۋادا ئىشنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇقسا، توسۇيمۇ توسۇپ قالالمايتتى. يەنە كېلىپ ھەر كۈنى پەقەت بىر نەچچە سائەتلا دەرس ئۆتۈلىدىغان بولغاچقا، ئەتىگەنلىكى ھازىرقىدىنمۇ سەھەررەك تۇرۇپ، ئۆي ئىشلىرىنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلىۋەتسىلا بولاتتى.

قانداق قىلغۇلۇق؟ ھېلىقى ئەنزار ئېيتقان گۇۋاھنامىسىنىڭ پاكىستاندا قالغانلىقىنى يادىغا ئالغان لالە "بولدى قىلايلا" دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن سۇلتاننىڭ مىكرورايانى رايوندىكى كۆن چۈشمەيدىغان ئۆيى ۋە ئۆينىڭ قاچانلا قارىسا توپا بېسىپلا تۇرىدىغان پوللىرى لالەنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. بۇنىڭ بىلەن لالە يول ياقىسىدىكى تېلېفونخانىغا كىردى-دە، پىشاۋۇردىكى تۇغقانلىرىغا "گۇۋاھنامەمنى ئامال قىلىپ ئەۋەتىپ بېرىڭلار" دەپ تېلېفون قىلدى. ئۇلارمۇ ئەۋەتىپ بېرىشكە ماقۇل بولدى. لېكىن ئافغانىستان پوچتىسى تېخى ئەسلىگە كەلمىگەن بولغاچقا ئۇنداق نەرسىلەرنىڭ كۆپىنچىسى كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان ساياھەتچىلەردىن ئەۋەتىلەتتى.

لالەنىڭ گۇۋاھنامىسىمۇ بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن يېتىپ كەلدى. ئەمدى گەپ ھۆكۈمەتنىڭ مائارىپ تارمىقىغا ئىلتىماس قىلىشتىلا قالدى. بىراق، لالە يالغۇز ئۆزى ئالاغا چىقالمىسا، ئۇ يەرگە قانداقمۇ بارالىسۇن؟ لالە يۇنۇسقا دەپ بېقىۋىدى، يۇنۇس ئۇنىڭغا ئانچە كۆڭۈللەشمىدى.

— ئۇلارنىڭ سىزگە قانداق خىزمەت بېرىدىغانلىقىنى سىز نەدىن بىلىسىز ئۇكام، — دېدى يۇنۇس، — شۇڭا ئۆيدە جىم ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالسىڭىز بولارمىكىن، دەيمەن.

شۇنداق قىلىپ، لالەنىڭ خىزمەت قىلىشىنى، ئۇ ھەممىدىن بەك كۆيۈنىدىغان ئاكىسىمۇ رەت قىلدى؛ ئىلاجسىزلىقتىن جىيەنلىرىگە دەپ بېقىۋىدى، ئۇلار ياردەم قىلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئۇنى مازاق قىلىپ ھەدەپ كۈلۈشكىلى تۇردى.

لالە ئىلاجسىز قالدى، مەكتەپتىمۇ دەرس باشلىنىپ كەتتى.

— كېچىكىپ قالدىڭ قىزىم، — دېدى بىبىگۈل بىر كۈنى، — كېلەر يىلى ئوقۇپ باقارسەن.

لالە بەكمۇ ئۈمىدسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئۇ يەنە ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بېرىپ "ئوقۇتقۇچى بولمىغانغا نېمە بولاتتى" دەپ قوياتتى. بۇ ھەم ئارزۇسىغا يېتەلمەي قاتتىق ئازابلىنىپ كەتكەندىن ياخشىراق ئىدى.

لالە راستتىنلا قىيىن ئەھۋالدا قالدى. گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئافغانىستان جەمئىيىتىنىڭ تومۇر-تومۇرىغا سىڭىپ كەتكەن ئاسارەتلىك كەلتۈرمىشلەر ۋە ئەنئەنىنىڭ ئىللەتلىك جەندىلىرى تۈپەيلىدىن ئىلاجسىزلىق ئىچىدە قىينالماقتا ئىدى. قىسقىسى، لالە نەچچە يۈز يىللىق ئەنئەنە ۋە ئافغانىستانلىقلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بىخۇدلاشتۇرۇپ كاردىن چىقىرىپ بولغان جەمئىيەت تۈزۈلمىسىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. لالەنىڭ ئۆيىدىن ھۆكۈمەت مائارىپ تارمىقىغا كوچا ئاپتوبۇسى بىلەن يېرىم سائەتتىلا يېتىپ بارغىلى بولاتتى. لېكىن بۇ يېرىم سائەت لالە ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھالقىپ ئۆتكىلى بولمايدىغان ناھايىتى ئۇزۇن مۇساپە ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە لالە ھەرقانداق ئەھۋالدا "ياق" دېيىشكە ئاغزى بارمايدىغان، ھەممىدە "ئەلھەمدۇلىللا" دېيىشكە ئادەتلەنگەن قىز ئىدى. لېكىن ئۇ ئۆزىگە چىقىش يولى تېپىشى، ئىستىقبال يولىنى ئۆز تىرىشچانلىقلىرى بىلەن ئېچىشى لازىم ئىدىغۇ؟!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئون بەشىنچى باب

# مەڭگۈلۈك ئاللاھ

تاپشۇرۇقلىرىنى تۈگىتىپ بولالماي ھېرىپ ھېچ ماجالى قالمىغان فازىل يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا لېۋىنى چىشلىدى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ 11 ياشقا كىرىپ قالغان ئوغۇل بالا يىغلىسا قانداق بولىدۇ؟ تاپشۇرۇق دەپتىرى ناھايىتى قىممەت بولغاچقا، ئۇ ھەربىر بەتكە جىقراق خەتنى پاتقۇزۇش ئۈچۈن، خەتلەرنى ھەم ئۇششاق، ھەم مارجاندەك رەتلىك يازاتتى. گاز لامپىسىنىڭ يورۇقى تاپشۇرۇق دەپتىرىنىڭ بېتىگە چۈشۈپ تۇرغاچقا، فازىلغا قەلىمىنىڭ ئۇچى دەپتەردە ئەمەس، بەلكى نۇر ئۈستىدە ئويناۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىدا ئولتۇرغان فازىلنىڭ مومىسى ئۇنىڭغا يەكچەشمە كۆزىدە قاراپ-قاراپ قوياتتى. مومايىنىڭ يەنە بىر كۆزى كاۋاپدانغا ئۇسۇۋېلىپ قويۇلۇپ كەتكەنىدى. فازىلنىڭ ئانىسى مەريەم ئىككى ياشلىق ئوغلى ئەسبەرنى ئېمىتىپ ئولتۇراتتى. چارچاپ ھېچ ھالى قالمىغان فازىلنىڭ قەلەم تۇتقان بارماقلىرى ياغاچتەك قېتىپ كەتتى. لېكىن ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئولتۇرسىمۇ تاپشۇرۇقلىرىنى چوقۇم تۈگىتىشى كېرەك ئىدى. چۈنكى ئەتە سىنىپتا مۇئەللىمدىن پالاق يەپ، باللارنىڭ ئالدىدا ئىزاغا قالسا بولمايتتى.

ئۇ ”ئاللاھ كىم؟“ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئون قېتىمدىن يېزىشى كېرەك: ئاللاھ — ھەممىنى ياراتقۇچىدۇر، ئاللاھ يوقالماستۇر، ئاللاھ — گۈزەل ئەخلاقتۇر، ئاللاھ — ھەقتۇر، ئاللاھ مەڭگۈلۈكتۇر، ئاللاھ — ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ — ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ئاللاھ — بىلگۈچىدۇر، ئاللاھ ھەممىگە قادىردۇر، ئاللاھ ...

فازىل ئىسلام دىنى دەرسىدە سورالغان سوئالغا جايىدا جاۋاب بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، مۇئەللىم ئۇنى ئائىلە تاپشۇرۇقنى كۆپەيتىش ئارقىلىق جازالىغانىدى.

— مەن بۇ دەرستە سورالغان سوئالغا بىرەر قېتىممۇ توغرا جاۋاب

بىرەلمەيمەن، — دېدى فازىل ئانىسىغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، — مۇئەللىمنىڭ ئاچچىقى بەك يامان، كىچىككىنە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويساقمۇ، تېرىكىپ چىشلىرى غۇچۇرلاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭ چىرايىغا شۇنداقلا قارىسام جىددىيلىشىپ كېتىپ، بىلىدىغانلىرىممۇ ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن.

ئەسلىدە مۇئەللىم فازىلنى دوسكىغا چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك سوئاللارنى سورىغاندى. فازىل دەرسنى خېلى پىششىق تەكرارلىغاندەك قىلىۋىدىيۇ، لېكىن دوسكىنىڭ ئالدىغا كېلىشىگىلا ھەممىنى ئۇنتۇپ قالدى. ئۇزۇن ساقال قويۇپ بېشىغا سەللە ئورىغان، ئۇچىسىغا يەكتەك ۋە كەگرى تامبال كىيگەن مۇئەللىم كۆزلىرىنى فازىلغا مىختەك تىكىپ تۇرۇپ سورىدى:

— ئاللاھ ئۆلەمدۇ؟

— ياق، — دەپ جاۋاب بەردى فازىل تىترەپ تۇرۇپ، چۈنكى فازىل كۆزلىرى ئادەمگە مىختەك سانجىلىدىغان بۇ مۇئەللىمنىڭ ھەرقانداق سوئالىغا توغرا جاۋاب بېرەلمەيمەن، دەپلا قارايتتى.

— نېمىشقا ئۆلمەيدۇ؟ — ھېلىقى مۇئەللىم سوئالنى داۋاملاشتۇردى.

ئەمدى فازىلنىڭ تىلى تۇتۇلۇپلا قالدى. راست، ئاللاھ زادى نېمىشقا ئۆلمەيدۇ؟ ئۇنىڭغا پىچاق ئۆتمەمدۇ؟ ئوت تەگمەمدۇ؟ فازىل ئىچىدە تەھلىل قىلغىلى تۇردى.

— ھىم؟ — مۇئەللىم فازىلغا سوئاللىق قارىدى. نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتقان فازىلنىڭ تىلى گەپكە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، مۇئەللىم بايىقى سوئالنى يەنە بىر ئوغۇل بالىدىن سورىۋىدى ئۇ بالا: "چۈنكى ئاللاھ يوقالماستۇر" دەپ چاقماقتەك جاۋاب بەردى.

— ھەبىەللى! خوش، ئاللاھ سۆزلىيەلەمدۇ؟ — مۇئەللىم كۆزلىرىنى يەنە فازىلغا تىكتى.

— ياق، — دېدى فازىل، — ھە، بۇ ...، ئېنىقراقىنى دېسەك سۆزلىيەلەيدۇ.

— ناۋادا سەن "ئاللاھ سۆزلىيەلەيدۇ" دەپ قارىساڭ، ئۇنداقتا ئاللاھ زادى قانداق سۆزلەيدۇ؟ — مۇئەللىم يەنە سورىدى.

فازىل يەنە تۇرۇپ قالدى. توغرا، ئاللاھ زادى قانداق گەپ قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈنى گۈلدۈرمامىدەك چىقامدىغاندۇ؟ پەس ئاۋازدا سۆزلەمدىغاندۇ ياكى پىچىرلىغاندەك گەپ قىلامدىغاندۇ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



— بايا سەن ”ئاللاھ سۆزلىيەلەيدۇ“ دېدىڭ، خوش، ئۇنداق بولسا ئاللاھنىڭ تىلى بارمۇ؟

”راست، ئاللاھنىڭ تىلى بارمدۇ؟“ دەپ ئويلىدى فازىل.

فازىل بۇ سوئالغا نېمدەپ جاۋاب بەرسە توغرا بولىدىغانلىقىنى ئۇقالماي ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ تىلى بار دېگەن گەپكە ئىشەنمەيتتىيۇ، لېكىن بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى. چۈنكى ناۋادا خاتا جاۋاب بېرىپ قالسا، باللار مازاق قىلىپ كۈلۈشىدىغان گەپ. شۇڭا يەرگە قاراپ جىملا تۇرۇۋالغان تۈزۈك، مۇئەللىم يەنە بىر باللىنىڭ ئىسمىنى چاقىردى.

— ئاللاھ «قۇرئان كەرىم» ئارقىلىق سۆزلەيدۇ، «قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ تىلىدۇر.

— ھەببەللى! قېنى دەپ باق: ئاللاھ كۆرەلەمدۇ؟

فازىلنىڭ كۆزلىرى مۇئەللىمنىڭ قولىدىكى پالاقىغا چۈشتى. ئۇ پالاقنى ئۆزىنىڭ ئالىقىنىغا بوشقىنا ئۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. قارىغاندا پالاق فازىلنىڭ ئالىقىنىغا ھېلىلا تېگىپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى.

— كۆرەلەيدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى فازىل.

— ئاللاھ قانداق كۆرەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ كۆزى بارمۇ؟

بۇ سوئالدىن فازىل يەنە تەڭقىسلىقتا قالدى.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى فازىل بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن تۇيۇقسىزلا، — ئاللاھنى كۆرۈپ باقمىغان تۇرسام ....

پالاق ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىغا ”پاق-پۇق“ تەگكىلى تۇردى. مۇئەللىم فازىلنى تاكى يىغلاپ ئېقىپ كەتكۈچە ئۇردى. مەن سىنىپتىكى باللارنىڭ ئەڭ كالۋاسى بولسام كېرەك، دەپ ئويلايتتى فازىل، ئۇنىڭچە بولغاندا، شۇنچىۋالا باللارنىڭ ئالدىدا سوئالغا جاۋاب بېرەلمەي، ئىزا-ئاھانەتكە قالغاندىن كۆرە، پالاق يېگەن مىڭ ئەلا ئىدى. مۇئەللىم فازىلنى ئۇرۇپ ھارغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا يەنە تاپشۇرۇقنى باشقا باللاردىن جىق ئىشلەپ كېلىش جازاسى بەردى.

— شۇنچىلىك نەرسىلەرنىمۇ ئۆگىنىپ كېلەلمىسەڭ، بۇ سىنىپقا ئەگىشىپ ماڭالمايسەن، — دېدى مۇئەللىم ئۇنىڭغا.

”ئاللاھ كىم؟“ دېگەن سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۇن قېتىمدىن يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى پىششىق يادلىۋالمىسا بولمايتتى. فازىل يازغانلىرىنى ئىچىدە يېنىش-يېنىشلاپ ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ئانىسىغا بىر قۇر يادلاپ بەردى. نېمىلا دېگەن بىلەن ئۇ ”ئاللاھ كىم؟“نىڭ جاۋابىنى ئاخىر يادلىۋالدى. مومايىنىڭ

فازىلغا ئىچى ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى موماي گەرچە مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نەزىرىدە بايىقىدەك نەرسىلەرنى يادلاپ ئۆگىنىش، مۇشتۇمدەك بالىلار ئۈچۈن ناھايىتى قىيىن ئىش ئىدى. موماي بىر پىيالە چاينى ناكار بارماقلىرىدا ئەپسىز تۇتۇپ تۇرۇپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىچكىلى تۇردى.

— مۇھەممەد پەيغەمبەر ئۇسسۇلۇق ئىچكەن چاغلىرىدا ھېچقانداق ئاۋاز چىقارمايدىكەندۇق، — دېدى فازىل مومىسىغا قاراپ ئۇنلۇك قىلىپ، — رەسۇلۇللاھ، ئاللاھقا ھەشقاللا ئېيتىش ئۈچۈن، بىر يۇتۇم ئۇسسۇلۇقنى ئۈچكە بۆلۈپ سۈمۈرۈپ ئىچەرمىشكەن.

يەكچەشمە موماي نەۋرىسىگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى.

— ھە، شۇنداقمۇ، بۇ گەپلەرنى بۇرۇن ماڭا ئەجەپ دەپ بەرمەپتىكەنسەن، بالام!

ئەمدىكى تاپشۇرۇق مۇھەممەد پەيغەمبەر ھەققىدىكى مەزمۇنلار ئىدى. فازىل كىتابنىڭ رەسۇلۇللاھنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت مەزمۇنلار سىزىلىندىغان بەتنى ئېچىپ، قۇرلارنى بېگىز بارمىقى بىلەن ئوڭدىن سولغا سۈرۈپ تۇرۇپ، ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

"مۇھەممەد پەيغەمبەر( ئاللاھ رەھمەت قىلغاي )نىڭ ئۆيىدە ھېچقانداق ئۆي جابدۇقلىرى بولمىغاچقا يەرگە يۇكۇنۇپلا ئولتۇراتتى؛ پەيغەمبەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ئۆي — ئارام ئېلىپ ھاردۇقنى چىقىرىدىغان، ئىسسىق ياكى سوغۇقتىن دالدىلىنىدىغان، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ زىيان-زەخمىتىدىن پاناھلىنىدىغان، جاھان غوۋغالىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغانلا جاي بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ھېچقانداق رولى يوق ئىدى؛ رەسۇلۇللاھ يىگانە سەپەر قىلغان چاغلىرىدا گويا سەيياھقا ئوخشاش، ھاردۇق يەتسە دەرەخنىڭ سايىسىدا بىردەم -يېرىمدەم ھاردۇقنى ئېلىۋېلىپلا سەپىرىنى يەنە داۋام قىلاتتى..."

"مۇھەممەد پەيغەمبەر( ئاللاھ رەھمەت قىلغاي ) سول بىلىكىگە تايىنىپ ئولتۇرۇپ ئارام ئالاتتى؛ داق يەردە ئىككى تىزىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرۇپ خىيال سۈرەتتى؛ ئوڭ قولىنى ئوڭ مەڭزىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئوڭ تەرىپىنى بېسىپ يېتىپ ئۇخلايتتى؛ گاھىدا ئوڭدا يېتىپ، گاھىدا ئىككى پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ يېتىپ ئۇخلايتتى؛ ئۇخلىغان چاغلىرىدا بەدىنىنىڭ ھېچقانداق يېرىنى ئوچۇق قويمايتتى؛ ئۇ ھەرگىزمۇ دۈم يېتىپ ئۇخلىمايتتى، باشقىلارنىمۇ دۈم يېتىپ ئۇخلاشتىن توساتتى؛ ئۇ قاراڭغۇ ئۆيدە ياكى ئۆگزىدە يېتىپ ئۇخلاشنى ھەرگىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياقتۇرمايتتى؛ ئۇ ھەمىشە تاھارەت ئېلىپ كىرىپ جايناماز دا تاكى ئۇخلىغۇچە تىلاۋەت قىلاتتى، ئۇخلىغان چاغلىرىدا بوشقىنا خورەك تارتاتتى؛ كېچىلىرى ھاجەتكە چىقىپ قالسا، يۈز-قوللىرىنى پاكىز يۇيۇپ ئاندىن ياتاتتى، رەسۇلللاھ ياتىدىغان چېغىدا كۆڭلىكىنى سېلىۋېتىپ، بېلىگە بىر پارچە لاتىنى ئوراپ چىگىۋالاتتى، ئۇ چاغلاردا ئۆينىڭ ئىچىدە ھاجەتخانا بولمىغاچقا رەسۇلللاھ نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ شەھەرنىڭ سىرتىغا چىقاتتى ۋە باشقىلارغا كۆرۈنۈپ قالماسلىق ئۈچۈن قورام تاش ياكى ئېگىز نەرسىلەرنىڭ ئارقىسىغا بېرىپ ئولتۇراتتى، ئۇ ئەدىيال بىلەن توساق ياساپ تۇرۇپ يۇيۇناتتى، يۇيۇنغان چاغلاردا ئەۋرەت لاتىسى تارتىۋالاتتى، بۇرنىنى قولياغلىق بىلەن ئېرتاتتى،"

فازىل ئوقۇپ رەسۇلللاھنىڭ يېمەك-ئىچمەك ئادىتى ھەققىدىكى مەزمۇنلارغا كەلدى:

"ھەزرىتى پەيغەمبەر خورما، سۈت ۋە سېرىق مايغا ئامراق ئىدى، قوينىڭ بويۇن ۋە قوۋۇرغا گۆشىنى ياخشى كۆرەتتى؛ غەيرىي پۇراقلارغا ئۆچ بولغاچقا ھەرگىزمۇ پىياز ياكى سامساق يېمەيتتى؛ ئۇ ئولتۇرۇشتىن بۇرۇن ئايىغىنى سېلىۋېتىپ، قولىنى پاكىز يۇيۇۋېتىپ ئاندىن ئولتۇراتتى؛ ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان قاچىدىكى تاماقنىلا يەيتتى، داستىخاننىڭ ئوتتۇرىسىغىراق قويۇلغان قاچىغا ھەرگىز قول ئۇزاتمايتتى؛ ئۇ تاماقنى ئوڭ قولىنىڭ ئۈچ بارمىقى بىلەن تۇتۇپ يەتتى، ھەربىر كاپام تاماقنى يەپ بولۇپلا ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتاتتى، ئۇسسۇلۇق ئىچكەندە ھەرگىز ئاۋاز چىقارمايتتى..."

فازىل ئوقۇپ بولۇپ كىتابنى ياپتى.

— ئەمدى ئۇخلىغىن، فازىل!

مەريەم فازىلغا تاماقخانىغا تۆشەك سېلىپ قويغانىدى، فازىلنىڭ ئۈچ ئۇكىسىنىڭ خورىكى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، لېكىن فازىل ئۆتكەن ئايەتلەرنى پىششىق يادلىشى كېرەك ئىدى، ئۇ «قۇرئان كەرىم»دىكى ئايەتلەرنى قارىيچىلاپ بىردەم ئوقۇغاندىن كېيىن، كىيىمى بىلەن ئورنۇغا كىرىپ ياتتى، چۈنكى ئۇ ئەتىسى ئەتىگەن سائەت يەتتىگە ئۈلگۈرۈپ مەكتەپكە بېرىپ بولۇشى كېرەك ئىدى، بىرىنچى سائەتتىلا دىن دەرسى ئۆتۈلەتتى، فازىل دىن دەرسى ئۆتىدىغان ھېلىقى مۇئەللىمنى يادىغا ئالسىلا تەنلىرى جۇغۇلداپ كېتەتتى، فازىل يوتقاندا خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىيالماي ئۇياقتىن بۇياققا ئۆرۈلۈپ يېتىپ، ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا كېتىۋىدى، ئۇنى قارا باسقىلى تۇردى، چۈشىدە

مۇئەللىم ئۇنىڭدىن دەرس سوراپتۇدەك، لېكىن فازىل سورالغان سوئالنىڭ جاۋابىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن گەپ قىلالمايۋاتقۇدەك.

تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار كەنت ئاسمىنىنى قاپلىدى. فازىل ئۇيقۇغا كەتكەندى، يامغۇر چېلەكلەپ قۇيغاندەك ياغقىلى تۇردى. ئۆگزىلەر، تاش ياتقۇزۇلغان رەستىلەر ۋە دېرىزىلەرگە تارتىپ قويۇلغان يالتىراقلار ھەش-پەش دېگۈچە ھۆل بولۇپ كەتتى. يامغۇرلۇق كېچىنىڭ سۆرۈن ھاۋاسىدىن غۇللىرى قورۇلغان موماي ئويغىنىپ كەتتى.

ــ خۇداغا شۈكۈر! ــ دېدى موماي شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۆرۈلۈپ يېتىپ. ئۇ ئىچىدە ئايەت ئوقۇپ دۇئا قىلدى ۋە بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

فازىل ئەتىسى ئەتىگەن سائەت بەش يېرىمدە ئويغاندى. يامغۇر ئاللىقاچان توختىغان بولۇپ، تاغ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈننىڭ تۇنجى نۇرى كابۇلنى ئوراپ تۇرغان ئېگىزلىكنى يورۇتتى. فازىل كىيىم-كېچەكنى كىيىپ، ئانىسى تەييارلاپ قويغان يىلمان سۇدا يۈز-قولىنى يۇيدى ۋە ناشتىلىق چېيىنى ئىچىپ، سومكىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتتى-دە، ئالدىراپ مەكتەپكە ماڭدى. ئۇ دەرۋازىدىن چىققاندا كۈن نۇرى يولدىكى پاتقاقلارنى قۇرۇتۇپ بولغانىدى. مەكتەپكە تېزراق بېرىشقا ئالدىراپ كۆزى تۆت بولۇپ كېتىۋاتقان فازىل، نەرسە كېرەكلىرىنى تېزراق تەييارلاپ بەرمەي ئۇنى كېچىكتۈرۈپ قويغان ئانىسىنى ئىچىدە جېمىلەۋاتاتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى تىتىلدىتىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئىسلام دىنى دەرسى ئىدى.

مەريەم چوڭ ئوغلى فازىلغا بەكمۇ كۆيەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ياخشى يېگۈزسەم، ياخشى كىيگۈزسەم دەپلا ئويلايتتى؛ ھە دېسىلا "ئوغلۇمنى ئوبدان غىزالاندۇرالمىغاچقا مېڭىسىگە قۇۋۋەت يېتىشمەيۋاتامدىكىن؟" دەپ ئەنسىرەيتتى. ئۇ قولىغا پۇل كىرسىلا فازىلغا يېڭى كىيىملەرنى ئېلىپ بېرەتتى. قىسقىسى، مەريەم ئوغلىدىن بەكمۇ چوڭ ئۈمىدلەرنى كۈتەتتى. مەريەم گاھىدا بۇنىڭدىن 11 يىل بۇرۇنقى بەختلىك چاغلىرىنى سېغىنىپ ئەسكە ئالاتتى. ئۇ چاغلاردا مەريەم ئېرى كالىمۇللاھ بىلەن ئاجايىپ كۆڭۈللۈك ئۆتكەنىدى. تۇنجى ئوغلى فازىل تۇغۇلغاندا خۇشاللىقتىن بېشى كۆككە يەتكەن مەريەم بىلەن كالىمۇللاھ نۇرغۇن مېھمان چاقىرىپ يۇرتقا داستىخان سېلىۋىدى، كەلگەنلەر ئانا-بالا ئىككىسىگە ئاتاپ نۇرغۇن سوۋغاتلارنى ئېلىپ كەلدى. بۇنى كۆرگەن مەريەم خۇشاللىقتىن ئاغزى يۇمۇلمايلا قالدى. ئارىدىن ئىككى يىل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىزى تۇغۇلدى، لېكىن مەريەم قىزىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى مۇبارەكلەپ يۇرتقا داستىخانمۇ سالمىدى، ئەل-جامائەت ھېچقانداق سوۋغاتمۇ ئەكىرمىدى.

مەريەمنىڭ كالمۇللاھ بىلەن ئۆتكۈزگەن بەختلىك كۈنلىرى ئۇزۇنغا بارمىدى، فازىل ئۈچ ياشقا كىرگەن يىلى كالمۇللاھ ئىچكى ئۇرۇشتا قازا قىلدى، ئېرىدىن تۇل قالغان مەريەم، تۇرمۇشتىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزدى، مەريەمنىڭ يەكچەشمە قېيىنانىسى بىلەن بىبىگۈل مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى ئېرىنىڭ ئىنىسى ھازىمغا نىكاھلاپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىم ئاكىسى كالمۇللاھتەك ئەقىللىق، قابىل ئەمەس ئىدى، كالمۇللاھنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى دۇكىنى ئىچكى ئۇرۇشتا ۋەيران قىلىۋېتىلگەچكە، مەريەم ۋە ئۇنىڭ بالىلىرى ھازىمنىڭ تاموژنا ئىدارىسىدا ئىشلەپ تاپقان ئازغىنا مائاشىغا قاراشلىق قالدى.

مەريەمنىڭ ئولتۇرسا-قوپسا ئويلايدىغىنى — ئوغلى فازىلنى مەكتەپتە ئوقۇتۇپ قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئىدى، شۇڭا ئۇ دەسلەپتە فازىل سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا ئىشلىسە ھەم ئىسسىق-سوغۇقنى كۆرۈپ چىنىقىدۇ ھەم ياتاق-تاماقنى سۇلتاننىڭ ئۆيىدە بولغاندىكىن قورسىقىنى ھازىرقىدىن ئوبدانراق باقالايدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. شۇڭا ئۇ سۇلتان فازىلنى كىتابخانىدىن ھەيدىۋەتكەن كۈنى، ئوغلۇم نېمە گۇناھ قىلىپ قويغاندۇ، دەپ تويتوغرا بىر كېچە يىغلاپ چىقتى، لېكىن كېيىن سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىغا ھامال لازىم ئەمەسلىكىنى بىلدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي مەريەمنىڭ ئىنىسى يۇنۇس، فازىلنى كابۇلدىكى ئەڭ ياخشى مەكتەپ — ئىستىقلال مەكتىپىگە ئالدۇرۇشقا ياردەم قىلماقچى بولدى. تەلىيى ئوڭدىن كەلگەن فازىل ئىستىقلال مەكتىپىنىڭ تۆتىنچى يىللىقىغا ئوقۇشلۇق كىردى، ئاكىسى سۇلتاننىڭ ئوغلى ئامىرنىڭ مۇشتۇمدەك تۇرۇپ، دادىسىنىڭ كۈن چۈشمەيدىغان كىتابخانىسىدا تاڭ يورۇماستىن تارتىپ تاكى قاراڭغۇ چۈشكۈچە تىنىم تاپماي ئىشلەيدىغانلىقى تۇيۇقسىز يادىغا كېلىپ قالغان مەريەم، ئوغلى فازىلنىڭ بەختىدىن بەكمۇ خۇشال بولدى.

مەكتەپ دەرس باشلايدىغان كۈنى، مەريەم فازىلنى چېچىنى چىرايلىق ياستىپ ئاندىن يولغا سالدى. فازىل كەنتنىڭ پاتقاق قۇرۇمايدىغان يولىنى بويلاپ، ئۇدۇل كوچا ئاپتوبۇسى بېكىتىگە كەلدى ۋە ئاپتوبۇسقا چىقىپ، ئەرلەر ئولتۇرىدىغان ئالدىنقى رەتكە كېلىپ ئولتۇرۇپ، كابۇلغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

فازىل ئەڭ بۇرۇن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا سىنىپقا كىرىپ، ئۆچىنچى رەتتىكى بىر ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاڭغىچە باشقا باللارمۇ بىر-بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. باللارنىڭ كۆپىنچىسى تۇرقى نان يەتمىگەندەك ئاۋاق، ئۇستىۋېشى ھەررەڭ-سەررەڭ ئىدى. بەزى باللارنىڭ كىيگۈلگىنى چوڭلاردىن ئېشىپ قالغان كىيىممۇ، ئىشقىلىپ يەر سۈپۈرۈپ تۇراتتى. باللارنىڭ ئۇچىسىدىكى كىيىملەرنىڭ شەكلى ۋە پاسونى خىلمۇخىل بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا تالىبانلار يۇرت سورىغان چاغلاردا ھەرقانداق ئەر كىشى مەجبۇرىي كىيىدىغان كىيىملەر تۇراتتى. بەزى باللارنىڭ ئىشتىنى قىسقا كېلىپ قالغاچقا، پۇچقىقى ئۇچلانغانىدى. بەزى باللارنىڭ ئۇچىسىدا 20-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى مودا بولغان ئىشتان بىلەن تەنھەرىكەتچىلەر مايكىسى بار ئىدى. بۇ كىيىملەرنى ئېھتىمال ئۇلارنىڭ ئاكىلىرى تالىبانلار تەختكە چىقىشتىن ئىلگىرى كىيگەن بولسا كېرەك. بىر بالىنىڭ ئۇچىسىدا كاسىلىرىنى پومزەكتەك قىسىپ تۇرىدىغان تار چوپانلار شىمى، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۇچىسىدا ئۇستى تار، پۇچقىقى كەڭ كاناي شىم بار ئىدى. بىر بالىنىڭ تەنھەرىكەتچىلەر مايكىسى قىسقا كېلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ پىشنى ئىشتانىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالغانىدى. باللار كىچىكىدىن تارتىپلا يەكتەك كىيىپ كۆنگەچكىمۇ، بىر نەچچىسى ئىشتانىنىڭ سىرتىمىسنى ئېتىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. بەزى باللار سوۋېت ئىتتىپاقى ئاچقان ساناتورىيىدىكى يېتىم باللارنىڭكىگە ئوخشاش كەڭ يىپ مايكا كىيگۈلگان بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئاچ-زېرىنلىق ئاشۇ يېتىم باللارغا ئوخشاپ كەتكىنى بىلەن، كۆزلىرىدىن چاچراپ تۇرغان شوخلۇق ساناتورىيىدىكى يېتىم باللارغا ھەرگىز ئوخشىمايتتى. بىر بالىنىڭ ئۇچىسىدىكى تىتىلىپ كەتكەن تالاستوپكىسى بەكمۇ چوڭ كېلىپ قالغان بولغاچقا، ئۇ تالاستوپكىنىڭ ئايىغىنى قايرىپلا جەينىكىگە ئىلىۋالغانىدى.

سىنىپنى باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بىر ئالغانىدى. ئۇلار ھېلى قولىدىكى كېرەكسىز نەرسىلەرنى قالايمىغان تاشلىسا، ھېلى ئۇستەلنى ئۇياقتىن-بۇياققا سۆرەپ ئوينايتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇستەلنىڭ پۇتىدىن چىققان يېقىمسىز ئاۋاز ئادەمنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەيتتى. دەرس قوڭغىرىقى چېلىنىشى بىلەن تەڭ مۇئەللىم سىنىپقا كىرىپ كەلدى. 50 بالا چاقماق تېزلىكىدە ئۆز ئورۇنلىرىغا ئولتۇرۇپ بولۇشتى. سىنىپتىكى ئورۇندۇق يەرگە بېكىتىۋېتىلگەن بولۇپ، ھەربىر ئورۇندۇقتا ئىككىدىن بالا ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن سىنىپتا بالا جىق بولغاچقا بىر ئورۇندۇقتا ئۈچتىن ئولتۇرمىسا پاتمايتتى.

مۇئەللىم سىنىپقا كىرىشى بىلەن تەڭلا باللار دەس ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قىلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

مۇئەللىم ئايلىنىپ يۈرۈپ، باللارنىڭ كىتاب-دەپتەرلىرىنى تولۇق ئېلىپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى، تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلىگەن-ئىشلىمىگەنلىكىنى، تىرناق، كىيىم-كېچەك ۋە ئاياغلىرى بەك مەينەت باللارنىڭ بار-يوقلۇقىنى بىر-بىرلەپ تەكشۈرۈپ چىقتى، يۈرۈش-تۇرۇشى بەك مەينەت باللار قائىدە بويىچە سىنىپتىن چىقىرىۋېتىلەتتى.

مۇئەللىم باللارنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، دەرس سوراشنى باشلىدى، تەلەپ بويىچە بولغاندا باللار ئاخشامقى تاپشۇرۇقلارنىڭ ھەممىسىنى پىششىق ئىگىلەپ بولغان بولۇشى كېرەك ئىدى.

— خوش، — دېدى مۇئەللىم ئۈنلۈك قىلىپ، — بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى كىم دەپ باقىدۇ؟

بىر بالا دەرھال قول كۆتۈردى.

— شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار "ھارام" دەپ ئاتىلىدۇ.

— دۇرۇس، شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلار يەنى كۇپپارلارنىڭ قىلمىشلىرى "ھارام" دېيىلىدۇ، — دېدى مۇئەللىم، — مەسىلەن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش، باشقىلارغا قەستەن زىيان-زەخمەت يەتكۈزۈش، ھاراق-شاراپ ئىچىش ... بۇلارنىڭ ھەممىسى ھارامدۇر؛ كۇپپارلار بىلەن ئېتىقادسىزلار ھالال-ھارامنى ئايرىمايدۇ؛ ئۇلار ئەھلى مۇسۇلمانىنىڭ نەزىرىدىكى شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان نەرسىلەرنى بىمالال قوبۇل قىلىۋېرىدۇ.

مۇئەللىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويغاندىن كېيىن دوسكىغا "ھالال"، "ھارام"، "مۇباھ" دېگەن ئاتالغۇلارنى بىر-بىرلەپ چۈشەندۈرگەچ، ئۇلارنىڭ مەنىسىنى دوسكىغا يازدى:

— شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن قىلمىشلار "ھالال" دېيىلىدۇ؛ شەرىئەت ھۆكمىگە مۇخالىپ قىلمىشلار "ھارام" دېيىلىدۇ؛ شەرىئەت ھۆكمىدە ئىجازەت بېرىلگەن يەنى شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، لېكىن قىلسا گۇناھ بولمايدىغان قىلمىشلار "مۇباھ" دېيىلىدۇ؛ مەسىلەن، ھايات كەچۈرۈش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش مۇباھنىڭ تىمسالىدۇر.

باللار مۇئەللىمنىڭ دوسكىغا يازغانلىرىنى باش كۆتۈرمەي كۆچۈرۈۋاتاتتى.

دەرس ئاياغلىشاي دېگەندە، مۇئەللىم بالىلارنىڭ بايا ئۆتۈلگەن مەزمۇنلارنى قانداقراق ئۆزلەشتۈرگەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئۇلارغا يەنە سوئال قويغىلى تۇردى:

— قانداق ئادەملەر ھارامدىن قورقمايدۇ؟

بۇ سوئالغا ھېچكىم جاۋاب بېرەلمىدى.

— كۇپپارلار ھارامدىن قورقمايدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى مۇئەللىم.

— خوش، ئۇنداقتا ھارام شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇنمۇ ئۇيغۇن ئەمەسمۇ؟

بالىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قول كۆتۈردى، پەقەت فازىللا "خاتا جاۋاب بېرىپ قويۇپ كۈلكىگە قالارمەنمىكىن" دېگەن ئەندىشىدە تۈگۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. مۇئەللىم بىر بالىنىڭ ئىسمىنى چاقىرىۋىدى، ئۇ بالا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇيغۇن ئەمەس! — دەپ جاۋاب بەردى.

فازىلمۇ ئىچىدە "كۇپپارلارنىڭ قىلمىشى شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ" دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئون ئالتىنچى باب

# ئامىرنىڭ «مەكتەپ»ى

ئامىر سۇلتاننىڭ كەنجى ئوغلى ئىدى، ئۇ ئەمدىلەتىن 12 ياشقا كىرگىنى بىلەن كۈنىگە 12 سائەت ئىشلەيتتى. ئۆيدىكىلەر ئۇنى خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەن تەڭ ئويغىتاتتى. لېكىن ئۇ كۆزىنى ئاچالماي، ئۇيىقتىن ئويغاتسا بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ يېتىۋالاتتى. پەقەت لالە ياكى بىبىگۈل كېلىپ قولىدىن تارتىپ تۇرغۇزغاندىلا ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزىنى يۇيۇغاندىن كېيىن، بىر پارچە نان ۋە بىر تال تۇخۇم بىلەن چاي ئىچەتتى.

ئامىر ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت سەككىزدە، كابۇلدىكى بىر مېھمانسارايىنىڭ غۇۋۋا دەھلىزىگە جايلاشقان دۇكىنىنى ئاچاتتى. بۇ شاكىلات، پېچىنە، ئۇسسۇلۇق ۋە سېغىز كەمپۈت دۇكىنى ئىدى. ئامىر "زېرىكىشلىك قەپەز" دەپ ئاتىۋالغان بۇ دۇكاندا ھەر كۈنى پۇل ساناپتتى. ئامىر ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە كېلىپ دۇكاننىڭ ئىشىكىنى ئاچىدىغان چاغدا ئۇنىڭ يۈرىكى سىيلىپ كېتەتتى، چۈنكى ئۇ بۇ يەردە تا كەچ سائەت سەككىزگىچە ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندىلا ئاندىن ئۆيىگە قايتالايتتى. ئۇ كەچتە ئۆيىگە ھېرىپ-ئېچىپ ئاران باراتتى-دە، غىزاسىنى يەپ ياستۇققا ئارانلا ئۇلگۈرەتتى.

مېھمانساراي دەھلىزىدىن تامچە ئۆتۈپ كەتكەچكە، بىر كۈنى مۇلازىم ئامىرنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا ئىككى دانە دۇشنى قويۇپ قويدى. لېكىن ئۇلار ئۇ يەرگە قانچىلىك دۇشنى قويمىسۇن، ئامىرنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىغا تورۇستىن چۈشكەن تامچە يىغىلىپ، كۆللەپ كەتكەنىدى. شۇڭا كىرگەن-چىققانلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ قالغان سۇنى ئاتلىنىپ ئۆتەتتى. ھەمىشە توك توختاپ قالىدىغانلىقى ئۈچۈن، دەھلىزنىڭ دېرىزىسىدىكى پەردىلەر قايرىۋېتىلەتتى. شۇنداقتىمۇ دەھلىزنىڭ بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرى ھەرگىز يورىمايتتى. كېچىلىرى توك كېتىپ قالسا، مۇلازىملار يوغان گاز لامپىلىرىنى ياندۇرۇپ قوياتتى.

بۇ مېھمانساراي 20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى، كابۇلدىكى ئەڭ كاتتا

ئىمارەت ئىدى، ئۇ چاغلاردا مېھمانسارايىنىڭ دەھلىزى مۆتىۋەرلەرچە ياسانغان ئەرلەر ۋە قىسقا يوپكىلارنى كىيىپ، مودا چاچ قويغان ئاياللار بىلەن توشۇپ كېتەتتى؛ دەھلىزنىڭ ئىچى تەرىپىدىن ئېسىل مەي-شاراپنىڭ ھىدى بىلەن ياۋروپا مۇزىكىسىنىڭ ئۈنى كېلىپ تۇراتتى؛ ھەتتا پادىشاھمۇ پات-پات بۇ مېھمانسارايغا يىغىن ياكى زىياپەتكە كېلەتتى.

20-ئەسىرنىڭ 60-يىللىرى ئافغانىستاندا زامان ناھايىتى ئەركىن بولغاچقا، زاھىر شاھ بۇ مېھمانخانىدا ئۇيۇشتۇرۇلغان جامائەت يىغىلىشلىرىغا كېلىپ-كېتىپ تۇراتتى. ئاكىسىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغان داۋۇدخان گەرچە سىياسىي جەھەتتىكى ئەركىنلىكنى پۈتۈنلەي بوغۇپ، نۇرغۇن سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قولغا ئالغان بولسىمۇ، لېكىن تانسا دېگەندەك غەربچە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى يوقىتىۋېتەلمىدى، شۇڭا بۇ مېھمانخانىدا ھەتتا قاۋاق ۋە كېچىلىك كۇلۇبمۇ بار ئىدى. دۆلەتنىڭ خارابلىششىغا ئەگىشىپ، بۇ مېھمانخانىنىڭ تىجارىتىمۇ بىراقلا كاساتلىشىپ كەتتى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ مېھمانخانا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ۋەيران قىلىۋېتىلدى، كوچا تەرەپتىكى تاملىرى ئوق تېگىپ ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن، پىشايۋانلىرىنىڭ ھەممىسنى گىرانات چۈشۈپ ۋەيران قىلىۋەتكەندى، ھەتتا ئۆگزىسىمۇ راكېتا بومبىسىنىڭ دەستىدىن تېشىلىپ كەتكەندى.

ئىچكى ئۇرۇش ئاياغلاشقاندىن كېيىن تەختكە چىققان تالىبانلار ھۆكۈمىتى بۇ مېھمانخانىنى رېمونت قىلدۇرۇشقا ھېچبىر كۆڭۈل بۆلمىدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ مېھمانخانا خېرىدارلىرى تېزىپ، كۈندىن-كۈنگە كاردىن چىقىپ كەتتى. ھۆكۈمران موللىلار چەت ئەللىكلەر ئافغانىستانغا قانچە ئاز كەلسە شۇنچە ياخشى، دەپ قارايدىغانلىقى ئۈچۈن، سەيلە-ساياھەت كەسپىگە پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەيتتى، كېيىن بۇ مېھمانخانىنىڭ ئۆگزىسى گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ كارىدورىنىڭ تاملىرىمۇ قىيسىيىپ كەتتى.

تالىبانلاردىن كېيىن تەختكە چىققان يېڭى ھۆكۈمەت، بۇ ئىمارەتنى كابۇلنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە رېمونت قىلدۇرۇشقا كىرىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار تاملاردىكى ئوق ئىزلىرىنى سۇۋاپ، دېرىزىلەرنىڭ چېقىلغان ئەينەكلىرىنى يېڭىلىدى. ئامىر زېرىكسە ئىشلەۋاتقان رېمونتچىلارنى كۆرۈپ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىراتتى. مېھمانخانىدا ھەر قېتىم مۇھىم يىغىنلار بولۇپ مىكرافون ۋە زۇۋۇك ئىشلىتىشكە توغرا كەلگەندە، ئامىر ئىشچىلارنىڭ ئالدىدىكى گېنېراتورنى ئوت ئالدۇرالماي تېرىكىپ، ئۆز گۈشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كىتۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇ مېھمانخانىنىڭ دەھلىزى، ئامىر ئوينايدىغان ئوبدان يەر ئىدى. چۈنكى ئۇ بۇ يەردە سۇ ئوينايتتى، ئايلىنىپ ئۇنى-بۇنى كۆرەتتى. لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ يەر ئامىرغا بەكمۇ زېرىكىشلىك بولغاچقا، ئامىر ناھايىتى غېرىبسىناتتى.

ئۇ گاھىدا بۇ غوۋغا دەھلىزدىكى تازىلىقچىلار، مۇلازىملار، باقاۋۇللار، قاراۋۇللار، پايىمچىلار ۋە كەلگەن-كەتكەن مېھمانلار بىلەن ئانچە-مۇنچە پاراڭلىشاتتى. بىر ئادەم پۇكەينىڭ ئىچىدە ئافغانىستاننىڭ ئەنئەنىۋى بېزەكلىرىنى ساتاتتى. بۇ مېھمانخانىغا كىرىپ-چىقىدىغانلاردىن ئۇنداق نەرسىلەرنى ئالىدىغانلار ناھايىتى ئاز بولغاچقا، ئۇ دۇكانچىمۇ كۈنلىرىنى زېرىكىش ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى. يادنامە ساتىدىغان يەنە بىرەيلەن بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ نەرسىلىرى بەكمۇ قىممەت بولغاچقا، كىرگەن-چىققانلار ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى سېتىۋېلىش تۈگۈل ھەتتا ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمايتتى.

دەھلىزدىكى ئۇرغۇن دۇكانلارنىڭ دېرىزىلىرىنى قىلىن بىر قەۋەت توپا بېسىپ كەتكەنىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىگە پەردە تارتىۋېتىلگەن، بەزىلىرى كاردۇن قەغەز بىلەن توسۇۋېتىلگەنىدى. ئەينەكلىرى چۇل-چۇل بولۇپ كەتكەن بىر دېرىزىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە "ئاريانا ئاۋئاتسىيە شىركىتى" دېگەن خەتلەر تۇراتتى. بىر چاغلاردا ئافغانىستاننىڭ دۆلەت ئىچى لىنىيىسىدە قاتنايدىغان ئايروپىلانلار ناھايىتى كۆپ ئىدى؛ سۈرەتتەك چىرايلىق مۇلازىملار ئايروپىلاندىكى يولۇچىلارغا ئەدەب بىلەن براندى ۋە ۋىسكىلارنى قۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ ئايروپىلانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىچكى ئۇرۇشتا ۋەيران بولدى. قالغانلىرىمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئوساما بىنلادىن بىلەن موللا ئۆمەرنى يوقىتىش ئۈچۈن تاشلىغان بومبىلىرىدا بىتچىت بولۇپ كەتتى. بۇ ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ بىر ئايرۇپىلانى "11-سېنتەبىر" ۋەقەسى يۈز بەرگەندە يېڭى دېھلىدا بولغاچقا، ئاشۇ بالا-قازالاردىن ئامان قالغانىدى. مانا ھازىر ئاشۇ ئايرۇپىلان ئاريانا ئاۋئاتسىيە شىركىتىنى قايتا گۈللەندۈرۈشنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى سۈپىتىدە، كابۇل بىلەن يېڭى دېھلى ئارىسىدا قاتناپ تۇرۇۋېتۇ. لېكىن، پەقەت بىرلا ئايروپىلانى بار ئاۋئاتسىيە شىركىتىنىڭ مېھمانخانىدا ئىش باشقارمىسى قۇرۇشنىڭ ئەھمىيىتى يوق-تە!

دەھلىزنىڭ يەنە بىر تەرىپى مېھمانخانىنىڭ ئاشخانىسى بولۇپ، ئۇ يەرنىڭ تامىقى كابۇل بويىچە ئەڭ ناچار ئىدى. لېكىن، ئاشخانا مۇلازىملىرى نېرى يۇتسا بېرى چىقىدىغان ئاق ئاش، بەتتەم توخۇ گۆشى ۋە ئۇماچتەك ئېزىپ

پىشۇرۇلغان سەۋزىدىن جاق تويغان مېھمانلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلارغا بەكمۇ مۇلايىم ۋە قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى.

دەھلىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېشىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، گىلەم بىلەن پولنى ياغاچتا ئېتىلگەن پاكار سالاسۇن ئايرىپ تۇراتتى. گاھىدا مېھمانلار، مېھمانخانىنىڭ بۆلۈم مەسئۇللىرى، قاراۋۇللار ۋە مۇلازىملار يېشىل گىلەمنىڭ ئۈستىدىكى سېلىنچىدا قاتارلىشىپ ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىپ كېتەتتى. ئادەملەر ئارىسىدىكى ئېگىز-پەسلىك، ئېزىز-خارلىق پەرقى پەقەت ناماز ۋاقتىدىلا بولمىسا كېرەك. بۇ مېھمانخانىنىڭ گەمىسىدە خېلى كەڭرى نامازخانا* بار ئىدى. لېكىن ئۇ يەردىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى گەمىدىكى ئۇ نامازخانىغا كىرمەي، نامىزىنى ئورۇندۇقنىڭ ئارقىسى ياكى كرېسلونىڭ يېقىنىدىكى گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئوقۇيتتى.

دەھلىزنىڭ چېتىدىكى نازىغىپ تۇرغان ئۈستەلگە بىر تېلېۋىزور قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھەمىشە ئادەمنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەيدىغان پروگراممىلار بېرىلەتتى. ئامىر دۇكىنىنىڭ ئارقىسىغىلا قويۇلغان بۇ تېلېۋىزورنى ئانچە كۆرۈپ كەتمەيتتى. چۈنكى كابۇل تېلېۋىزىيىسى ئافغانىستاندىكى بىردىنبىر تېلېۋىزىيە قانىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرغۇدەك پروگراممىلىرى يوق ئىدى. تېلېۋىزوردا ھە دېسىلا دىنىي پروگراممىلار، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان مۇنازىرىلەر بېرىلەتتى. ئاندىن بىر نەچچە خەۋەر كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، ئافغانىستاننىڭ مەنزىرە سۈرەتلىرى كىرىشتۈرۈلگەن مىللىي مۇزىكىلار ئاڭلىتىلاتتى. تېلېۋىزوردا خەۋەر ئاڭلىتىدىغان ئايال دىكتوردىن باشقا، يا ناخشىچى، يا ئۇسسۇلچى كۆرسىتىلمەيتتى. بەزىدە پولشا ياكى چېخنىڭ كارتون فىلىملىرى بېرىلەتتى. ئامىر ئۇنىڭ ئۇنىنى ئاڭلىغان ھامان يۈگۈرۈپ چىقاتتى-دە، ئۇنىڭ ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ بولغان فىلىم ئىكەنلىكىنى ئۇققاندىن كېيىن، لاسسىدە بولۇپ قېلىپ دۇكىنىغا قايتىپ كىرەتتى.

ھويلىدىكى سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى، بۇ مېھمانخانىنىڭ كۆزى ئىدى. سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ قۇرۇلۇش باشلاش مۇراسىمى ھاۋا ئوچۇق ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئۆتكۈزۈلدى؛ ئۇ كۈنى مېھمانخانا رەڭگارەڭ بايراقلار بىلەن بېزەلگەن، داقا-دۇمباق ساداسى پەلەككە يەتكەنىدى. سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى پۈتكەندىن

*ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى مېھمانخانا قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلاردا ناماز ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن راسلاپ قويۇلىدىغان مەخسۇس ئۆي. — تەرجىماندىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كېينكى تۇنجى ياز، ئۇنىڭغا پۈتكۈل كابۇللۇقلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ چۈشۈپ باقتى؛ ھەتتا ئاياللارمۇ كەلگەندى، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە بۇ كۆلچەك ئەپسۇسلىنارلىق ئاقىۋەتكە قالدى. بۇ كۆلچەكنى ياسىغاندا ئۇنىڭغا سۇزگۈچ ئورنىتىلمىغاچقا، كۆلچەكنىڭ سۈيى سارغىيىپ، كېيىن بارا-بارا ئادەم چۈشكىلى بولمايدىغان دەرىجىدە مەينەتلىشىپ كېتىۋىدى، ئىلاجىسىزلىقتىن تاقىۋېتىلدى. بەزىلەر "سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىگە چۈشكەندىن كېيىن بەدىنىمگە قاپارتما چىقىپ كەتتىيەي، تېرە كېسىلى بولۇپ قالدىمەي" دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ يۈردى، ھەتتا "كۆلچەككە سۇغا چۈشكەنلەردىن كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنلەر بارمىش" دېگەن گەپلەرمۇ تارقالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى پۈتۈنلەي تاشلىۋېتىلدى.

مانا ھازىر كۆلچەكنىڭ تېگىدىكى كۆكۈش كاھىشلار قېلىن بىر قەۋەت توپىنىڭ ئاستىدا قالغان، كۆلچەكنى ئايلاندۇرۇپ تىكىلگەن دەرەخلەر ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەندى. سۇ ئۈزۈش كۆلچىكىنىڭ يېنىدىكى توپا باسقان ئەسكىلىك ئەسلىدە چويلا توپ مەيدانى ئىدى. مېھمانخانىنىڭ تېلېفون دەپتىرىدە ھەتتا ئۆز ۋاقتىدىكى چويلا توپ مەشقاۋۇلىنىڭ تېلېفون نومۇرىمۇ شۇ پېتى تۇرۇپتۇ، چويلا توپ مەشىق قىلىدىغانلار بارا-بارا ئازىيىپ كەتكەچكە، ئۇ مەشقاۋۇل ئاللىقاچان باشقا يەردىن ئىش تېپىپ كېتىپ قالغاندى.

ئامىر ئادەتتە دۇكان، ئاشخانا ۋە دەھلىزنىڭ ئورۇندۇقى ئارىلىقىدا ئۇياقتىن بۇياققا مېڭىپ كۈننى كەچ قىلاتتى. لېكىن دۇكىنىدىن بىر مىنۇتمۇ كۆزىنى ئۈزمەيتتى، چۈنكى بىر قېتىم بىرەيلەن يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى بىر مۇنچە مالنى بۇلاپ قېچىپ كەتكەندى. تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن بۇ مېھمانخانىنىڭ دەھلىزىگە كىرىپ-چىقىدىغانلار ئىچىدە مۇخبىرلار كۆپىيىپ قالدى. ئۇلار شىماللىقلار ئىتتىپاقى ئارمىيىسىدىكىلەر بىلەن بىرگە بۇ مېھمانخانىدا نەچچە ئايلاپ ياتاتتى؛ دەسلەپتە ئۇلارنىڭ يېيىشى مىتە چۈشكەن گۈرۈچنىڭ ئېشى، ئىچىشى پەمىل چاي ئىدى. كېينچىرەك ئامىرنىڭ دۇكىنىدىكى پاكىستاندىن ئوغرىلىقچە كىرگۈزۈلگەن Snickersبىلەن Bountyنى يەيدىغان بولدى. ئامىرنىڭ دۇكىنىدا بىر بوتۇلكا سۇ ئۈچ فوندستېرلىڭ، كىچىككىنە بىر قۇتا ئىرىمچىك توققۇز فوندستېرلىڭ ئىدى.

لېكىن مۇخبىرلار پۇلنىڭ كۆزىگە قارىمايتتى. ئۇلار شىماللىقلار ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بىلەن بىرگە تالىبانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، كابۇلنى ئىگىلىگەن غالىبلاردىن ئىدى. ئۈستىۋېشى مەينەتلىشىپ، چاچ-ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەن

ئۇ مۇخبىرلار، قارىماققا پارتىزانلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئايال مۇخبىرلارمۇ ئەرلەرنىڭكىدەك ئۇستۋاش، قاسماقلىشىپ كەتكەن ئۇزۇن قونچلىق ئۆتۈك كىيىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ كۆينىچىسىنىڭ چىچى سېرىق، تېرىسى هال ئىدى.

ئامىر گاھىدا ئۆگزىدە يوغان مىكرافوننى تۇتۇۋېلىپ، كامىراغا قاراپ بىر نېمىلەرنى دەۋاتقان ھېلىقى مۇخبىرلارنىڭ يېنىغا ئوغرىلىقچە چىقىۋالاتتى.

مانا بۈگۈن ئۇ مۇخبىرلار باش-كۆزىنى يۇيۇپ، قېتىپ كىيىنىۋالغاچقا يېڭى كەلگەن چاغدىكى پارتىزانچە ئەپتىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. دەھلىزدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغانلاردىن بەزىلەر گاھىدا ئامىرغا قىزىق پاراڭلارنى قىلىپ، ئۇنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى. ئامىر تەلىيگە پاكىستاندىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا ئېنگلىز تىلىنى ئانچە-مۇنچە ئۆگىنىۋالغانىدى.

ئامىر بىلەن مۆكۈدىشىپ باققانلارنىڭ بىرەرسىمۇ ئۇنىڭدىن "نېمىشقا مەكتەپتە ئوقۇمۇدۇڭ؟" دەپ سوراپ باقمىدى؛ دېمىسىمۇ كابۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھېچقايسىسى تېخى مۇنتىزىم يۈرۈشۈپ بولالمىغانىدى. ئامىر ھەر كۈنى غەللىسىدىكى پۇلنى ھېسابلىغۇچتا ھېسابلاپ ئولتۇرۇپ، "كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ كاتتا خوجايىنلاردىن بولالىسام-ھە!" دەپ ئويلاپ كېتەتتى. ئۇ چاغلاردا فازىل ئامىرغا ھەمراھ بولاتتى. مېھمانخانا دەھلىزىدىكى بۇ ئۆزگىچە دۇنيانىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيرانلىقتا كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىدىغان بۇ ئىككى گۆدەك ئانچە-مۇنچە پۇل تاپقانمۇ بولدى. ئارىدىن بىر نەچچە ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن مۇخبىرلار سۇ توكى يوق بۇ مېھمانخانا بىلەن خوشلىشىپ كېتىپ قېلىشتى. مېھمانخانىدىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ ھەتتا دېرىزىسىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇش ئاياغلىشىپ، ئافغانىستان ھاكىمىيتى يېڭى ئەمەلدارلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇخبىرلارنىڭ نەزىرىدە كابۇلنىڭ ھېچقانداق قىزىقى قالمىدى.

مۇخبىرلار كەتكەندىن كېيىن، بۇ مېھمانخانىغا يېڭىدىن سايلانغان مىنىستىرلار ۋە ئۇلارنىڭ كاتىب، ياردەمچىلىرى كېلىپ ئورۇنلاشتى. بۇنىڭ بىلەن مېھمانخانا دەھلىزىدىكى كىرېسلودا قەندەھاردىن كەلگەن قاپقارا پۇشتۇلار، نەچچە يىللاردىن بۇيان يات ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مۇساپىرلار، ياپيالاقتىن ئەمدىلا چۈشۈپ ساقال-بۇرۇتىنى ئېلىشقا ئاران ئۈلگۈرگەن مىلتارىستلار لىق ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولدى. دېمەك بۇ مېھمانخانا مانا ئەمدى ئافغانىستان يېڭى ھاكىمىيىتىنىڭ كابۇلدا ئۆي-ماكانى يوق ئىشتىراكچىلىرىغا پاناگاھ بولدى.
Bountyنى ئىچىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن كۆرۈپمۇ باقمىغان، ئادەتتە تۇرۇبا سۈيىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



غۇرتۇلدىتىپ ئىچۋېرىغان بۇ كىشلەرنىڭ ئامىرنىڭ دۇكىنىدىكى چەت ئەلنىڭ قىممەت ئۇسسۇلۇقلىرىنى ئېلىپ ئىچىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىلگىرى بۇ يەردە تۇرغان مۇخبىرلاردىن بىرەرسى مېھمانخانىغا كېلىپ قالغۇدەك بولسا، ئامىرنىڭ تېخىچە ھېلىقى دۇكاندا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ سورايتتى:

— تېخىچە دۇكان ئېچىۋېتىپسەنغۇ؟ مەكتەپتە ئوقۇمىدىڭمۇ؟

لېكىن ئامىر گەپ ياساشقا ئۇستا ئىدى، ئۇ چۈشتىن ئاۋۋال يولۇقۇپ ئاشۇ گەپنى سورىغانلارغا "مەكتەپكە چۈشتىن كېيىن بارىمەن" دەپ قوياتتى؛ چۈشتىن كېيىن يولۇققانلارغا "چۈشتىن ئاۋۋال ئوقۇدۇق" دەپ قوياتتى.

ئامىر ئۆزىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇمايدىغان قولاق كەستى باللارغا ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىغا ئىقرار ئىدى، چۈنكى ئامىرنىڭ دادىسى قول-ئىلكىدە بار، مەدەنىيەت ۋە تارىخقا ئىشتىياق باغلىغان باي كىتابپۇرۇش ئىدى، قورسىقىدا كىتابخانىلىرىنىڭ تىجارىتىنى گۈللەندۈرۈش ھەققىدە ئاجايىپ ئۇلۇغۋار پىلانلىرى بار ئىدى. يامان يېرى، ئۇ ئاشۇ كىتابخانىلىرىنى باشقۇرۇشتا ئوغۇللىرىدىن ئۆزگە ھېچكىمگە ئىشەنمەيتتى. ئەتىياز كېلىپ كابۇلدىكى مەكتەپلەرنىڭ يېڭى ئوقۇش مەۋسۇمى باشلىنىۋىدى، سۇلتان ئوغۇللىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى مەكتەپكە ئەۋەتمىدى. ئۇنىڭ مەكتەپكە بارايچۇ، دەپ زار-زار قاقشاپ كېتىۋاتقان ئامىرغا بېرىدىغان جاۋابى پەقەت بىرلا ئىدى:

— كېيىن سودىگەر بولسەن، شۇڭا سېنىڭ ئەڭ ياخشى مەكتىپىڭ ئاشۇ دۇكان، ئۇقتۇڭمۇ؟!

ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ئۆتۈۋاتقان ئامىرنىڭ يۈز-كۆزى بارا-بارا تامدەك تاتىرىپ، ئۆزىمۇ سەل-پەل دۇمچەيگەندەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى؛ گاھىدا يول ماڭسا ئانچە-مۇنچە دەلدەڭشىپمۇ قالاتتى، شۇڭا تونۇشلىرى ئۇنىڭغا "ھەي، دەردبار مۇڭلۇق!" دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتى. ئىچى توشۇپ كەتكەن ئامىر ئاخشىمى ئۆيىگە بېرىپلا ئاكىسى بىلەن ئۇرۇشۇپ دەردىنى شۇنىڭدىن ئالاتتى. ئۇ نەۋرە تۇغقىنى فازىلنىڭ فرانسىيە ھۆكۈمىتى مەبلەغ سالغان مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇۋاتقانلىقىغا بەكمۇ ھەسەت قىلاتتى، چۈنكى لاي پاچاق فازىل ھەر كۈنى ئۆيىگە كىتاب-دەپتەر، قېرىنداش، سىزغۇچ، سىركول ۋە ئۇچلىغۇچلار بىلەن لىق تولغان سومكىسىنى يۈدۈپ قايتىپ كېلەتتى؛ ھەتتا مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئاجايىپ قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى.





— دىدىسى يوق فازىل چېغىدا كۆك نامرات تۇرۇقلۇق مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ، — دەپ دادىلاپ كەتتى ئامىر بىر كۈنى ئاكىسى مەنسۇرغا، — لېكىن مەنچۇ؟ دادام جاھاندىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ باققان بىلىملىك ئادەم تۇرۇپ، مېنى مەكتەپكە ئەۋەتمەي، كۈنگە ئون نەچچە سائەت ئىشقا سېلىۋاتىدۇ؛ مەنمۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش، جىق ئاداشلىرىم بىلەن توپ ئوينىسام بولاتتىغۇ!

مەنسۇرمۇ ئۇكىسىنىڭ ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاشۇ قاراڭغۇ دۇكاندا كۈن ئۆتكۈزۈشكە قوشۇلمايتتى. شۇڭا ئۇ دادىسىدىن كەنجى ئىنىسى ئامىرنى مەكتەپكە ئەۋەتىپ بېرىشنى ئۆتۈنگەندى.

— كىيىنچىرەك بولسۇن، — دېگەندى سۇلتان مەنسۇرغا، — ھازىر دېگەن چوڭ-چوڭ كىتابلار ئارقىلىق بازارنى ئىگىلەيدىغان ھالقىلىق پەيت، شۇڭا ھەممىمىز دەرقەمدە تۇرمىساق بولمايدۇ!

ئامىرغا نېمە ئامال؟ يىراق بىر يەرلەرگە قېچىپ كەتسۇنمۇ ياكى ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن قوپماي تۇرۇۋالسۇنمۇ؟

سۇلتان ئىشكتىن چىقىشى بىلەن تەڭلا ئامىرمۇ دۇكاننىڭ ئىشكىنى قۇلۇپلىدى-دە، مېھمانخانا ھويلىسىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىغا كېلىپ بىردەم تۇردى، ئۇنىڭ بىرەرسى بىلەن بىردەم-يېرىمدەم گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭلاشقۇسى ياكى ئۇنىڭ بىلەن تاش تېپىپ ئوينىغۇسى بار ئىدى.

بىر كۈنى ئەنگلىيىدىن ياردەمگە كەلگەن ئىشچىلاردىن بىرسى، ئۆز ۋاقتىدا تالىبانلار ئوغرىلاپ كەتكەن ماشىنىسىنىڭ بۇ يەردە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇدۇل مېھمانخانىغا كىرىپ ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتى. مىنىستىرلاردىن بىرى ئۇ ماشىنىنى بىرەيلەننىڭ قولىدىن قانۇنىي يول بىلەن سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى، شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ئىشچى ئامىرنىڭ دۇكىنىغا ئانچە-مۇنچە كېلىپ بۇ ماشىنىنىڭ دېرىكىنى قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

— پاھ... ھۇي، ئىشىنەمسەن ئۇكام؟ — دېدى ھېلىقى ئىشچى بىر كۈنى ئامىرنىڭ يېنىغا كېلىپ، — قولىدىن كەتكەن نەرسىنىڭ كەلمىكى تەسكەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىكەن ئەمەسمۇ!

مېھمانخانا دەھلىزى بۇرۇنقىدەك تىمتاس ۋە سۈرلۈك ئىدى، لېكىن تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بىر ۋەقەدىن كېيىن، گويا ئاۋغانىستان مىنىستىرى قەستكە ئۇچرىغان چاغدىكىدەكلا ئادەم مىغىلداپ كەتتى. ئابدۇلرەشىدمۇ كابۇلدا ئۆيى يوق باشقا مىنىستىرلارغا ئوخشاش بۇ مېھمانخانىدا تۇراتتى. تالىبانلار ئاغدۇرۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تاشلانغاندىن كېيىن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ بونن يىغىنىدا ئافغانىستان يېڭى ھاكىمىيتى قۇرۇپ چىقىلدى، مىنىستىر ئابدۇلرەشىد شۇ چاغدا ناھايىتى نۇرغۇن قوللىغۇچىلارنى تۈرلۈك ئامالالار بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، ئاخىر مىنىستىرلىككە سايلىنىۋالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆكتىچىلىرى ئۇنىڭغا ”پونى زەي سالماي ئاتىدىغان پادىچى“ دەپ لەقەم قويۇشتى.

كېيىن نەچچە مىڭ ھاجى ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر ۋەقەنى پەيدا قىلدى. ئەسلىدە بىر ساياھەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ ھاجىلارنى ئالداپ، ئۇلارغا ساختا بىلەت سېتىپ بەرگەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كابۇل ئايرودرومىغا قاپسىلىپ قاپتۇ. ئارىيانا ئاۋىئاتسىيە ئىدارىسى مۇشۇ ھاجىلار ئۈچۈن مەككىگە ئۇچىدىغان ئايروپىلاندىن بىرنى تەستىقلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭچىۋالا جىق ئادەم بىر ئايروپىلانغا سىغمايتتى.

ھاجىلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، چاپقۇغا توختىتىپ قويۇلغان بىر ئايروپىلاننى ئورۇۋېلىشتى. لېكىن ئۇ ئاۋىئاتسىيە مىنىستىرنى ئېلىپ يېڭى دېھلىغا قاراپ ئۇچىدىغان ئايروپىلان ئىدى. ئاڭغىچە ئاق يەكتەكلىك ھاجىلار ئۇلارنى توسقان لېوتچىكنى ئىتتىرىپ يىقىتىۋېتىپ، ئايروپىلانغا باستۇرۇپ كىردى. ئۇ چاغدا ھېلىقى ئاۋىئاتسىيە مىنىستىرى بىلەن ئۇنىڭ ياردەمچىسى ئورۇندۇقتا سوزۇلۇپ ياتقانىكەن. بۇنى كۆرۈپ غەزەپكە كەلگەن ھاجىلار ئۇنى ياقىسىدىن سۆرەپ تۇرغۇزۇپ نەق مەيداندا ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئامىر بۇ شۇم خەۋەرنى تۈنجى قېتىم ئاڭلىغانلاردىن ئىدى. ئۇ چاغدا مېھمانخانا دەھلىزى ئادەم بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى؛ ھەممىلا ئادەم ئىشنىڭ ئېرى-بېرىسىنى ئۇقۇپ باققۇسى كېلەتتى.

— ئاھ خۇدا! ھاجىلار بىر مىنىستىرنى ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئەمدى كىمنى ئۆلتۈرەر؟

ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلىدىغان گەپلەر ئامىرنىڭ قۇلىقىغا ئۈزۈلمەي كىرىپ تۇراتتى:

— قوراللىق قوزغىلاڭ باشلىنىپ كېتەرمۇ؟

— ئىرقلار ئارا قىر-چاپ بولۇپ كېتەرمۇ؟

— تاجىكلار پۇشتۇلارنى قىرىۋېتەرمۇ؟

— بۇ غەزەپكە كەلگەن ھاجىلارنىڭلا ھەرىكىتىمۇ ياكى مەقسەتلىك پەيدا قىلىنغان ئۆچ ئېلىش ھەرىكىتىمۇ؟

مېھمانخانا دەھلىزىنى ھەش-پەش دېگۈچە قاتتىق ۋەھىمە بېسىپ

كەتتى، ساقچى ماشىنىلىرىنىڭ "ۋىڭ-ۋىڭ" قىلىپ چىرقىراشلىرى، تۇرۇلگەن قاپاقلار، جىددىيلىشىپ ئۇ ياقتىن بۇياققا چېپىشىپ يۈرگەن ئادەملەر ... بۇلارنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتكەن ئامىر يىغلىۋەتكىلى تاسلا قالدى.

ئامىر دۇكىنىغا كىرىپ، پۇكەينىڭ ئارقىسىغا ئۆتتى ۋە Snickersتىن يېگەچ توپ توغرا تۆت سائەت مىدىرلىماي ئولتۇردى.

دەھلىزدىكى ئەخلەتلەرنى تازىلاپ، ئۇنى ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلاۋاتقان بىر تازىلىقچى ئامىرنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بەك ئازاپلىنىپ كېتىۋاتقاندەك قىلىسەن، ئامىر.

— يۈرىكىم لەختە-لەختە قان بولۇپ كەتتى دېسىلە.

— ئۇنى تونۇيتتىڭمۇ؟

— كىمنى؟

— مىنىستىرنىچۇ.

— تونۇيمەن دېسەممۇ، تونۇمايمەن دېسەممۇ بولىدۇ.

ئامىر ھېلىقى تازىلىقچىغا ئاشۇنداق دېگەندىن كېيىن نېمىشقىدۇر خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى. دېمىسىمۇ مىنىستىرلارنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىپ بارغان يەردە، ئۇنىڭ بىھۇدە زايە بولۇپ كېتىۋاتقان بالىلىقى نېمە ئىدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئون يەتتىنچى باب

# باغرى تاشلار ئۈستىدە

مەنسۇر كىچىك بىر خالتىنى كۆتۈرگەن پېتى ھاسىراپ-ھۆمىدەپ كىرىپ كەلدى.

— ئاتكىرتكىدىن 200 نى ئوغرىلاپتۇ، — دېدى ئۇ تىنىق-تىنىقىغا ئۇلاشماي ھاسىراپ تۇرۇپ.

باش-كۆزىدىن مۇنچاق-مۇنچاق تەرلەر قۇيۇلۇپ تۇرغان مەنسۇرنىڭ، يۈگۈرۈپ كەلگۈچە ئارانلا جېنى قالغاندەك قىلاتتى.


— كىم ئوغرىلاپتۇ؟ — سۇلتان قولىدىكى ھېسابلىغۇچنى پۇكەينىڭ ئۈستىگە قويۇپ، بېگىز بارمىقىنى ھېساب دەپتىرىنىڭ بېتىدىن ئالماي تۇرۇپ سورىدى.

— ياغاچچى.

— ياغاچچى؟ — سۇلتان تەئەججۈپ بىلەن سورىدى، — راستمۇ؟

مەنسۇر قولىدىكى قوڭۇر خالتىنى دادىسىغا ئۇزاتتى. قارىغاندا بۇ خالتا دەل ئوغرىنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىنغان نەرسىدەك قىلاتتى.

— نەق 200 دانىكەن، — دېدى مەنسۇر، — ئۇ ماڭىدىغان چاغدا بەكمۇ ھودۇقۇپ كەتكەنىدى، مەن ئىش پۈتىدىغان كۈن بولغاندىكىن دەپ باشقىچە ئويلاپمۇ كەتمەپتىمەن؛ ئۇ مەندىن: ”قىلىدىغان باشقا ئىش بارمىدۇ، مەن ئىشلىسەم بولاتتى“ دەپ سورىدى؛ مەن: ”دادامدىن سوراپ باقاي“ دېدىم؛ ئۇ كىتاب ئىشكاپلىرىنى پۈتكۈزۈپ بولغان تۇرسا ...، قارىسام ئۇنىڭ كەمزۇلىنىڭ يانچۇقىدا بىر نېمە دومباق تۇرغاندەك قىلدى؛ مەن: ”نېمە ئۇ؟“ دەپ سورىسام، ئۇ ئەندىكىپ تۇرۇپ مەندىن: ”نېمىنى دەۋاتىسىز؟“ دەپ يانىدۇرۇپ سورىدى؛ مەن ئۇنىڭغا: ”ئاۋۇ كەمزۇلىڭىزنىڭ يانچۇقىدىكى نەرسىنى دەۋاتىمەن“ دېدىم؛ ”بۇ دېگەن ئۆزۈمنى ئېلىپ كەلگەن نەرسە“ دېدى ئۇ ماڭا؛ مەن: ”ئاله، كۆرۈپ باقاي“ دەپ تۇرىۋالدىم. لېكىن ئۇ كۆرسەتكىلى ئۇنىمىدى؛ ئاخىر مەن ئۇ نەرسىنى ياغاچچىنىڭ يانچۇقىدىن تارتىپ ئالدىم،





قارىسلا، مۇشۇ شۇ، ئۇ بىزنىڭ كىتابخانىدىن ئاتكرىتكا ئوغرىلاپتۇ؛ لېكىن مەن سېزىپ قالغاچقا ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى.

مەنسۇر بۇ ئىشنى دادىسىغا دېيىشتە سەل-پەل كۆپتۈرۈۋېتىپ قالدى. ئەسلىدە ياغاچچى جالالىددىن ئىشنى پۈتكۈزۈپ قايتىدىغان چاغدا، مەنسۇر بۇرۇنقىدەك مۈگدەپ ئولتۇرغان بولغاچقا، ياغاچچىنىڭ ئاتكرىتكا ئوغرىلىغانلىقىنى تازىلىقچى ئابدۇللاھ كۆرۈپ قالغانىدى.

— يانچۇقلىرىدىكى نەرسىنى مەنسۇرغا كۆرسىتىپ قوياملا؟ — دېدى تازىلىقچى ئابدۇللاھ، لېكىن ياغاچچى كۆرسەتكىلى ئۇنىمىدى.

تازىلىقچى ناھايىتى نامرات كىشى بولۇپ، كابۇلدىكى ئەڭ تۆۋەن قاتلامغا تەۋە ھەزارا مىللىتىدىن ئىدى. ئۇ ئادەتتە جىق گەپ قىلمايتتى. ئابدۇللاھ ياغاچچىنىڭ ئالدىراپ ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ بېرىپ ۋارقىرىدى:

— يانچۇقلىرىدىكى نەرسىنى مەنسۇرغا كۆرسەتسىلە، دەۋاتىمەن!

ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى ئەمدى ئاڭقىرىغان مەنسۇر جالالىددىننىڭ يانچۇقىدىن ھېلىقى خالتىنى تارتىپ ئالدى. لېكىن ئەمدىلىكتە بولسا، دادىسىغا ئۆزىنى قەھرىمان كۆرسىتىپ ماختىنىۋاتاتتى.

— ھىم، مۇنداق دېگىن، — دېدى سۇلتان ھېساب دەپتىرىنى ۋاراقلىغاچ تەرىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ، — جالالىددىن ھازىر نەدە؟

— ئۆيىگە كەتكۈزۈۋەتتىم، لېكىن ئۆيۈڭدىن نېرى كەتمىگىن، دەپ تاپىلاپ قويدۇم.

سۇلتان گەپ-سۆز قىلماي ئولتۇرۇپ كەتتى. ياغاچچىنىڭ كىتابخانىغا يېڭى كەلگەن چاغدىكى قىياپىتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا تۇراتتى. جالالىددىن سۇلتان بىلەن قوشنا كەنتتىن ئىدى. سۇلتاننىڭ نەزىرىدە جالالىددىن ئانچە ئۆزگەرمىگەنىدى. ئۇ يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئورۇق بولۇپ، زابويلارنىڭكىدەك پۈلتىيىپ تۇرغان ئىككى كۆزىدىن بىر خىل ئالاقزادىلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك ياداپ كەتكەن بولسا كېرەك. 40 ياشقا كىرە-كىرمەيلا بەللىرى دۈمچىيىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ناھايىتى يوقسۇل بولغىنى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەر ئىدى. جالالىددىننىڭ دادىسىمۇ ئۇستا ياغاچچى ئىدى. لېكىن كۆزى ئاجىزلاپ كەتكەچكە ئىشتىن قالغانىدى.

سۇلتان بۇ قوشنىسىغا رازىمەنلىك بىلەن ئىش بەردى. ئۇنىڭ ئۇستىگە جالالىددىن ناھايىتى ئىشچان ئادەم ئىدى. سۇلتان كىتابخانىسىغا يېڭى كىتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىشكاپى ياساتمىسا بولمايتتى، چۈنكى ھازىرقى كىتاب ئىشكاپلىرى كونا شەكىلدە بولۇپ، ئۇنىڭغا كىتابلار دۈمبىسى تېشىغا قارىتىپ تىكىگە تىزىلاتتى ـ دە، ئىشكاپ ئارقىسىدىكى تامنى پۈتۈنلەي توسۇۋالاتتى. كىتابخانىدىكى يەردە بىر مۇنچە كىتاب ئىشكاپمۇ تۇراتتى. لېكىن سۇلتانغا لازىم بولۇۋاتقىنى ئۆزى سېپە، كىتابلارنى مۇقاۋىسىنى تېشىغا قارىتىپ يانتۇ تىزغىلى بولىدىغان كىتاب ئىشكاپى ئىدى. سۇلتاننىڭ ھەم كىتابخانىسىنى غەرب پاسونىدا بېزىگىسى بار ئىدى. شۇنداق قىلىپ سۇلتان جالالىددىنغا كۈنىگە ئۈچ فوندستېرلىڭدىن ھەق بېرىدىغان بولدى. جالالىددىن ئەتىسى ئەسۋاب ـ جابدۇقلىرىنى ئېلىپ كەلدى. سۇلتان كىتابخانىسىنىڭ ئارقىسىدىكى قازناقنى جالالىددىنغا ياغاچچىخانا قىلىپ بەردى. ئۇ يەردە نۇرغۇن ئاتكرىتكا بار ئىدى. بۇ ئاتكرىتكىلار كىتابخانىنىڭ مۇھىم كىرىم مەنبەسى ئىدى. سۇلتان بۇ ئاتكرىتكىلارنى پاكىستاندا ناھايىتى ئەرزان باستۇرۇپ ئەكىلىپ، بۇ يەردە ناھايىتى قىممەت ساتاتتى. سۇلتان ئۆزى ياقتۇرغان سۈرەت ۋە رەسىملەرنى ئۇچراتقان ھامان، ئۇ ئەسەرلەرنى ئىگىسى، نەشر ھوقۇقى دېگەنلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، ئۇدۇل پاكىستانغا ئاپىرىپ كۆپەيتىپ باستۇرۇۋېرەتتى. بەزى فوتوگرافلار بىر قىسىم ئەسەرلىرىنى سۇلتانغا ھەقسىز تەقدىم قىلاتتى. سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا ئاتكرىتكىنىڭ بازىرى بەك ئىتتىك ئىدى. ئاتكرىتكىنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى تىنچلىق ساقلاش قىسىملىرىدىكى ئەسكەرلەر ئىدى. ئۇلار كابۇلدا چارلاپ يۈرگەن چاغلاردا سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىغا كىلىپ، پۈركەنچە كىيگەن ئاياللار، تانكنىڭ ئۈستىدە ئويناۋاتقان قىزچاق، ئۆز زامانىسىنىڭ مودا كىيىمنى كىيگەن ئاغچا خېنىم، بامىيانىدىكى بۈيۈك بۇت قاتارلىقلارنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكىلارنى سېتىۋالاتتى. سۇلتاننىڭ دۇكىنىدا يەنە ئوغلاقچىلار ۋە ئۇچىسىغا ئافغانىستاننىڭ ئەنئەنىۋى كىيىملىرىنى كىيگەن قىزچاقنىڭ سۈرىتى شۇنداقلا ئافغانىستان مەنزىرىلىرىدىن باشقا كابۇلنىڭ ئۆتمۈشى بىلەن ھازىرقى قىياپىتى چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكىلارمۇ بار ئىدى.

جالالىددىننىڭ بىر كۈنلۈك ئىش ھەققى توققۇز پارچە ئاتكرىتكىنىڭ پۇلىغا باراۋەر ئىدى. ئۇنداق ئاتكرىتكىلار جالالىددىن ياغاچچىلىق قىلىۋاتقان قازناق ئۆيدە ساماندەك تۇراتتى. 100 دانىسى بىر باغلام قىلىپ ئورالغان ئاتكرىتكىلارنىڭ بەزىلىرى تاغاردا، بەزىلىرى يەردە، بەزىلىرى قۇتىلاردا يەنە بەزىلىرى يەشكىلەردە ئىدى، بەزىلىرى كىتاب ئىشكاپىدا تىزىقلىق ئىدى.

— 200 دانە ئاپتۇ دېدىڭ، — دەپ گەپ باشلىدى سۇلتان مەنسۇرغا

قاراپ، ــ بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم قىلغىنىمىدۇ؟

ــ تاڭەي، ئۇ ئەسلىدە ئاتكرىتكىلارنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتمەكچى بوپتىكەن، لېكىن ئۇنتۇپ قاپتۇمىش.

ــ شۇنداقمۇ؟ بىزنى گېپىمگە ئىشەنسىكەن، دەيدۇ ـ دە بايقۇش.

ــ مېنىڭچە ئۇ بۇ ئىشنى بىرەرسىنىڭ ئەقلى بىلەن قىلدىمىكىن، ــ دېدى مەنسۇر، ــ ئويلىمامسىز دادا، جالالىددىن ياغاچچى ئۇ ئاتكرىتكىلارنى ئالغىنى بىلەن ئۆزى قانداق ساتىدۇ؟ ئۇنى ئاپىرىپ ئۆيىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويامدۇ، دەپ ئالمىغاندۇ!

سۇلتان جالالىددىننى ناھايىتى بىزەپ گەپ بىلەن تىللاپ كەتتى. ئۇ يەنە ئىككى كۈندىن كېيىن ئىرانغا بارىدىغان بولغاچقا، ۋاقتى بەكمۇ قىس ئىدى. ئۇنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى چېچىدىن تولا بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنى بىر ياقلىق قىلماي بولمايتتى. يەنە كېلىپ سۇلتاننىڭ بىر نەرسىسنى ئوغرىلاپ قويغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن قۇتۇلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ــ سەن كىتابخانىغا ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بوپتۇرغىن ــ دېدى سۇلتان مەنسۇرغا، ــ مەن جالالىددىننىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي، بۇ ئىشنىڭ ئاق ـ قارىسىنى ئايرىمىسام بولمايدۇ!

سۇلتان رەسۇلنى باشلاپ ماشىنىسىغا چىقتى ـ دە، دېھقۇدەيداد كەنتىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

سۇلتاننىڭ ماشىنىسى كەنتكە يېتىپ كەلدى، ماشىنىنىڭ چاقلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن توپا ئاسمان پەلەك ئۆرلەيتتى. ئۇلار جالالىددىننىڭ ئۆيىگە بارىدىغان كوچىغا كىردى.

ــ ئېسىڭىزدە بولسۇن، ــ دېدى سۇلتان رەسۇلغا، ــ بۇ ئىشنى ھېچكىم ئۇقمىسۇن، جالالىددىننىڭ ئۆيدىكىلەرنى رەسۋاچىلىقتىن باش كۆتۈرگۈسىز قىلىۋېتىمەن.

جالالىددىننىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەردىكى كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر دۇكان بار ئىدى. دۇكاننىڭ ئالدىدا بىر مۇنچە ئادەم تۇراتتى، جالالىددىننىڭ دادىسى فايىزمۇ شۇلارنىڭ ئارىسىدا بار ئىدى. فايىز خۇشچىراي كېلىپ سۇلتان بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ:

ــ ئۆيگە كىرىپ بىرەر پىيالە چاي ئىچىپ ماڭسىلا، ــ دېدى.

قارىغاندا ئۇ ئاتكرىتكىنىڭ ئىشىنى تېخى ئۇقمىغاندەك قىلاتتى. فايىزنىڭ يېنىدا تۇرغانلارنىڭمۇ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ئىگىلىك يارىتىپ، تىرىشچانلىقلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىلەن ئۇتۇق قازانغان "سۇلتانباي" بىلەن ئىككى ئېغىز ئەسرالاشقۇسى بار ئىدى.

— ئوغلىڭىزنى ئىزدەپ كېلىۋىدىم، — دېدى سۇلتان، — ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا چاقىرىپ كەلسىڭىز بولغانىكەن.

فايىز كېتىپ ھايال ئۆتمەي جالالىددىننى باشلاپ كەلدى. جالالىددىن سۇلتاننى كۆرۈپلا لاغىلداپ تىترەپ كەتتى.

— يەنە قىلىدىغان ئازراق ئىش بار ئىدى. شۇڭا سېنى ئالغىلى كەلگەن. ۋاقتىڭ بارمۇ؟ — دېدى سۇلتان. جالالىددىن بېشىنى لىڭشىتتى.

— بۇدا كەلگەندە خۇدا بۇيرۇسا ئۆيگە چۈشۈپ، بىر پىيالە ئۇسسۇلۇق ئىچىپ ماڭالا، — دېدى فايىز ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپ تۇرۇپ.

— سېنى نېمىشقا ئىزدەپ كەلگەنلىكىمنى بىلسەن، — دېدى سۇلتان ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك چىرايىنى ئۆزگەرتمەي تۇرۇپ. ماشىنى رەسۇل ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. سۇلتان ئارقا ئورۇندۇقتا جالالىددىنغا ياندىشىپ ئولتۇراتتى. رەسۇل ماشىنىنى ۋەكىلىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆيى تەرەپكە بۇرىدى. ۋەكىلىنىڭ ئىنىسى ساقچى ئىدى.

— مەن، مەن پەقەت كۆرۈپ باقايلا دەپ ئالغانىدىم. ئۇ ئاتكىرىتكىلار بەك چىرايلىقكەن. شۇڭا باللىرىم كۆرۈۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئاپىرىپ قوياي دېگەنىدىم.

ئۆزىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىۋاتقان جالالىددىن ئورۇندۇقنىڭ بۇلۇڭىغا تۈگۈلۈپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى؛ بارماقلىرى بىر-بىرىگە چىرماشقان قوللىرىنى ئىككى تىزىنىڭ ئارىلىقىدا ھەدەپ قىساتتى. سورالغان گەپلەرگە جاۋاب بېرىدىغان چاغدا سۇلتاننىڭ كۆزىگە ھودۇقۇش ئىچىدە ھېلىدىن-ھېلىغا لاپ-لاپ قاراپ قوياتتى. جالالىددىننىڭ بۇ قىياپىتى بەئەينى سادىن ئۈركۈپ پەيلىرى ھۆرپىيىپ كەتكەن چۈجىگىلا ئوخشايتتى. لېكىن سۇلتان ئورۇندۇقتا بەخىرامان ئولتۇرۇپ گەپ سوراۋاتاتتى:

— ئېيتقىنا، ئاتكىرىتكىدىن زادى قانچىلىك ئالدىڭ؟

— مەنسۇرنىڭ قولىدىكىسى شۇ.

— ئىشەنمەيمەن.

— راست دەۋاتىمەن.

— بىلىپ قوي، راستىڭنى ئېيتمىساڭ ساقچىغا دەيمەن.

جالالىددىن سۇلتاننىڭ قوللىرىغا يالۋۇرۇپ سۆيگىلى تۇردى.

— تولا ئېتىقسىزلاشما، ئەرۋاھىمنى ئۇچۇرۇپ!

— خۇدا ھەققى سۇلتان بېگىم، ساقال-سامبۇتۇم بىلەن قەسەم قىلاي، ئالغىنىم ئاشۇنچىلىكلا، ئالغانلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇراي، مېنى ساقچىغا تۇتۇپ بەرمىسىلە، سىلىدىن ئۆتۈنەي، جامائەت ئىچىدە يۈزۈم چۈشۈپ كەتمىسۇن، ماڭا رەھىم قىلسىلا! مەن نادانلىق قىپتىمەن .... يەتتە بالام بار، ئىككى قىزىم پالەچ، خوتۇنۇم ھازىر ئېغىر ئاياغ، لېكىن ئۆيدە يېگۈدەك نەرسە يوق، ئاچارچىلىقتا باللىرىم كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، خوتۇنۇمنىڭ يېشى قۇرۇمايدۇ ....، ھەي، مەن ... مەن خوتۇن-باللىرىمنىڭ قورسىقىنىمۇ باقالماي قېلىۋاتىمەن، بىچارە باللىرىم خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ياڭيو، چىرىپ كەتكەن كۆكتات بىلەن جان ساقلاۋاتىدۇ، ئانام دوختۇرخانا بىلەن ئاشخانىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ تاپقان ئاشقان-تاشقان تاماقلار بىلەن كۈن ئېلىۋاتىدۇ، مەن يەنە ئاتا-ئانام، مومام ھەتتا سىڭلىمنىڭ بەش بالىسىغا قارىمىسام بولمايدۇ، بىچارە سىڭلىمنىڭ ئېرى ئىشسىز قالغان....

— باشقا گەپنى قوي، ھەممە ئىش ئۆزۈڭگە باغلىق، — دېدى سۇلتان، — قانچىلىك ئاتكرىتكا ئوغرىلىغانلىقىڭنى ئىقرار قىل، بولمىسا زىنداندا ياتىسەن!

سۇلتان بىلەن جالالىددىن ھەر ئىككىسى ئۆزىنىڭ گېپىنى يورغىلىتاتتى، جالالىددىن ھە دېسىلا ئۆزىنىڭ يوقسۇزلۇقىدىن دادلايتتى، سۇلتان بولسا ئۇنىڭغا قانچىلىك ئاتكرىتكىنى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ، ئۇنى زادى كىمگە ساتقانلىقىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن گەپ كوچىلايتتى،

ئۇلار كابۇلنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، يەنە ھېلىقى سەھراغا كەلدى، رەسۇل ماشىنىنى كەنتنىڭ پاتقاقلىق يولىغا بۇرىدى، يولدا قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئۆيگە يېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراپ كېتىشىۋاتقان كىشىلەر ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇچراپ تۇراتتى، بىر نەچچە لالما ئىت بىر پارچە سۆڭەكنى تالىشىپ بىر-بىرىنى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قوغلاشماقتا ئىدى، باللار كوچىدا يالاڭ ئاياغ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى، بىرەيلەن پۈركەنجە كىيگەن بىر ئايالنى ۋېلىسىپىتنىڭ بالدىقىغا مىنگەشتۈرۈپ ئەكتىۋاتاتتى، بىر بوۋاي ئۈستىگە لىقمۇ لىق ماندارىن بېسىلغان قول ھارۋىسىنى تەستە ئىتتىرىپ، يولدىكى ئوشۇققا كېلىدىغان پاتقاقنى يالاڭ ئاياغ كېچىپ كېتىپ باراتتى، يامغۇر سۈيى شەھەر ئىچىدىن ئېقىپ ئەكىلىپ، يول ئۈستىگە دۆۋىلىۋەتكەن گەندە ۋە ئەخلەت-چاۋارلار بۇ يەرنى بەئەينى ئەخلەتخانىغىلا ئوخشىتىپ قويغانىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ماشىنا بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، رەسۇل سۇلتانىنىڭ كەينىدىن يېتىپ كەلدى. بىلەن بىرىپ دەرۋازىنى قېقىۋىدى، مازارىياف چىقىپ ئۇلارغا سالام قىلىپ، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار پەشتاققا شۇنداق چىقىۋىدى، بۇ ئۆيدىكى مەزلۇملار شىپىر-شىپىر قىلىشىپ ئۆزىنى دالىدىغا ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىشىكنىڭ، بەزىلىرى دېرىزە پەردىسىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈشكەنىدى. بۇنچىۋالا كەچتە كىرىپ كەلگەنلەرنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغان ياش بىر چوكان ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇلارغا قارىدى.

— ھىم، — دېدى ئۇچىسىغا يەكتەك بىلەن شارۋار ئىشتان كىيگەن مازارىياف باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ. يەكتەك بىلەن شارۋار ئىشتان تالىبانلار زامانىسىدا ئەرلەر چوقۇم كىيىمسە بولمايدىغان كىيىم ئىدى، مازارىياف پاكىنەك سېمىز ئادەم بولغاچقا، بۇنداق ئازادە كىيىمگە ئامراق ئىدى. ئىش ۋاقتىدا تالىبانلار زامانىسىدىن بۇرۇنقى كونا پاسوندىكى ساقچى فورمىسىنى ئامالىنىڭ يوقىدىن كىيەتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ئۇچىسىدىكىسى قىلىن قىشلىق فورما بولۇپ، مازارىيافقا تار كېلىپ قالغانىدى. روسىيە پاسونىدا تىكىلگەن بۇ فورما كابۇلغا قارىغاندا سىبىرىيىگە ماس كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر 30 گرادۇس ئىسسىق بولۇۋاتقان ئەتىياز پەسلى بولغاچقا، مازارىياف ئۇ فورمىنىڭ ئىچىدە تەرلەپ پىخىلداپ كېتەتتى.

سۇلتان كېلىشتىكى مەقسىتىنى دېدى. مازارىياف گويا ئۇلارنى گىرەلەشمە سوراق قىلغاندەك، ئۇلاردىن نۆۋەت بىلەن گەپ ئالدى. سۇلتان بىلەن جالالىددىن ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇراتتى. مازارىياف ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالغاچ تۇرۇپ-تۇرۇپ باش لىڭشىتىپ، ئۆزىنى ئىمكانقەدەر تەمكىن كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. سۇلتان بىلەن جالالىددىن ئېرىس تافى* بىلەن چاي ئىچكەچ ئولتۇرۇپ ئۆز گېپىنى قىلىۋاتاتتى.

— ئەھۋالىڭىزدىن قارىغاندا، ئەڭ ياخشىسى راستىڭىزنى ئېيتقىن، — دېدى مازارىياف، — بولمىسا تۈرمىدە ياتىسەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان جالالىددىن بېشىنى تۆۋەن سالغىنچە توختىماي قوللىرىنى ئۇۋۇلايتتى.

— مەن ....، مەن ... 500 دانىلا ئالغانىدىم، — دېدى ئۇ مازارىيافقا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — ھەممىسى ئۆيدە، پىچىتىڭمۇ تەگمىدىم.

* ئېرىس تافى — ئېرىس كەمپۈتىنىڭ بىر خىلى. — تەرجىماندىن.

— ھە، قىزىق ئىشقۇ بۇ، — دېدى مازارىياف،

لېكىن سۇلتان بۇ گەپلەرگە قايىل ئەمەس ئىدى،

— بولدى قىلە، — دېدى سۇلتان ئۇنىڭغا، — ئالغىنىڭ ئۇنىڭدىن جىق، ئېيتە، ئاتكىرىتكىلارنى زادى كىمگە ساتتىڭ؟

— ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئىقرار قىلساڭ ئۆزۈڭگە پايدىلىق، — دېدى مازارىياف، — ناۋادا ساقچىلار رەسمىي سوراق قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئەھۋال باشقىچە بولىدۇ، ئالدىڭغا چاي بىلەن ئېرىس تافنى قويۇپ ”دەپ باقسىلا غوجام“ دەيدىغان ئىش يوق، — ئۇ جالالىددىنغا سىرلىق قاراپ قويدى،

— خۇدا ھەققى مەن راست گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى جالالىددىن سۇلتان بىلەن مازارىيافقا تەلمۈرۈپ قاراپ، — ئۇنى ھېچكىمگە سېتىپ بەرمىدىم،

لېكىن سۇلتان يۇمشايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ئىككىسى يەنىلا ئۆز گېپىدە ئىدى، ئاڭغىچە قايتىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى، كومېندانت باشلانغاندىن كېيىن يول ماڭغان ھەرقانداق ئادەمنى تۇتۇپ كېتەتتى، ئەسكەرلەر ئۇنداق چاغدا ماڭغان ماشىنلارنى خەتەرلىك دەپ تونۇيدىغان بولغاچقا، ھەتتا ماشىنا ھەيدەپ ماڭغانلارنى ئېتىۋەتكەن ئىشلارمۇ كۆرۈلگەنىدى،

ئۇلار گەپ-سۆز قىلىشماي ماشىنغا چىقتى،

— جالالىددىن، راستىڭنى ئېيت، — دېدى سۇلتان، — بولمىسا سوراق تۈگىمەيدۇ، ماشىنا جالالىددىننىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى، جالالىددىن كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەيلا ياغلىققا ئوراپ چىگىلگەن ئاتكىرىتكىلارنى ئېلىپ چىقتى، سۇلتان ياغلىقنى يېشىپ ئىچىدىكى ئاتكىرىتكىلارنى بىر-بىرلەپ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن كۆڭلى تىنغاندەك بولدى، ئۇغرىنىڭ قولىدا يوقلىپ كېتىشكە تاس قالغان بۇ ئاتكىرىتكىلار ئەمدى كىتابخانىدىكى ئىشكاپقا قاتار تىزىپ قويۇلىدۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ئاق-قارىسىنى ئايرىپ بولغۇچە، بۇ ئاتكىرىتكىلار دەلىل-ئىسپات سۈپىتىدە ساقلىنىشى كېرەك، سۇلتان نومۇستىن يەرگە كىرىپ كېتەيلا دېگەن ياغاچچىنى يول ئېغىزىغا تاشلاپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ ماڭدى،

ئەكبەر بىلەن ئامىر ياغلىقتىكى ئاتكىرىتكىلارنى سىيلىنچىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىپ بىر-بىرلەپ ساناپ چىقتى، ئۇ جەمئىي 480 دانە ئىدى، سۇلتان جالالىددىننىڭ زادى قانچىلىك ئاتكىرىتكىنى ئوغرىلاپ كەتكەنلىكىنى كۆڭلىدە ھېسابلاپ باقتى، ئاتكىرىتكىلارنىڭ نۇسخىسى خىلمۇخىل بولۇپ، قازناقتىكىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆزىلا نەچچە يۈز خىلغا يېتەتتى. ”ناۋادا ئۇ تاغىرى بىلەن بىراقلا كۆتۈرۈپ ماڭغان بولسا، ئۇنىڭ زادى نەچچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەك تەس“ دەپ ئويلايتتى سۇلتان ”بىر قانچە تاغاردىن بىر بولاقتىن ئالغان بولسىچۇ؟ ئېھتىمال بىر نەچچە تاغارنى ئېچىپ، شۇنىڭدىن ئازراقتىن ئالغان بولۇشى مۇمكىن، هەي ....، ئەتە ئوبدانراق ئېدىتلاپ باقمىسام بولمىغۇدەك ـ تە.“

ئەتىسى ئۇلار قازناقتىكى ئاتكىرتكىلارنى ئېنىقلاۋاتاتتى. ئىشىك تۇۋىدە تۇيۇقسىزلا جالالىددىن ياغاچچى پەيدا بولۇپ قالدى. بوسۇغىدا بويىنى قىسىپ تۇرغان ياغاچچى سۇلتانىنىڭ كۆزىگە تېخىمۇ مۈكچىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. جالالىددىن تۇيۇقسىزلا سۇلتانىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ ئايىغىغا يېقىلدى. سۇلتان ئۇنى يەلكىسىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى ـ دە، ئۇنىڭغا ۋارقىراپ كەتتى:

— نېمە قىلىۋاتىسەن؟ دەپ قوياي، ماڭا سېنىڭ ئىتتەك يېلىنىشلىرىڭنىڭ لازىمى يوق.

— ماڭا رەھىم قىلسىلا سۇلتان بېگىم، — دېدى ياغاچچى سۇلتانغا يالۋۇرۇپ، — ئەكەتكەنلىرىمنىڭ ھەممىسىنى قايتۇراي، ھەممىنى تۆلەي، ماڭا كەڭچىلىك قىلسىلا، ئۆيدە خوتۇن ـ بالىلىرىم ئاچ قېلىۋاتىدۇ.

— مەن دەيدىغاننى تۈنۈگۈن دەپ بولغان، ماڭا پۇلۇڭنىڭ لازىمى يوق، ئاتكىرتكىلارنى زادى كىمگە سېتىپ بەرگەنلىكىڭنى دەپ بەرسەڭلا بولدى، ئېيتە، زادى قانچىلىك ئالدىڭ؟

ئاڭغىچە جالالىددىننىڭ دادىسى فايىز كىرىپ كەلدى، ئۇمۇ سۇلتانىنىڭ ئايىغىغا يېقىلىشقا تەمشىلىۋىدى، سۇلتان ئۇنى قولتۇقىدىن تارتىپ تۇرغۇزدى. چۈنكى سۇلتان بىراۋنى بولۇپمۇ ياشقا چوڭ بولۇپ قالغان بىر قوشنىسىنى ئايىغىغا يېقىلدۇرۇشنى خالىمايتتى.

— مەن بۇ ھاراملىقنى بىر كېچە دۇمبالىدىم سۇلتان بېگىم، — دېدى فايىز، — ئۇ يۈزۈمنى تۆكتى، مەن ئۇنىڭ لەۋزى ھالال ھۈنەرۋەن بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم، لېكىن ھازىرچۇ؟ ئوغرى بولۇپ چىقتى، ئوغرى!

— فايىز بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ تۇرغان ئوغلىغا غەزەپ بىلەن تىكىلدى، بەللىرىنى دۈمچەيتىپ تۇرغان ياغاچچى شۇ تۇرقىدا، ئوغرىلىق قىلغاندىن كېيىن راست گەپ قىلمىغاچقا، كاسسىغا شۇۋىق يېيىش ئالدىدا تۇرغان كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

سۇلتان فايىزغا بولغان ئىشنى ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ، باشتىن ـ ئاياغ دەپ

بەردى.

— بىر كۈن تەخىر قىلسىلا سۇلتان بېگىم، — دېدى فايىز يىلىنىپ تۇرۇپ، — مەن ئۇنى زۇۋانىغا كەلتۈرەي. جالالىددىننىڭ كەشىنىڭ تىكىشلىرى سۆكۈلۈپ كەتكەنىدى. تالاستوپكىسىنىڭ ياقىسى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ فايىزغا ئوخشاپ كېتىدىغان چىرايىدىن ئۇنى فايىزنىڭ بالىسىكەن، دېيىشكە بولاتتىيۇ، لېكىن سىنچىلاپ قارىسا ھەم پاكار، ھەم قارىلاق كەلگەن جالالىددىن بەكلا قېرى كۆرۈنەتتى. ئىشقىلىپ ئاتا-بالا ئىككىلىسىلا تېنى ئاجىز كىشىلەردىن ئىدى. سۇلتان دادىسى دېمەتلىك بۇ ئادەمنىڭ ئېتائەتمەنلىك بىلەن قول قوشتۇرۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى.

فايىز بىردەمدىن كېيىن تىزىپ قويۇلغان كىتابلارنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ تۇرغان ئوغلىنىڭ يېنىغا ئىتتىك ئۆتتى-دە، ئۇنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ۋۇي، نومۇسنى بىلمەيدىغان يوقتىن پەس ئىشەك! ھەممەيلەننىڭ يۈزىنى تۆكتۈڭغۇ، شورىقۇرىغۇر! بۇ دۇنياغا تۇغۇلۇپ ھەممىمىزگە بالا-قازا تېرىپ بەرگۈچە، ئاناڭنىڭ قورسىقىدا تۇرۇپلا ئۆلگەن بولساڭچۇ، ئوتقۇيرۇق ئالدامچى!

فايىز ئوغلىنىڭ قورسىقىغا تىزلايتتى، كاسىسىغا تېپەتتى، دۇمبىسىگە مۇشتلايتتى. جالالىددىن ئىككى بىلىكى بىلەن كۆكرىكىنى توسقىنچە مىدىر-سىدىر قىلماي تۇراتتى. ئاخىر دادىسىنىڭ تايىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى بولغاي، تۇيۇقسىزلا ئىشىك تەرەپكە قاراپ قاچتى-دە، پەلەمپەيدىن ئۇچقاندەك چۈشۈپ، تالاغا چىقىپلا كۆزدىن غايىب بولدى.

فايىز ئوغلىنى ئۇرۇۋاتقان چاغدا يەرگە چۈشۈپ كەتكەن كۆرپە تۈمىقىنى يەردىن ئېلىپ قېقىشتۇرۇپ، ئاندىن بېشىغا كىيدى. ئۇ بېلىنى رۇسلىۋالغاندىن كېيىن سۇلتان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان دېرىزىدىن ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتىغا ئېشەكچىلەپ مىنىپ، يولنىڭ ئوڭ-سولىغا ئوبدان سەپسېلىپ قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيى تەرەپكە بارىدىغان يول بىلەن ۋېلىسىپىتنىڭ رولىنى ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاتقىنچە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

بىردەملىك كۆڭۈلسىزلىك بېسىققاندىن كېيىن، ئاتكرىتكىلىرنى يەنە بىر قېتىم ھېسابلاپ چىققان سۇلتاننىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— ئۇ بۇ يەردە 40 كۈن ئىشلىدى، — دېدى سۇلتان مەنسۇرغا، —

www.uyghurkitap.com



كۈنگە 200 داندىن ئۇغرىلاپ ماڭدى دېسەك، ئۇ ئاز دېگەندىمۇ بىزنىڭ 8000 دانە ئاتكرىتكىمىزنى ئۇغرىلاپ كەتتى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان مەنسۇر مۇرىلىرىنى ئېتىپ قويدى. ياغاچچىنىڭ دادىسىدىن تاياقنى بولۇشىغا يېگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ كەتكەن مەنسۇر ئۇغرىلانغان ئاتكرىتكىنىڭ سانى ھەققىدە باشقا گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا يىتكەن ئاتكرىتكىلار قايتۇرۇۋېلىنغاندىن كېيىن بايىقىدەك كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش كېرەك ئىدى.

— ئۇ ئادەم ئاتكرىتكىلارنى ئۇغرىلاپ ئاچىقىپ ساتالىغۇدەك قۇۋ-ھىيلىگەرلەردىن ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ، شۇڭا بۇ ئىشنى بولدى قىلايلىچۇ دادا، — دېدى مەنسۇر سۇلتانغا يېلىنىپ تۇرۇپ.

— مېنىڭچە بۇ ھاماقەتتىن پايدىلىنىۋاتقان ئادەم بار، — دېدى سۇلتان مەنسۇرغا، — بىزدىن ئاتكرىتكا ئالىدىغان يايمىچىلارنىڭ ھەممىسىنى تونۇيسەن ئوغلۇم، ئۇلار خېلى ئۇزۇن بولدى مال ئالغىلى كەلمىدى؛ مەن تېخى ئۇلارنى باشقا يەردىن مال كىرگۈزدىمىكىن، دەپ ئويلاپتىكەنمەن؛ ئەسلىدە بۇ ھارام تاماق ياغاچچى بۇ يەردىن ئۇغرىلاپ ئاچىققان ئاتكرىتكىلارنى ئۇلارغا ئەرزىنىگە بېرىۋەتكەن گەپ؛ سېنىڭچە قانداق؟

مەنسۇر ئىككى مۈرىسىنى ئېتىپ قويۇپ، باشقا گەپ قىلمىدى. ئۇ دادىسىنىڭ بىلمەكچى بولغان بىرەر ئىشنى ئېقىنى ئاق، قارىسىنى قارا قىلىۋەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتاننىڭ بۇ ئىشنى ئۆزىگە تاپشۇرىدىغانلىقىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى. چۈنكى سۇلتان پات ئارىدا بىر ئايلىق سۇرۇك بىلەن ئىرانغا بارماقچى ئىدى.

— مەن يولغا چىققۇچە سەن بۇ ئىشنى مازارىياق بىلەن ئوبدان بىر تەكشۈرۈپ چىقساڭ بولاتتى. ئىشنىڭ تېگى-تەكتىنى ئېنىقلاپ چىقالىشىمدا گەپ يوق، ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ مېنىڭ رىزىقىمغا قارا ساناپ پايدا ئالالىشى ئۇخلاپ چۈشى، — سۇلتان مەنسۇرنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ ھارام تاماق ئېھتىمال مېنىڭ پۈتكۈل ئىش-ئوقىتىمنى ۋەيران قىلىۋېتىشىمۇ مۇمكىن؛ ئويلاپ باقمامسەن، جالالىدىن بۇ يەردىن ئۇغرىلاپ چىققان نەچچە مىڭ پارچە ئاتكرىتكىنى پۈتكۈل كابۇلدىكى دۇكان، كىتابخانىلارغا ئېلىشىغا سېتىپ بەرسە، دۇكاندار ۋە كىتابپۇرۇشلار ئۇ ئاتكرىتكىلارنى بۇ يەردىكىدىن ئەرزان ساتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىز بۇ يەردىن

ئاتكىرىتكىيا ئالىدىغان خېرىدارلىرىمىزنى قاچۇرۇپ قويىمىز، دېگەن گەپ. ئاقىۋەتتە نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلەپ مىڭ تەسلىكتە ياراتقان سودا ئىناۋىتىمنى يوقىتىپ، ئاخىر ۋەيران بولۇپ كېتىمەن، ئۇقتۇڭمۇ؟!

سۇلتاننىڭ بۇ كوتۇلداشلىرى مەنسۇرنىڭ قۇلىقىغا كىرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئارتۇقچە بىر ۋەزىپىنى يۈكلىگەنلىكىدىن بەكمۇ خاپا ئىدى، چۈنكى مەنسۇر ئۇنىڭسىزمۇ كىتاب تىجارىتىنىڭ بارلىق ھېساباتىنى خاتىرىلەيتتى، باسما زاۋۇتىدىن ئەۋەتىلگەن يەشىك-يەشىك كىتابلارنى ئەكىلەتتى، كابۇلدىكى كىتابپۇرۇشلار بىلەن بولغان مۇرەككەپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرەتتى، ئۆينىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى، ئۆزىگە قاراشلىق كىتابخانىنى ئاچمىسا بولمايتتى؛ ئۇ ئىشلار ئاز بولۇپ قالغاندەك مانا ئەمدى سۇلتان ئۇنىڭغا ساقچىلاردەك خەقنىڭ كۆتىنى كولايدىغان ئىشنى تاپشۇرۇۋاتىدۇ.

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى مەنسۇر ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا. مەنسۇر دادىسىغا بۇنىڭدىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— تولا باغرى يۇمشاقلىق قىلما! — دېدى سۇلتان مەنسۇرغا ئايروپىلانغا چىقىۋېتىپ.

سۇلتان كېتىۋىدى، مەنسۇر دادىسى تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنۇتتى. مەنسۇر ھېلىقى چاغدا بىر ھەپتە ۋاقىت چىقىرىپ مازارىشەرىفكە بېرىپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەنىدى، ئۇ بەش ۋاق نامازنى قازا قىلماي ئوقۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن نېمىشقىدۇر، ئىشلىرى ھېچبىر ئويلىغىنىدەك بولمايۋاتاتتى. تۇرۇپلا ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرى قىچىشىدىغان بولۇپ قالدى؛ كۆرگەنلا دوستلىرى ئۇنى "بەك ئاۋارە كۆرۈنىدىغان بولۇپ قاپسەن" دەيدىغان بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسۇر تەقۋادارلىق ئۈچۈن يەر سۆرەلدۈرۈپ كىيىدىغان يەكتەككە ئۆچ بولۇپ قالدى.

"تەقۋادارلىق قىلىمەن، دېگەن خىيالنى تاشلىسام، ئېھتىمال مېڭەمنى قوچۇۋېتىپ بارغان بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلىشىم مۇمكىن" دەپ ئويلىدى مەنسۇر، شۇنداق قىلىپ ئۇ ئەمدىلەتىن كۆڭگەن تەقۋادارلىقنى بىراقلا تاشلىدى، ئۇنىڭ شۇنچە ئۇسساپ يۈرۈپ مىڭ تەسلىكتە قىلغان مازارىشەرىف سەپىرى بىر قېتىملىق ساياھەتلا بولۇپ قالدى.

سۇلتان ئىرانغا ماڭغان كۈنى كەچتە مەنسۇرنى دوستلىرى چاقىرىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالدى، مەنسۇر بېرىۋىدى ئۇلار ئۆزبېكىستاننىڭ ۋودكىسى، ئامېرىكىنىڭ براندىسى ۋە قىزىل ئۈزۈم هارىقى دېگەنلەرنى داستىخانغا تىزىۋېتىپتۇ، بۇلار پەقەت قاراڭغۇ بازاردىنمۇ تەستە تاپقىلى بولىدىغان قىممەت هاراقلار ئىدى. بۇنداق هاراقلارنى ساتىدىغان دۇكانچىلار ئادەتتە "ناهايىتى ئەتىۋار مەيلەر بۇ، ئېشىغا 40 گرادۇس دەپ يېزىپ قويغىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە 42 گرادۇسقا باردۇ" دەپ ماختايتتى. مەنسۇرنىڭ دوستلىرى بۇ هاراقلارنى بىر بوتۇلكىسنى 40 دوللاردىن سېتىۋالغىنى بىلەن، ماركىسىنىڭ ئۈستىدىكى گرادۇس سانىنىڭ قەستەن ئۆزگەرتىلگەنلىكىگە سەپسالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ هاراقلارنىڭ ئەسلىي گرادۇسى 12 بولۇپ، دۇكاندارلار هاراقنىڭ ماركىسىغا يېزىلغان "12" دېگەن رەقەمنى "42" گە ئۆزگەرتكەنىدى. ئىشقىلىپ ئۇلار هەر قانداق هاراقنىڭ گرادۇسىغا ئاشۇنداق هۈنەر ئىشلىتەتتى. بۇنداق هاراق سودىگەرلىرىنىڭ خېرىدارلىرى ئاساسەن دېگۈدەك ياش يىگىتلەر بولۇپ، ئۇلار ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزىدىن سەللا نېرى بولسا، هاراققا ئايىماي پۇل خەجلەيدىغانلاردىن ئىدى.

مەنسۇر ئىسلام شەرىئىتىنىڭ "هاراق — هارام" دەيدىغان ئەقىدىسىنى ئوبدان بىلىدىغان بولغاچقا، هاراق-شاراپ دېگەننى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغانىدى. ئۇ كۈنى كەچتە مەنسۇرنىڭ ئىككى دوستى ئاتا-ئانىسىنىڭ كۆزىدىن نېرىراق تۇرۇش ئۈچۈن، مېهمانخانىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، شۇ خۇشلۇقدا مەنسۇر كەلگۈچە براندى بىلەن ۋودكىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ، سورۇندىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى. مەنسۇر ئىنىسىنى ئۆيگە ئاپىرىۋېتىپ كېلىپ قارىسا، ئاللىقاچان تەكشلىپ بولغان دوستلىرى بىنانىڭ پېشايۋىنىدىن سەكرەپ چۈشىمىز، دەپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى.

بۇنى كۆرگەن مەنسۇر ئۆزىگە شۇنداق دەپ قەسەم قىلدى: هاراق دېگەن كاساپەت ئادەمنى ئاشۇنداق سارالڭ قىلىدىغان نەرسە بولسا، بولدى، ئۇنى ئىچمەك تۈگۈل تۇتۇپمۇ قويماسمەنا!

بىر سوتكىدىن بېرى جالالىددىننىڭ ئۆيىدە گويا قىيامەت قايىم بولدى. ئۆيدە بولۇۋاتقان پاراكەندىچىلىكتىن قورقۇپ كېتىۋاتقان باللار يەردە يىغلىشىپ ياتاتتى. ئادەتتە هەممىلا ئادەمگە ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن كۈلۈپلا تۇرىدىغان فايىز ئوغلى جالالىددىننى قاتتىق ئۇرۇۋاتاتتى. ئۇرۇپ قولى تالغاندا هويلىدا ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ تىللايتتى:

— سەندەك خۇمسىنى ئېمىشقىمۇ تاپقاندىمەن! ئى ئاللاھ، ئالدىڭدا نېمە

گۇناھ قىلغان بولغىيدىم؟ بۇ ھارام تاماق ھەممىمىزنىڭ يۈزىنى پوق قىلدى!

جالالىددىن بۇ ئۆينىڭ بار-يوق بىساتى بولغان ئەسكى سېلىنچىدا يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى. دادىسى دەرەخ شېخى بىلەن قاتتىق ئۇرۇپ، ئۇنىڭ دۈمبىسىنى شەلۋەرتىۋەتكەچكە ئۇ بايقۇش ياتالماي تىك ئولتۇراتتى.

ئەسلىدە ئۇلار سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلدى. لېكىن فايىزنىڭ ئاستىدا ۋېلىسىپىت بولغاچقا ئۆيگە جالالىددىندىن بۇرۇن كەلدى. ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەۋاتقان فايىز جالالىددىننى يەنە ئۇردى. لېكىن جالالىددىن لام دەپ ئېغىز ئاچماي جىم تۇراتتى. فايىز ئوغلىنى تاياق بىلەن ئۇرۇپ تۇرۇپ، جان-جەھلى بىلەن تىللايتتى. ئاياللار بۇ جېدەلنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىۋاتقان بالىلارنى بىر يەرگە ئايرىپ قويماقچىمۇ بولدى. لېكىن بۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەنە بارارغا يېرى يوق ئىدى.

فايىزنىڭ ئۆيى ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئارقا تېمى كوچىغا قارايتتى. ئۆيلەرنىڭ يالتىراق تۇتۇپ قويۇلغان يوغان-يوغان دېرىزىلىرى ھويلىغا ئېچىلاتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ بىرىدە جالالىددىن ئەر-خوتۇن ئىككىسى يەتتە بالىسى بىلەن تۇراتتى. يەنە بىر ئېغىز ئۆيدە جالالىددىننىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە مومىسى تۇراتتى. بىر ئېغىزىدا جالالىددىننىڭ سىڭلىسى ئېرى ۋە بەش بالىسى بىلەن تۇراتتى. ئۆيلەرنىڭ قالغانلىرى ئاشخانا ۋە قازناق بولۇپ، قازناقتا بىر لاي ئوچاق، بىر گاز ئوچاق ۋە جاۋەن تۇراتتى.

ياغاچچىنىڭ بالىلىرى ئادەتتە سېلىنچىنىڭ ئۈستىدىلا ئۇخلايتتى. سېلىنچا كونا كىيىم ۋە يۇركەنجىلەردىن قۇراپ تىكىلگەن بولۇپ، سېلىنچىنىڭ ئۇيەر-بۇيېرى كاردون قەغەز، يالتىراق ۋە ئەسكى تاغاردا يېپىپ قويۇلغانىدى. جالالىددىننىڭ بىر پۇتىغا تارىشا تېڭىپ قويۇلغان پالەچ بالىلىرى ئادەتتە ھاسىغا تايىنىپ ماڭاتتى. ئۇستۇپىشىنى ھۆل تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن ئىككى بالا بەدەنلىرىنى تاتىلاپ قانىتىۋەتكەنىدى.

مەنسۇرنىڭ ھېلىقى مەست ئاغىنىلىرى ئىككىنچى قېتىم "ھۇ" دەپ قۇسۇشقا باشلىغاندا، شەھەرنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدىكى جالالىددىننىڭ بالىلىرى تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

سۇلتان ئىرانغا كەتكەن كۈننىڭ ئەتىسى ئەتىگەندە مەنسۇر ئورنىدىن تۇرۇپلا، ئۆزىنىڭ يەلكىسىدىكى ئېغىر يۈكنى ئىرغىتىپ تاشلىۋەتكەندەك يېنىكلەپ قالغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى ئۇ دادىسى كېتىپ ئەركىنلىككە چىققانىدى. شۇڭا ئۇ مازارىشەرىفتىن ئالغاچ كەلگەن قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ، ماشىنىسىنى ئوت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئالدۇرۇپ خوتقا سالدى. ئۇ ماشىنىسىنى كابۇلنىڭ كوچىلىرىدا سائىتىگە 100 كىلومېتىرلىق سۈرئەت بىلەن ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى؛ ئېغىر يۈك ئارتىلغان ئېشەكلەر، يۈكلىرىنىڭ مەينەتلىكىدىن قارىغىلى بولمايدىغان ئۆچكىلەر ۋە يول ياقىسىدىكى تىلەمچىلەر گويا ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن سىرتقا قارىتىپ ئاتقان ئەخلەتتەك ھەش-پەش دېگۈچە كۆزدىن غايىب بولاتتى. مەنسۇر ئايرودرومنىڭ ئۆگمۈل-دوڭغۇل بولۇپ كەتكەن ئۇچۇش يولىغا كەلگەندە، مەشىق قىلىۋاتقان گېرمانىيە ئەسكەرلىرىگە ئوتتۇرانچى بارمىقىنى دىڭگايتىپ كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ يولدىكىلەرنى تىللىغىنىچە ماشىنىنى ئۇچقاندەك ھەيدەپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كىشىلەر ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي قاچاتتى. ئۇ شەھەر رەستىلىرىنى بىر-بىرلەپ كېسىپ ئۆتۈپ، ئەتراپقا سىنچىلاپ قاراپ باقتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە چېلىققىنى ساپلا بومبىنىڭ زەربىسىدىن خارابىلىققا ئايلانغان ئۆيلەر ۋە ئوق تېگىپ ئۆتمۈشۈك بولۇپ كەتكەن تاملار بولدى.

مەنسۇر دادىسىنىڭ "جالالىددىن بۇ ئەخلاقسىز قىلمىشى ئۈچۈن جاۋابكار بولۇشى كېرەك" دېگەن گەپلىرىنى يادىغا ئېلىپ چىرايلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى. مانا، ھازىردىن باشلاپ كىتاب توشۇيدىغان، ئۇ ياق-بۇ ياقلارغا خەۋەر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى رەسۇل زىممىسىگە ئالدۇ. مەنسۇر بولسا تاكى دادىسى قايتىپ كەلگۈچە تازا ئوينايدۇ. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۇكىسىنى كىتابخانىغا ئاپىرىپ قويسىلا بولدى. شۇنداق قىلسا ئۇكىسى دادىسى كەلگەندە ئۇنىڭغا مەنسۇرنى دادلاپمۇ بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام-ۋەسسالام. مەنسۇر ئۆيدە پەقەت دادىسىدىنلا ھېيىقىدىغان بولغاچقا، سۇلتاننىڭ گېپىنى ھەرگىز بىرالمايتتى. قىسقىسى، ئۇ يالغاندىن بولسىمۇ دادىسىنى ناھايىتى ھۆرمەتلەيتتى.

دىخسىرىغان مەنسۇر چوكان قۇشلاشقا ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى. لېكىن كابۇلدا بۇ ئىشنى قىلىش ئاسان ئەمەس ئىدى. چۈنكى نۇرغۇن ئائىلىلەر قىزلىرىغا خۇددى ئالتۇن-كۈمۈشنى ساقلىغاندەك قارايتتى. پەقەت ئېنگلىز تىلى كۇرسىنىڭ تۆۋەن سىنىپىدىلا چىرايلىق قىزلارنى ئۇچراتقىلى بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن مەنسۇر، كۇرسقا تىزىملاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسۇر پاكىستاندا ئېنگلىز تىلىنى ئۆگىنىپ باققان بولغاچقا، تىل ئاساسى ياخشى ئىدى. ئۇ خاتا ئويلىمىغانىدى. بىرىنچى سائەتلىك دەرستىلا، ناھايىتى چىرايلىق بىر قىزغا ئۇنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. مەنسۇر سۈركۈلۈپ يۈرۈپ ئاخىر ھېلىقى قىز بىلەن مۇڭداشتى. ھەتتا بىر قېتىم ئۇ قىزنى قايتقۇچە ماشىنىسىغا سېلىۋالدى. مەنسۇر

ئۇ قىزغا كىتابخانىسىنىڭ ئادرېسىنى دەپ بېرىپ، ئۇنى كىتابخانىسىغا تەكلىپ قىلىپ قويدى، لېكىن ئۇ قىز كەلمىدى، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇ قىز كۆرسىتىن توختاپ قالدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالاقىسىمۇ ئۈزۈلدى، مەنسۇر ئۇ قىزنى بەك سېغىناتتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ خوشمۇ دەپ قويماي يوقاپ كەتكىنىگە، تۇرۇپلا خاپا بولغۇسى كېلەتتى.

مەنسۇر ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ قىزنى ئۇنۇتتى، ئىشقىلىپ، بۇ يىلقى ئەتىياز مەنسۇرنىڭ تۇرمۇشىدا مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالغۇدەك ھېچقانداق چىن نەرسە مەۋجۇد بولۇپ باقمىدى، بىر قېتىم دوستلىرى ئۇنى ئولتۇرۇشقا چاقىردى، ئۇلار كابۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىدىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئالغانىدى، ئۆي ئىگىسى ھويلىدىكى گۈللۈكتە ئۇلارغا كۆزەتچىلىك قىلىپ تۇردى.

— ئاخشام بىز چايان چەكتۇق، — دېدى مەنسۇر ئەتىسى ھاياجان بىلەن بىر دوستىغا، — ئۇلار چاياننى ئېزىپ تالقانلىغاندىن كېيىن، تاماكىغا قوشۇپ ئورىدى، ئاندىن ھەممىمىز نۆۋەت بىلەن چەكتۇق، چاياننى چەكسە ئادەم بەكمۇ روھلىنىپ كېتىدىكەن، بىر يەرلىرىڭ بەئەينى تاياقنىڭ ئۆزى، جۇمۇ!

بىر كۈنى سۇلتان "مەن ئەتە قايتىمەن" دەپ خەۋەر ئەۋەتتى، دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان مەنسۇر دەرھال ھوشىنى يىغدى، يامان يېرى، ئۇ دادىسى تاپشۇرغان ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ قىلمىغانىدى، كىتابلارنى تۈرگە ئايرىيدىغان، قازناقنى رەتلەيدىغان، زاكاز تالونىنى قايتىدىن ياسايدىغان، بېكەتتە دۆۋىلىنىپ تۇرغان كىتابلارنى ئەكىلىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى شۇ پېتى بىلەن ئىدى، ياغاچچىنى تەكشۈرۈپ باقىدىغان ئىش مەنسۇرنىڭ ھەتتا خىيالىغىمۇ كېلىپ باقمىغانىدى.

مەنسۇرنىڭ جىددىيلىشىپ تىكىلداپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن شەرىپە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— نېمە بولدۇڭ بالام، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟

— ياقەي، — دېدى مەنسۇر خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.

شەرىپە يەنە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىۋىدى، مەنسۇر ئانىسىغا ۋارقىراپ كەتتى:

— ئاغزىڭنى يۇمساڭ بولمامدۇ، تېزراق پاكىستانغا يوقالغىنا، سەن كېلىپلا بۇ ئۆينىڭ ھەممە نېمىسى ئەرەختەن-پەرەختەن بولۇپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بالىسىنىڭ بۇ گەپلىرى ئېغىر كەلگەن شەرىپە يىغىنى سالدى:

— ئاھ خۇدايىم مۇشۇمۇ بالا بولدىمۇ؟ نېمە گۇناھىمغا ماڭا ئاھانەت قىلدۇ-ھە، ھىي، بۇلارغا ئانا كېرەك ئەمەسما؟

شەرىپە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بۇقۇلداپ كېتىۋاتاتتى، بۇنى كۆرۈپ لەتىپەمۇ يىغلىۋەتتى، بىبىگۇل ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا ئىغاڭلاپ مېڭىپ يۈرەتتى، بوبۇرا تورۇسقا قاراپ ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى، سانىيە لەتىپەنى يىغىدىن بەزلىيەلمەي ئاۋارە ئىدى، لالە بولسا كىر يۇيۇۋاتاتتى. مەنسۇر يۇنۇس بىلەن ئىككىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپلا ئىشكىنى گۇپپىدە ياپتى. يۇنۇس جىگەر كېسىلى بولۇپ قالغاچقا، دورىسىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئەتىگەندىن كەچكىچە مىدىرلىماي ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى سارغىيىپ، يۈزى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى، روھمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بەكلا چۈشكۈن ئىدى.

ئەتىسى سۇلتان قايتىپ كەلدى. مەنسۇر دادىسىنى كۆرۈپ تېخىمۇ جىددىيلەشكىلى تۇردى. ئۇ دادىسىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشتىن ئەيمىنىۋاتاتتى، لېكىن ھازىر سۇلتاننىڭ پۈتۈن ئەس-يادى سانىيەدە ئىدى، شۇڭا مەنسۇر ئۈنچىۋالا قورقۇپ تىترەپ كەتمىسىمۇ بولاتتى. سۇلتانمۇ مەنسۇردىن تاپشۇرغان ئىشلارنى پۈتتۈرگەن-پۈتتۈرمىگەنلىكىنى ئەتىسى كىتابخانىغا بارغاندا ئاندىن سورىدى، مەنسۇر ئاغزىنى ئۈمەللەپ بولغۇچە، سۇلتان ئۇنىڭغا يىگى-يىگى بۇيرۇقلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. سۇلتاننىڭ بۇ قېتىمقى ئىرانغا قىلغان سەپىرى ناھايىتى ئۇتۇقلۇق بولدى. ئۇ ئىلگىرىكى قەدىناس چۆپقەتلىرى بىلەن قايتىدىن ئالاقە ئورناتتى، مانا ئەمدى پارسچە كىتابلار كابۇلغا يەشىك-يەشىكلەپ كېلىدۇ، دېگەن گەپ، لېكىن سۇلتان بۇنىڭلىق بىلەن جالالىددىننىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالغىنى يوق.

— بىرەر ئەھۋالنى بايقىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سۇلتان، لېكىن ئۇ مەنسۇرنىڭ تۇرغان تۇرقىدىن تاپشۇرغان ئىشلىرىنىڭ تېخى پۈتمىگەنلىكىنى بايقىدى-دە، ئوغلىغا تەئەججۈپ بىلەن تىكىلدى:

— نېمە، سەنمۇ مېنى ۋەيران قىلاي دەمسەن؟ ئەتە ئەتىگەندە ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ مەلۇم قىل، جالالىددىننىڭ دادىسى ئەتىلا ئۇنى زۇۋانغا كەلتۈرىمەن، دېگەنىدى، بىراق بىر ئاي ئۆتۈپ كەتتى؛ مۇبادا مەن پاكىستاندىن قايتىپ كەلگىچە ئۇ ئوغرىنى سولىۋېتەلمىسەڭ سەندەك ئوغلۇم يوق، ئۇقتۇڭمۇ؟! مېنىڭ رىزىقىمغا قارا سانغان ھەرقانداق ئادەمگە ياخشى كۈن يوق!

ئەتىسى تاڭ يورۇماستىنلا بىردىن بالا ئەگەشتۈرگەن ئىككى مەزلۇم سۇلتاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى، لالە ئۇيقۇلۇق بېرىپ دەرۋازىنى ئېچىۋىدى، ئۇ ئىككى مەزلۇم داد- پەرياد سېلىپ يىغلىغىلى تۇردى، لالە شۇ چاغدىلا ئۇلارنىڭ جالالىددىننىڭ مومىسى بىلەن ھاممىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتى،

— بىزگە ئىچىڭلار ئاغرىسۇن، كەڭچىلىك قىلىڭلار، — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ ئىككى مەزلۇم، — خۇدانىڭ رەھمى بىلەن بىزنى كەچۈرۈڭلار، — ئىككى مەزلۇم قار- يامغۇردەك يىغلاپ كېتىۋاتاتتى، فايىزنىڭ ئانىسى 90 ياشلارغا يېقىنلىشىپ قالغان، ئۆزى ناھايىتى ۋىجىك، يۈزى قوشۇقتەك، ئىگىكى ئۇچلۇق مەزلۇم ئىدى، ئۇ فايىزنىڭ جالالىددىنغا راست گەپنى دېگۈزىمەن دەپ خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى ئۇنى توختىماي ئۇرۇپ دۇمبالاۋاتقانلىقىنى يىغلاپ تۇرۇپ سۆزلەيتتى،

— ئۆيدە باللار ئاچلا قالدى، — دەيتتى ئىككى مەزلۇم، — قاراپ بېقىڭلارچۇ بۇ باللارغا ، بىزگە كەڭچىلىك قىلىڭلار، جالالىددىن ئالغان نەرسىلەرنى بىز چوقۇم تۆلەپ بېرىمىز،

لالە ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، 90 ياشلىق ھېلىقى موماي بوسۇغىدىن كىرىپلا ئۆيدىكى مەزلۇملارنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى، ئۆيدىكى ئاياللار ھاي- ھۇي بىلەن ئۇلارنى تۇرغۇزۇپ، ئىچكىرىگە باشلىدى، چۈنكى بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭمۇ ئىچى سىيرىلىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ئىككى مەزلۇم يېتىلەپ كەلگەن باللارنىڭ بىرى ئىككى ياشلاردىكى ئوغۇل بالا، يەنە بىرى بىر پۇتى پالەچ قىز بالا ئىدى، ھېلىقى پالەچ قىز تارىشا تېگىپ قويۇلغان ناكا پۇتىنى ئۇزۇنىسىغا سۇنۇپ، چوڭلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ، يەردە جىمجىت ئولتۇراتتى،

ئەسلىدە ساقچىلار ئاخشام جالالىددىننى تۇتقىلى بارغاندا ئۇ ئۆيدە يوق ئىدى، ئۇلار ئەتە كېلىمىز، دەپ قويۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا جالالىددىننىڭ دادىسى بىلەن تاغىسىنى ئېلىپ كەتكەنىدى، شۇنداق قىلىپ بۇ ئائىلىدىكىلەر بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىقتى، شۇڭا بۇ ئىككى مەزلۇم ساقچىلار يەنە كېلىپ بولغۇچە، سۇلتاننىڭ ئۆيىگە ئىلگىرىكى قوشنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلىپ ئازراق بولسىمۇ كەڭچىلىك قىلارمىكىن، دەپ تىلەپ كەلگەنىدى،

— جالالىددىن گەرچە ئوغرىلىغان بولسىمۇ، خوتۇن- باللىرىمنىڭ قورسىقىنى باقاي، دەپ ئوغرىلىغاندۇ، قاراڭلارچۇ بۇ باللارنىڭ جۇدەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بوپقالغىنىنى، بۇ بايقۇشلار يەي دېسە قورسىقىغا، كىيەي دېسە ئۇچىسىغا يوق بەك قىينىلىۋاتىدۇ.

بۇنى كۆرۈپ سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى مەزلۇملارنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشقىلى تۇردى. بىراق ئۇلارنىڭ قولىدىن ھېسداشلىقتىن باشقا ھېچنېمە كەلمەيتتى، سۇلتانىنىڭ قارارىغا ئۇ مەزلۇملارنىڭ چىشى پاتمايتتى. بولۇپمۇ كىتاب تىجارىتىدە تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

— سىلەرگە خۇيمۇ ياردەم قىلغۇمىز بار ئىدى، بىراق سۇلتانىنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ بولغان ئىشنى ئۆزگەرتىش قولىمىزدىن كەلمەيدۇ، — دېيدى ئۇلار، — ئۇنىڭ ئۈستىگە سۇلتان ھازىر ئۆيدە يوق.

ھېلىقى ئىككى مەزلۇم توختىماي دادلاۋاتاتتى. ئۇلار سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى مەزلۇملارنىڭ بايىقى دېگەنلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن پايدىسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دېگەن ئۈمىدتە ئاشۇنداق يىلىنىۋاتاتتى. لالە پىششىق تۇخۇم بىلەن ئىسسىق نان ۋە ئىككى بالىغا سۈت ئېلىپ كىردى، ئاڭغىچە مەنسۇر كەلدى. ئۇنى كۆرگەن ھېلىقى ئىككى مەزلۇم ئېتىلىپ بېرىپ مەنسۇرنىڭ ئايىغىنى سۆيدى، لېكىن مەنسۇر ئۇلارنى تېپىپ ئىتتىرىۋەتتى. بۇ ئىككى مەزلۇم سۇلتان يوق چاغدا ئوغۇللارنىڭ چوڭى بولغان مەنسۇرنىڭ، دادىسىنىڭ ئورنىدا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئاشۇنداق قىلغانىدى. لېكىن مەنسۇر دادىسىنىڭ دېگىنىدەك قىلماقچى بولۇۋاتاتتى.

— سۇلتان بېگىم جالالىددىننىڭ جابدۇق-سايمانلىرىنى مۇسادىرە قىلىۋالغانىدىن بۇيان، ئۇ ئىشلىيەلمىدى، بۇنىڭ بىلەن بىزمۇ بىر نەچچە ھەپتىدىن بېرى ئاچ يۈرۈۋاتىمىز، — دەپ زار-زار قاقشايتتى ھېلىقى موماي، — ئاچ-زېرىنلىقتا بۇ باللارمۇ كۈندىن-كۈنگە جۈدەپ كەتتى، قاراپ بېقىڭلارچۇ بۇ باللارنىڭ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغىنىغا! جالالىددىن خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى دادىسىنىڭ تايىغىنى يەۋاتىدۇ، دېمىسىمۇ ئۆيىمىزدىن بىر ئوغرىنىڭ چىققانلىقىغا بەكمۇ ئېچىنىپ كېتىۋاتىمىز.

سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى مەزلۇملار ئۆزلىرىنىڭ سۇلتانغا لام دەپ ئېغىز ئاچالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھېلىقى ئىككى مەزلۇمغا "ۋاي بىز سۇلتانغا نەسىھەت قىلىپ باقايلى" دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەسەللىي بېرىۋاتاتتى.

جالالىددىننىڭ مومىسى بىلەن ھاممىسى سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ

كەتتىنىڭ ئاغزىغا ئەمدىلا كېلىشىگە، ساقچىلار جالالىددىننى تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، مەنسۇر ساقچى ئىدارىسىغا گۇۋاھچىلىققا چاقىرتىلدى. ئۇ دەرھال كېلىپ، سوراقخانىدىكى ئۇزۇن ئۈستەلنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. سوراقنى ئاڭلايدىغانلار يەتتە ئادەم ئىدى. سوراقخانىدىكى ئورۇندۇقلار يېتىشمىگەچكە ئۇلاردىن ئىككىيلەن بىر ئورۇندۇقتا قىستىلىشىپ ئولتۇردى. جالالىددىن ئوتتۇرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ساقچىلارنىڭ ئۈچىسىدىكى فورمىلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، بەزىلىرى ساقچىلارنىڭ كۆلەڭ قىشلىق فورمىسىنى، بەزىلىرى تۆۋەن پالاتا ئەزالىرىنىڭ يېشىل رەڭلىك فورمىسىنى كىيىۋالغانىدى. بەزىلىرىنىڭ ئۈچىسىدا ھەتتا فورمىمۇ يوق ئىدى. بۇ ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئادەتتە قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا، سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدا يۈز بەرگەن بۇ ئاتكىرىتكا ۋەقەسى ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى مۇھىم دېيىلو ئىدى. بىر ساقچى كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ دېگەندەك بوسۇغىدا ئۆرە تۇراتتى.

— ئاتكىرىتكىلارنى زادى كىمگە ساتقانلىقىڭنى دە، بولمىسا مەركىزىي تۈرمىگە ئاپىرىپ بېرىمىز، — دېدى ساقچى ئىدارىسى باشلىقى. سوراقخانىدىكىلەرنىڭ "مەزكىرىي تۈرمە" دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ تېنى شۈركەنگەندەك بولدى. چۈنكى مەركىزىي تۈرمە، جىنايى ئىشلار جازا قانۇنى بويىچە ھۆكۈم ئېلان قىلىنغانلار قاملىدىغان ھەپسە ئىدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان جالالىددىنغا تىترەك ئولىشىپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلمەي قېلىۋاتقان جالالىددىن كەكە، ھەرە ۋە ئىسكىنىلەر قاتمۇ قات تاتۇق قالدۇرغان قوللىرىنى توختىماي ئۇۋۇلايتتى. ئۇنىڭ قوللىرىدىكى تاتۇقلار دېرىزىدىن قىيپاش چۈشكەن كۈن نۇرىدا تېخىمۇ ئېنىق بىلىنەتتى. جالالىددىننىڭ كەچمىشلىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قارىغاندا قوللىرىدىكى ئاشۇ تاتۇقلاردىن مانا مەن، دەپ چىقىپلا تۇراتتى. ئاشۇ تاتۇقلار زىۋۇۋانغا كەلگەن بولسا ئىدى، بولۇۋاتقان ئىشلار گويا ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك ھەممىگە پەرۋاسىز قاراپ ئولتۇرغان جالالىددىننىڭ قورسىقىدىكىنى قالدۇرماي بايان قىلىپ بېرەر بولغىيدى. دۇرۇس، ساقچىلار جالالىددىننى ھېلىلا ئاپىرىپ بىر كۆۋادرات مېترمۇ كەلمەيدىغان، پاكارلىقىدىن ئادەم ئۆرە تۇرغىلىمۇ بولمايدىغان قەپەزدەك كىچىككىنە ھەپسىگە قامايدۇ.

دېمەك، جالالىددىننىڭ تەقدىرى سۇلتاننىڭ قولىدا قالدى. چۈنكى ئۇ داۋاملىق ئەرز قىلسىمۇ، ئەرزنى قايتۇرۇۋالسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ناۋادا سۇلتان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەرزنى قايتۇرۇۋالسا، جاالالدىن قانۇننىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇپ قالىدۇ، لېكىن ئۇنىڭلىق بىلەن جاالالدىننى گۇناھسىز، دەپ قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ.

— جاۋابكارنى ھازىرچە 72 سائەت تۇتۇپ تۇرىمىز، — دېدى ساقچى باشلىقى، — بۇ جەرياندا دەۋاگەر تەرەپ ئەتراپلىق ئويلىنىپ، ئاندىن بىر قارارغا كېلىشكەي.

بۇ گەپنىڭ ئۇرامىغا قارىغاندا، جاالالدىن چوقۇم قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى كېرەك ئىدى، ئۇنىڭ نامراتلىقنى دەستەك قىلىپ تۇرۇپ ئوغرىلىق قىلىشىغا ھەرگىز يول قويۇلمايتتى.

— جاھاندا يوقسۇللار دېگەن ساماندەك، جىنايەتچىلەرنى قانۇن بويىچە جازالىمساق، جەمئىيەت پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. ئۇرغۇن پرىنسىپلار ئاستىن-ئۈستۈن بولۇپ كەتكەن ھازىرقىدەك چاغدا، مۇشۇنداق تىپىك دېلودىن بىرەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاۋامغا ئىبرەت قىلىش ھەقىقەتەن زۆرۈر، — ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇرغا ھەدەپ سۆزلەۋاتاتتى. مەنسۇر بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى چۈشەنگەندىن كېيىن، جاالالدىنغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئۇ جاالالدىن ئاتكرىتكا ئوغرىلاپ قويغان مۇشۇ جىنايىتى ئۈچۈنلا يەتتە يىل قاماقتا ياتىدۇ، دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ باللىرىنى، ئاشۇ بىچارە باللارنىڭ ياداڭغۇ قىياپىتىنى، جۇل-جۇل كىيىملىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ بىر كۈندە خەجلىۋېتىدىغان پۇلىنىڭ جاالالدىنلارنىڭ بىر ئايلىق خىراجىتىگە يېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتتى. پاھ، نېمىدېگەن كۈچلۈك سېلىشتۇرما-ھە!

ئۈستەلنىڭ يېرىمىغىچە تىزىۋېتىلگەن يالغان گۈللەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى بىر ئىلىك توپا بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ساقچى ئىشخانىسىغا خېلىلا ھۆسن قوشقانىدى، دېھقۇدەيداد ساقچى ئىدارىسىنىڭ ساقچىلىرى رەڭلىك نەرسىلەرگە بۆلەكچىلا ئامراقمۇ، ئەيتاۋۇر ئىشخانىنىڭ تېمى يېشىل، بېكىتىلگەن چىراغلىرى قىزىل ئىدى. تامدا كابۇلدىكى باشقا ئىشخانىلارنىڭكىگە ئوخشاش، ئۇرۇش قەھرىمانى مەسئۇدنىڭ ھەيۋەتلىك سۈرىتى ئېسىقلىق تۇراتتى.

— بىلەمسىز مەنسۇر، ناۋادا تالىبانلارنىڭ زامانىسى بولغان بولسا جاالالدىننىڭ قولىنى كېسىۋەتكەن بولار ئىدۇق، — دېدى ساقچى باشلىقى مەنسۇرغا چۈشەندۈرۈپ، — ئاشۇ چاغلاردا جىنايىتى جاالالدىننىڭكىدىن يېنىك جاۋابكارلارغىمۇ ئاشۇنداق جازا بېرىلگەنىدى؛ شۇ چاغدا ئىبرى ئۆلۈپ قازا قىلىپ كېتىپ تول قالغان بىر چوكان بولىدىغان، — ساقچى ئىدارىسى

باشلىقى شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن بىرىنى ھېكايە قىلىشقا باشلىدى،
— ئۇ مەزلۇم ناھايىتى نامرات بولغاچقا، بالىلىرىنىڭ كىچىككى قىشتا كىيگۇدەك ئايىغى يوق ئۆيگە سولۇنۇپلا قاپتۇ، بالىلارنىڭ چوڭى ئۇكىسىنىڭ بۇ ھالىغا چىدىيالماي چىقىپ بىر ئاياغ ئوغرىلاپتىكەن، تالىبانلار تۇتۇۋېلىپ، شۇ يەردىلا قولىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا جاللاتلاردىن تەكرار دېلو سادىر قىلىپ سەل-پەل ئاشۇرۇۋېتىپتۇ، پەقەت بالىلىرى ئاچ قېلىپ ئامالسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان بولسا، تەكرار-تەكرار ئوغرىلىق قىلماس بولغىيدى،
ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مەنسۇرغا ئارقا تەرەپتىكى ئىشكاپتا تىزىقلىق تۇرغان پۇرژىنىلىق قەلەمتىراش، چەيدو، قاتلىما پىچاق، شەمشەر، تاپانچا، ئوتقاش دېگەندەك نەرسىلەرنى كۆرسەتتى، ئۇلار جىنايەتچىلەردىن مۇسادىرە قىلىنغان ماددىي پاكىتلار بولۇپ، ئارىسىدا بىر قول قارتىمۇ بار ئىدى،
— بىر نەچچەيلەن ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ، مۇشۇ قارتا بىلەن قىمار ئويناپتىكەن، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، — ئۆتتۈرۈۋەتكەن بىرى ئۇتۇۋالغان يەنە بىرىنى مۇشۇ پىچاق بىلەن زەخمىلەندۈرۈپتۇ؛ كېيىن ئۇلارنى ئېلىپ، پىچاق كۆتۈرگىنىنى باشقىلارنى زەخمىلەندۈرگەن، ھاراق ئىچكەن ۋە قىمار ئوينىغان دېگەن ئۈچ جىنايەت بىلەن بىر تەرەپ قىلدۇق، — ساقچى باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — پىچاق يېگەن يەنە بىرىنى قويۇپ بەردۇق، لېكىن ئۇ ئاشۇ پىچاقنىڭ دەستىدىن مېيىپ بولۇپ قالدى، ئاشۇنىڭ دەردىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ، دەڭە ئۇنىڭغا!
— ھاراق ئىچكەنلەر قانداق جازالىنىدۇ؟ — دەپ سورىدى مەنسۇر، مەنسۇر ھاراق ئىچىش ئىسلام شەرىئىتىدە ئېغىر گۇناھ سانىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، «قۇرئان كەرىم» دە "ھاراق ئىچىش شەيتاننىڭ ئىشى" دەيدىغان ئايەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بىلەتتى،
— راستىنى دېسەم، ئادەتتە ھاراق ئىچكەنلەرنى كۆرسەكمۇ كۆرمەسكە سالىمىز، — دېدى ساقچى باشلىقى، — ھەتتا بىر قېتىم بىرەيلەن تويى قىلدى، بۇ دەل دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى، شۇڭا بىز ئۇنىڭغا "كەيپ-ساپا قىلساڭلار ئۆيدە، لايىقىدىراق قىلىڭلار" دەپ ئىجازەت بەرگەن ئىدۇق،
— ئەر-خوتۇنلار ساداقەتسىزلىك قىلسىچۇ؟
— ئۇ ئىككىسى نىكاھلىق ئەر-خوتۇن بولسا چالما-كېسەك قىلىنىدۇ؛ تويى قىلمىغان بولسا، 100 دەررە ئۇرۇلۇپ، دەرھال تويى قىلىشقا بۇيرۇلىدۇ؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ناۋادا ئەر توي قىلغان ئەمما ئايال تېخى توي قىلمىغان بولسا، ئەر كىشى ھېلىقى ئايالنى دەرھال ئەمرىگە ئېلىشقا بۇيرۇلىدۇ؛ ناۋادا ئايال توي قىلغان ئەمما ئەر توي قىلمىغان بولسا، ئايال ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەر كىشى دەررىگە بېسىلىپ زىندانغا تاشلىنىدۇ، — ساقچى باشلىقى گېپىنى داۋام قىلدى، — گاھىدا ئۇنداقلارنى كەڭرىرەك قويۇۋېتىمەن، ھەي ...، نېمىسىنى دەيسىز؟ ئۇلار يوقسۇزلۇقتىن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان تۇل خوتۇنلار تۇرسا؟! ئۇلارنىڭ قىلىقلىرىنى كۆرمەسكە سالغانلىقىم، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئىزىغا سېلىۋېلىشىغا ياردەم بەرگەنلىكىم بولىدۇ-دە!

— شۇنداق، لېكىن سىز پاھىشىلەرنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، ئادەتتىكى ئادەملەر ئاشۇنداق قىلىپ قالسىچۇ؟

— بىر قېتىم بىز ماشىنىنىڭ ئىچىدىلا گىرەلىشىپ قالغان بىر جۈپ ئەر-ئايالنى تۇتۇۋالدۇق، — دېدى ساقچى باشلىقى، — لېكىن ئۇلارنى دەرھال توي قىلىشقا بۇيرۇدۇق ...، بىز ئادىللىق قىلدۇق، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ چۈنكى بىز تالىبانلار ئەمەس-تە، مېنىڭچە چالما-كېسەك قىلىشتىن ئىمكانقەدەر ساقلانغىنىمىز تۈزۈك، ئۇنىڭسىزمۇ ئافغانىستانلىقلارنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈلپەتلەر ئازمۇ؟!

مەنسۇر ساقچى ئىدارىسىدىن قايتىپ چىقىپلا تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان چىگىش خىياللارغا غەرق بولدى، ساقچى ئىدارىسى ئۇنىڭغا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بەردى، ناۋادا ئۇلار "بوپتۇلا ئۇمۇ كۆن ئالسۇن" دەپ قالسا، ئەرزنى قايتۇرۇۋالسا بولاتتى، ئەگەر بۇ ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت ئۆتۈپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرزنى قايتۇرۇۋالماق تەس ئىدى، مەنسۇر كىتابخانىغا بارماي ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كەلدى، ئادەتتىكىچە چاغلاردا ئۇ كۈندۈزلىرى كەمدىن-كەم ئۆيگە يېنىپ كېلەتتى، مەنسۇر سېلىنچىنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىپ، ئىچىدە خۇدادىن ئەمىنلىك تىلىدى، ئاڭغىچە غىزامۇ تەييار بولدى،

— ئايىغىڭنى سېلىۋەت، — دېدى شەرىپە ئۇنىڭغا.

لېكىن ئۇ ئانىسىنىڭ گېپىنىڭ بېلىغا تەپتى:

— ئىشىڭنى قىلە!

— ۋۇي، نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — دېدى شەرىپە ئاچچىقلاپ، — بىلىپ قوي مەن سېنىڭ ئاناڭ! لېكىن مەنسۇر مىدىرلاپمۇ قويماي، پۇتلىرىنى ئالمىغىنىچە سېلىنچىدا سوزۇلۇپ يېتىۋەردى، دەرغەزەپكە كەلگەن شەرىپە لەۋلىرىنى چىشلىدى،

ــ جالالىددىننى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنى پاتراق بىكىتمىسەك بولمايدۇ، ــ دېدى مەنسۇر، ئۇ يانچۇقىدىكى تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ تۇتاشتۇردى. بۇنى كۆرگەن شەرىپە پاگىگىدە يىغلىۋەتتى. مەنسۇر ئادەتتە دادىسى بار يەردە، ئۇنىڭدىن قورقۇپ تاماكا چەكمىگىنى بىلەن، سۇلتان ئۆيدە يوق چاغلاردا غىزانىڭ ئالدى-كەينىدە تاماكىنى بولۇشىغا چېكىپ ئۆينى ئىسلىۋېتەتتى. لېكىن مەنسۇر تاماكىدا پىغاننى بېسىپ ھۇزۇرلانغىنى بىلەن، ئۇنىڭ بۇ ھاياسىزلىقى ئانىسى شەرىپەنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلىۋېتىپ باراتتى. بىبىگۈلمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەدەبسىزلىكىدىن ئىزچىل نارازى بولۇپ كەلگەنىدى. لېكىن بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇ تاماكىنىڭ خۇمارى ئۇنى زادى ئولتۇرغۇزمىدى.

ــ ئەكەلگىنە بالام بىر تال، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا مەنسۇرغا قولىنى ئۇزىتىپ.

نەۋرىلەر مومىسىنىڭ تاماكا چەككەنلىكىدىن ھەيران قېلىشتى.

ــ ئانا، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ ــ لالە يىغلىغىنىچە ئىتىلىپ باردى-دە ئۇنىڭ قولىدىكى تاماكىنى يۇلۇپ ئېلىۋالدى. لېكىن مەنسۇر مومىسىغا تاماكىدىن يەنە بىرنى سۇندى. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن لالە ئىشىكنى گۈپپىدە يېپىۋېتىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. بىبىگۈل قولىدىكى تاماكىنى پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن شورىغىنىچە مىيىقىدا كۈلدى. تاماكىنىڭ ھۇزۇرىدىن لەززەتلەنگەن موماي ئولتۇرغان يېرىدە ئالدى-ئارقىسىغا ئىغاڭلىغىنىچە، قولىدىكى تاماكىنى بېشىدىن ئېگىز تۇتۇپ باشقىلارغا كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەنە بىر قېتىم قاتتىق شورىدى.

ــ مەن ئىمكان بار ئاز چېكىمەن، ــ دېدى ئۇ ئۆزىچە چۈشەندۇرۇپ.

ــ ئۇنى قويىدۇرۇۋېتىڭلار، ــ دېدى بىبىگۈل تاماكىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، ــ ھېلىھەممۇ بۇرنىغا يېدى، دادىسىمۇ ئۆلگۈدەك ئۇرۇپتۇ. ئۆيدىكىلىرىنىڭ ھەممىسى ئىزا-ئاھانەتكە قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالغان ئاتكىرىتكىلىرىنى ئەكىلىپ بەرگەن تۇرسا ....

ــ سىلى تېخى ئۇنىڭ باللىرىنى كۆرمىدىلە ئانا، ــ دېدى شەرىپە بىبىگۈلنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ، ــ جالالىددىن ئىشلەپ پۇل تاپمىسا ئۇ بايقۇشلار ئاچلىقتىن ئۆلمەمدۇ؟

ــ مۇشۇ سەۋەبتىن ئالمادىس ئۇنىڭ باللىرىغا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا بۇنىڭ قىساسىنى تارتىدىغان گەپ، ــ دېدى بىبىگۈل تاماكىسىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كىرگەن لالە، ــ ئەگەر مۇشۇ سەۋەبلىك ئاشۇ باللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاغرىپ-تارتىپ قالسىچۇ؟ ئۇلارنى داۋالىتىشقا ئاز پۇل كېتەمتى! ئاشۇ بايقۇشلار بىزنىڭ سەۋەبىمىزدىن ياكى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن ....، جالالىددىننىڭ تۈرمىدىن ساق چىقالىشى ناتايىن، چۈنكى نۇرغۇن جىنايەتچىلەر ئالتە يىلغىچە يۇقۇملۇق كېسەل دەمدۇ، ئۆپكە سىلىسى دەمدۇ ئىشقىلىپ يامان كېسەللەرنىڭ دەستىدىن تۈرمىدىن ساق چىقالمىغۇدەك.

— ئىچىڭلار ئاغرىسۇن بالام، ئۇلارمۇ خۇدانىڭ مۆمىن بەندىسىغۇ، — دېدى بىبىگۈل.

مەنسۇر بەرگەن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون پاكىستانغا ئۇلاندى، مەنسۇر دادىسىدىن جالالىددىنغا كەڭچىلىك قىلىپ، ئۇنى قويدۇرۇۋېتىشنى ئىلتىجا قىلدى، ئۆيدىكى ھەممەيلەن لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇپ، تېلېفونلىشىۋاتقانلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

سۇلتاننىڭ تېلېفون تروپكىسىدىن كېلىۋاتقان ئۈنىنى باشقىلارمۇ ئاڭلىدى:

— سەنمۇ ئاتكىرىتكىلىرىمنىڭ كۆرسىنى چۈشۈرۈپ، مېنى ۋەيران بولسۇن، دېمەكچىمۇ؟ مەن ئۇنىڭ ئەمگىكىگە يارىشا ھەق بەرگەن تۇرسام، يەنە نېمىشقا ئوغرىلىق قىلىدۇ؟ ئۇ دېگەن ئالدامچى، ئوغرى! بۇرنىغا يىمگۈچە راستىنى ئېيتمايدىغان ئوخشايدۇ؛ يەنە دەپ قوياي مەنسۇر، كىمكى مېنىڭ رىزقىمغا چاڭ سالماقچى بولىدىكەن، ئۇنى پەندىياد دېگۈزۈۋەتمەي قويمايمەن!

— ئۇ ئالتە يىل تۈرمىدە يېتىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دادا، ئۇ تۈرمىدىن چىققۇچە باللىرىمۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشى مۇمكىن.

— ھېلىغۇ ئالتە يىلكەن، 60 يىل ياتسىمۇ نېمە كارىم، ئۇ ئاتكىرىتكىلارنى زادى كىمگە سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئېيتمىغۇچە ھەرگىز رەھىم قىلمايمەن!

— دېگەنلىرى ئورۇنلۇق دادا، چۈنكى سىلىنىڭ قورساقلىرى توق، كىيىملىرى پۈتۈن، — دەپ ۋارقىرىدى مەنسۇر تېلېفون تروپكىسىغا قاراپ، — لېكىن جالالىددىننىڭ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئاشۇ بىتەلەي باللىرىنى ئويلىساملا ئۆزۈمنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىمەن، جالالىددىننى سولىتىۋەتسەك ئۇلارنىڭ ئائىلىسى پۈتۈنلەي تۈگىشىدۇ!

— نېمە؟ سەن تېخى ماڭا ئەقىل ئۆگەتمەكچىما؟ — تېلېفون تروپكىسىدىن سۇلتاننىڭ غەزەپلىك ئۈنى ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ناھايىتى تونۇش ئىدى، ئۇلار تروپكىدىن كېلىۋاتقان ئاشۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، سۇلتاننىڭ غەزەپتىن قارىداپ، تىترەپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك

بولدى، — ھەي، سېنىڭ نەرىڭمۇ مېنىڭ بالامغا ئوخشىسۇن؟ سەن ئېمىشقا ماڭا ئاتكاچىلىق قىلىسەن، ھە؟ ئاڭلاپ تۇر مەنسۇر: مېنىڭ دېگىنىم دېگەن، ھەرقانداق ئىشتا سىزغان سىزىقىمدىن چىقىشىڭغا رۇخسەت يوق! ئۇقتۇڭمۇ؟

مەنسۇرنىڭ دادىسىغا گەپ ئۇقتۇرالماي يىغلىۋەتكۈدەك بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنىڭ چىرايىدىن چىقىپلا تۇراتتى. ئۇ ئەزەلدىن ھەرقانداق ئىشنى دادىسىنىڭ دېگىنى بويىچە قىلاتتى. بىرەر قېتىممۇ دادىسىنىڭ دېگىنىنى رەت قىلىپ ئۇنىڭ زىتىغا تېگىپ باقمىغانىدى. ئۇ ھەم دادىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتانغا بەش قولدەك ئايان ئىدى.

— ماقۇل! — دېدى مەنسۇر ۋە تروپكىنى قويدى. ئۆيدىكىلەرنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتكەنىدى، مەنسۇر دادىسىنى غايىۋانىسىگە تىللاۋاتاتتى:

— تازا تاش يۈرەك بىر نېمىكەن بۇ!

جالالىددىننىڭ ئۆيدىكىلەر ئەتىگەندىمۇ، كەچتىمۇ كېلىۋېلىپ، سۇلتانلارنىڭ بوسۇغىسىنى تېشىۋېتەيلا دەپ قالدى. گاھىدا جالالىددىننىڭ مومىسى، گاھىدا ئانىسى، گاھىدا خوتۇنى كېلەتتى، ھەر قېتىم كەلگەندە بىر-ئىككى بالىنى يېتىلىگەچ كېلەتتى. لېكىن ئۇلار ھەر قېتىم پەقەت "بۇ ئىشتا سۇلتاننىڭ دېگىنى ھېساب، شۇ كەلگەندە ئاندىن بىر گەپ بولار" دېگەن بىرلا خىل جاۋابنى ئاڭلايتتى. لېكىن سۇلتاننىڭ ئاللىقاچان قارار قىلىپ بولغانلىقىنى ئۆيدىكىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئايان ئىدى.

سۇلتاننىڭ ئۆيدىكىلەر بارا-بارا چىداپ بولالماي، جالالىددىننىڭ ئۆيدىكىلەر كەلگەندە ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ئۇلارنى كىرگۈزمەيدىغان بولدى. مەنسۇر ساقچى ئىدارىسىغا بېرىپ، ھۆكۈمنى سۇلتان قايتىپ كەلگۈچە كېچىكتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ھۆكۈمنى داۋاملىق كېچىكتۈرۈۋېرىشكە بولمايدىغانلىقى ساقچى ئىدارىسىدىكىلەرگە ئايان ئىدى. چۈنكى جىنايەتچىنى ئۇنىڭ ئىندەك كىچىككىنە قەپەزگە بىر نەچچە كۈن ئارتۇق قاماپ قويۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار جالالىددىنغا تېخىمۇ كۆپ ئاتكىرىتكىلارنى ئوغرىلاپ ئاچىقىپ، ئۇنى كىمگە سېتىپ بەرگەنلىكىنى ئىقرار قىلدۇرۇش ئۈچۈن، خېلى تىرىشىپ باقتى. لېكىن جالالىددىن ئىقرار قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ساقچىلار جالالىددىننىڭ قولىغا كويزا سېلىپ، قەپەزدەك ھەپسىدىن يالاپ ئېلىپ چىقتى. ساقچى ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى بولمىغاچقا، جالالىددىننى مەركىزىي ساقچى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدارىسىغا ئاپىرىدىغان ۋەزىپە مەنسۇرغا يۈكلەندى.

جالالىددىننىڭ دادىسى، ئوغلى ۋە مومىسى تالادا ساقلاپ تۇراتتى. ئۇلار مەنسۇرنى كۆرۈپ دەككە-دۈككە ئىچىدە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. دادىسىنىڭ زورى بىلەن مۇشۇنداق شەپقەتسىزلىك قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقان مەنسۇرنىڭ ئۇلارغا ھېسداشلىقى كېلەتتى.

"بۇ ئىشلارنى پەقەت دادامنىڭ زورى بىلەن قىلىۋاتىمەن" دېگەن ئوي بىلەن ئۆز كۆڭلىگە تەسەللىي بېرىۋاتقان مەنسۇر، قارا كۆزەينىكىنى تاقاپ ماشىنىغا چىقتى. جالالىددىننىڭ مومىسى بىلەن ئوغلى قايتىپ كەتتى. فايىز ئېغاڭلاپ تۇرغان ۋېلسىپىتى بىلەن مەنسۇرنىڭ ماشىنىسىنى خېلى يەرلەرگىچە جېنىنىڭ بارىچە قوغلاپ باقتى. لېكىن بىر يەرلەرگە كەلگەندە ئۇ ماشىنىنىڭ چاقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ-توزاڭلار ئارىسىدا بارا-بارا كۆزدىن غايىب بولدى.

مەنسۇر ماشىنىنى ئادەتتىكىدەك ئاستا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. چۈنكى جالالىددىن ئەمدى خېلى يىللارغىچە بۇيەرلەرنى كۆرەلمەيتتى.

ئۇلار مەركىزىي ساقچى ئىدارىسىغا يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە تالىبانلار ھاكىمىيەت باشقۇرغان چاغدىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق ئىمارەت بولۇپ، مۆھتەسىپلەر باش مەھكىمىسى، يامان ئىللەتلەرنى چەكلەپ، ئەخلاقنى پاكلاش مىنىستىرلىكى دەل مۇشۇ بىنادا ئىدى. ئۇ چاغلاردا ساقىلى ياكى ئىشتىنى قىسقا ئەرلەر، بىۋاستە تۇغقانلىرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن بازارغا چىققان مەزلۇملار، ئۆزى يالغۇز رەستىگە چىققان ياكى پۈركەنجە كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن گىرىم قىلىۋالغان خوتۇن-قىزلار مۇشۇ يەرگە يالاپ كېلىنەتتى. ئۇلار بىر تەرەپ قىلىنغىچە مۇشۇ ئىمارەتنىڭ قاراڭغۇ گەمىسىدە نەچچە ھەپتە يېتىپ كېتەتتى. تالىبانلار تىكىۋەتكەندىن كېيىن، تۈرمىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قويۇۋېتىلدى. شۇ چاغدا تۈرمىلەردىن تالىبانلارنىڭ تۈرمىدىكىلەرنى قىيناشتا ئىشلەتكەن نۇرغۇن ئەسۋابلىرى بايقالدى. تالىبانلار تۈرمىدىكىلەرنى قىيناشتا كۆپىنچە ئەرلەرنى ئاندىن تۇغما يالىڭاچلاپ، ئاياللارنىڭ ئەۋرىتىگە لاتا تارتىپ قويۇپ تۇرۇپ قامچىلايتتى. تالىبانلار ھاكىمىيەت باشقۇرۇشتىن ئىلگىرى، بۇ بىنانى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن ئاخبارات ئورگىنى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغانىدى، كېيىن مۇجاھىدلار تەشكىلاتىنىڭ دوپپىسىنى ئەكەل دېسە كاللىسىنى كېسىپ كېلىدىغان پەلپەتىش ساقچى تارمىقى ئىگىلىۋالدى.

جالالىددىن بىنانىڭ بەشىنچى قەۋىتىگە ئېلىپ چىقىلدى. ئۇ ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە مەنسۇرنىڭ يېنىدىراق مېڭىشقا تىرىشاتتى ۋە مەنسۇرغا تەلمۈرۈپ قاراپ

قوياتتى. ئۇنىڭ پولتىيىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن "ماڭا رەھىم قىلسىلا، بۇنىدىن كېيىن سىلىگە قۇل بولۇپ ئىشلەي، مېنى قۇتقۇلدۇرۇۋالسىلا!" دېگەن ئىلتىجالىرى بىلىنىپلا تۇراتتى، لېكىن مەنسۇر ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماي كېتىپ باراتتى، چۈنكى ئۇ دادىسى بەرگەن ھوقۇقنى رەھىم-شەپقەت دېگەننى قايرىۋېتىپ تۇرۇپ يۈرگۈزۈشى كېرەك. بولمىسا سۇلتان "ئىرادەمگە خىلاپلىق قىلدىڭ" دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقىنى ئېلىپ تاشلايدۇ ھەتتا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسۇر يېقىندىن بۇيان دادىسىنىڭ ئەكبەرگە بەكرەك ئامراقلىق قىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى، چۈنكى سۇلتان ئەكبەرنىڭ كومپيۇتېر ئۆگىنىشىگە ماقۇل دېدى ھەتتا ئۇنىڭغا ۋېلسىپىتمۇ ئېلىپ بەردى، ئۇ ناۋادا دادىسىنىڭ زىتىغا تېگىپ قويسا، دادىسى ئۇنىڭ بىلەن ئادا-جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ جالالىددىنغا ھەرقانچە ئىچ ئاغرىتسىمۇ، لېكىن سۇلتاننىڭ چىشىغا تېگىپ قويىدىغان ئىشنى قىلماسلىقى كېرەك.

ئۇلار ئۆچرەت ساقلاپ تۇردى، ئادەتتە جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئاق ياكى قارا ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغۇچە سولاپ قويۇلاتتى.

نۆۋەت مەنسۇرغا كەلدى، ئۇ ئەرزنامىنى سوراقچىغا سۇندى. جالالىددىن ئوتتۇرىدا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئەمما مايماق پۇت بارماقلىرىنىڭ تىرناقلىرى قاپقارا كىر ئىدى، جۇل-جۇل مايكىسى بىلەن چاپىنى ئۇنىڭ دۈمبىسنى ئاران ياپاتتى، كەڭرى ئىشتىنىنىڭ ئېغى پالاقلاپ يەرگە سۆرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۇستەلنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان سوراقچى ئىككى شاھىدنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىنى، ئارىسىغا قارا قەغەز قىستۇرۇلغان دەپتەرگە ئەستايىدىل يېزىۋاتاتتى، ئۇنىڭ پوچۇركىسى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى.

— ئافغانىستاننىڭ ئاتكرىتكىلىرىغا بەك ئامراق ئوخشايسەن-ھە؟ — جالالىددىننىڭ بۇ ئىشىدىن سەل-پەل ھەيران قالغان ساقچى كۈلۈپ تۇرۇپ سورىدى ۋە جالالىددىن ئاغزىنى ئۆمەللەپ بولغۇچە ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاتكرىتكىلارنى زادى كىمگە سېتىپ بەردىڭ؟ ئۇنچىۋالا ئاتكرىتكىنىڭ ھەممىسىنى دوست-بۇرادەرلىرىڭگە ئەۋەتتىۋەتمىگەنسەن، تايىنلىق؟

— پەقەت 200 دانىلا ئالغاندىم، قالغىنىنى رەسۇل بەردى، — جالالىددىن مۈشۈنداق دېسەم قۇتۇلۇپ كېتەرمەن، دەپ ئويلىغانىدى.

— يالغان، — دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپلا، — رەسۇلنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ساڭا ئەزەلدىن ئاتكرىتكا بېرىپ باققىنى يوق!

— ئۇنتۇپ قالما جالالىددىن، — دەپ چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى ساقچى، — بۇ سوراقخانا گەپنىڭ راستىنى دەپ قۇتۇلۇپ كېتىشكە پۇرسەت يارىتىپ بېرىۋاتىدۇ، جۇمۇ!

جالالىددىن ئەگرى-بۈگرى بولۇپ كەتكەن قول بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ قويۇپ، گەپ قىلماي ئولتۇردى. لېكىن ساقچى قاچان، نەدە، نېمە ئىش قىلغانلىقىنى سورىغاندىلا ئاندىن زۇۋانغا كەلدى. سوراقچىنىڭ كەينىدىكى دېرىزىدىن كابۇلنىڭ شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان تۆپىلىكنى كۆرگىلى بولاتتى. تۆپىلىكتە ئۆيلەر ئاساسەن يوق دېيەرلىك بولۇپ، سوزۇلۇپ ياتقان يالاڭ باغرى يول ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جالالىددىنمۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ باقتى. تۆپىلىكتە ئۇ ياقتىن-بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان ئادەملەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بەئەينى چۈمۈلىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

سوراقچى تۆۋۈقسىزلا ئوتتۇرىغا كىلىپ، جالالىددىننىڭ يېنىدا زوڭزايدى:

— باللىرىڭنىڭ ئاچ-زېرىنلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزۈڭنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن، شۇڭا ئاخىرقى پۇرسەتنى چىڭ تۇت! ئاتكرىتكىلارنى كىمگە سېتىپ بەرگەنلىكىڭنى دېسەڭلا سېنى قويۇپ بېرىمەن، ناۋادا ئۇنى ئىقرار قىلمىساڭ، بىر نەچچە يىل كىسىلىپ كېتىسەن!

بۇنىڭ بىلەن جالالىددىن بىر ئادەمنىڭ ئىسمىنى دەپ سالدى. ئۇنىڭ ئاشۇ ئىسمىنى دېگەن چاغدىكى ئۇنى باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە پەس ئىدى.

بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇر ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەتتى.

جالالىددىن دەپ بەرگەن ئۇ ئادەمنىڭ بازاردا كالىندار، قەلەم، كارتوچكا، ھېيت-بايرام كارتىسى، توي كارتىسى، قۇدا چۈشۈش كارتىسى، مەۋلۇت كۈنى كارتىسى ۋە ئافغانىستاننىڭ ئەنئەنىۋى نەقىش نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن ئاتكرىتكا دېگەن نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكىنى بار ئىدى. ئۆزۈندىن بۇيان ئاتكرىتكىلارنى سۇلتاننىڭ كىتابخانىسىدىن توپ ئېلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ مال ئالغىلى كەلمىگىنىگە خېلى بولۇپ قالغانىدى. مەنسۇر ئۇنى ناھايىتى ئوبدان تونۇيتتى، ئۇ ئادەم ھەر قېتىم مالغا كەلگەندە "قىممەت بولۇپ كەتتى" دەپ قاقشايتتى.

جالالىددىنغا ئاز-تولا تىترەك ئولاشقان بولسىمۇ، لېكىن گويا قىنىدىن تاشقان دەريادەك ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى:

— بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىشلىرىمنى تۈگىتىپ ماڭاي دەپ تۇرسام ئۇ كەپتۇ، بىز تاغدىن-باغدىن پاراڭلاشتۇق؛ ئۇ مەندىن تۇيۇقسىزلا "ساڭا پۇل لازىممۇ؟" دەپ سورىدى؛ مەن "ئەلۋەتتە لازىم" دېدىم؛ ئۇ "ئۇنداق بولسا ماڭا ئاتكىرىتكىدىن ئازراق جايلاپ بەرمەمسەن" دېدى؛ دەسلەپتە ئۇنىمىدىم؛ لېكىن ئۇ دېگىنىنى قىلسام ماڭا پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى؛ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدىم؛ دۇرۇس، ماڭا پۇل كېرەك! تۇرۇپلا باللىرىم كۆز ئالدىمغا كەلدى؛ چۈنكى ياغاچچىلىق قىلىپ تاپقان پۇلۇم بىلەن ئۇلارنىڭ ھەتتا قورسىقىنىمۇ باقالمايۋاتاتتىم؛ يوقسۇزلۇقتىن جاپاكەش خوتۇنۇمنىڭ 30 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا چىشلىرى تۆكۈلۈپ بولدى؛ ھەر قېتىم ئۆيگە كىرگىنىمدە خوتۇن-باللىرىمنىڭ مىسكىن چىرايىنى كۆرۈپ ئۆرتىنىپ كېتىمەن؛ خوتۇن-باللىرىم ئاغرىپ-تارتىپ قالسا دورا ئېلىپ بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا قورسىقىنى ئاچ، ئۇچىسىنى يالىڭاچ قويۇۋاتىمەن؛ شۇڭا مەن ئۆزۈم مۇشۇ يەردە ئىشلەۋاتقاندىكىن ئاتكىرىتكىلاردىن ئازراق ئالسام چىنىمۇ قالماس، سۇلتان بېگىمنىڭ ھېسابى يوق پۇلى، ساماندەك ئاتكىرىتكىسى تۇرسا ئۇنچىلىك نەرسىنى زىغىرلاپمۇ كەتمەس، دەپ ئويلاپتىمەن، شۇڭا ئاتكىرىتكىلاردىن ئازراق ئالغاندىم ....

— بىز دەرھال نەق مەيدانغا بارايلى، — دېدى ساقچى، ئۇلار دەس ئورنىدىن تۇردى-دە، جالالىددىننى ئېلىپ تالاغا قاراپ ماڭدى، ئۇلار بازاردىكى ھېلىقى كىشىنىڭ دۇكىنىغا كەلسە، دۇكاننىڭ ئىگىسى يوق، ئۇنىڭ ئورنىدا بىر بالا دۇكانغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ،

— مۇھەممەد قېنى؟ — دەپ سورىدى پۇقراچە كىيىنىۋالغان ساقچى، مۇھەممەد چۈشلۈك تاماققا كېتىپ قالغانىكەن، ھېلىقى ساقچى دۇكانغا قاراۋاتقان بالىغا كىنىشكىسىنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ دۇكاندىكى ئاتكىرىتكىلارنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئېيتتى، ھېلىقى بالا ئۇلارنى پۈكەينىڭ كەينىدىكى قىسلچاقنىڭ ئىچىگە باشلاپ ئەكىردى، مەنسۇر بىلەن ھېلىقى ساقچى مال جازىسىدىكى ئاتكىرىتكىلارنى ئېلىپ قاچىلىۋىدى لىقمۇ لىق بىر تاغار كەلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى سۇلتان باستۇرغان ئاتكىرىتكىلار بولۇپ، نەچچە مىڭ دانە كېلەتتى، لېكىن ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ سۇلتاننىڭ قولىدىن سېتىۋېلىنغان ئاتكىرىتكىلار، قايسىسىنىڭ جالالىددىن ئوغرىلاپ ئەكىلىپ بەرگەن ئاتكىرىتكىلار ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايتتى، ئۇلار ھېلىقى بالا بىلەن ئاتكىرىتكىلارنى ساقچى ئىدارىسىغا ئېلىپ كەلدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ساقچىلاردىن بىرى مۇھەممەدنىڭ دۇكىنىنى پېچەتلىگەندىن كېيىن، ئۇنى شۇ يەردە ساقلاپ تۇردى.

پۈتۈن ئۈستۈبېشى كاۋاپ پۇراپ تۇرغان مۇھەممەد ساقچى ئىدارىسىغا كىرىپ كەلگەندە سوراق قايتىدىن باشلاندى. دەسلەپتە ئۇ جالالىددىننى تونۇيدىغانلىقىنى رەت قىلىپ، مەن بۇ ئاتكىرىتكىلارنى سۇلتان، يۇنۇس، ئەكبەر ۋە مەنسۇرلارنىڭ قولىدىن پۇلغا سېتىۋالغان، دەپ تۇرۇۋالدى. كېيىن تۇرۇپلا يەنە جالالىددىن بىلەن كۆرۈشكىنىم راست، لېكىن ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىلىم-بېرىم بولمىدى، دېگەن گەپنى قىلدى.

مۇھەممەد دېگەن بۇ دۇكاندار ساقچى ئىدارىسىدا بىر كېچە تۇتۇپ تۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى. مەنسۇر ئاخىر بۇ ئىشتىنمۇ قۇتۇلدىغان بولدى. ئۇ كارىدورغا چىقسا ياغاچچىنىڭ دادىسى، تاغىسى، جيەنى ۋە ئوغلى ساقلاپ تۇرغانىكەن. ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى ئورۇۋالماقچى بولۇشتىيۇ، لېكىن مەنسۇرنىڭ تەلەتىنى كۆرۈپ ئارقىغا داجىشتى. مەنسۇرنىڭ بۇ ئىشلارغا پەقەت چىدىغۇچىلىكى قالمايۋاتاتتى. جالالىددىن ئىقرار قىلدى، ئىشلار سۇلتاننىڭ دېگىنىدەك تامام بولدى، ئوغرى بىلەن ئوغرىلانغان ئاتكىرىتكىنى ساتقان ئادەم ئېنىقلاپ چىقىلدى، دېمەك، ئەمدى ئەرزنى قايتۇرۇۋالسا تامامەن بولاتتى.

مەنسۇر بەك بىئارام بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئىتتىك تالاغا چىقتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە سۇلتاننىڭ يولغا چىقىدىغاندا دېگەن ئاخىرقى سۆزلىرى يەنە جاراڭلىغاندەك بولدى: "مەن جېنىمنى ئالىقانغا ئېلىپ قويۇپ تۇرۇپ ئىگىلىك ياراتتىم؛ مەن تۇرمىدىمۇ يېتىپ باقتىم، تاياقمۇ يەپ باقتىم، لەختە-لەختە قانمۇ قۇسۇپ باقتىم؛ مەن پەقەت ئافغانىستانلىقلار ئۈچۈن ئاز-تولا ئىش قىلىش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق جەبىر-جاپالارنى چەكتىم؛ ھالا بۈگۈنگە كەلگەندە بۇ چۈپرەندە ياغاچچى مېنىڭ قان-تەر بىلەن تىكلىگەن ئىگىلىكىمنى ۋەيران قىلماقچى بولۇۋاتىدۇ؛ ئۇ بۇنىڭ بىلەن جازاغا تارتىلىشى كېرەك؛ بۇ ئىشتا چىڭ تۇرمىساڭ بولمايدۇ، بالام! قارىسام، سەن باغرى يۇمشاقلىق قىلىۋاتىسەن!"

دېھقۇدەيداد كەنتكىدىكى ۋەيرانە بىر ئۆيدە بىر مەزلۇم تورۇسقا تىكىلگىنىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك بالىسى قىرقىراپ يىغلاۋاتاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى ئاچ قېلىۋاتقان بۇ باللار بوۋىسىنىڭ شەھەردىن يېگۈدەك بىر نەرسە ئالغاچ كېلىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە. بوۋاي ۋېلسىپىتنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە باللار ئېتىلىپ چىقىپ

ئۆنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ قاراشتى، لېكىن بوۋاينىڭ قولى قۇرۇق ئىدى، بوۋىسىنىڭ مەيۈسانە چىرايىنى كۆرگەن بالىلار تىگىرقاپ تۇرۇپ قالدى، بىر ھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن بالىلار بوۋاينىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئېتىپ يىغلىشىپ كەتتى: "بوۋا، دادام قېنى، دادام قاچان قايتىپ كېلىدۇ؟"

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئون سەككىزىنچى باب

# رەھىمسىز ئانا

تاجىمىر «قۇرئان كەرىم»نى ئالدى بىلەن پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ ئاندىن سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ يەر-بۇ يېرىدىن ۋاراقلاپ كۆرۈپ باقتى. ئاندىن يەنە لەۋلىرىگە تەگكۈزۈپ بوشقىنا سۆيۈپ قويۇپ، يانچۇقىغا سالدى-دە، ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىدى. ماشىنا كابۇلنىڭ شەھەر سىرتىغا قاراپ، شەرقتىكى پاكىستان چېگرىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەر ھېلىمۇ تالىبانلار بىلەن بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنى ياقلايدىغان تىنچسىز رايون بولۇپ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ گېپى بىلەن ئېيتقاندا تېررورچىلار دەل ئاشۇ يەردىكى تاغلىقلارغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. شۇڭا ئامېرىكىلىقلار ئۇ يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، شۇ يەردىكى پۇقرانى بىرمۇ بىر سوراق قىلىپ چىقتى؛ ئۆڭكۈرلەرنىڭ بىرىنى قويماي بومبىلاپ، قورال-ياراغلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋالدى ۋە ئادەم يوشۇرۇنۇۋېلىش ئىمكانىيىتى بار بۇلۇڭ-پۇچقاقنىڭ ھەممىسىنى قېدىرىۋەتتى. بۇ جەرياندا ھەتتا بىر مۇنچە ئاۋام-پۇقرانىڭمۇ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى، تېررورچىلارنى، بولۇپمۇ ئۇزۇندىن بۇيان تۇتالمايۋاتقان جىنايەتچى — ئۇساما بىن لادىننى تېپىش ئىدى.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى خەلقئارا ئالاھىدە قىسىم بۇ يەردە بازا تەشكىلاتىغا قارشى "بوغما يىلان ھەرىكىتى"نى قوزغاپ، بىن لادىننىڭ ئافغانىستاندىكى قالدۇق كۈچلىرىگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇشۇ چېگرا ئەتراپىدا بازا تەشكىلاتى ئەزالىرىنى ئاندا-ساندا ئۇچراتقىلى بولارمىش؛ بۇ يەردىكى مىلتارىستلار مەركىزىي ھۆكۈمەتنى ئېتىراپ قىلمىغاچقا، قوۋمىغا قەبىلە قانۇنى بويىچە ھۆكۈمرانلىق قىلارمىش. دېمىسىمۇ ئامېرىكىلىقلار بىلەن ئافغانىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مۇشۇ چېگرا ئەتراپىدىكى پۇشتۇ كەنتلىرىگە كىرەلىشى بەكمۇ قىيىن ئىدى. ئاخبارات مۇتەخەسسىسلىرى: "ئۇساما بىن لادىن بىلەن موللا ئۆمەر ھايات بولسا ھەمدە ئافغانىستان چېگرىسىدىن چىقىپ كەتمىگەنلا بولسا، ئۇلار چوقۇم مۇشۇ رايوندا" دەپ قارايتتى.

تاجىمىر بۇ قېتىممۇ ئۇساما بىن لادىن بىلەن موللا ئۆمەرنى ياكى ئاشۇ ئىككىسىنى ئىلگىرى كۆرگەنلەرنى ۋە ياكى چىرايى ئاشۇ ئىككىسىگە ئوخشايدىغانلارنى كۆرۈپ باققانلارنى ئىزدىشىپ بېرىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى، لېكىن ئۇ بىللە كېتىپ بارغان يەنە بىر يىگىتنىڭ ئەكسىچە "ئەڭ ياخشىسى ھېچقانداق يىپ ئۇچى تاپالمىساقكەن" دېگەن ئۈمىدتە ئىدى، چۈنكى ئۇ قەبىلە رايونىغا كىرىپ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشنى خالىمايتتى، ماشىنىنىڭ ئارقا ئورۇندۇقىدا جىددىي ئەھۋال ئۈچۈن تەييارلانغان ئوق ئۆتمەس جىلىتكە بىلەن دوبۇلغا تۇراتتى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز تاجىمىر؟

— «قۇرئان» ئوقۇۋاتىمەن.

— «قۇرئان» ئوقۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلدىم، لېكىن، «قۇرئان كەرىم»نىڭ ھازىر سىز ئوقۇۋاتقان پارىسدە سەپەر توغرىلىق بىرەر مەزمۇن ئۇچراتقان-ئۇچراتمىغانلىقىڭىزنى سورىماقچى ئىدىم.

— ھە، ياق! ئۇ يەر-بۇيەردىن كۆكلەپ ئوقۇپ باقتىم، لېكىن سىز دېگەن مەزمۇنلارنى ئۇچراتمىدىم؛ ئۇنىڭدا "كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان كەلتۈرسە ئۇ جەننەتكە كىرىدۇ، كىمكى ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتسا دوزاخ ئازابىدا قىينىلىدۇ" دېيىلىپتۇ؛ مەن ئادەتتە تەشۋىش ياكى ئازاپتا قالغان چاغلىرىمدا «قۇرئان كەرىم»نى ئوقۇيمەن.

— ھە، توغرا، توغرا — دېدى بوبىېر، ئۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىگە يۆلەنگىنىچە كابۇلنىڭ مەينەت رەستىلىرىگە سەپ سالدى، ئەتىگەنلىك كۈننىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى چاقتى بولغاي، ئۇ كۆزلىرىنى قىستى.

تاجىمىر بۇ قېتىم ئامېرىكىدا چىقىدىغان نيۇيورلۇق بىر ژۇرنالنىڭ مۇخبىرىغا تەرجىمانلىق قىلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى، بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ بىر خەير-ساخاۋەت ئورگىنىدا يوقسۇللارغا ئۇن، گۈرۈچ دېگەندەك قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىشقا مەسئۇل ئىدى، "11-سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، چەت ئەللىكەر ئافغانىستاندىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەچكە، خەير-ساخاۋەت ئورگىنىدا ئۇ ئۆزى يالغۇزلا قالدى، تاجىمىر نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن تالىبانلارنىڭ قەستەن پەيدا قىلغان كاشىلىلىرى سەۋەبىدىن، خەير-ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولمىدى، بىر كۈنى خەير-ساخاۋەت ئورگىنىنىڭ ئامبىرىغا تۇيۇقسىزلا بومبا چۈشتى، ئۇ دەل قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى تارقىتىش ئىشى توختىتىۋېتىلگەن چاغ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئىدى. ناۋادا ئاياللار بىلەن باللار قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرىنى ئېلىش ئۈچۈن قىستىلىشىپ ئۆچىرەتتە تۇرىدىغان ئادەتتىكىدەك مەزگىل بولغان بولسا، دەھشەتلىك پاجىئە يۈز بەرگەن بولار ئىدى.

كېيىن كابۇلغا چەت ئەل مۇخبىرلىرى يېغىپلا كەتتى. شۇ چاغدا ئامېرىكىدا چىقىدىغان بىر ژۇرنال تاجىمىرنى تەرجىمانلىققا تەكلىپ قىلدى. بۇ ژۇرنالدىن بېرىلىدىغان بىر كۈنلۈك ئىش ھەققىنى، ئۇ ئادەتتىكى چاغلاردا بىر ھەپتە ئىشلەپ ئاران تاپالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىمىرنىڭ ئائىلىسىمۇ ناھايىتى نامرات ئىدى، شۇڭا ئۇ يوقسۇزلارنى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تاشلاپ، چالا-پۇلا بىلىدىغان ئىنگلىزچىسى بىلەن تەرجىمانلىق قىلىشقا باشلىدى.

تاجىمىرنىڭ ئائىلىسى ئافغانىستاندىكى كىچىكرەك ئائىلىلەردىن بولۇپ، پۈتۈن ئائىلىنىڭ يۈكى ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىدى. تاجىمىر ئەر-خوتۇن ئىككىسى تاجىمىرنىڭ ئاتا-ئانىسى، بېقىۋالغان سىڭلىسى ۋە باھار ئىسىملىك بىر ياشلىق قىزى بىلەن مىكروراياىنى رايوندىكى كىچىك بىر ئۆيدە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيى سۇلتاننىڭ ئۆيىگە ناھايىتى يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ ئانىسى سۇلتاننىڭ چوڭ ئاچىسى بولۇپ، سۇلتان ئۆز ۋاقتىدا ئاچىسىغا ئەكەلگەن تويلۇقنى خىراجەت قىلىپ ئوقۇغانىدى.

تاجىمىرنىڭ ئانىسى فىروزا ناھايىتى قاتتىق قول مەزلۇم ئىدى. ئۇ تاجىمىرنى مۇشتۇمدەك چاغلىرىدىن باشلاپلا ناھايىتى قاتتىق تۇتاتتى، ھەتتا سىرتقا چىقىپ ئاداشلىرى بىلەن ئوينىغىلىمۇ قويمايتتى. شۇڭا تاجىمىر ئانىسىنىڭ كۆز ئالدىدىن بىردەم نېرى بولماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرۇشقا مەجبۇر بولاتتى. تاجىمىر مەكتەپكە كىرگەندىن كېيىن، ئانىسى ھە دېسىلا "تاپشۇرۇق ئىشلە" دەپ ئۇنىڭ كۆزىگە كىرىۋالدىغان بولدى. تاجىمىر دەرستىن چۈشۈپلا ئىككى بېقىنغا قارىماي ئۇدۇل يېنىپ كېلىشى، ھەرقانداق ئادىشى بىلەن بىللە ماڭماسلىقى، ھېچقانداق ئادىشىنى ئۆيگە باشلاپ ئەكەلمەسلىكى كېرەك ئىدى. تاجىمىر غىدىڭ-پىدىڭ دېسىلا تاياققا قالاتتى، ھەتتا تاياقنىڭ يوغىنىنى يەيتتى.

تاجىمىر ئانىسىنىڭ سەۋەبىدىن ئىشقا كېچىكىپ قالغان ياكى ئىشتىن بالدۇر چۈشمەكچى بولغان چاغلىرىدا، ئۇ بوببېرغا "ئانام دېگەن بۇ مەزلۇم بىن لادىنىدىنمۇ ئۆتە رەھىمسىز جۇمۇلۇك" دەپ دادلاپ كېتەتتى. تاجىمىرنىڭ ئامېرىكىلىق دوستلىرى ھەمىشە ئۇنىڭ رەھىمسىز ئانىسى ھەققىدىكى ھېكايىلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا، فىروزانى پۈركەنجىلىك بىشەم خوتۇنلاردىن

بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇلار تاجىمىرنىڭ ئۆيىگە بارغاندا بۇ ”رەھىمسىز ئانا“نى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇ چىرايىدىن تەبەسسۇم كەتمەيدىغان مەزلۇم بولۇپ، بىر جۈپ سىنچى كۆزى سەل-پەل ئالىغاي ئىدى. بويىندىكى ئايەت ئويۇلغان مېدالىئون ئالتۇندەك نۇر چاقنىتىپ تۇراتتى. بۇ فىروزانىڭ ئوغلىنىڭ ئامېرىكىلىقلار بەرگەن تۇنجى مائاشىغا ئالغان مېدالىئونى ئىدى. فىروزا تاجىمىرنىڭ قانچىلىك مائاش ئالىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇڭا تاجىمىر تاپقان پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئالدى بىلەن ئانىسىغا تاپشۇرۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ قولىدىن پارچە پۇل ئېلىپ خەجلەيتتى. تاجىمىر دوستلىرىغا تامدىكى ئىزنالارنى كۆرسەتتى. ئۇ فىروزا تاجىمىرنى ئۇرماقچى بولۇپ ئاتقان نەرسىلەرنىڭ ئىزى ئىدى. بۇنى كۆرگەن تاجىمىرنىڭ دوستلىرى كۈلۈپ كېتىشتى. شۇنداق قىلىپ بۇ رەھىمسىز ئانىنىڭ ئىشلىرى قىزىقارلىق ھېكايىگە ئايلىنىپ قالدى.

فىروزامۇ باشقا ئانىلارغا ئوخشاش ئوغلىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشىغا تەشنا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئازراق پۇل ئېشىنالىسىلا تاجىمىرنى ئېنگلىز تىلى كۇرسى، ماتېماتىكا تەكرار سىنىپى ۋە كومپيۇتېر كۇرسى دېگەنلەرگە ئەۋەتەتتى. ئېلىغىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان بۇ ساۋاتسىز مەزلۇم ئەينى چاغدا تويلۇقىنى دەپلا زورلاپ ياتلىق قىلىنغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئوغلىنىڭ شارايىتى بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئانىلاردىن بولۇپ قالدى.

تاجىمىرنىڭ دادىسى ئاق كۆڭۈل، ياۋاش ئادەم ئىدى. ئۇ كېسەل بىلەن بالدۇر كېتىپ قالغاچقا، تاجىمىر دادا مېھرىگە ۋاي دېگۈدەك قانمىدى. تاجىمىرنىڭ دادىسى ئىلگىرىكى تىنچ زامانلاردا ھىندىستان، پاكىستانلارغا چىقىپ ئوقەت قىلىپ باققان سودىگەر ئىدى.

فىروزا بىلەن ئېرىدىن زادى كىم كىمنى قورقىتىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان بولسىمۇ، لېكىن ھە دېسىلا ئوغلىنى دۇمبالاپلا تۇرىدىغان بۇ مەزلۇم، ئېرىگە بىرەر قېتىممۇ قول تەگكۈزۈپ باقمىغانىدى. فىروزا سەمرىپ توپقىلا ئوخشاپ قالغان ئايال بولۇپ، قېلىن كۆزەينىكىنى گاھىدا بۇرنىنىڭ ئۇچىغا قوندۇرۇۋالسا، گاھىدا بويىنىغا ئېسىۋالاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئېرى بوي-بەستى قوناق شېخىدەك ئورۇق، چىرايى تامدەك تاتىراڭغۇ ئادەم ئىدى. بۇ ئاۋاق بايقۇش قازا قىلغاندىن كېيىن، فىروزا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ قالدى.

فىروزا ئاران بىرلا ئوغۇل تۇغقىنى بىلەن بالىغا ئامراق ئىدى. ئۇنىڭ يەنە بىرەر بالا تۇغۇشتىن ئۈمىدى قالمىغاندىن كېيىن، بىرەر بالا بېقىۋېلىش نىيىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كابۇلدىكى بىر دارىلئېتامغا بېرىپ، ئۇ يەردە كىشمىشنى ئۇچرىتىپ قالدى. ئەسلىدە كىشمىشنى ئاتا-ئانىسى مەينەت بىر ياستۇق قېپىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ئەكىلىپ، دارىلئېتامنىڭ دەرۋازىسى يېنىغا تاشلاپ قويغانىكەن. شۇنداق قىلىپ فىروزا كىشمىشنى بېقىۋالدى. تاجىمىر ئانىسىغا ئوخشاش يۈزلىرى يۇمۇلاق، ئۆزى سىپمىز، قورسىقى تومپىيىپ چىققان بالا ئىدى، لېكىن كىشمىش ئۇلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى.

كىشمىش ئۆزى قورايدەك ئورۇق، چىرايى ئۆيدىكى باشقىلارنىڭكىگە قارىغاندا قارىلاق كەلگىنى بىلەن، ناھايىتى چىچەن ئىدى. ئۇنىڭ خىستىرىيە* بىمارلىرىنىڭكىدەك چاچراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن كاللىسىدىكى دۇنيانىڭ رېئاللىقتىكى دۇنيادىنمۇ ئۆتە قايناق ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولغان چاغلاردا كىشمىش ئاكىسى تاجىمىردەك ئانىسى ئولتۇرغىن دېگەن يەردە جىم ئولتۇرماي، چىپپىلا يۈرەتتى؛ ھە دېسىلا كىيىم-كېچەكنى بۇلغاپ، پۇت-قولنى يارا قىلىپ كىرەتتى. لېكىن خۇشى تۇتۇپ قالغان چاغلاردا ئۇ ناھايىتى رايىشلىق ۋە مۇلايىملىق بىلەن فىروزانى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كېتەتتى. فىروزا سىرتلارغا چىققاندا، ئۇ ئانىسىنىڭ پېشىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، خۇددى سايىدەك ئەگىشىپلا يۈرەتتى.

كىشمىشمۇ باشقا باللارغا ئوخشاش تالىبانلارنىڭ زادى قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا چۈشىنىپ يەتتى. بىر كۈنى بىر تالىبان كىشمىش بىلەن ئۇنىڭ بىر دوستىنى پەشتاقتا تۇتۇۋېلىپ ئۇردى. ئەسلىدە كىشمىش بىلەن ئۇنىڭ دوستى ھېلىقى تالىباننىڭ بالىسى بىلەن ئويناۋاتاتتى. تالىباننىڭ بالىسى ئۆزى يىقىلىپ كېتىپ، خېلىلا ئېغىر يارىلىنىپ قالدى، لېكىن تالىبان بۇ ئىشنى ئۇلاردىن كۆرۈپ، كىشمىش بىلەن ئۇنىڭ دوستىنى تۇتۇۋېلىپ، تاياق بىلەن تازا سالدى. كىشمىش شۇنىڭدىن باشلاپ ھېلىقى تالىباننىڭ بالىسىنى ئويۇنغا قوشمايدىغان بولدى. چۈنكى ئۇ تالىبانلارنىڭ مىكرورايانى رايونىدىكى قىز باللارنى مەكتەپكە بارغۇزماي، ئۇلارنىڭ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىشىنى، ئويۇنچۇق ئوينىشىنى ھەتتا چاۋاك چېلىشىنىمۇ چەكلىگەنلىكىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ چاغلاردا تالىبانلار باللارنى قونچاق ئوينىغىلى قويمايتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھەرقانداق قونچاق جانلىق نەرسىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئوينىسا يامان بولاتتى. مۆھتەسىپلەر ھە دېسىلا ئۆيمۇ ئۆي

*خىستىرىيە — بىر خىل روھىي كېسەللىك. — تەرجىماندىن.

ئاقتۇرۇپ، تېلېۋىزور، ئويۇنئالغۇلارنى ھەتتا باللارنىڭ قونچاقلىرىنىمۇ كۆرۈپلا قالسا مۇسادىرە قىلاتتى. گاھىدا باللارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپلا قونچاقلارنىڭ چاققىلى بولىدىغانلىرىنى چېقىپ، يىرتقىلى بولىدىغانلىرىنى يىرتىپ تاشلايتتى.

بىر كۈنى فىروزانىڭ ئاغزىدىن "تالىبانلار قېچىپ كېتىپتۇ" دېگەن گەپنى ئاڭلىغان كىشىمىش، خۇشلۇقىدا ئۆزى ئەڭ ئامراق ئويۇنچۇقلىرىنى تالاغا ئاچىقىپ، ئاداشلىرىغا كۆرسەتتى. تاجىمىرمۇ مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان ساقىلىنى قىرقىۋەتتى؛ فىروزا ئەسكى-تۈسكىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇپا بېسىپ تۇرغان ئۈنئالغۇنى تېپىپ چىقىپ، تۇپىلىرىنى پاكىز سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا مۇزىكا لېنتىسىدىن بىرنى سېلىپ كۈنۈپكىسىنى باستى.

— ئاھ خۇدا، ھەر نېمە بولسا بەش يىللىق بۇرۇختۇرمىلىقتىن ئاخىر قۇتۇلدۇق، — دېگەنىدى ئۇ ھاياجان بىلەن.

فىروزانىڭ ئىككى بالىسى چوڭ بولۇپ كەتكەچكە، ئۇ بالا بېقىش ئاۋارىگەرچىلىكىدىن ئالللىقاچان قۇتۇلغانىدى. ئۇ كىشمىشنى بېقىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئىچكى ئۇرۇش پارتلاپ كېتىۋىدى، سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن بىللە پاكىستانغا قېچىپ بېرىپ پاناھلاندى. ئۇ جاھان تىنجىپ، پاكىستاندىكى مۇساپىرلار لاگىرىدىن قايتىپ كەلگەندە تاجىمىر ئۆيلىنىدىغان يېشىغا بېرىپ قالغانىدى.

تاجىمىرنىڭ ھاياتىدىكى ھەرقانداق ئىشنى فىروزا قارار قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا كىمنى ئېلىپ بېرىشتىمۇ ئانىسىنىڭ دېگىنى ھېساب ئىدى. لېكىن تاجىمىر پاكىستاندا ئېنگلىز تىلى ئوقۇۋاتقان چاغدا بىر قىز بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالغانىدى. تاجىمىر گەرچە ئۇ قىزنىڭ قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇپ باقمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ چاغدا بۇ بىر جۈپ ئاشىق-مەشۇقنىڭ ئايرىم كۆرۈشۈش پۇرستى بولمىغاچقا، بىر-بىرىگە خەت تاشلىشاتتى. تاجىمىر گەرچە ئۇ قىزنىڭ ئېتىنى ئانىسىنىڭ ئالدىدا بىر قېتىم ئېغىزغا ئېلىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇنى ئەمرىگە ئېلىشنى كېچە-كۈندۈز ئارزۇ قىلاتتى. ئۇ قىز ئۇرۇش قەھرىمانى مەسئۇدنىڭ تۇغقىنى ئىدى، لېكىن قارشى تەرەپ ئاسماندىكى ئاي بولۇپ كەتسىمۇ، تاجىمىر "پالانىغا كۆڭلۈم بار" دېگەن گەپنى ئانىسىغا ھەرگىز دېيەلمەيتتى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئانىسىنىڭ ئالدىدا غىدىڭ-پىدىڭ قىلماي كۆنگەن بولغاچقا، ئانىسىغا ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى دېيەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىمىر ئۆزىمۇ خۇدادىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالىسلا ئانىنىڭ سۆزى بەرھەق، دەپ قارايتتى.

— ساڭا بىر قىز تېپىپ قويدۇم، — دېدى بىر كۈنى فىروزا تاجىمىرغا تۇيۇقسىزلا، — شۇنىڭغا ئۆيلەن.

— ھە، — دېدى ئانىسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ بوغۇزىغا بىر نېمە تۇرۇلۇپ قالغاندەك بولغان تاجىمىر. لېكىن ئۇ كۆڭلىدىكى گېپىنى ئانىسىغا دېيىشكە پېتىنالمىدى. شۇنىڭ بىلەن چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ كاللىسىغا "تۇگىدى، ھەممىسى تۇگىدى، ئەمدى ھېلىقى قىزغا ئىشىمىز ئاخىرلاشتى، دەپ خەت سېلىۋېتەي" دېگەن خىياللار كەچتى.

— ئۇ قىز كىم؟ — سورىدى تاجىمىر.

— ئۇ ئىككىنچى نەۋرە سىڭلىڭ قادىيە، سەن ئۇنى بالا چاغلىرىڭدا كۆرگەن؛ قادىيە بەك چېچەن، ئىشچان قىز، ئۆيدىكىلىرىنىڭمۇ قول-ئىلكىدە بار دېگىنە.

تاجىمىر بېشىنى لىڭشىتتى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىزغا چاي ئىچكۈزىدىغان چاغدا قادىيە بىلەن تۇنجى قېتىم يۈز كۆرۈشتى. چايدا ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ياندىشىپ ئولتۇرغىنى بىلەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدى. لېكىن تاجىمىر ئىچىدە "بۇ قىزغا كۆڭلۈم چۈشۈپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ" دېگەنىدى.

قادىيەنىڭ سىياقى 20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى پارىژدا ئۆتكەن جاز ناخشىچىلىرىغا ئوخشاپ كېتەتتى. كۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى تۇم قارا سۈرمىسى بىلەن لەۋلىرىدىكى گىلاس رەڭ سۇرۇخ ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان قادىيەنىڭ قوندۇز چاچلىرى مۈرىسىدە دولقۇنلاپ تۇراتتى. لېكىن ئۇنىڭ قىلىن لەۋلىرى بىلەن تار، سوزۇنچاق يۈزى بەدىئىي فوتو سۈرەتتىكى ئوبرازلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئافغانىستانلىقلارنىڭ ئېستېتىك ئۆلچىمىگە سالغاندا، ئۇ قىزنى بەكمۇ چىرايلىق دەپ كەتكىلى بولمايتتى. چۈنكى قادىيە بەكمۇ ئورۇق ھەم ئېگىز ئىدى. ئافغانىستاندا يۈزى يۇمۇلاق، ساغرىسى تولغان، قورسىقىنىڭ تېرىسى قېلىن ئەمما ساڭگىلاپ كەتمىگەن قىزلار چىرايلىق ھېسابلىناتتى.

— ھازىر ئۇنىڭغا ئىچىكىپ كەتتىم، — دېدى تاجىمىر، گاردېرىغا ئاز قالغاندا ئۆزىنىڭ كەچمىشلىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

— پاھ... ھوي! — دېدى بوبېر، — بەك تەسىرلىك ھېكايىكەن جۇمۇ. قارىغاندا ھازىر خوتۇنىڭىزغا بەك ئامراق ئوخشايسىز، ئۇنداق بولسا ھېلىقى قىزچۇ؟

قارىغاندا تاجىمىر ھېلىقى قىزنى شۇ پېتى ئۇنتۇپلا كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاجىمىر ھازىر خوتۇنى بىلەن ئىجىل-ئىناق ئۆتۈۋاتقان، يەنە كېلىپ خوتۇنى بۇلتۇر بىر قىز تۇغۇپتۇ.

— قادىيە بوشىنىدىغان چاغدا بەك قورقۇپ كەتتى، — دېدى تاجىمىر بوبىرغا، — ئۇنىڭسىزمۇ قادىيە بەكلا قورقۇنچاق ئىدى، بويىدا قالغاندىن كېيىن ھە دېسىلا ئوغۇل تۇغارمەنمۇ، قىز تۇغارمەنمۇ دەپ دەككە-دۈككە ئىچىدىلا يۈردى، مەن ئۇنىڭغا: "قىز پەرزەنت كۆرسەم، دېگەن ئۈمىدىتىمەن؛ شۇڭا سورىغانلارنىڭ ھەممىسىگە ئېرىم قىز بالىغا ئامراقكەن، دەۋېرىڭ؛ ناۋادا راستىنلا قىز تۇغۇپ قالسىڭىز ئۇ چاغدا 'ئېسىت، يامان بوپتۇ-يەي!' دېگەندەك نېرى-بېرى گەپلەرمۇ چىقمايدۇ، چۈنكى مەن قىز پەرزەنت كۆرۈشكە ئىنتىلگەن تۇرسام! مۇبادا ئوغۇل تۇغۇپ قالسىڭىز تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ، 'پالانىنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغۇپتۇدەك' دېسە ھەممىسى 'بەلەن بوپتۇ' دېيىشىدۇ ئەمەسمۇ!" دېگەندەك گەپلەر بىلەن تەسەللى بەردىم.

— ھە مۇنداق دەڭ، — دېدى تاجىمىرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى تەستە چۈشەنگەن بوبىر.

— مانا ئەمدى ئۇ بىچارە ئىككىنچىلەپ بويۇمدا قالمايدىغان ئوخشايدۇ، دېگەن ئەندىشىگە قالدى، دېمەمسىز، — دېدى تاجىمىر گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — دېمىسىمۇ جىق ھەپىلىشىپ باقتۇق، پەقەت بويىدا قالمايۋاتىدۇ، شۇڭا مەن "كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ئىككىمىزگە بىر بالا بولسىلا بولدى، قارىڭە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن ئائىلىلەر بىرلا پەرزەنت كۆرۈپ بولدى قىلىدىكەن، ناۋادا بويىڭىزدا قالمىسا باشقىلار بۇ ئىككىسى ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشنى خالىماپتۇ دېيىشىدۇ؛ ئەگەر بىر قوتان باللىق بوپكەتسەك، ئۇ چاغدا ھەممە ئادەم خۇشال بولىدۇ، ئىككى سەككىز ئون ئالتە!" دېگەندەك گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياسايمەن.

— ھە مۇنداق دەڭ ...!

ئۇلار گاردىزغا كەلگەندە ماشىنىدىن چۈشۈپ، ھەر بىر قېپى 10 دوللارلىق «HILITE»ماركىلىق تاماكىدىن بىر بولاق، بىر كىلو تەرخەمەك، 20 دانە تۇخۇم ۋە ئازراق نان سېتىۋالدى، ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ ماڭغاچ، ئەمدىلا تەرخەمەكنىڭ شۆپىكىنى سويۇپ، تۇخۇملارنى ئاقلاپ تۇرۇشىغا بوبىر تويۇقسىز ۋارقىرىدى:

— توختا، ماشىنىنى توختات!

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



يول ياقىسىدا بويىنىغا ئۇقدان ئاسقان 30 دەك ئادەم ئالدىغا كالاشنىكوۋ ماركىلىق پىلىموتنى قويۇۋېلىپ، غۇژمەكلىشىپ ئولتۇراتتى.

— بۇلار پاشاخاننىڭ ئادەملىرىدەك قىلىدۇ، — دېدى بوبېر، — چۈشۈپ قاراپ باقايلى.

بوبېر ماشىنىدىن چۈشۈپ، تاجىمىرنى قولىدىن سۆرەپ دېگۈدەكلا غۇژمەكلىشىپ ئولتۇرغانلارنىڭ يېنىغا كەلدى. دېگەندەكلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پاشاخانمۇ بار ئىدى. ئۇ، ئافغانىستاننىڭ شەرقىدىكى ئەڭ غوللۇق مىلتارىست بولۇپ، خەمىد كارزاينىڭ ناھايىتى كۈچلۈك رەقىبلىرىدىن ئىدى.

تالىبانلار قۇيرۇقىنى خادا قىلغاندىن كېيىن، پاشاخان پاكتىيا ئۆلكىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى. پاكتىيا ئۆلكىسى ئافغانىستاندىكى ئەڭ باشباشتاق رايونلاردىن ئىدى. بازا تەشكىلاتىدىكىلەر بىلەن ئاستىرتتىن ھە-ھۇ دېيىشىپ تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ ئۆلكە باشلىقى بولمىش پاشاخان، بارا-بارا ئامېرىكا ئاخبارات ئورگانلىرىغا نىسبەتەن ناھايىتى مۇھىم شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، پاشاخان ئامېرىكا ئاخبارات ئورگىنىدىكىلەر بىلەن بىر-بىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى قىلىپ، ئۆز ئارا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ھەمكارلاردىن بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، تالىبانلار بىلەن بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى خۇپىيانە كۆزىتىپ، ئامېرىكىلىقلارغا بۇ ھەقتە ئاخبارات يەتكۈزۈش ئىدى. شۇڭا ئۇ ئامېرىكىلىقلار بەرگەن سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونى ئارقىلىق، بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنىڭ شۇ يەردىكى ھەربىكەت ئەھۋالىنى ئامېرىكىلىقلارغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. ئامېرىكىلىقلار بولسا، ئاشۇ ئاخباراتقا ئاساسەن ھېلى ئۇ كەنتنى، ھېلى بۇ مەھەللىنى، ھېلى كارزايىنىڭ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىش مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كېتىۋاتقان قەبىلە ئاقساقاللىرىنىڭ ئۆتەر يولىنى، ھېلى ئۇلار قاتنىشىۋاتقان توي سورۇنىنى ھەتتا ئۇلارنىڭ تۇرالغۇلىرىنى توختىماي بومبىلايتتى. بۇ بايقۇشلار گەرچە ئۇساما بىن لادىن بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پاشاخاننىڭ دۈشمەنلىرى ئىدى. شۇ جايدىكى قەبىلىلەر بۇ كاللا كېسەر ئۆلكە باشلىقىغا جان-جەھلى بىلەن قارشى ئىدى. شۇڭا پاشاخان ئاشۇ يەرلىكلەردىن ئۆچ ئېلىشتا ئامېرىكىلىقلاردىن پايدىلاندى. ئۇنىڭ دەيدەيگە سېلىشى بىلەن ئامېرىكىلىقلار ھەتتا 52 — B بەلگىلىك بومباردىمانچى ئايروپىلان بىلەن16 — F بەلگىلىك ئۇرۇش ئايروپىلانىنىمۇ ئىشقا سالدى. كارزايى ئۇنىڭ بۇ غالجىرلىقلىرىغا غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پاشاخاننى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىۋېتىشتىن

باشقا ھېچنېمە قىلالمىدى.

بۇنىڭ بىلەن قولدىن كەتكەن ھوقۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئالدىرىغان پاشاخان، ئۆز ئالدىغا كىچىك كۆلەملىك ئۇرۇش قوزغىماقچى بولۇپ، راكېتا مىناميوتلىرىنى دۈشمەنلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرگە ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوخشاش بولمىغان مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭگە-جېدەل ئەدەپ كېتىپ، بىر مۇنچىلىغان گۇناھسىز كىشى بىكاردىن-بىكار جېنىنى سېلىپ بەردى. پاشاخان ئۆزىمۇ ئاخىر بولدى قىلدى. بوببېرمۇ خېلىدىن بېرى ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشقا تەشنا بولۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ تەلىيگە پاشاخان مانا يول بويىدىكى قۇمساڭغۇدا بومبا ساقال بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپتۇ.

پاشاخان ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە بوببېرغا ئاغزىنىڭ ئۇچىدىلا سالام قىلىپ قويغاندىن كېيىن، تاجىمىر بىلەن قىزغىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئولتۇرغۇزدى:

— بۇرادەر، قانداقراق تۇردۇڭلار؟ ئەھۋالىڭلار ياخشىدۇ؟

ئامېرىكىلىقلار بىن لادىننى يوقىتىش ئۈچۈن «بوغما يىلان ھەرىكىتى»نى قوزغىغان چاغدا، تاجىمىر پاشاخان بىلەن ساقچى ئىدارىسىدا كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەنىدى.

پاشاخان بىلەن ئۇنىڭ ئۈچ ئىنىسى بۇ رايوندا يۇرت سورىغان چاغلاردا، پاكتىيا ئۆلكىسى پاشاخاننىڭ قانداق زورلۇق-زومبۇلۇق قىلسا بولۇۋېرىدىغان شەخسىي بېغىغىلا ئايلىنىپ قالغانىدى. بىر يېرىم ئاي ئىلگىرى پاشاخاننىڭ مىناميوت ئوقلىرى گاردېزغا يامغۇردەك ياغقان بولسا، مانا ئەمدى خوستقا قاراپ ئۇچقىلى تۇردى. پاشاخان ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندىن كېيىن، يېڭى ئۆلكە باشلىقىمۇ تەيىنلەندى. يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان ئاۋستىرالىيىدە ھايات كەچۈرگەن بۇ جەمئىيەتشۇناس، پاشاخان ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرىدىن ئېھتىيات قىلىپ، خۇپىيانە يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى.

— ئادەملىرىم ھەممىنى تەق قىلىپ قويدى، — دەپ گېپىنى باشلىدى پاشاخان، تاجىمىر ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلاتتى، بوببېر بولسا بىرمۇبىر خاتىرىلەيتتى، — بىز تېخى بايىلا ئۇنى دەرھال جايلىۋېتىمىزمۇ ياكى پۇرسەت كۈتسەك بولارمۇ دېگەن پىلان ئۈستىدە كېڭەشتۇق، — ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە قاراپ قويۇپ گېپىنى داۋام قىلدى، — سىلەر ئۇدۇل خوستقا بارسىلەر، شۇنداققۇ؟! ئۇنداق بولسا ئىسمىغا ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ يېڭى ئۆلكە باشلىقىنى غاچچىدە ئاغدۇرۇۋەتسۇن، ئاندىن كارزايىنىمۇ تۇتقۇن قىلىپ بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەردىن قوغلىۋەتسۇن!

پاشاخان بۇ گەپلىرىنى ئىشارەت بىلەن قوشۇپ چۈشەندۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان قول ئاستىدىكىلىرى ئالدى بىلەن تاجىمىرغا، ئاندىن سېرىق چاچلىق بوبىپىرغا قارىدى. بوبىپىر بولۇنۇۋاتقان گەپلەرنىڭ بىرىنى قويماي خاتىرىلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى.

— ئاڭلاپ تۇرۇڭلار ...، — دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى پاشاخان.

پاشاخان ئامېرىكىلىقلار گويا قارچۇغىدەك كۆز تىكىپ تۇرغان بۇ ئۈچ ئۆلكىنىڭ غوجىئاكىسى ئىدى، ھەم ئۆزىنىڭ بۇ جەھەتتىكى غالىبلىقىغا شەكسىز ئىشىنەتتى. پاشاخان ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى يەرگە بىر خەرىتىنى سىزىپ تۇرۇپ چۈشەندۈردى، ئۇنىڭ قول ئۈچىدا جىجىلاپلا سىزغان خەرىتىسىدە يول ۋە چېگرىلار ئېنىق كۆرسىتىلگەنىدى. ئۇ گەپ قىلغاچ تۇرۇپ-تۇرۇپلا تاجىمىرنىڭ پۇتىغا ئۇرۇپ قوياتتى. بىر تال چۇمۇلە تاجىمىرنىڭ پۇتىغا يامىشىپ يۇقىرىغا ئۆرلىگىلى تۇردى. بۇ تاجىمىر ئۆمرىدە كۆرگەن ئەڭ يوغان چۇمۇلە ئىدى.

— كارزايى كېلەر ھەپتە سىلەرگە قارشى قوشۇن تارتقۇدەكمىشقۇ؟ — دەپ سورىدى بوبىپىر.

— نەنىڭ قوشۇنكەن ئۇ؟ كارزايىنىڭ قولدا ئەنگلىيىدە چېنىقتۇرۇلغان بىر نەچچە يۈز مۇھاپىزەتچىسىدىن باشقا ھېچقانداق ئەسكەر بولمىسا؟ ئىشقىلىپ مېنىڭ تەسىر دائىرەم ئىچىدە ھېچكىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ! — دېدى پاشاخان قول ئاستىدىكىلىرىگە قاراپ، ئۈچىسىغا ماتادىن ئىشتان-چاپان، پۇتىغا ئەسكى سەندەل كىيگەن بۇ ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ قولىدىكى كالاشىنكوۋ پىلموتىلا ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلىكىگە رەڭدار مەرۋايىت بىلەزۈك تاقىۋالغان، بەزىلىرى كەشتىلىك چىلتەك باغلىۋېلىشقانىدى، يىگىتلەردىن بىر نەچچىسى پىلموتىنىڭ پايىنكىگە رەڭدار قەغەزلەرنى چاپلىۋالغانىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر پارچە ھال قەغەزگە "لەۋلىرىڭ بولاي" دېگەن خەت يېزىلغانىدى.

بۇ ئاتارمەن-چاپارمەنلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىر يىلنىڭ ئالدىنىدىلا تالىبانلار قوشۇنىدا ئىدى. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بۇنداق يۇمۇلاق تاۋۇزلۇقىنى ئاقلاپ: "بىزگە ھېچكىم ھۆكۈمرانلىق قىلالمايدۇ، لېكىن بىزنى كىم ياللىسا بولىۋېرىدۇ" دەرمىش. شۇڭا ئۇلار ئۇرۇشلاردا خۇددى سېھىرگەردەك ھەش-پەش دېگۈچە قارشى تەرەپكە سېتىلىپ كېتىۋېرىدۇ. دېمەك، ئۇلار ھازىر پاشاخانغا تەۋە بولغىنى بىلەن، ئەتىلا ئامېرىكىلىقلارغا ياللىنىشى مۇمكىن. لېكىن

ئۇلارنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى — پاشاخان رەقىبىم دەپ قارىغانلىكى ھەرقانداق ئادەمگە تاقابىل تۇرۇش، ئامېرىكىلىقلارنىڭ بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنى ئاختۇرۇشقا ھەمكارلىشىش ئىشىغا كەلسەك، ئۇنىڭغا پەقەت ۋاقتى كەلگەندە بىر نېمە دەيدىغان گەپ.

— ئېلىشىپ قاپتۇ، — دېدى تاجىمىر ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، — دەل مۇشۇنداق بىر نېمىلەرنىڭ دەستىدىن ئافغانىستاندا ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بېسىقمايۋاتىدۇ؛ بۇنداق ئادەملەر ھوقۇقنى تىنچلىقتىن ئەلا بىلىدۇ؛ پاشاخان ئاشۇنداق تەلۋىلىكى بىلەن ھازىرغىچە نەچچە مىڭ ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىپ بولدى؛ دەل مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنى سوتقا سۆرەپ چىققىلى بولاتتى؛ لېكىنزە ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇشۇنداق بىر تەلۋە بىلەن ھەمكارلىشىۋاتقىنىغا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

— ئۇلارغىمۇ ئامال قانچە؟ — دېدى بوبىېر، — ناۋادا زادى ھېچكىمنىڭ قان قەرزى يوق، پاك ئادەم بىلەن ھەمكارلىشىمەن دېسە، بۇ رايوندىن ئۇنداق ئادەملەرنى تاپماقمۇ تەستە!

— لېكىن بۇلار ھازىر ئامېرىكىلىقلارنىڭ تالىبانلارنى ئاختۇرۇشقا ھەمكارلىشىدىغان ئىشنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆز ئارا قورال تەڭلىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى تاجىمىر بوبىېرنىڭ گېپىگە يارىشا.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى بوبىېر غۇدۇڭشىپ تۇرۇپ، — لېكىن بۇ خەقنىڭ ئارىسىدا ھەقىقىي مەنىدىكى كەسكىن ئۇرۇشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن گۇمانلىنىمەن.

قارىغاندا تاجىمىر بىلەن بوبىېرنىڭ گېپى ھەرگىزمۇ بىر يەردىن چىقىدىغاندەك ئەمەس ئىدى، بوبىېر پاشاخانغا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ قالغاندەك ئىشلارغا كۆپرەك يولۇقساقكەن، دېگەن ئۈمىدتە، لېكىن تاجىمىر ئىشنى تۈگىتىپ تېزرەك قايتىپ كەتسەككەن، دېگەن ئارزۇدا ئىدى، چۈنكى يەنە بىر نەچچە كۈندىن كېيىن قادىيە ئىككىسىنىڭ توي خاتىرە كۈنى ئىدى، تاجىمىرنىڭ قايتىشقا ئالدىراپ كېتىۋاتقانلىقىمۇ، دەل ئاشۇ خاتىرە كۈنگىچە ئۆيىگە ئۈلگۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن ئىدى، تاجىمىر خوتۇنىغا توي خاتىرە كۈنىگە ئاتاپ چىرايلىق سوۋغات ئالغاچ بېرىپ، ئۇنى خۇش قىلىۋېتىشكە ئالدىراپ كېتىۋاتاتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە بوبىېر كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان كەچمىشلەرگە ئەسىر بولغانىدى، بىر نەچچە ھەپتە ئىلگىرى تاجىمىر بىلەن بوبىېر ئىككىسى گىرانات چۈشۈپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاسلا قالدى؛ تاجىمىر بىلەن بوبىېرنىڭ يەيدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



رىزىقى تۈگىمىگەچكىمۇ، چۇشۇپ پارتلىغان گىرانات ئارقا تەرەپتىكى ماشىنىنى كۆمپەيكۈم قىلىۋەتكىنى بىلەن، تاجىمىر بىلەن بوبىبىرغا قىلچە زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەنىدى، گاردىيزغا بېرىشتا ئۇلار كۆتۈلمىگەن بالا-قازادىن ساقلىنىش ئۈچۈن قاراڭغۇدا يول يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى، ئوقلار ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە "ۋىژ، ۋىژ" قىلىپ ئۇچۇپ تۇراتتى، بوبىبىرمۇ بۇنىڭدىن قورقۇپ، يۈرىكى چىقىپ كېتەيلا دېدى-يۇ، لېكىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى، ئەمما تاجىمىر بۇ خەتەرلىك سەپەردىن بەكمۇ دادلاپ كەتتى، شۇڭلاشقىمۇ بوبىبىر ئۇنىڭغا ئاشۇ قىيمىلىق سەپەر ئۈچۈن "خەۋپ-خەتەر ياردەم پۇلى" قوشۇپ بەردى، فىروزانىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، تاجىمىر ئۇ پۇلنى ئۆزى خەجلىسە بولاتتى،

تاجىمىرمۇ كۆپ ساندىكى ئافغانىستانلىقلارغا ئوخشاش، بۇ رايوندىكىلەرنى دېگەندەك چۈشەنمىگەچكە، بۇ رايونلارنى ياۋايى ۋە زوراۋانلارنىڭ ئۇۋىسى، دەپلا قارايتتى، پاشاخان ۋە ئۇنىڭ ئىنىلىرى ھاكىملىق قىلىدىغان بۇ رايوندىكىلەر مەركىزىي ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇشنى خالىمايتتى،

ئۇلار گىياھ ئۈنمەس قۇملۇققا كىرىپ كەلدى، قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا چارۋىچىلار ۋە ئاستا ئەمما ھەيۋەت بىلەن كېتىپ بارغان تۆگىلەر ئاندا-ساندا ئۇچراپ تۇراتتى، بەزى چارۋىچىلارنىڭ چېدىرلىرى ناھايىتى يوغان تىكىلگەنىدى، ئۇچىسىغا كۆز چاقناتقۇدەك رەڭدار كۆينەك كىيگەن مەزلۇملار چېدىرلار ئارىسىدا ئىش بىلەن ئالدىراش ئىدى، قىسقىسى، كۆچمە قەبىلىسىدىكى ئاياللارنى ئافغانىستان بويىچە ئەڭ ھۆر مەزلۇملار دېيىشكە بولاتتى، چۈنكى بۇ يەر شەھەردىن بەكمۇ يىراق بولغاچقا، تالىبانلار ئۇلارنى پۈركەنجە ئىچىدە بۇرۇختۇم قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى، ئەمما بۇ يەردىكى چارۋىچىلار ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان ئايىغى چىقماس ئۇرۇش ۋە تۈگىمەس ئوق-بومبىلارنىڭ دەستىدىن ئاجايىپ ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىغاچقا، ئىلاجىسىزلىقتىن نەچچە يۈز يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئەندىزىسىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر بولدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ياشاش ماكانى بەكمۇ تارىيىپ كەتتى، ئۆلگەنىنىڭ ئۈستىگە تەپكەندەك، يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئېغىر قۇرغاقچىلىقتا ئۇلارنىڭ قوي، تۆگىلىرى قىرىلىپ كېتىۋاتاتتى،

بۇ رايون ئومۇمەن كۆز يەتكۈسىز باياۋان ئىدى، تاغ تىزمىلىرى بىلەن پەستىكى قۇملۇقلار يىراقتىن قارىسا قوڭۇر كۆرۈنەتتى، تاغ باغرىدىكى قارا-

قۇربلار بولسا، غۇژمەكلىشىۋېلىپ ئوتلاپ يۈرگەن قويلار ئىدى.

ئۇلار چۈشكەن ماشىنا تاجىمىر ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغان شەھەر — خوستقا يېتىپ كېلىشكە ئازلا قالدى، تالىبانلارنىڭ ئاتامانى موللا ئۆمەر ئەڭ ساداقەتمەن قوللىغۇچىلارنى دەل مۇشۇ شەھەردىن تاپقانىدى. خوست ۋە ئەتراپتىكى رايون يۇقىرىلىرىمۇ ئەلنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنىڭ تالىبانلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا نىسبەتەن ئەلنى كىم سورىسا بەرىبىر ئىدى. ئۇ يەردىكى ئاياللار سىرتقا چىقىپ ئىشلىمەيتتى، قىزلار مەكتەپتە ئوقۇمايتتى، ئايال زاتى ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپلا ئۆزىنى پۈركەنجە ئىچىدە كۆرەتتى. پۈركەنجىنىڭ كارامىتى ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىلارنىڭ ئۈگۈت-نەسىھەتلىرى بىلەن كامال تاپاتتى.

خوستنى "ئايال زاتى يوق شەھەر" دېيىشكىمۇ بولاتتى. تالىبانلار ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى ئەتىياز، كابۇلدىكى ئايال زاتى پۈركەنجىسىنى سېلىۋېتىپ، رەستە ۋە ماگىزىنلارنى بىمالال ئايلىنالايدىغان بولدى. ئەمما خوست شەھىرىنىڭ كوچا-كويلىرىدا ھەتتا پۈركەنجىلىك مەزلۇملارنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايتتى. چۈنكى خوستتىكى ئايال زاتىنىڭ كۈنى ئېگىز تاملىق ئارقا ھويلىلاردا ئۆتەتتى. تالا-تۈزنى كۆرۈش ئۇلارغا نېسىپ بولمايتتى.

تاجىمىر بىلەن بوبىېر ئۇدۇللا پاشاخاننىڭ ئىنىسى قەمەرخاننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ ئۆلكە مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاينى ئىگىلىۋالغاچقا، يېقىندىن تەيىنلەنگەن ئۆلكە باشلىقى ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئاستىدىكى بىر ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۆلكە مەھكىمىسىنىڭ ھويلىسىدىكى گۈللۈك قەمەرخاننىڭ ئاتارمەن-چاپارمەنلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قېرىلارمۇ، ئوتتۇرا ياشلىقلارمۇ ۋە ياشلارمۇ بار ئىدى. ئۆزۈندىن بۇيان جىددىيلىك ئىچىدە تۇرۇپ چارچاپ كەتكەچكىمۇ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئولتۇراتتى، بەزىلىرى ياتاتتى؛ بەزىلىرى سەگدەپ ئۇياقتىن-بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

— قەمەرخان نەدىدۇ؟ — دەپ سورىدى تاجىمىر.

ئىككى ئەسكەر ئۇلارنى ئاتامان بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە باشلاپ ئاپاردى. بىنا مۇنچە كىشىنىڭ باقاۋۇللۇقىدا ئولتۇرغان قەمەرخان زىيارەتكە كەلگەنلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە قوشۇلدى. مېھمانلار ئولتۇردى. ئاڭغىچە بىر ئوغۇل بالا چاي كەلتۈردى.

— بىز ئۈرۈش ھازىرلىقلىرىنى قىلىپ قويدۇق، — دېدى قەمەرخان، — يېڭى ئۆلكە باشلىقى ئورنىنى ئاكامغا بوشاتمايدىكەن، تىنچلىقتىن سۆز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئېچىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باداشقانىنى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ، چاي ئىچكەچ گەپكە قۇلاق سېلىۋاتقان بىرى بېشىنى بەكرەك لىڭشىتىپ كەتتى. ئۇ كىشى دەل قەمەرخاندىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان قوماندان ئىدى. ئۇ ئۆزىگە يېقىن ياندىشىپ ئولتۇرغان بىر يىگىتكە ھېلىدىن ھېلىغا قاش ئېتىپ قوياتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە كىرىشىپ كەتكەن قوللىرى ئاستا-ئاستا بىر-بىرىسىنىڭ ئېتىكىنىڭ ئاستىغا سۇرۇلدى. ئولتۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ نۇرغۇنلىرى تاجىمىر بىلەن بويبېرىغا ھەۋەسلىك كۆزلىرىنى تىكەتتى.

بولۇپمۇ ئافغانىستاننىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايونلاردا بەچچىۋازلىق، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئادەتتىكى ئىشلاردىن ئىدى. شۇڭا نۇرغۇن قوماندانلارنىڭ ياش يىگىتلەردىن ئاشنىسى بولاتتى. ھەتتا يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان كىشىلەرنىڭمۇ چېچىغا، قۇلىقىغا ياكى تۈگمىسىگە گۈل قىسىۋالغان بىر نەچچە يىگىتنى ئارقىسىغا سېلىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇچراتقىلى بولاتتى.

غىتمەك يىگىتلەرنى ئارقىسىغا سېلىپ يۈرىدىغان بۇ قوماندانلار، خوتۇنى ۋە بىر مۇنچە بالىسى بار ئەركەكلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قايتىپ خوتۇن - بالىلىرى بىلەن جەم بولۇش پۇرسىتى بەك ئاز ئىدى. ئۇلار ئەتىگەندىن كەچكىچە ئەر كىشىلەر ئارىسىدىلا يۈرۈشكە مەجبۇر بولاتتى. بۇنداق غىتمەك يىگىتلەر گاھىدا بىر-بىرىگە كۈندەشلىك قىلىپ ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىشلارنى تېرىۋېتەتتى. بىر يىگىت ئىككى ئادەمنى تەڭلا ياخشى كۆرۈپ قالغاچقا، ھەسەت ۋەجىدىن بولىدىغان توقۇنۇشلارمۇ توختىماي يۈز بېرىپ تۇراتتى. بىر قېتىم ئىككى قوماندان بىر غىتمەك يىگىتنى تالىشىپ توقۇنۇشۇپ قېلىپ، بۇ ئىككىسىنىڭ جېدەللى ئاخىر تانكىلارنى ئىشقا سېلىشقىچە بېرىپ يەتتى. نەتىجىدە نەچچە ئون ئادەم ھېلىقى غىتمەكنىڭ كاساپىتىدىن جېنىدىن جۇدا بولدى.

قەمەرخان 20 ياشلاردىكى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇ بۇ ئۆلكىگە ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھوقۇقىنىڭ ئەزەلدىنلا ئۆز جەمەتىگە بەخشەندە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى.

— بىز دېگەن ئاۋام بىلەن ھەمنەپەس، — دېدى قەمەرخان، — بىز ھوقۇقنى دەپ ئەمەس، بەلكى ئاۋامنى دەپ ئاتلانغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىر تىنىق جېنىمىز، بىر قوشۇق قېنىمىز قالغۇچە كۈرەش قىلىشقا قادىرمىز؛ ئاۋام بىزگە موھتاج بولغانىكەن، ئەلۋەتتە ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاقىدىغان

گەپ ـ تە!

قەمەرخاننىڭ ئارقىسىدىكى تامدا ئۆزۈن پۇتلۇق ئىككى ئۆمۈچۈك ھەدەپ يۇقىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىۋاتاتتى. قەمەرخان يېنىدىن كىچىك بىر تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە تال دورىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى:

— ساقىسىز بولۇپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى قەمەرخان، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل موھتاجلىق چىقىپ تۇراتتى.

قىسقىسى، بۇلار خەمىد كارزاينىڭ زىتىغا تۇلتۇرۇپ، ئەلگە مىلتارىستلارچە ھۆكۈمرانلىق قىلىپ، كابۇلدىن يۈز ئۆرىگەن ئاسىيلار ئىدى. ھوقۇق ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھاياتىدىكى ئەڭ قىممەتلىك نەرسە بولغىنى ئۈچۈن، ئۇلار ئاشۇ ھوقۇقنىڭ قەستىدە مەدەنىي دۇنيادىن مۇستەسنا ياۋايىلارچە ياشاشقا رازى ئىدى. چۈنكى ھوقۇق ئۇلارغا نىسبەتەن مۇنداق ئىككى نەرسىدىن دېرەك بېرەتتى: بىرى، شان ـ شۆھرەت، پاشاخان ھوقۇقنى قولغا ئاللىسا، بۇ ئۆلكىگە ئىگىدارلىق قىلىش شەرىپى داۋاملىق ئاشۇ جەمەتكە مەنسۇپ بولىدۇ، دېگەن گەپ. يەنە بىرى، پۇل، ھوقۇق قولغا ئۆتكەنىكەن، ئۇ چاغدا، ئەتكەس مال سودىسىمۇ شۇ كىشىنىڭ ئىرادىسى بويىچە چۆرگىلەيدۇ ـ دە، بۇنىڭ بىلەن ئەتكەس ماللاردىنمۇ قانۇن بويىچە تاموژنا بېجى ئالغىلى بولىدۇ، دېگەن گەپ.

تۈپ ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئامېرىكىلىق مۇخبىر بوبېر خوست رايونىغا كارزايى مىلتارىستلارغا "قورال كۆچىنى ئىشقا سالىمەن" دەپ قوقاق سېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا قىزىقىپ قالغىنى يوق، چۈنكى پاشاخاننىڭ دېگىنىدەك "ناۋادا كارزايى قوشۇن تارتسا قان تۆكۈلىدۇ، قان تۆككەن ھاكىم ئەلۋەتتە ئاۋامنىڭ قارغىشىغا قالىدۇ!"

گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، بوبېرنىڭ قىزىقىدىغىنى، ئامېرىكىنىڭ بۇ رايوندىكى ئالاھىدە قىسمى ئىدى، چۈنكى بۇ قىسىم مەخپىي تەشكىللىنىدىغانلىقى ھەمدە ئۇلار بازا تەشكىلاتىدىكىلەرنى ئىنتايىن خۇپىيانە ئاختۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتىكى ئادەم ئۇلارغا ھەرگىزمۇ يېقىنلىشالمايتتى. بوبېر بۇ يەرگە «بازا تەشكىلاتىنى ئىزدەش » دېگەن تېمىدا بىر پارچە يىگانە ئەسەر يېزىش نىيىتىدە كەلگەنىدى. بۇ ياش مۇخبىر ئۇساما بىن لادىن ياكى موللا ئۆمەرنى ئىزدەپ تېپىش، شۇنداقلا ئىزدەش جەريانى ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلىشقا بەكمۇ تەشنا ئىدى. ئامېرىكىلىقلار ئادەتتە ئىككى تەرەپكە تەڭ دو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



تىكىدىغان يۇمۇلاق تاۋۇزلاردىن بولغاچقا، شۇ يەردىكى توقۇنۇشۋاتقان ئىككىلا تەرەپ بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھەر ئىككى تەرەپكە ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم قىلدى؛ ئۇلارنى قورال-ياراغ، خەۋەرلىشىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ئاپتوماتىك سايمانلار بىلەن تەمىنلىدى. نەتىجىدە بۇ ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا توقۇنۇشقىنى بىلەن، بىرلا ۋاقىتتا يەنە ئامېرىكىنىڭ كەتمىنىنى چاپقىلى تۇردى. ئامېرىكىلىقلار ئىلگىرى تالىبانلارنى تەڭ باراۋەر قوللىغان بولسىمۇ، لېكىن ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، ئاق تاغلىق-قارا تاغلىق بولۇپ كەتكەن بۇ ئىككى تەرەپ بىلەن ناھايىتى ئوبدان مۇلاقاتلاردا بولالايتتى.

پاشاخان جەمەتىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى خوستتىكى ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇستافا ئىدى. مۇستافا كارزايى ۋە ئامېرىكىلىقلار بىلەن ناھايىتى ياخشى ھەمكارلىشىۋاتاتتى. يېقىندا يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق توقۇنۇشتا، مۇستافانىڭ بىر ئادىمى پاشاخان جەمەتىنىڭ تۆت ئادىمىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەچكە، مۇستافا ئۆزى بىر نەچچە كۈنگىچە ساقچى ئىدارىسىغا مۆكۈۋېلىپ تالاغا چىقمىدى. پاشاخاننىڭ ئىنىسىنىڭ دېيىشىچە، مۇستافا شۇ كۈنلەردە ساقچى ئىدارىسىدىن چىقىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭ جاجىسى بىر پاي ئوق ئىكەندۇق. ساقچى ئىدارىسىغا مۆكۈۋالغان مۇستافانىڭ ئادەملىرى ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئىچىدىغان سۇيى تۈگىگەندىن كېيىن، ئىلاجسىز پاشاخان جەمەتى بىلەن مۇرەسسەلىشىشكە قوشۇلۇپ، ئۇلار بىلەن مۇستافانىڭ تۆت ئادىمىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، شۇ ئارقىلىق ھېلىقى تۆت ئادەمنىڭ قان قەرزىنى قايتۇرۇش ھەققىدە كېلىشىم ئىمزالاپتۇ. قەمەرخان بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ۋاسىلخاننىڭ دەپ بېرىشىچە، مۇستافا ئاياللار ۋە باللارنى قىرغان قانخور بولغاچقا، ئۇنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمىسە بولماسمىش. تاجىمىر بىلەن بوبېر ئورۇنلىرىدىن تۇردى، ئىككى ئوغۇل بالا ئۇلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. بۇ ئىككى ئوغۇل بالا چىرايلىق ھەم نازۇك قىزلارغا ئوخشاپ كېتەتتى. دولقۇنلۇق چاچلىرىغا سېرىق گۈل قىستۇرۇپ، بېلىنى رېمون بىلەن چىڭ باغلىۋالغان بۇ ئىككى يىگىت، ئالتۇن چاچلىق بوبېر بىلەن كىچىككىنە يۇمۇلاق يۈزى پارقىراپ تۇرىدىغان تەمبەل تاجىمىرنى كۆزەتكەندەك، ئۇلارنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى مۇستافانىڭ ئادەملىرى، — دېدى ھېلىقى ئىككى بالا، — ئۇلارغا ھەرگىز ئىشەنمەڭلار، ئۇ بىر نېمىلەر سىلەردىن پايدىلىنىپ بولغاندىن كېيىنلا يۈز ئۆرۈيدۇ؛ قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ھەرگىز

تالاغا چىقماڭلار، بولمىسا ئۇلار سىلەرنى بۇلاپ كېتىدۇ.

تاجىمىر بىلەن بوببېر ئۇدۇللا ساقچى ئىدارىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ساقچى ئىدارىسى بىلەن ئىشغال قىلىۋېلىنغان ئۆلكە مەھكىمىسىنى بىر نەچچە كوچا ئايرىپ تۇراتتى. ساقچى ئىدارىسى تېمىنىڭ قېلىنلىقى بىر نەچچە مېتىر كېلىدىغان قورغاننىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە جىنايەتچىلەر مىغىلداپ كەتكەندى. مۇستافانىڭ ئادەملىرى ھەيۋەتلىك تۆمۈر ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇلارنى بىر ھويلىغا باشلاپ كىردى. ئۇ يەردىمۇ يېڭىلا ئېچىلغان چىرايلىق گۈللەر كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. لېكىن ئۇ گۈللەر قەمەرخاننىڭ يېنىدىكىدەك چىرايلىق يىگىتلەرنىڭ بېشىدا ئەمەس، بەلكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ئارىسىدا ئىدى. مۇستافانىڭ قول ئاستىدىكىلەر قەمەرخاننىڭ ئادەملىرىدىن مانا مەن دەپ پەرقلىنىپلا تۇراتتى. ئۇلار ئۇچىسىغا قېنىق قوڭغۇر رەڭلىك فورما، بېشىدا تۆت قىرلىق تەقىيە، پۇتىغا ئۇزۇن قونچلۇق ئۆتۈك كىيگەنىدى. نۇرغۇنلىرى ئېغىز-بۇرنىغا نىقاپ، كۆزىگە قارا كۆزەينەك تاقىغان بولۇپ، ئۇلارغا مۇنداقلا قارىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى.

تاجىمىر بىلەن بوببېر بىرەيلەننىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ، تار پەشتاق بىلەن ھەيۋەتلىك قەلئەنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ، ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر ئۆيگە كىردى. بۇ مۇستافانىڭ ئىشخانىسى ئىدى. ئۇنىمۇ قەمەرخاننىڭ قورۇقچىلىرىغا ئوخشاش نۇرغۇن قوراللىق باقاۋۇللار قوغداپ تۇراتتى. بۇ ئىككى قارارگاھتىكىلەرنىڭ قولىدىكى قورالى، ساقال-بۇرۇتى، چىراي ئىپادىسى ھەتتا تېمىغا تارتىپ قويغان مەككە مۇكەررەمىنىڭ سۈرىتىمۇ ئوخشاش ئىدى. بىردىنبىر ئوخشىمايدىغان يېرى بۇ يەرنىڭ ئاتامانى — ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مۇستافا قەمەرخاندەك يەردە ئەمەس، ئىش ئۈستىلىنىڭ ئارقىسىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. بۇ يەردە قەمەرخاننىڭ يېنىدىكىدەك بېشىغا گۈل قىسىۋالغان يىگىتلەر يوق ئىدى. مۇستافانىڭ ئۈستىلىگە بىر لوڭقىدا سېرىق، قىزىل ۋە يېشىل ئېچىلغان سۈنئىي گۈل قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا يېشىل تاشلىق بىر پارچە «قۇرئان» ۋە ئافغانىستاننىڭ دۆلەت بايرىقى تۇراتتى.

— كارزايى بىزنى قوللايدۇ، شۇڭا ھېچنېمىدىن قورقۇنچىمىز يوق، — دېدى مۇستافا. — پاشاخاننىڭ قېرىنداشلىرى بۇ يەردە بالا-قازا تېرىۋاتقىلى ئۇزۇن زامانلار بولدى، بۇ شورىقۇرىغۇرلارنىڭ بۇنداق ئىپلاسلىقلىرىنى زادى تونۇمىساق بولمايدۇ، — ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتىشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مۇستافا توختىماي سۆزلەيتتى، تاجىمىر ئېرىنمەي تەرجىمە قىلاتتى، مۇستافامۇ قەھرىخانىنىڭكىگە ئوخشاش ئىبارىلەر بىلەن ئۆزىنىڭ سىر- ھەيۋىسىنى ئىپادىلەيتتى؛ ئۆزىنىڭ قەھرىخاندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرەپلىرىنى، تىنچلىق ئۈچۈن قىلىۋاتقان ئەجىر- مېھنىتىنى ۋە ئافغانىستاندا نېمە ئۈچۈن ھەقىقىي تىنچلىقنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلماسلىقىغا سەۋەب بولۇۋاتقان ئامىللار ئۈستىدىكى ئىزدىنىشلىرىنى بايان قىلاتتى.

مۇستافا ئامېرىكىلىقلارنىڭ بىن لادىن بىلەن موللا ئۆمەرنى ئىزدەش ھەرىكىتىگە نۇرغۇن قېتىم قاتناشقانىدى. مۇستافا بىر قېتىم ئامېرىكىلىقلار بىلەن بىن لادىن ۋە موللا ئۆمەر زادى مۇشۇ يەردە دەپ جەزىم قىلىنغان بىر ئۆيگە باستۇرۇپ كىرسە، ئۇ ئىككىسى ئاقتىمۇ يوق- كۆكتىمۇ يوق كۆزدىن غايىب بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. بوبىبىر كۆپرەك ئەھۋال ئىگىلەشكە تىرىشاتتى. لېكىن ئۇ يەردىكىلەر ئاغزى چىڭ، ئىچى پىششىق نېمىلەر بولغاچقا تاجىمىر بىلەن بوبىبىر ئۇلاردىن ھېچقانداق پايدىلىق ئۇچۇرغا ئېرىشەلمىدى. بوبىبىر بۇ يەردە بىرەر كېچە قونۇپ قېلىشقا بولىدىغان- بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، مۇستافا:

— بولمايدۇ، بىز مەخپىيەتلىكنى قاتتىق ساقلىشىمىز كېرەك، ئامېرىكىلىقلارمۇ شۇنى ئۈمىد قىلىدۇ، ھەرقانچە يېلىنغىنىڭىز بىلەنمۇ بىكار، يىگىت، ئاۋارە بولماڭ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قاش قارايغاندىن كېيىن تالا- تۈزگە چىقماڭلار، — دېدى مۇستافا ئۇلارنى ئۇزىتىدىغان چاغدا بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا، — بولمىسا پاشاخاننىڭ ئادەملىرى تۇتۇپ كېتىدۇ.

ئۇلار مۇستافا بىلەن خوشلىشىپ يېنىپ چىقىپ، بىر كاۋاپخانىغا كەلدى. كاۋاپخانا ناھايىتى كەڭرى بولۇپ، دېرىزە پەردىسى تام تۈۋىدىكى ئورۇندۇققا تېگىپ تۇراتتى. تاجىمىر قىيمىلىق ئاش بىلەن كاۋاپ بۇيرۇتتى؛ لېكىن كېسەل يۇقۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەن بوبىبىر سۇدا پىشۇرغان تۇخۇم بىلەن نان ئالدى. ئۇلار غىزاسىنى ھاپىلا- شاپىلا يەپلا قاراڭغۇ چۈشكىچە مېھمانخانىغا كېلىۋالدى، چۈنكى ئۆيلىمىغان ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرىدىغان بۇ شەھەردە ئېھتىيات قىلماي بولمايتتى.

ئۇلارنىڭ چۈشكىنى خوستتىكى بىردىنبىر مېھمانخانا ئىدى. تاجىمىر بىلەن بوبىبىر مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا كېلىۋىدى، تۆمۈر دەرۋازىسى ئاستا ئېچىلدى. ئۇلار بوسۇغىدىن ئاتلىغان ھامان داراڭگىدە يېپىلدى. ئۇ ئىككىسى تۆمۈر دەرۋازىنىڭ

ئىچىدە تۇرۇپ سىرتقا سەپ سېلىپ باقتى. دۇكانلارنىڭ ھەممىسى تاقالغان بولۇپ، نىقابلىق ساقچىلار چارلاپ يۈرەتتى، بۇ يەرنىڭ ۋەقرالىرى بازا تەشكىللىتىدىكىلەرگە ھېسداشلىق قىلاتتى. بۇ يەردىكى ھەرقانداق ئادەم ئامېرىكىلىقتىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، 50 مىڭ دوللار سۈيۈنچە ئېلىش ئارزۇسىدا يۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بوببېرغا ھەتتا كوچىدا كېتىۋاتقان بىرەرسى تىكىلىپ قاراپ قويسىمۇ، تاجىمىرنىڭ قورقۇپ پۇت-قولىدا جان قالمايتتى.

ئۇلار بوببېرنىڭ سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونىنى قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆگزىگە چىقتى. ئالغىچە بىر تىك ئۇچار ئايروپىلان ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئەگىپ ئۆتتى. بوببېر ئايروپىلاننىڭ قايسى يۆنىلىشكە قاراپ ئۇچقانلىقىنى جەزىم قىلىش ئۈچۈن ئاسمانغا بىر ھازا قاراپ تۇرۇپ كەتتى. بوببېرنىڭ بۇ سىمسىز تېلېفونغا ھەيران قېلىشقان مېھمانخانا قوغدىغۇچىلىرىدىن ئون نەچچەيلەن يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋېلىشتى.

— ئۇ ئامېرىكا بىلەن نېمە دېيىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۈچىسىغا يەكتەك، پۇتىغا سايما كەش كىيىپ، بېشىغا سەللە ئورىۋالغان ئورۇق، ئېگىز بىرى. قارىغاندا ئۇ قوغدىغۇچىلارنىڭ باشلىقىدەك قىلاتتى. تاجىمىر ئۇنىڭغا قاراپ باشقا گەپ قىلماي بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. تاجىمىر بوببېرنىڭ تېلېفونغا ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراپ تۇرغان قوغدىغۇچىلار بىلەن بىر نەچچە ئېغىز پاراڭلىشىپ باقتى. ئۇلار ئەسلىدە بوببېرنىڭ ئامېرىكا بىلەن نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا ئەمەس، بەلكى سۈنئىي ھەمراھ تېلېفونىنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىغا قىزىققانىكەن.

— ھەي، بىز قورال-ياراغ ئىشلىتىشكە ناھايىتى پىششىق، — دېدى ئارىدىن بىرەيلەن ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ، — لېكىنزە بۇنداق تېلېفونى ئىشلىتىشكە كەلگەندە كۆزى ئوچۇق قارىغۇ-دە. بىزدىكى ئەيىپ مانا مۇشۇ.

بوببېر ئامېرىكا بىلەن سۆزلىشىپ بولغاندىن كېيىن، تاجىمىرنى ئەگەشتۈرۈپ تۆۋەنگە چۈشتى. ھېلىقى قوغدىغۇچىلارمۇ ئۇلارغا سوغداشتى.

— بۇ بىر نېمىلەر گېزى كەلگەندە ئىككىمىزنىمۇ قىرىپ تاشلارمۇ؟ — دەپ سورىدى بوببېر.

قوغدىغۇچىلارنىڭ قولىدا بىردىن كالاشنىكوۋ ماركىلىق پىلىموت بار ئىدى، بەزىلىرى ھەتتا پىلىموتنىڭ ئۇچىدىكى ئۇزۇن نەيزىسىنى چىقىرىۋېلىشقانىدى. تاجىمىر بىلەن بوببېر مېھمانخانىنىڭ دەھلىزىگە قويۇلغان كىرىسلوغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىكى تامغا ناھايىتى كۆركەم بىر پارچە سۈرەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئىسقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭدىكىسى نيۇيورك مەنزىرىسى بولۇپ، دۇنيا سودا بىناسى ھەيۋەتلىك قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. لېكىن سۈرەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ھەقىقىي نيۇيوركنىڭ مەنزىرىسى ئەمەس، بەلكى ئاسمان پەلەك بىنالارنىڭ ئارقىسىدىكى بۇلۇتلارغا تاقاشقان گىگانت چوققىلار، ئالدى كۆرۈنۈشىگە بولسا كەڭرى ھەم ياپيېشىل باغچا ۋە ئوتتاقاشتەك قىزىل گۈللەر كىرىشتۈرۈلگەنىدى. سۈرەتتىكى نيۇيورك شەھىرى غايەت زور تاغنىڭ باغرىدا، بەئەينى پاكار-پاكار ياغاچ ئۆيلەردىن تەركىب تاپقان كىچىككىنە بازارغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

تامدىكى بۇ سۈرەتنىڭ رەڭلىرى ئۆڭۈپ، قەغىزى پۇرلىشىپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئۇنىڭ ئىسقلىق تۇرغىنىغا ئۇزۇن يىللار بولغاندەك قىلاتتى. گەرچە بۇ سۈرەت ئاشۇ تامدا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئىسقلىق تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن كىشىلەر بۇ سۈرەتتىكى كۆرۈنۈشنىڭ ئافغانىستان ۋە توپا-چاڭ ئۇچۇپ تۇرىدىغان خوست شەھىرى بىلەن پەۋقۇلئاددە بىر ۋاستە ئارقىلىق چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ ئەل پۇقرالىرى جاق تويغان تۈگىمەس پارتلاش ۋەقەلىرىگە سەۋەب بولغانلىقىنى ئەمدىلەتىن چۈشىنىشكە باشلىغانىدى.

— بۇ قايسى شەھەر، بىلەمسىلەر؟ — بوببېر مېھمانخانا قوغدىغۇچىلىرىدىن سورىدى.

ئۇلار باشلىرىنى چايقاشتى. بىر-ئىككى قەۋەتلىك كېسەك ئۆيدىن ئۆزگە ئىمارەتنى كۆرۈپ باقمىغان بۇ ئاددەملەرگە، سۈرەتتىكى بۇ مەنزىرىنىڭ رېئاللىقتىكى بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۇنچىۋالا ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى.

— بۇ دېگەن ئامېرىكىدىكى نيۇيورك، — دېدى بوببېر، — بىن لادىن ئاشۇ ئېگىز بىنانى ئايروپىلان بىلەن سوقۇپ پارتلىتىۋەتكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قوغدىغۇچىلار ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كېتىشتى، چۈنكى ئۇلار ئاشۇ ئىككى بىنانىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانىدى. ئاشۇ سۈرەتنىڭ ئالدىدىن كۆرمىگ قېتىم ئۆتۈپ تۇرۇقلۇق، ھەيران قالارلىق ۋەقە يۈز بەرگەن بىنانىڭ دەل ئاشۇ سۈرەتتىكى ئىمارەت ئىكەنلىكىنى ئەمدى ئاڭلاپ ھەيران قالغان قوغدىغۇچىلار بىر-بىرىگە تامدىكى سۈرەتنى ئىشارەت قىلىشاتتى، بەزىلىرى ئاتايىن بېرىپ سىلاپ باقاتتى.

بوببېر يېنىدىن بىر پارچە ژۇرنالنى چىقىرىپ، ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسىدىكى ئامېرىكىلىقنىڭ ھەممىسى تونۇيدىغان بىر ئاددەمنىڭ سۈرىتىنى قوغدىغۇچىلارغا

كۆرسىتىپ تۇرۇپ سورىدى:

— بۇ ئادەمنى تونۇمسىلەر؟

لېكىن قوغدىغۇچىلار باشلىرىنى چايقىدى.

— ئوساما بىن لادىن دېگەن شۇ!

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كېتەي دېگەن قوغدىغۇچىلار ئېتىلىپ كېلىپ ژۇرنالنىڭ تېشىدىكى سۈرەتنى تالىشىپ تۇرۇپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ھە، بىن لادىن ئەسلىدە مۇنداق ئادەم ئىكەندۇق-تە!

قىسقىسى، بۇ ئىككى زىيارەتچى بىلەن ھېلىقى ژۇرنال قوغدىغۇچىلارنى قاتتىق ھاياجانغا سېلىۋەتكەندى.

— تېررورچى!

قوغدىغۇچىلار بىن لادىننىڭ سۈرىتىنى ئىشارەت قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشكىلى تۇردى. خوست شەھىرىدە نە گېزىت، نە ژۇرنال بولمىغاچقا، ئۇ يەردىكىلەر بىن لادىننىڭ سۈرىتىنى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغاندى. بوبېر بىلەن تاجىمىرمۇ دەل شۇ سەۋەبتىن خوستقا كەلگەندى.

قوغدىغۇچىلار بىر كاللەك نەشىنى چىقىرىپ، ئۇنىڭدىن تىرناقچىلىك يۇلۇپ ئېلىپ، ئۇنى بوبېر بىلەن تاجىمىرغا سۇندى. لېكىن تاجىمىر نەشىنى يۇراپ بېقىپ، ئۇلارغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

— بەك كۈچلۈكتەك قىلىدۇ، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ.

بوبېر بىلەن تاجىمىر كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى، لېكىن ئوق ئاۋازى تاڭ ئاتقۇچە بېسىقمىدى.

تاجىمىر بىلەن بوبېر كېچىچە زادى نېمە ئىش بولغانلىقىنى، ئەمدى يەنە قانداق ۋەقە يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن، خوست شەھىرىنىڭ رەستىلىرىنى ئايلىنىپ باقتى. لېكىن كىشىلەر ئۇ ئىككىسىنى ئۆڭكۈرگە مۆكۈۋالغان بىن لادىننى ئاختۇرۇپ تۇتۇش دېگەندەك چوڭ-چوڭ ئىشلارغا قاتناشتۇرىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ مۇستافا بىلەن قەمەرخاننىڭ يېنىغا خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بېرىپ، ئەھۋال ئۇقۇپ باقتى. لېكىن ئۇلارنى بىرى "قەمەرخان بېگىم سەل-پەل ئوڭلىنىۋالغاندىن كېيىن كېلەمسىلەر؟" دەپ يولغا سالسا، يەنە بىرى "بۈگۈن ساقچى ئىدارىسىدا سىلەرگە دەپ بەرگىدەك يېڭى گەپمۇ يوق" دېگەن گەپلەر بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلايتتى.

پاشاخان ئىز-دېرەكسىز يوقالدى، مۇستافا ئۇستىلىدىكى ھېلىقى پارقىراق

www.uyghurkitap.com



سۈنئىي گۈلنىڭ ئارقىسىدا بۇتتەك قېتىپ ئولتۇراتتى. ئامېرىكا ئالاھىدە قىسىملىرىمۇ غايىب بولۇپ كەتتى. ھەر كۈنى كېچىسى توختىماي سايرايدىغان بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ۋە كۆكتە ئۇ ياقتىن-بۇياققا ئايلىنىپ يۈرىدىغان تىنك ئۇچار ئايروپىلانىنىڭ ئۈندىن باشقا ھېچقانداق يېقىلىق يوق ئىدى. بوبىبىر بىلەن تاجىمىر ئىككىسى دۇنيادىكى قانۇنسىزلىقتا جاھاننى بېشىغا كىيگەن يۇرتلارنىڭ بىرى — خوستتا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ھېرىپ ھېچ ھالى قالمىدى. شۇنداق قىلىپ بوبىبىر ئاخىرى كابۇلغا قايتىش قارارىغا كەلدى. بۇنى ئاڭلىغان تاجىمىر ئۆزىنىڭ خوستتىن دەرھال ئايرىلىپ، مىكرورايانى رايونىغا بېرىپ، خوتۇنىنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ئۇچۇن تورت ئېلىشقا ئۈلگۈرەلەيدىغانلىقىدىن بەكمۇ خۇش بولدى.

شۇنداق قىلىپ تاجىمىر ئۆزى ھېكايە قىلىپ بەرگەن "رەھىمسىز" مەزلۇم — ھەم پاكار ھەم سېمىز، يىراقنى كۆرەلمەس كۆزلىرى كۆزەينەكنىڭ نېرىسىدىن پولتىيىپ تۇرىدىغان، ئۆزىنى دۇنيادىكى ھېچقانداق ئادەمگە تەڭ قىلمايدىغان يېگانە ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# ئېزىلگەن يۈرەك

لالەگە بىرەيلەندىن ئۇدا بىر نەچچە كۈن خەت كەلدى. ئۇ كەلگەن خەتلەرنى كۆرۈپ بولۇپلا ھاپىلا-شاپىلا ئوچاققا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاشۇ خەتلەر ئۇنىڭ مېڭىسىنى گاراڭ قىلىپ، يۈرەكلىرىنى دۈپۈلدىتىۋەتتى. لالەنىڭ كاللىسىدا ئاشۇ خەتلەردىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى.

ئاشۇ خەتلەر لالەنىڭ يۈرىكىدە باشقىچە بىر تۇرمۇشقا بولغان ئوتتەك ئىنتىلىشنى بىخلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا تەسىرلىك مەنالارنى بېغىشلاپ، خىيال كەپتىرىنى پەرۋاز قىلدۇراتتى. لالە ئۇچچۇن ئېيتقاندا، بۇ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا تۇيۇقسىز كەلگەن يېپيېڭى تۇيغۇ ئىدى. ئۇ ئاشۇ تۇيغۇلار ئىچىدىن ئۆزى ئىلگىرى ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان يوچۇن ئەمما جەلپكار بىر دۇنيانى تاپقاندەك بولدى.

بىر ئەتىگەنلىكى ئۆي تازىلاۋاتقان لالە تۇيۇقسىزلا:

— ھەسسىنەي، قانىتىم بولغان بولسىچۇ، ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەن بولسام! — دەپ ۋارقىراپ سالدى.

— نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سورىدى يەرگە تىكىلگىنىچە گىلەمنىڭ گۈللىرىنى سىلاپ ئولتۇرغان سانىيە ئۇنىڭدىن.

— ھېچنېمە!

بۇ ئۆي بارغانسېرى تۇرمىدەك بىلىنىپ كېتىۋاتقان لالە ئاخىر راستتىنلا چىداشلىق بېرەلمەيلا قالدى.

— نېمشقا ھەممىلا ئىشىمغا مۇشۇنداق چېچەك چىقىپلا تۇرىدىغاندۇ؟

— دېدى لالە غۇدۇراپ. ئىلگىرى ئۇ تالا-تۈزگە چىقىشقا بەكلا ئۆچ ئىدى. مانا ئەمدى ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى. شۇڭا دىككىدە بازارغا چىقىپ، 15 مىنۇتتىن كېيىن بىر خالتا پىيازنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. لېكىن ئۆيدىكىلەر لالەدىن سەل-پەل گۇمانلانمايمۇ قالمىدى.

— مۇشۇ پىيازنى دەپلا چىقتىڭمۇ؟ — دېدى شەرىپە زەردە بىلەن، —

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆيدە ھەممە نەرسە تۇرسا ...، ئۆيدە ئولتۇرۇپ دىخسىراپ كەتكەچكە ئۆزۈڭنى بازارغا سالغىلى چىقتىڭمۇ يا؟ بۇندىن كېيىن تالا-تۈزگە يالغۇز چىققۇچى بولما!

بازارغا چىقىپ نەرسە-كېرەك سېتىۋېلىش ئەرلەرنىڭ ياكى ياشقا چوڭ خوتۇنلارنىڭ ئىشى ئىدى، چۈنكى ياش مەزلۇملار دۇكاندارلار ياكى بازاردىكى ئەرلەر بىلەن سودا قىلىمەن دەپ يۈز تۇرانە تۇرۇپ باھا تالاشسا ياراشمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرقانداق ماگىزىن ۋە دۇكانلارنىڭ ھەممىسىنى ئەرلەر باشقۇرىدىغان بولغاچقا، تالىبانلار زامانىسىدا ياش مەزلۇملارنىڭ يالغۇز بازارغا چىقىشى چەكلەنگەنىدى، مانا ھازىر شەرىپەمۇ لالەنىڭ بازارغا چىقىشىغا چەك قويۇۋاتىدۇ.

لالە گويا پىياز ساتىدىغان بىرەر يايمىچى بىلەن مۇڭدىشىشقا قىزىقىپ قالغاندەك، ئۆيدىكىلەرگە لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى، يەنە كېلىپ شەرىپەگە بۇ تاماققا پىياز لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتمەكچى بولغاندەك ئەكىرگەن پىيازلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىۋەتتى.

ئەرلەر ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە لالە ئاشخانىدا ئىدى. ئامىرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان لالەنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ سوقۇپ، ۋۇجۇدىغا تىترەك ئولاشقىلى تۇردى، ئۇ ئامىرغا "ئەمدى ئۇنداق خەتنى ھەرگىز ئالما" دەپ تاپىلىغانىدى، لېكىن ئامىر بۈگۈن ئۇنىڭغا بىر پارچە خەتنى باشقا يەنە كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەكنى تۇتقۇزۇپ قويدى، ئۇ بۇ نەرسىلەرنى قوينىغا تىقىپ ئەكىرىپ، ئۇششاق-چۈششەك نەرسە سالىدىغان قۇتىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويدى، لالە باشقىلار غىزا يەۋاتقان چاغدا غىپپىدە كىرىپ ھېلىقى قۇتىنى ئاچتى ۋە خەتنى تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن ئېلىپ ئوقۇدى:

*"سۆيۈملۈك L : بۇ قېتىم جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، ئاشۇ گۈزەل رۇخسارىڭىز يۈرىكىمنى ئۆرتەپ كاۋاپ قىلىۋاتىدۇ، سىز مېنى ئاشۇ ئاتەشىنىڭ ھارارىتىدە كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتمەكچىمۇ ياكى زۇلمەتلىك دۇنياغا ئەبەدىي بەنت قىلىۋەتمەكچىمۇ؟ بىچارە جېنىم ئالقىنىڭىزدا تىپىرلاپ تۇرۇۋېتىۋ، بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلارسىز، سىز بىلەن يۈز تۇرانە كۆرۈشسەم دېگەن ئارزۇدىمەن، تېزراق جاۋابىنى بېرەرسىز! ئاللاھ سىز بىلەن ئەبەدىي بىرگە ئۆتۈشۈمنى نېسىپ ئەتكەي، ئاشىقىڭىز: K "*

ھېلىقى تۈگۈنچەكتە ئەينەكنى كۆك، بېغى كۈمۈش رەڭلىك قول سائىتى تۇراتتى، لالە سائەتنى ئالمان-تالمان ئېلىپ بىلىكىگە تاقاپ بېقىپ يەنە جايىغا قويۇپ قويدى، بۇ سائەتنى تاقاش ئۇنىڭغا مەڭگۈ نېسىپ بولمايتتى، چۈنكى باشقىلار "بۇنى نەدىن ئالدىڭ؟" دەپ سورىسا ئۇ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ؟ لالەنىڭ يۈزى ھۇپپىدە قىزىرىپ كەتتى، بۇ ئىشنى ئۇنىڭ ئاكىلىرى ياكى ئانىسى ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇ دېگەن يۈز كېتىدىغان ئىش، ئاھ خۇدا، نېمانچە قورقۇنچلۇق! سۇلتان بىلەن يۇنۇس بىلىپ قالسا ئۇنىڭغا كۈن يوق، چۈنكى، ئوغۇل باللار يازغان مۇھەببەت خېتىنى ئوقۇشنىڭ ئۆزىلا قىز بالىغا نىسبەتەن ئەخلاقسىزلىق تۇرسا!

ئۇ بالا خېتىدە "بۇ تەلپىمگە قانداق قارايسىز؟ جاۋابىنى بەرسىڭىز!" دەپ يېزىپتۇ، لېكىن لالەنىڭ بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەييارلىقى يوق ئىدى، ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى نۆۋەت بىراۋنىڭ ئىلتىجالىق تەلپىگە دۇچ كەلگەنىدى، يېڭىياچە رىئاللىق سۈپىتىدىكى بۇ ئىلتىجالىق تەلەپتىن يۈرىكى سىقىلغان لالە تۇرۇپلا ئۈمىدسىزلىنىۋاتاتتى، چۈنكى خەت يازغان بالا لالەدىن ئۇنىڭ تەلپىنى ئوقۇغاندىن كېيىن زادى قانداق خىيال ۋە تۇيغۇدا بولغانلىقىنى سوراپتۇ، لېكىن ئۆي ئىشىدىن باشقا ھېچنېمىنى خىيال قىلماسلىققا ئادەتلەنگەن لالە ئۇ بالا ئېيتقان تۇيغۇ دېگەنلەردىن مۇستەسنا ئىدى، ئۇ ھەم ئۆزىنى باشقا ھېچنېمىنى خىيال قىلماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى، چۈنكى "قىز بالا نېرى-بېرى ئىشلارنى خىيال قىلسا ئەدەبسىزلىك بولىدۇ" دېگەن تەربىيىنى يەتكۈچە ئاڭلىغان لالە، ئۆزىنىڭ ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا ھېچنېمىنى خىيالىغا ئالماي يۈرۈشى لازىملىقىنى ئوبدان بىلەتتى،

ئەسلىدە كەرىم ئىسىملىك بىر بالا لالەنى سانىيە بىلەن بىللە باللارغا تاماق ئېلىپ ماڭغان چېغىدا تۇنجى قېتىم كۆرۈپلا، ئاجايىپ خىياللارغا غەرق بوپكەتكەنىدى، كەرىم لالەگە لاپپىدە قارىغان چاغنىڭ ئۆزىدىلا ۋۇجۇدىدا پەۋقۇلئاددە بىر خىل سېزىمنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزۈندىن بۇيان ئۆزى زارىقىپ ئىنتىلگەن نەرسىنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ئەمدى بىلگەندەك بولدى، ئەنە، مەرۋايىتتەك پارقىراپ تۇرغان يۇپيۇمىلاق يۈز، بوۋاقنىڭكىدەك يۇمران تېرىلەر، لاپپىدە باقسا ئادەمنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ كېتىدىغان خۇمارلىق كۆزلەر ....

ئۆيدە ئۆزى تىكەندەك يالغۇز تۇرىدىغان كەرىم ياپونىيىنىڭ كابۇلدىكى بىر تېلېۋىزور شىركىتىدە ئىشلەيتتى، ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە غايىبتىن كەلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىر تال گىرانات ئۇلارنىڭ ئۆيىگە چۈشۈپ، كەرىمنىڭ ئانىسىنى باقىي ئالەمگە يولغا سالدى، بويتاق قالغان دادىسى ئۇزۇن ئۆتمەيلا قايتا ئۆيلىنىۋالدى، كەرىم ئۆگەي ئانىسى بىلەن پىتىشالمىدى، چۈنكى ئۇ خوتۇن چوڭ خوتۇندىن قالغان ئۆگەي بالىلىرىنى ئېرى يوق چاغلاردا ئۇرۇۋالاتتى، لېكىن كەرىم ئۆگەي ئانىسىنىڭ ئۆگەيلىكلىرىدىن بەك ئاغرىنىپمۇ كەتمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ خوتۇن پەقەت دادىسىغىلا تەئەللۇق بولغاچقا، بۇ ئۆيدىكى باشقىلار ئەلۋەتتە ئۇنىڭ كۆزىگە سىغمايتتى، كەرىم ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن دادىسىنىڭ جالالئابادتىكى دورىخانىسىدا ئىشلىگەندى، لېكىن ئۆيگە ئۆگەي ئانا كىرگەندىن كېيىن، ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا داۋاملىق تۇرۇۋېرىشكە ئامالسىز قالدى، كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى كابۇللۇق بىرەيلەنگە ياتلىق بولۇپ، كابۇلغا كۆچۈپ كەلدى، سىڭلىسىنى پاناھ تارتقان كەرىممۇ سىڭلىسى بىلەن بىرگە كابۇلغا كېلىپ شۇلار بىلەن بىرگە تۇردى، كەرىم ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ دەرسلىرىنى ئۇ يەر۔بۇيەردىن كۆكلەپ ئاڭلاپ باققانىدى، تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن چەت ئەللىك مۇخبىرلار كابۇلدىكى مېھمانخانا۔سارايلارغا يىغىپلا كەتتى، شۇنداق قىلىپ كەرىم مەكتەپتە ئۆگەنگەن ئىنگلىزچىسىگە تايىنىپ، ئۇبدانراق ھەق بېرىدىغان بىرەر خىزمەت تېپىش نىيىتىگە كەلدى، تەلىيىگە مەلۇم بىر شىركەتنىڭ كابۇلدا تۇرۇشلۇق ئىش باشقارمىسى ئۇنى خېلى يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەتكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئاشۇ شىركەتتە ئىشلەپ يۈرگەن چاغلىرىدا مەنسۇرلار بىلەن تونۇشۇپ قالدى، ئۇ كىتابخانا تىجارىتى قىلىۋاتقان بۇ ئائىلىگە ۋە ئۇلارنىڭ ئەقىل۔ئىدرىكىگە ھەۋەس قىلاتتى.

كەرىم مېھمانخانىغا تاماق ئېلىپ كەلگەن لالەنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالغانىدى، لېكىن لالە ئۇ يەرگە ئىككىنچىلەپ كەلمىدى، چۈنكى ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇ مېھمانخانا قىزلار كەلسە بولمايدىغان يەر ئىدى.

بىراق كەرىم كۆڭلىدىكى بۇ سىرلىرىنى ھېچكىمگە تىنالمايتتى، ناۋادا مەنسۇر ئۇقۇپ قالسا، كەرىمنى مازاق قىلىپ تويغۇزاتتى۔دە، بۇنىڭ بىلەن ھەممە ئىش بۇزۇلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنسۇر ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان قاپيۇرەكلەردىن ئىدى، قىسقىسى، مەنسۇر ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك دېگۈدەك ھاممىسى — لالەگە ئۆچ ئىدى.

شۇنداق قىلىپ كەرىم ئارىغا ئامىرنى سېلىشنى لايىق كۆردى، قارىغاندا ئامىر ئۆزى دۇرۇس، ئاغزى چىڭ بالىدەك قىلاتتى.

كەرىمنىڭ قارىشىچە، ناۋادا ئۇ ئامىرغا يېقىنلىشالىسا، ئۇ ئارقىلىق بۇ

ئائىلىنىڭ تېگى-تەكتىنى بىلەلەيتتى، تەلىيىگە، بىر كۈنى مەنسۇر ئۇنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ قالدى، چۈنكى كەرىم مەنسۇرنىڭ ئەڭ ئىززەتلىك دوستلىرىدىن بولغاچقا، ئۇ بۇ دوستىنى ئۆيدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشى كېرەك ئىدى، كەرىم داستىخاندا ناھايىتى ئېچىلىپ ئولتۇردى؛ ئۇ باشقىلارنىڭ گەپلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىغاچ، داستىخاندىكى ئاش-تائامنى رازىمەنلىك بىلەن ماختاپ كەتتى، لالەنىڭ ئىشىدا بىبىگۈلنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، كەرىم چوقۇم ئاشۇ مومايىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن كەرىم يەنە بىر كۆرۈۋېلىشقا تەشنا بولۇپ كېتىۋاتقان لالە ئاشخاندا تاماق ئېتىۋاتقان بولغاچقا، داستىخان سېلىنغان ئۆيگە كىرمىدى، ئۇ ئەتكەن تاماقلارنى شەرىپە ياكى بۇبۇرا ئەكىرەتتى، مۇھىمى بىراۋنىڭ ئۆيىگە بارغان يات يىگىتلەرنىڭ شۇ ئۆيدىكى بويىغا يېتىپ قالغان قىزلار بىلەن يۈز تۇرانە ئۇچرىشالىشى قىيىن ئىدى، كەچلىك غىزانى يەپ بولۇپ، بىردەم چاي ئىچىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار ياتماقچى بولدى، كەرىم شۇ چاغدا لالەنى يەنە بىر قېتىم كۆرۈۋالدى، كېچىدە يول يۈرۈش مەنئىي قىلىندىغانلىقى ئۈچۈن، ئادەتتە بىراۋنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارغانلار شۇ يەردە قونۇپ قالاتتى، لالە ئاشخانىدىكى قاچا-قۇمۇچلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، مەنسۇر بىلەن كەرىم ياتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئېلىپ، كەرىمگە ئالاھىدە ئورۇن راسلاپ بەردى، گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، ئۇ ئۆزىگە خەت يازغان يىگىتنىڭ شۇ ئۆيدە ئىكەنلىكىدىن ئالەمچە خۇشال ئىدى،

كەرىم لالەنى ئورۇننى راسلاپ بولۇپلا خۇپتەن ئوقۇغىلى چىقىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان لالە سېلىنغان ئورۇن-كۆرپىلەرنى ئېگىشىپ تۇرۇپ تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچلىرى مۈرىسىدىن ساڭگىلاپ تۇراتتى، كەرىم لالە ئورۇن سېلىۋاتقان ئۆيگە كىرىپلا، ئۇنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ تۇرۇپ قالدى، لېكىن لالە كەرىمنىڭ كىرگەنلىكىنى تۇيمىدى، شۇنداق قىلىپ لالەنىڭ ئېگىشىپ تۇرغان قىياپىتى تاڭ ئاتقۇچە كەرىمنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمىدى، ئەتىسى ئەتىگەندە لالە بۇ ئەزىز مېھمانغا يۈز يۇيىدىغان ئىسسىق سۇ تاييارلاپ، ئۇنىڭ ناشتىلىقىغا تۇخۇم پىشۇرۇپ، چاي دەملەپ كىرگۈزگەن، ھەتتا ئۇنىڭ ئايىغىنى سۈرتۈپ پارقىرىتىپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن كەرىم خوشلىشىپ چىقىپ كەتكۈچە لالەنىڭ دىدارىنى كۆرەلمىدى،

بىراۋ يىگىتچە دوست تۇتقاندا ئۆزىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئائىلىسىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆرۈق-تۇغقانلىرىنىمۇ ئاشۇ دوستىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە تونۇشتۇرۇشى كېرەك ئىدى، شۇڭا كەرىم ئەتىسى ئۆزىنىڭ ئەڭ كۆيۈمچان قېرىندىشى — سىڭلىسىنى سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىكى مەزلۇملار بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىشكە ئەۋەتتى، كەرىمنىڭ سىڭلىسى ئاكىسىنىڭ لالەگە كۆيۈپ قالغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇمۇ لالەنىڭ ئۆيىدىكىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئەسرالىشىپ بېقىش ئارزۇسىدا ئىدى، كەرىمنىڭ سىڭلىسى سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ كېلىپ، لالەنىڭ كەرىم ئاللىقاچان چۈشىنىپ بولغان تەرەپلىرىنى سۆزلىگىلى تۇردى:

— لالە بەكمۇ ئەقىللىق، ئىشچان، چىرايلىق قىز ئىكەن؛ ئۆيدىكىلىرىمۇ ئابرويلۇق، ئادەمگەرچىلىكى بار كىشىلەر ئىكەن؛ بۇ قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويمىساڭ بولغىدەك!

— ئۇ نېمە گەپلەرنى قىلدى؟ لالەنىڭ گەپ قىلغان چاغدىكى كەيپىياتى قانداقراقكەن؟ چىراي ئىپادىسىچۇ؟ — كەرىم يېپىدىن-يىڭنىسىگىچە كوچىلاپ سورىغىلى تۇردى،

— بولدىغان قىزكەن، دېدىمغۇ، — دېدى كەرىمنىڭ سىڭلىسى گەپنى ئۈزۈپ، — بىر گەپنى سوراۋېرەمسەن؟!

كەرىم ئانىسى يوق يېتىم بولغاچقا، ئەلچىلىككە ماڭىدىغان ئىشنى سىڭلىسى زىممىسىگە ئالمىسا بولمايتتى، لېكىن ئېغىز ئېچىشقا ھازىرچە سەل بالدۇرلۇق قىلاتتى، چۈنكى كەرىمنىڭ سىڭلىسى سۇلتانىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئوبدان بىلىپ باقمىسا بولمايتتى، يەنە كېلىپ بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى يوق، شۇڭا، تۇنجى قېتىم ئەلچىلىككە بارغاندا قىز تەرەپنىڭ "بولمايدۇ" دېيىشى تۇرغانلا گەپ،

كەرىمنىڭ سىڭلىسى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى لالەنى ھە دېسىلا ياپىتا گەپ بىلەن مازاق قىلىدىغان بولۇۋالدى، لېكىن لالە ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرۈۋەردى، لېكىن كەرىمنىڭ ئۇنىڭغا مۇھەببەت خېتى يېزىپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى ئويلىسىلا ئاچچىقى كېلەتتى، شۇڭا ئۇ ھېلىقى سائەتنى چېقىپ، يىراققا ئاپىرىپ تاشلىۋەتتى،

لالە بۇ ئىشنى يۇنۇسنىڭ ئۇقۇپ قېلىشىدىن بەكلا ئەنسىرەيتتى، چۈنكى يۇنۇس تۇرمۇشتا ئىسلام شەرىئىتىگە يۈزدە-يۈز ئەمەل قىلىپ كېتەلمەيۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بۇ ئائىلىدە ھەممىدىن بەك تەقۋادار ئىدى، قېرىنداشلىرى ئىچىدە لالەگە ھەممىدىن بەكرەك كۆيۈدىغىنىمۇ يۇنۇس ئىدى، لېكىن ئۇ ناۋادا

لالەنىڭ مۇھەببەت خېتى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئۇقۇپ قالسا، ئۇنى يامان قىزلار قاتارىدا كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلاتتى. ھەتتا ئۆتكەندە لالە ئېنگلىز تىلى جەھەتتىكى ئىقتىدارىغا تايىنىپ بىر خىزمەت تېپىۋىدى، ئۇنىڭ ئەرلەر بىلەن بىر ئىشخانىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئۇققان يۇنۇس لالەنى بارغىلى قويمىدى.

لالە ئۆيدىكىلەرنىڭ شەرىپەنىڭ ئاغزىدىن جەملە ئىسىملىك مەزلۇمنىڭ تۇنجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلىغان چاغدىكى گەپ-سۆزلىرىنى تۇيۇقسىز ئەسلەپ قالدى.

— شامالچىنىڭ توكى سوقۇۋېتىپ قازا قىپكەتكەن ھېلىقى مەزلۇمنىڭ گېپىمۇ؟ — دەپ سورىدى شۇ چاغدا يۇنۇس، — ھە، ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇ؟

لېكىن يۇنۇس "توك سوقۇۋېتىپتۇ" دېگەن گەپنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ "ئاخشىمى بىر ئەركىشىنى ھوجرىسىغا كىرگۈزۈپتۇدەك" دېگەن ئەيقاچتى گەپ بىلەنلا ئۆلتۈرىۋېتىلگەنلىكىنى ھەرگىز ئۇقمايتتى. لالە يۇنۇسقا ئۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرنى دەپ بەردى.

— ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ، نېمانچە قورقۇنچلۇق؟ — دېدى يۇنۇس، بۇ گەپنى ئاڭلىغان لالەمۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇ مەزلۇم نېمشقا شۇنداق قىلغاندۇ؟ — يۇنۇس يەنە سورىدى.

— نېمە؟ سىز جەملەنى دېمەكچىما؟ — لالە ۋارقىرىۋەتتى. چۈنكى لالە ئاكىسىنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرىدىن جەملەنىڭ ئاكىلىرىنىڭ ئۆز سىڭلىسىنى ئۆلتۈرىۋەتكەنلىكىگە نەپرەتلىنىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغانىدى. ئەمەلىيەتتە يۇنۇس ئېرىدىن باشقا ئەركىشى بىلەن ئىچ پەش تارتىشىپ قالغان جەملەگە لەنەت ئوقۇغانىدى.

— ئۇنىڭ ئېرى شۇنداق باي ھەم كېلىشكەن تۇرسا، — دېدى يۇنۇس ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ ئىشتىن ھەيران قېلىپ، — نە ئات، نە نومۇس! مەن ئۆيلەنسەم خۇدا بۇيرىسا ئەركەك چىۋىن قونمىغان قىزلاردىن چېكىپ تۇرۇپ ئېلىپ، مىدىر-سىدىر قىلغۇزماي باشقۇرىمەن!

— بىراق ئادەم ئۆلتۈرسە بولمايدۇ-دە؟ — دەپ سورىدى لالە.

— جەملە گۇناھ قىلغان تۇرسا!

لالەمۇ يىگىتلەرگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزۇپ باقمىغان قىز بالا ئىدى، ئۆزىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقان لالە ئېرىگە ساداقەتسىزلىك قىلىش بىلەن بىرەر ئوغۇل بالىنىڭ مۇھەببەت خېتىنى قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماھىيەتلىك پەرقىنىڭ بار ياكى يوقلۇقىنى ئۇقالماي ئاۋارە ئىدى، لېكىن نېمىلا دېگەن بىلەن بۇ ئىككىسى ئوخشاشلا مەنىسىي قىلىنغان گۇناھلىق ئىشلاردىن ئىدى، شۇڭا لالە ئاشكارىلىنىپلا قالسا ئار-نومۇسقا قالاتتى، لالە گەرچە كەرىمنى ئۆزىنى دوزاخ مىسال بۇ ئۆيدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان نىجادكار ھېسابلىغان بولسىمۇ، كەرىم رەسمىي ئەلچى قويغاندىن كېيىن، ئاكىسى يۈنۈسنىڭ ئۆزىگە يانباسماي قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى،

لالەنى كەرىمگە كۆيۈپ مەستۇ مۇستەغرەق بولۇپ كەتتى، دېگىلى بولمايتتى، چۈنكى لالە ئۇنى پەردىنىڭ كەينىدىن ۋە مەنسۇر باشلاپ كەلگەن كۈنى يىراقتىن كۆرگەنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن ئېنىقراق كۆرۈپ باقمىدى، لېكىن بار بىلەن يوقنىڭ ئارىسىدىكى ئىككى قېتىملىق كۆز تاشلاشتىن كېيىن، كەرىم لالەگە خېلى يېقىپ قالدى،

— ئۇ بالا بەكلا ياشكەن، — دېدى لالە ئاز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن سانىيەگە، — ئۆزى پاكار ھەم ئورۇق ئىكەن، يۈزى كىچىك باللارنىڭكىگە ئوخشايدىكەن ....

لېكىن كەرىم ئوقۇغان ھەم ئاق كۆڭۈل بالا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئائىلىسى بولمىغاچقا ئۆزبەگ-ئۆزخان ئىدى، ھەممىدىن مۇھىمى كەرىمنىڭ ئائىلىسى بولمىغاچقا، ئۇ ئىككىسى توي قىلغاندىن كېيىن، لالە كېلىن بولۇپ كىرگەن ئۆيدە ئۆلۈغ-ئۇششاقنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ بولالماي تىل-ئاھانەت ئىشىتىدىغان ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ دېگەن گەپ، يەنە كېلىپ كەرىم ئۇنىڭ ئوقۇشىغا، خىزمەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمايدۇ، ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنىڭ بىر ئىللىق ئائىلىسىنى قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، باشقا ياقلارغا كەتسىمۇ، ھەتتا چەت ئەلگە چىقىپ كەتسىمۇ بولىۋېرىدۇ،

كەرىم لالەگە ئەلچى قويغان تۇنجى يىگىت ئەمەس، ھازىرغىچە لالەگە ئۈچ يىگىت ئەلچى كىرگۈزۈپ باقتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ باللىرى ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى ھاممىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ ئۆزى ساۋاتسىز، قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، ئەتىگەندىن كەچكىچە كوچا چىڭدايدىغان بىكار تەلەپ ئىدى،

توي تەلىپى قويغانلارنىڭ ئىككىنچىسى ۋەكىلىنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۆزى سەل-پەل دەلدۈشرەك بالا ئىدى، ئۇنىڭمۇ قىلىدىغان مۇقىم ئىشى بولمىغاچقا، دادىسىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەيتتى،

— تەلىيىڭ باركەن جۇمۇ، ئۈچ بارماقلىق چولاقتىن بىرنى تېپىپسەن،

ــــ دېگەندى مەنسۇر ئاشۇ چاغدا لالەنى مازاق قىلىپ، چۈنكى ۋەكىلنىڭ ئوغلى بىر قېتىم ماشىنىنىڭ ماتورىنى رېمونت قىلىۋاتقاندا ئىككى بارمىقىنى ئاكا قىلىۋالغانىكەن. لېكىن لالە ئۇنى ياراتمىدى، ساكىرە ئۇنى ئېرىنىڭ بۇرۇنقى خوتۇنىدىن بولغان بۇ ئوغلىغا خېلى سايە قىلىپ باقتى. ئۇنىڭ مەقسىتى سىڭلىسى بىلەن بىر ئۆيدە ئۆتۈش ئىدى، لېكىن لالە ئۇ ئۆيگە كىرسە ئۆزىنىڭ ھازىرقىدەكلا مالاي بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى ئۇ ئۆيدە ئاچىسى ساكىرەنىڭ دېگىنى دېگەن بولىدۇ، ۋەكىلنىڭ ئوغلى بولسا دادىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقمايدۇ.

ئۇ چاغدا ساكىرە ئائىلىسىنىڭ ئايال خوجايىنىغا، لالە بولسا ھازىرقىدەك 12 ئادەمنىڭلا ئەمەس، 20 ئادەمنىڭ ئاش-تامىقىنى ئېتىپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيىدىغان مالايغا ئايلىنىپ، ھويلىدىكى توخۇ-تۇمان بىلەن بىر قوتان بالىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالماي قېرىپ كېتىدۇ.

لالەگە ئەلچى ئەۋەتكەنلەرنىڭ ئۈچىنچىسى ئۇنىڭ نەۋرە ئاكىسى خالىد بولۇپ، ئۇ خېلى ئوبدان يىگىت ئىدى. لالە بۇ قوي كۆزلۈك، ئاق كۆڭۈل يىگىتكە كىچىك چاغلىرىدىن باشلاپلا ئامراق ئىدى. لېكىن خالىدنىڭ ئائىلىسى 30 دەك ئادەم بىللە ياشايدىغان، پالاكەت باسقان ئائىلە ئىدى. خالىدنىڭ دادىسى "تالىبانلار بىلەن ئېغىز-بۇرۇن يالاشقان" دېگەن جىنايەت بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىپ، قويۇپ بېرىلگىنىگە ئۇزۇن بولمىغان سۆرۈن تەلەت ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىچكى ئۇرۇش مەزگىلىدە، كابۇلدىكى نۇرغۇن ئىمارەتلەرگە ئوخشاش بۇلاڭ-تالاڭ قىلىنىپ قورۇقداپ قويۇلدى. تالىبانلار كابۇلغا باستۇرۇپ كىرگەن چاغلاردا، خالىدنىڭ دادىسى مۇجاھىدلار تەشكىلاتىنىڭ شۇ مەھەللىدىكى ئەزالىرىنى تالىبانلارغا ئاستىرتىن چېقىپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن تالىبانلار ئۇلارنى تۇتۇپ، ئۇزۇن مۇددەت قاماپ قويدى. لېكىن تالىبانلار ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن قايتا ھوقۇق بېشىغا چىققان مۇجاھىدلار تەشكىلاتىنىڭ ھېلىقى ئەزالىرى خالىدنىڭ دادىسىدىن ئۆچ ئېلىپ، ئۇنى تۈرمىگە تاشلىدى.

ــــ چېقىمچىلىق قىلغانغا تويسۇن، بۇ كالۋا، ــــ دېيىشكەندى شۇ چاغدا مەھەللىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر.

خالىدنىڭ دادىسىنىڭ بەتخۇيلۇقىنى يىراق-يېقىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ تەرسا قېرىنىڭ ئىككى خوتۇنى يېتىشماي، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۇرۇشۇپ، ئالەمنى مالەم قىلىپلا تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇ قېرى ئۆتۈپ تېشىپ توقالدىن يەنە بىرنى ئالماقچى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



— خوتۇنلىرىم قېرىپ كېتىپ قالدى، — دېگەنىدى يەتمىش نەچچە ياشقا كىرىپ بولغان بۇ بوۋاي، — ياشراق خوتۇنۇمدىن بىرنى ئېلىپ، يۈرىكىمنى ياشارتمىسام بولمايدۇ!

لالە بۇنداق ئائىلىگە كېلىن بولۇپ كىرىشنى ھەرگىز خالىمايتتى. يەنە كېلىپ خالىدىنىڭ ئۆز ئالدىغا تاپقان-تەرگىنى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ خوتۇن ئالغاندىن كېيىن ئايرىم ئۆتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەقدىر لالەگە مانا ئەمدى كەرىمدەك يىگىتنى سېخىيلىق بىلەن ھەدىيە قىلىپ تۇرۇپتۇ. كەرىمنىڭ قىزغىن ۋە سەممىيلىكى لالەگە ئۈمىد بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن لالە مائارىپ تارمىقىغا بېرىپ رويخەتكە ئالدۇرۇپ، ئوقۇتقۇچى بولۇشقا قايتا بەل باغلىدى. لېكىن ئۆيىدىكى ئەرخەقلەردىن ھېچكىم ئۇنى قوللىمايتتى. لالەگە ئىچى ئاغرىغان سانىيە ئاخىر ئۇنىڭ بىلەن بىللە بېرىشقا ماقۇل بولدى. لېكىن ئۇ ئىككىسى مائارىپ تارمىقى بىلەن ئالدىن كېلىشىشكە ئامالسىز بولغاچقا، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، لالەنىڭ مائارىپ تارمىقىغا بارىدىغان ئىشى ھېچ ئەپلەشمەيۋاتاتتى. لالە تىت-تىت بولۇپ يۈرگەن شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ ئىشلىرى تۇيۇقسىزلا ئوڭغا تارتىپ قالدى.

بىر كۈنى كەرىمنىڭ سىڭلىسى ئاكىسىغا لالەنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا تىزىملىتىشتا بېشى قېتىۋاتقانلىقىنى دەپ بەردى. كەرىمنىڭ مائارىپ تارمىقىدا بىر تونۇشى بار ئىدى. كەرىم شۇ تونۇشى ئارقىلىق بىر نەچچە ھەپتە ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر مائارىپ تارمىقىنىڭ يېقىندىن كەلگەن باشلىقى رەسۇل ئەمىنى لالە بىلەن كۆرۈشۈشكە ماقۇل كەلتۈردى. قىزنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بىبىگۇل لالەنىڭ بېرىشىغا قوشۇلدى. بۇ ھەم لالەنىڭ ئۆزۈندىن بۇيانقى ئارزۇسى ئىدى. لالەنىڭ تەلىيىگە شۇ چاغدا سۇلتان چەت ئەلگە چىقىپ كەتكەنىدى. ھەتتا يۇنۇسمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىشىغا چات كىرىۋالمىدى. ئىشلىرىنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك يۈرۈشۈۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ كەتكەن لالە تاڭ ئاتقۇچە ناماز ئوقۇپ، ئاللاھدىن ئىشلىرىغا ئاسانلىق تىلەپ چىقتى.

كەرىم سائەت توققۇزلار بىلەن ئۇلارنى ئالغىلى كەلدى. لالە ئۆيدە بار كىيىملىرىنىڭ ھەممىسنى كىيىپ كۆرۈپ باقتى، لېكىن بىرىمۇ يارىمىدى؛ ئاندىن سانىيە بىلەن شەرىپەنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ باقتى. بۇ چاغدا ئۆيدىكى ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشقا كەتكەن بولغاچقا، ئاياللار ئولتۇرۇۋېلىپ، لالە كىيىپ بېقىۋاتقان كىيىملەرنىڭ خوپ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىنى باھالاۋاتاتتى:

ــ بۇ بەك تار كېپقالدى!

ــ بۇ بەكلا ئالىبۇلىماچمۇ قانداق؟

ــ ۋىيەي، بۇ سەل چاكىنىدەك قىلىدۇ.

ــ بۇنى كىيمەڭە، بەكلا نېپىزكەن!

ــ بۇ بولاتتىكەن، سەل كىرلىشىپ قاپتۇ.

ئىشقىلىپ لالە سىناپ كىيىپ باققان كىيملەرنىڭ ھەممىسلا ئۇنىڭغا ھېچبىر خوپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۆزىنىڭ بىر نەچچە قۇر كىيمىنىڭ بەزىسى كونا، بەزىسى يىرتىق ئىدى؛ قالغان تۇۋت پوپايكا ۋە زەرلىك پىلاتىلىرىنى ئۇنداق يەرگە كىيىپ بارغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە لالەنىڭ بۇ چاغلىقلا كىيملىرىنىڭ كۆپىنچىسى توي-تۆكۈنلەرگە بارغان چاغدا كىيىشكە ئاتاپ ئېلىنغان بولغاچقا، تالا-تۈزگە كىيىپ چىقسا ئانچە ئەپلەشمەيتتى. ئاخىر ئۇ سانىيەنىڭ قىسقا ئاق پىلاتىسى بىلەن ئۇزۇن قارا يوپكىسىنى تاللىدى. گەپنىڭ راستىنى دېگەندە، لالە بېشىغا يوتىسىغىچە يېپىپ تۇرىدىغان رومال ئارتىدىغان بولغاچقا، قانداق كىيم كىيسە بەربىر ئىدى. لېكىن لالە يۈزىگە چۈمبەل تارتمايتتى، پۈركەنجىمۇ كىيمەيتتى. چۈنكى ئۇ زاھىر شاھ قايتىپ كەلسە ئافغانىستان زامانىۋى دۆلەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇ چاغدا مەنمۇ خۇددى بۇيرىسا يۈزۈمگە چۈمبەل تارتماي يۈرەلەيمەن دەپ ئويلىغانىدى. دېگەندەكلا ئاپرېل ئايلىرىنىڭ بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى، يات ئەللەردە 30 يىل سەرسان بولۇپ يۈرگەن سابىق پادىشاھ زاھىرخان ئافغانىستانغا قايتىپ كەلدى. لالە دەل شۇ كۈندىن باشلاپ پۈركەنجە، چۈمبەل دېگەنلەردىن مەڭگۈلۈك قۇتۇلغانىدى. شۇنىڭغا يارىشا سانىيە بىلەن شەرىپەمۇ يېڭىچە كىيىندى. شەرىپە بويىغا يەتكەندىن كېيىنمۇ ئاساسەن دېگۈدەك يۈزىنى ياپماي يۈرۈپ ئادەتلەنگەن بولغاچقا، زامانغا لايىق يېڭىچە كىيىنىش ئۇنىڭغا بەك تەس توختاپمۇ كەتمىدى. لېكىن سانىيەنىڭ ئەھۋالى ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى. ئۇ خۇددى پۈركەنجىنىڭ ئىچىگە تۇغۇلغاندەكلا مۇشتۇمدەك چېغىدىن باشلاپ پۈركەنجە كىيىپ ئادەتلەنگەنىدى. سۇلتانغا ياتلىق بولۇپ بۇ ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭغا پۈركەنجە كىيگىلى قويمىدى.

ــ خوتۇنۇمنىڭ دەقيانۇسنىڭ ۋاقتىدىكى مەزلۇملاردەك پۈركەنجە ئىچىدە بىخسىپ يۈرۈشىنى خالىمايمەن، ــ دېگەنىدى ئۇ، ــ مەن دېگەن دىنىي مۇتەئەسسىپ ئەمەس، ئەركىنلىكنى ياقلايدىغان ئادەممەن.

سۇلتان نۇرغۇن تەرەپلەردە ئىدىيىسى ئازاد ئادەم بولغاچقا، ئۇ ئىرانغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارغان چېغىدا سانىيەگە ھەتتا ياۋروپاچە كىيىملەرنىمۇ ئېلىپ بەرگەنىدى، ئادەتتە ئاياللارنىڭ پۈركەنجىسىنى "ئازابلىق قەپەز" دەپ ئاتايدىغان سۇلتان، يېڭى تەشكىللەنگەن ھۆكۈمەتتە بىر ئايال مىنىستىرنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ ناھايىتى مەمنۇن بولغانىدى. ئۇ ئافغانىستاننىڭ ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى دۆلەتكە تەرەققىي قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئۈمىد قىلىدىغان بولغاچقا، ھەمىشە ئاياللار ئازادلىقى ھەققىدە سۆزلەشكە ئامراق ئىدى. ئەمما ئائىلە باشقۇرۇشتا دادىسىنى ئۈلگە قىلغان سۇلتان ئائىلە ئەزالىرىغا مۇستەبىتلەرچە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

كەرىم سۇلتاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە، لاله ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، چۇمبىلىنى يېپىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېھرىدە بۆلەكچىلا يېقىملىق بىر خىل تەبەسسۇم جىلۋە قىلاتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ شەرىپەنىڭ ئارقىسىدىن تالاغا قاراپ ماڭدى. يۈرىكى ھاياجاندىن دۈپۈلدەپ سېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا چىققاندىن كېيىن، شەرىپە ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىغا، لاله ئارقا تەرەپتىكى ئورۇندۇققا چىقىپ ئولتۇردى. ماشىنىغا چىقىپ بىردەمدىن كېيىن بايىقى جىددىيلىكى سەل-پەل پەسىيىپ "ئۇھ" دەپ تىن ئالغان لاله، ناھايىتى سەبىي ۋە ئوماق كۆرۈنۈپ كەتتى.

كەرىم بىلەن شەرىپە شەرىپەنىڭ ئوغۇللىرى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ۋە كەرىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ھەققىدە تاغدىن-باغدىن پاراڭلىشىۋاتاتتى. گەپنىڭ راستىنى ئېيتقاندا، شەرىپەنىڭمۇ ئوقۇتقۇچىلىق خىزمىتىنى قايتىدىن قولىغا ئالغۇسى بار ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كىنىشكا-گۇۋاھنامىلىرى لالەنىڭكىدىن تولۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ باشقىدىن روھلىنىپ يېخەتكە ئالدىراپسىلا بولاتتى. لالەنىڭ ئالىيىشىل كىنىشكىلىرىمۇ خېلى بار ئىدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى پاكىستاندىكى مەكتەپتىن بېرىلگەن، بەزىلىرى ئېنگلىزچە كەچ كۇرستىن بېرىلگەن گۇۋاھنامىلەر ئىدى. لېكىن لاله ئوقۇتقۇچىلار تەلىم-تەربىيىسىگە قاتناشمىغان، ھەتتا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ پۈتكۈزمىگەنىدى. تەلىيىگە لالەدىن باشقا ئادەم ئېنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىلىقىغا تىزىملانمىغان بولغاچقا، ناۋادا ئۇنى بۇ ئورۇنغا قوبۇل قىلمىسا، ئېنگلىز تىلى دەرسى بېرىدىغان باشقا ئادەم يوق ئىدى.

ئۇلار مائارىپ تارمىقىغا كەلگەندىن كېيىن، باشلىق بىلەن كۆرۈشۈش نۆۋىتىنى كۈتۈپ ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيچۆرىسىدىمۇ نۇرغۇن ئاياللار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈركەنجە كىيگەن، بەزىلىرى رومال ئارتقانىدى. قاتار پۈكەيلەرنىڭ ئالدىدا ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان كىشىلەر، نۆۋىتى كەلگەندە پۈكەينىڭ ئىچىدىن تاشلاپ بېرىلگەن جەدۋەلنى

تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى يەنە پۈكەينىڭ ئىچىگە تاشلاپ بېرەتتى. تىزراق ئالدىغا سۇرۇلمەي تۇرۇپ قالغانلارنى بەزىدە تەرتىپ ساقلىغۇچىلار تارتقۇچلاپ ئىتتىرىپ قوياتتى. ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقانلار بىلەن پۈكەينىڭ ئىچىدىكىلەر گاھىدا بىر-بىرىگە چىچىلىپ ۋارقىرىشاتتى. مائارىپ تارمىقىنىڭ ياللانما خادىملىرى دۆۋە-دۆۋە ماتېرىياللارنى كۆتەرگىنچە، گويا چۆچۈرە قايناق ئوينىغاندەك چۆگىلەپ ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى، بىر-بىرىگە بىرنېمىلەرنى دەپ ۋارقىرىشاتتى.

قېرىپ دەرماندىن كېتىپ بولغان بىر موماي، ئۇ ياقتىن بۇياققا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئاخىر تېنەپ قالدى. ئۇنىڭغا ياردەم قولىنى سۇنۇپ ئۇنى بارار يېرىگە ئاپىرىپ قويغۇدەك بىزەرسى چىقمىدى. پۇت-قولى تېلىپ ھېچ ھالى قالمىغان موماي شۇنداق قىلىپ، بىر بۇلۇڭغا كېلىپ ئولتۇردى-دە ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. يەنە بىر موماي ھۆكرەپ يىغلاۋاتاتتى.

كەرىم ۋە لالە بىلەن ئۆچرەتتە تۇرۇۋاتقان شەرىپە پۈكەينىڭ ئىچىدىكىلەردىن بىر ئىشقا مەسلىھەت سوراپ بېقىش ئۈچۈن كەتتى. كەرىمگە لالە بىلەن بىردەم بولسىمۇ يالغۇز تۇرۇۋېلىش پۇرسىتى كەلگەنىدى.

— ماڭا تېخى جاۋاب بەرمىدىڭىز، لالە، — دېدى كەرىم.

— مېنىڭ جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ...

— سىزنىڭ خىيالىڭىزنى بىلىپ باقسام بولاتتى.

— ئۇنداق خىيالنى قىلسام بولمايدىغانلىقنى بىلىپ تۇرۇپ ...

— مېنى ئۆچ كۆرەمسىز، ئەمسە؟

— بۇنداق سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ...

— ئۆيىڭىزگە ئەلچى ئەۋەتسەم ماقۇل دەرسىزمۇ؟

— سوئاللىرىڭىزغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈنلا كەلمىگەنلىكىمنى بىلىپ تۇرۇپ ...

— سىز بىلەن كۆرۈشەلەرمەنمۇ؟

— بىلمەيمەن.

— ماڭا نېمىشقا قاپىقىڭىزنى ئاچمايسىز؟ مېنى ياخشى كۆرمەمسىز؟

— سىزنى ياخشى كۆرىدىغان-كۆرمەيدىغانلىقىمنى بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر بەلگىلەيدىغان تۇرسا ...

كەرىمنىڭ بۇنداق گەپلەرنى ئۇدۇللا سورىغانلىقىغا لالەنىڭ بەكلا ئاچچىقى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەلدى، چۈنكى لالەنىڭ نىكاھ ئىشىدا سۇلتان ياكى بىبىگۇلنىڭ دېگىنى دېگەن بولاتتى. لېكىن لالەنىڭ كەرىمنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى راست ئىدى؛ ئۇ كەرىمنى "نىجادكارىم" دەپ بىلگەنلىكى ئۈچۈن ياخشى كۆرۈپ قېلىۋاتاتتى. ئەمما لالە بۇ ئىشنى ئارتۇقچە خىيال قىلىپ باقمىغان تۇرسا، ئۇ كەرىمنىڭ ئۇنداق سوئاللىرىغا جاۋاب بېرەلەيتتىمۇ؟

ئۇلار يەنە بىر نەچچە سائەت ساقلىغاندىن كېيىن، نۆۋەت ئاخىر كەلدى. چىملدىقنىڭ ئۇ تەرىپىدە ئولتۇرغان باشلىق ئۇلاردىن بىر-ئىككى ئېغىز گەپ سوراپ بېقىپلا، لالە سۇنغان ماتېرىياللارغا قاراپمۇ باقماي ئىمزا قويغىلى تۇردى. ئۇ جەمئىي يەتتە ۋاراق قەغەزگە تولۇق ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، قالايمىقان دۆۋىلىنىپ كەتكەن ماتېرىياللانى بىر چەتكە ئىتتىرىپ قويدى.

ئافغانىستان جەمئىيىتى ئەنە ئاشۇنداق بىر دۇنيا ئىدى. كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىشلىك تونۇش تاپمىساڭ ئاقمايدۇ؛ ئاشۇنداق تونۇشلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن باشلىقنىڭ تەستىقىنى ئالمىساڭ ھېچقانداق ئىشلىك پۈتمەيدۇ. لالە مائارىپ تارمىقىنىڭ باشلىقى بىلەن يۈز كۆرۈشەلىگىنى بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەر ئادەتتىكىلا بىر ئىش بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرالماي ئاۋارە ئىدى. لېكىن ئۇنداق باشلىقلار ۋاقتى بىلەن زېھنىنى پارا بىلەن يول توغرىلاپ كۆنۈپ كەتكەنلەرنىڭ ئىشلىرىنى بېجىرىپ بېرىشكىلا ئاتاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئىمزاسىنىڭ بارا-بارا كۆرسى چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى.

لالە: "باشلىق ئىمزا قويۇپ بولدى، ئەمدى ئىشىم پۈتتى" دەپ قارىغانىدى. لېكىن ئۇ يەنە نۇرغۇن ئىشخانىلارغا كىرىپ، پوكەي ۋە ئۇستەللەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئالاقانداق رەسمىيەتلەرنى بېجىرىشى كېرەك ئىدى. نۆۋەت كۈتكەچ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان لالە شەرىپەنىڭ ۋايساشلىرىنى ئاڭلىدى: "ئافغانىستاندا ئوقۇتقۇچى شۇنداق كەمچىل تۇرسا، ئوقۇتقۇچىلىققا تىزىملىتىدىغان ئىش يەنە نېمىشقا شۇنچىۋالا قىيىندۇ؟" ھېلىقى باشلىقمۇ "ئافغانىستاندا مەكتەپ بار، دەرسلىكلەر تولۇق، لېكىن ئوقۇتقۇچى يېتىشمەيدۇ" دېگەنىدى. لالە يېڭى ئوقۇتقۇچىلارنى ئاغزاكى سىناپ باقىدىغان ئىشخانىغا كىردى. ئۇنىڭ ماتېرىيالى نۇرغۇن قولدىن ئۆتكەچكە، پۇرلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ ئىشخانىدىكى ئېغىزچە سىناقتا تىزىملانغۇچىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىققا لايىق كېلىدىغان ياكى كەلمەيدىغانلىقى تەكشۈرۈلەتتى. پوكەينىڭ ئىچى تەرىپىدە ئىككى ئەر، ئىككى ئايال ئولتۇراتتى. ئۇلار لالەنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، يېشى ۋە

مەلۇماتنى خاتىرىلىگەندىن كېيىن سوئالنى باشلىدى:

— ئىسلام دىنىنىڭ ئىمان كەلىمىسى نېمە؟

— لائىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلىللاھ.

— مۇسۇلمانلار كۈنىگە قانچە ۋاق ناماز ئوقۇشى كېرەك؟

— بەش ۋاق.

— ئالتە ۋاق ئەمەسما؟ — پۈكەينىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان بىر مەزلۇم كوچلاپ سورىدى، لېكىن لالەنىڭ بۇنىڭلىق بىلەن ئىشنى ئاقىستىپ قويغۇسى يوق ئىدى.

— سىزگە نىسبەتەن ئالتە ۋاق بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ماڭا نىسبەتەن بەش ۋاق.

— ئۇنداقتا سىز قانچە ۋاق ناماز ئوقۇيسىز؟

— بەش ۋاق، — دېدى لالە دەرھاللا.

لالە ئۇلاردىن سورىدى:

— ئېنگلىزچە مەلۇماتىمنى سىناپ كۆرمەمسىلەر؟

پۈكەينىڭ ئىچىدىكىلەر بېشىنى چايقىدى ۋە:

— قانچىلىك بىلمەن دېسىڭىز شۇنىڭ ئۆزى ھېساب، — دەپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئېنگلىز تىلى بىلمەيتتى، سىناقمۇ تۈگىگەن بولدى، ئۇلار بىر ھازا مۇزاكىرە قىلىشقاندىن كېيىن، لالەنىڭ ماتېرىياللىرىدىن بىر ۋاراقنىڭ كەم ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

— ئاشۇ ماتېرىيالنى ئىزدەپ تاپايلى، ئاندىن كېلىڭ، — دېدى ئۇلار.

مائارىپ تارمىقىدا توپتوغرا سەككىز سائەت ئاۋارە بولغان بۇ ئۇچەيلەن، لاسىدە بولۇپ قايتىشتى. قارىغاندا بۇنداق بيۇروكراتلارغا ھېلىغۇ بىر باشلىقكەن، ئۇن باشلىق ئىمزا قويسىمۇ بىكار ئىدى.

— ۋىيەي جاق تويدۇم! — دېدى لالە تېرىكىپ، — بۇ ئىشتىن رايىم يېنىپلا كەتتى.

— قورقماڭ لالە مانا مەن بار، — دېدى كەرىم، — بۇ ئىشنى ئۆزۈم باشلىغانىكەنمەن، خۇدا بۇيرىسا ئۆزۈم بىر باشقا ئېلىپ چىقىمەن.

كەرىم ئەتىسى جالالئاباتقا بېرىپ، ئۆيىدىكىلەرگە لالەنىڭ قانداق قىز ئىكەنلىكىنى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈپ، لالەنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ بېقىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىۋىدى، ئۇلارمۇ قوشۇلدى. مانا ئەمدى كەرىمنىڭ سىڭلىسىنى ئەلچىلىككە ماڭدۇرۇش كېرەك ئىدى، لېكىن بۇ ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەينىگە سۇرۇلۇپ كېتۋىدى، كەرىم ”قىز تەرەپ رەت قىلىۋېتەرمۇ“ دېگەن ئەندىشىگە قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كەرىم يېتەرلىك پۇل غەملەپ تەييارلىق قىلىشى، مۇۋاپىق كەلگۈدەك ئۆي تېپىشى كېرەك ئىدى. نېمىشقىدۇر يېقىندىن بۇيان مەنسۇر ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى بارا-بارا يىرىكلىشىپ قالدى. مەنسۇر ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك پەرۋا قىلىپ كەتمەيدىغان، ئۇچراپ قالغان چاغلاردا زورىغا يالغان كۈلۈمسىرەپلا ئۆتۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بىر كۈنى كەرىم مەنسۇردىن ئۆزىنىڭ زادى نېمە گۇناھ قىلىپ قويغانلىقىنى سورىدى.

— لالەنىڭ ئىشىدىن سىنى خەۋەرلەندۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى، — دېدى مەنسۇر.

كەرىم ياندۇرۇپ سورىدى:

— نېمە ئىش ئۇ؟

— ھە راست بۇنى دېسەم بولمايدۇ، — دېدى مەنسۇر يەنە تويۇقسىزلا — كەچۈرگىن.

— زادى نېمە ئىش بولدى؟ — كەرىم ئەندىكىپ سورىدى، — لالە ئاغرىپ قالدىما ياكى تۇيۇقسىز بىرەر ئىش يۈز بەردىمۇ؟

— مەن بۇنى دېيەلمەيمەن، ئىشقىلىپ بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھامان لالەدىن رايىڭ يېنىپ كېتىدۇ، — دېدى مەنسۇر تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرۇپ، — بولىدۇ، مەن قايتاي!

كەرىم شۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى مەنسۇرغا يالۋۇرۇپ لالەگە زادى نېمە بولغانلىقىنى سوراپ باقتى. لېكىن گەپنىڭ بېشى چىقا-چىقمايلا مەنسۇر بۇرۇلۇپلا كېتىپ قالاتتى. ئازاپ ۋە چۈشكۈنلۈك ئىچىدە قىينىلىپ كېتىۋاتقان كەرىم، مەنسۇرغا ئاغزىنىڭ بىر قەۋەت تېرىسى چۈشۈپ كەتكۈچە يالۋۇرۇپ باقتى. لېكىن مەنسۇر زۇۋانغا كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

ئامىر ئاكىسى مەنسۇرغا كەرىم يازغان مۇھەببەت خېتىنىڭ گېپىنى چىقارغاندا، ئۇ نېرى-بېرى خىياللاردا بولماي، ئەكسىچە ئۇنى ”جايىدا ئىش بوپتۇ“ دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ۋەكىل بۇ ئىشنىڭ ئىس-بۇسىنى ئۇققاندىن كېيىن، مەنسۇرغا ”كەرىمنى لالەگە يېقىن يولاتما“ دەپ تاپىلىدى. شۇنداق قىلىپ مەنسۇر كىچىك ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى ئورۇنداشقا مەجبۇر بولدى. چۈنكى ۋەكىل تۇغقان، كەرىم بولسا ئۇلارغا يات ئىدى.

ۋەكىل ھەتتا كەرىمنى ئىزدەپ بېرىپ ئۇنىڭغا تەھدىت سالدى:

— لالە ئوغلۇمنىڭ لايىقى، ئۇ دېگەن بىزنىڭ ئائىلىگە مەنسۇپ،

خوتۇنۇمۇ سىڭلىسى لالەنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بېرىش ئۈمىدىدە، مەنمۇ شۇ؛ ھەتتا بۇ ئىشقا سۇلتان بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىمۇ ماقۇل بولۇپ بولغان؛ شۇڭا ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى بىلىپ، خىلىڭنى تېپىۋال!

كەرىم يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ۋەكىل بىلەن سەن- پەن دېيىشىپ يۈرۈشنى بىئەپ بىلدى، ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى لالەدە قالدى، لالە ئۆزى ۋە كەرىم ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۆيدىكىلەرگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىشى كېرەك ئىدى، لېكىن كەرىم يەنىلا ئەنسىرەپ كېتىۋاتاتتى، لالەگە زادى نېمە بولغاندۇ؟ مەنسۇرنىڭ دېگەنلىرى راستمىدۇ؟

كەرىم مەنسۇرنىڭ گەپلىرىگە دەسلەپتە ئانچە ئىشەنمىدى،

شۇ چاغلاردا ۋەكىل بىلەن ساكىرە سۇلتاننىڭ ئۆيىگە كەلدى، لالە ئاشخانىغا تاماق قىلغىلى چىقىپ كەتتى، ۋەكىل ئەر- خوتۇن ئىككىسى گەپنى ئۇدۇللا تەشتى:

— بىز لالەنى كېلىن قىلىۋالايلى، دېگەن ئارزۇدا كەلگەندۇق،

بىبىگۈل لالەنى چاقىرىپ كىردى،

— مېنىڭ باشقىچە پىكرىم يوق، — دېدى بىبىگۈل لالەگە، — سەن ئۆزۈڭ نېمە دەيسەن؟

ئېسىنى بىلگەندىن تارتىپلا ئانىسىنىڭ سىزغان سىزىقىدىن چىقماي كەلگەن لالە بۇ گۇنمۇ لام دەپ ئېغىز ئاچمىدى،

دۇرۇس، لالە ئەمدى ئوچ بارمىقى چولاق، ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرۈپ باقمىغان بىر ساۋاتسىز ئەركىشى بىلەن بىرگە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، ئۇنىڭ سەئىد بىلەن بىر ياستۇققا باش قويغاندىن كېيىنكى ھاياتى ھازىرقىغا ئوخشاشلا داۋام ئېتىدۇ، ئوخشىمايدىغان يېرى — لالە ئاش- تامىقنى ئېتىپ، كىر- قېتىنى يۇيۇپ، خىزمىتىنى قىلىدىغان ئائىلە ئەزالىرى ھازىرقىدىن كۆپىيىدۇ، خالاس،

بىبىگۈل بىر پارچەناننى تەخسىدىكى قورۇمىنىڭ مېيىغا مىلەپ ئاغزىغا سالدى، ئاندىن ساكىرەنىڭ تەخسىسىدىكى سۆڭەكنى ئېلىپ، باشقىلارنى قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، سۆڭەكنىڭ يىلىكىنى شورىغىلى تۇردى،

لالە ئۆزىگە چۈشلۈق تۇرمۇشى، ياشلىق باھارى ۋە ئارزۇ ئىستەكلىرىنىڭ، ئۇنى تىكەندەك يىگانە قالدۇرۇپ قويۇپ، كەلمەسكە كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقا ئىلاجى يوق ئىدى، يۈرىكىنىڭ قات- قېتىدىكى يىگانىلىقىنىڭ گويا يەلكىسىدىن بېسىپ تۇرغان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تۇگمەن تېشىدەك ئۇنى ئازاب ۋە جەبىر-جاپا ئىچىدە ئەبەدىي قىيناپ، ئاخىر ئېزىپ تالقان قىلىۋېتىدىغانلىقى لالەگە بەش قولدەك ئايان ئىدى.

لالە ئارقىغا بۇرۇلدى-دە ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ بىچارە قىز ئېزىلگەن يۈرىكىنى شېرىن ئارزۇ-ئارمانلىرى بىلەن قوشۇپلا ئاشۇ ئۆيگە تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئاشۇ يېگانە يۈرەك ۋە شېرىن ئارزۇ-ئارمانلار دېرىزىدىن كىرىۋاتقان چاڭ-توزانغا قوشۇلۇپ، بارا-بارا يەردىكى گىلەمنىڭ ئۈستىگە چۈشىدۇ. لالە ئاخشاملىقى ئۇنى يەردىكى ئەخلەت ۋە چاڭ-توزانلارغا قوشۇپ سۈپۈرۈپ ئېلىپ، تالادىكى ئەخلەت دۆۋىسىگە تاشلىۋېتىدۇ.

# خاتىمە

ئائىلىلەرنىڭ بەخت-سائادىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، لېكىن بەختسىزلىكلىرى خىلمۇخىل بولىدۇ.

— لېۋ تولستوي «ئاننا كارېنىنا» رومانىدىن

مەن كابۇلدىن ئايرىلىپ بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن سۇلتانىنىڭ ئائىلىسى چاك-چېكىدىن بۆلۈنۈپ كېتىپتۇ. كىچىككىنە بىر جېدەل بارا-بارا ئائىلىۋى توقۇنۇشنى پەيدا قىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئىككى خوتۇنى بىلەن بىر قاشقا، بىبىگۇل بىر قاشقا ئۆتۈپتۇ. ئۇلار ئېيتىشا-ئېيتىشا ئۆزىنىڭكىنى راست قىلىپ، ھېچكىم ھېچكىمگە يول قويماپتۇ. شۇنداق قىلىپ بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى ئاخىرقى ھېسابتا بىر ئۆيدە ياشىسا بولمايدىغان رەقىبلەرگە ئايلىنىپتۇ. يۇنۇس جېدەلنىڭ ئاخىرىدىراق ئۆيگە قايتىپ كەلگەنىكەن، سۇلتان ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ تۇرۇپ شۇنداق دەپتۇ: ”ھەممىگىدىن مەن چوڭ، ھەم سەن خەقنى بېقىۋاتىمەن، شۇڭا ھەممىڭ ماڭا بوي سۇنۇشۇڭ كېرەك!“

ئەتىسى تاڭ تېخى يورۇماستىنلا، بىبىگۇل يۇنۇس، لالە ۋە بوبۇرانى ئېلىپ، سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىن قۇرۇق قول چىقىپ كەتكىنىچە، ئۇ ئۆيگە ئىككىنچى ئاياغ باسماپتۇ. ئۇلار سۇلتانىنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ چىققاندىن كېيىن، باشقا بارار يېرى بولمىغاچقا، بىبىگۇلنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى يەنى ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان ئۆيىدىن قوغلاپ چىقارغان ئىنىسى فەرىدنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ. فەرىدنىڭ ھال-ئوقىتىمۇ ۋاي دەپ كەتكۈدەك ياخشى بولمىغاچقا بەش جان كىچىككىنە بىر يۇرۇش ئۆيدە تۇرىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە فەرىدنىڭ ئايالىنىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلاپ قالغانىكەن.

— ئافغانىستاندا ئاغا-ئىنىلەر ئاسانلىقچە چىقىشالمايدۇ، — دېدى سۇلتان ماڭا تېلېفوندا، — بىز قېرىنداشلار ئايرىم-ئايرىم ياشىمىساق بولمايدىغان يېرىگە يەتتى؛ ناۋادا مەن بىلەن بىر ئۆيدە تۇرماقچى بولسا، ماڭا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك-تە؟ ئويلاپ كۆرمەمسىز، ئائىلىلەرنىڭ شۇ ئائىلىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ھەممەيلەن شەرتسىز بويى سۇنىدىغان رەسىم-قائىدىسى بولمىسا، جەمئىيەتنى قانداقمۇ قانۇن ئىزىغا سالغىلى بولسۇن؟ ئىچكى ئۇرۇش ئەمدىلەتىن ئاياغلاشتى، ئافغانىستان جەمئىيىتى يەنىلا ھەر كىم ئۆز سەنىمگە دەسسەيدىغان، باش-ئايىغى يوق قالايمىقانچىلىق ئىچىدە تۇرۇۋاتىدۇ؛ مۇشۇنداق ئەھۋالدا ئائىلىدىكى نوپۇز ئىگىسىنىڭ ئىناۋىتى بولمىسا، تەرتىپلىك جەمئىيەتتىن سۆز ئاچقىلى بولامدۇ؟!

لالە شۇنىڭدىن كېيىن كەرىمنىڭ دېرىكىنى ئالالماپتۇ. كەرىم مەنسۇر بىلەن ئارازلىشىپ قالغاندىن كېيىن، بۇ ئائىلە بىلەن باردى-كەلدى قىلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپتۇ. بولۇپمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىر زادى نېمىگە ئەڭ موھتاج ئىكەنلىكىنى قايتىدىن تونۇپ يېتىپتۇ؛ تەلىيىگە ئۇ مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسلام دىنى پەنلىرىگە ئائالىغان ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشىپتۇ.

جالالىددىن ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپتۇ. لېكىن سۇلتان "ياغاچچىنىڭ قاملىپ كەتكىنى يامان بوپتۇ" دېگۈچىلەرگە رەھىمسىزلىك بىلەن:

— جەمئىيەتتىكى ئۇنداق مۇتتەھەم، لامزەللەرگە ھەرگىزمۇ ئىچ ئاغرىتىشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە ئۇ ئاز دېگەندىمۇ 7000 دانە ئاتكىرىتكامنى ئوغرىلاپ كەتتى، ئۇنىڭ يوقسۇزلۇقنى پەش قىلىپ يىغلاپ قاقشاشلىرى پۈتۈنلەي يالغان، ئۇ ئاشۇ ئاتكىرىتكىلىرىمنى سېتىپ خېلى كۆپ پۇل تاپتى! دەپ يۇرۇپتۇ.

ھېلىقى نۇرغۇن مەبلەغ سېلىنىدىغان دەرسلىكلەرنى نەشر قىلىش ئىشىدا ئاخىر ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى ئۇتتۇپ چىقىپ، سۇلتاننىڭ پىلانلىرى سۇغا چىلىشىپتۇ. لېكىن سۇلتان بۇنىڭغا بەك ئۆكۈنۈپمۇ كەتمەپتۇ. ئۇ باشقىلارغا: "ناۋادا ئۇ ئىشنى ئېلىپ قويغان بولسام ھالىمدىن كېتىپ قالارىكەنمەن، تاغدەكلا تۆگمەس ئىشكەن ئەمەسمۇ ئۇ!" دەپتۇمىش.

لېكىن ئۇنىڭ كىتاب سودىسى كۈندىن-كۈنگە جانلىنىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئىرانلىقلار بىلەن كىتاب نەشر قىلىش ھەققىدە نۇرغۇن توختاملارنى تۈزۈش بىلەن بىرگە يەنە ياۋروپادىكى نۇرغۇن كۇتۇپخانىلارغا كىتاب سېتىپتۇ. ئۇ ھازىر كابۇلدىكى بىر تاشلاندۇق كىنوخانىنى سېتىۋېلىش ھەققىدە كېلىشىۋېتىپتۇدەك. ناۋادا بۇ ئىشنى ئوڭۇشلۇق توغرىلىيالىسا، ھېلىقى ئەسكى كىنوخانىنى كىتابخانا، ئەنجۇمەن زالى ۋە كۇتۇپخانا بىرگەۋدىلەشكەن مەدەنىيەت مەركىزى قىلىپ قۇرۇپ چىققىدەك. كېلەر يىلى مەنسۇرنى ھىندىستانغا مەخسۇس سودا تەكشۈرۈشكە ئەۋەتەرمىش. ئۇ تېلېفوندا ماڭا يەنە: "مەنسۇرنىڭ مەسئۇلىيەتنى

زىممىسىگە ئېلىشنى ئۆگىنىدىغان ۋاقتى بولىدى، كېيىن ئوغۇللىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇنداق چېنىقتۇرۇپ چىقىمەن" دېدى. يېقىندىن بۇيان سۇلتان ئوغۇللىرىنى ھەر جۈمە كۈنى دەم ئېلىشقا قويۇپ بېرىدىغان بوپتۇ. ئۇ كۈنى ئوغۇللىرى خالىغىنىنى قىلسا بولىدىكەن.

ئافغانىستاننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدىن تەشۋىشكە چۈشۈپ قېلىۋاتقان سۇلتان تېلېفوندا مۇنداق دېدى: "بۈيۈك مىللىي پارلامېنت شىماللىقلار ئىتتىپاقىغا ھوقۇقنى بەكرەك بېرىۋېتىپ چاتاق قىلدى؛ كارزاينىڭ كۈچى ئاجىز تۇرسا، بۇنداق ھوقۇق تەڭپۇڭسىزلىقى داۋاملىشىۋەرسە ئۇ ئاخىر بۇ دۆلەتنى باشقۇرالماي قالىدۇ-دە؛ ئەڭ ياخشىسى ھۆكۈمىتىمىز ياۋروپالىقلار تەيىنلىگەن تېخنىكا بيۇروكراتلىرىدىن تەركىب تېپىشى كېرەك ئىدى؛ ھەر قېتىم ئافغانىستانغا يېڭىدىن رەھبەر تەيىنلەيدىغان چاغدىلا ھەممە نەرسە قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەمكارلىق چەتكە قېقىلغان ئەلدە پۇقرانى پالاكەت باسقىنى باسقان."

مەنسۇر شەرىپەنىڭ قايتىدىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا يول قويماپتۇمىش، ئۇ شەرىپەنىڭ ئويىنى "نېمە پايدىسى؟" دېگەن بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن يوققا چىقىرىپتۇ. سۇلتان شەرىپەنىڭ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشىغا باشقىچە پىكىردە بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن سۇلتاننىڭ چوڭ ئوغلى مەنسۇر قوشۇلمىغان بولغاچقىلا بۇ ئىش ئاخىر سۇغا چىلىشىپتۇ. لالە ئوقۇتقۇچىلىققا يەنە بىر قېتىم بېرىپ تىزىملىتىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى چىقماپتۇ.

بوبۇرا ئاخىر رەسۇلغا ياتلىق بولۇشقا قوشۇلۇپتۇ. بوبۇرانىڭ تويى بولغان كۈنى سۇلتان تويغا قاتناشماپتۇ، ھەتتا ئىككى خوتۇنى ۋە بالىلىرىنىمۇ بارغىلى قويماپتۇ.

مەريەم ماڭا قورسىقىدىكى بالىنىڭ قىز تۇغۇلۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى. تەلىيىگە ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

سۇلتاننىڭ ئۆيىدە سانىيە بىلەن شەرىپەدىن باشقا ئايال زاتى قالماپتۇ. سۇلتان بىلەن ئوغۇللىرى ئىشقا كەتكەن چاغلاردا ئۇ ئىككى مەزلۇم بىر-بىرىگە ھەمراھ بولىدىكەن. يەنە بىر نەچچە ئايدىن كېيىن سانىيە بوشانغۇدەك، ئۇمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە خۇدادىن "ئوغۇل پەرزەنت بەرگەيسەن" دەپ تىلەيدىكەن.

سانىيە ناۋادا قىز تۇغۇپ قالسا قانداق بولار؟

سۇلتانغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، سانىيەنىڭ قىز تۇغۇپ قېلىشى يەنە بىر بالا-قازادىن دېرەك بېرىدۇ، ئەلۋەتتە!

www.uyghurkitap.com

本书根据接力出版社2007年1月第1版北京第一次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جېيلى نەشرىياتى تەرىپىدىن 2007 ـ يىل 1 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەسئۇل مۇھەررىر: خالمۇرات ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتور: خەيرىگۈل ئىبراھىم

ئاسنى سېيرستاد (نورۋېگىيە)

**كابۇللۇق كىتابپۇرۇش**

تەرجىمە قىلغۇچى: سېيىت تىلىۋالدى


| | | |
|---|---|---|
| نەشر قىلغۇچى | : | مىللەتلەر نەشرىياتى |
| ئادرېسى | : | بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ |
| پوچتا نومۇرى | : | 100013 |
| تېلېفون نومۇرى | : | 010—64290862 |
| ساتقۇچى | : | جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى |
| باسقۇچى | : | بېيجىڭ دىشىن باسما زاۋۇتى |
| نەشرى | : | 2008 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى |
| بېسىلىشى | : | 2008 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى |
| ئۆلچىمى | : | 1230×880 م م. 32 كەسلەم |
| باسما تاۋىقى | : | 10 |
| باھاسى | : | 18.00 يۈەن |

ISBN 978-7-105-09190-4/I • 1904 (维 274)

责任编辑：哈尔木拉提·依明
责任校对：海力古丽·衣不拉音

图书在版编目(CIP)数据

喀布尔书商：维吾尔文/（挪）塞厄斯塔著；色依提·铁力瓦地译. 一北京：民族出版社，2008.3
ISBN 978-7-105-09190-4

Ⅰ. 喀 ... Ⅱ. ①塞 ...②色 ... Ⅲ. 长篇小说—挪威—现代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I533.45

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 039183 号

18 29334

出版发行：民族出版社　　http://www.mzcbs.com.
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2008 年 5 月第 1 版　　2008年5月北京第 1 次印刷
开　　本：880×1230 毫米 32 开
印　　张：10
定　　价：18.00 元
ISBN 978-7-105-09190-4/I·1904（维 274）

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاپتور ھەققىدە



ئاسنې سېيېرستاد 1972-يىل 10-ئايدا تۇغۇلغان؛ "نورۋېگىيىلىك داڭلىق ئۇرۇش مەيدانى مۇخبىرى ۋە يازغۇچىسى"، "ياۋروپادىكى ئەسىرى ئەڭ كۈچلۈك 100 ئايالنىڭ بىرى" دېگەن شەرەپكە ئائىل بولغان؛ ئوسلو ئۇنىۋېرسىتېتىدا رۇس تىلى، ئىسپان تىلى ۋە پەلسەپە، تارىخ ئۆگەنگەن؛ ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن موسكۋا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سىياسەتشۇناسلىق بويىچە ئىلىم تەھسىل قىلغان؛ ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ روسىيە، جۇڭگو، بالقان يېرىم ئارىلى، ئافغانىستان، ئىراق ۋە ئامېرىكا قاتارلىق ئەللەردە تۇرۇپ مۇخبىرلىق قىلغان؛ "11-سېنتەبىر" ۋەقەسىدىن كېيىن، ئامېرىكا تالىبانلار ۋە بازا تەشكىلاتىغا ھۇجۇم قىلغان چاغدا، ئاسنې سېيېرستاد ئافغانىستانغا بېرىپ ئەمەلىي زىيارەتتە بولغان؛ بۇ جەرياندا ئۇ بىر كىتابپۇرۇشنىڭ ئۆيىدە تۆت ئاي تۇرغان؛ ئۇ ئاشۇ كىتابپۇرۇشنىڭ ئائىلىۋى تۇرمۇشىنى كۆزىتىش ئاساسىدا «كابۇللۇق كىتابپۇرۇش» ناملىق بۇ رومانىنى يېزىپ چىققان؛ بۇ رومان نەشر قىلىپ تارقىتىلغاندىن كېيىن، دۇنيا بويىچە ناھايىتى بازار تېپىپ، ئۇن نەچچە تۈرلۈك خەلقئارالىق كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.